# ئاللا تەرەپكە قېچىڭلار

قەلەم تەۋرەتكۈچى:ئۇلۇغ ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلغۇچى

# كىرىش سۆز

بارچە مەدھىيە ۋە گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاتائالاغا خاستۇر. ئاللاتائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە سالام يوللايمەن!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! كۆيۈملۈك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا:
ئاللا سىلەرگە چاڭ- تۇزان قونمايدىغان سۈزۈك ۋە پاك قەلب، ھەر قانداق نەرسە تەسىر قىلىپ ئۆزگەرتەلمەيدىغان كامىل ئىمان، ھەق بىلەن باتىلنى پەرق ئېتەلەيدىغان ساغلام ئەقىل ئاتا قىلسۇن! (ئامىن)

مېنىڭ بۇ كىتابنى ئىشلەشتىن مەقسىدىم كىتاۋىمىدىن پايدىلىنىدىغان پاك ئىخلاسمەن ياخشى ئادەملەرنىڭ مېنىڭ ھەققىمدە قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرەمدە پايدىسى تېگىپ تۇرىدىغان دۇئاسىنى ئۈمىد قىلىشتىنلا ئىبارەت. بۇ ئىشىمنىڭ باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ياكى پۇل تېپىش ياكى شۆھرەت قازىنىش مەقسىدىدە بولۇشىدىن ئاللا ساقلىسۇن! بۇ خىزمىتىمنىڭ خالىس، ئاللا ئۈچۈن بولۇشىنى ۋە ئارزۇ- نىيەتلىك جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەب بولۇشىنى پۈتۈن كۈچ- قۇدرىتىم بىلەن ئاللادىن تىلەيمەن ۋە ئىلتىجا قىلىمەن. ئاللا ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر، خالىغانلارغا مەرھەمەت قىلغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بىزنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغان ئاللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. بىزنى ئاللا توغرا يولغا يېتەكلىمىگەن بولسا، ھىدايەت تاپىمىغان بولاتتۇق.

ئى ئاللا! بۇ كىتابتا خاتالىق كۆرۈلگەن بولسا بىلىم- سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى، قەلىمىمنىڭ تېخى پىشمىغانلىقىدىن بولدى،

ئاقلىمايمەن ئۆزەمنى چۈنكى ئاجىز ئىنسانمەن،
ساقلىمىسا ئاللا خاتالىقتا سەرسانمەن.

ئەگەر بۇ كىتاب كۆڭۈلدىكىدەك چىققان بولسا بۇ ئەلۋەتتە سېنىڭ ياردىمىڭ ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىڭدىن بولدى.
ئى ئاللا! بۇ كىتاب ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگىن ۋە ھەقنى چۈشەنمەي يۈرگەنلەرنى مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق ھىدايەت قىلغىن! (ئامىن)

*[ئەسكەرتىش: بۇ كىتابتا خاتا يېزىلغان ياكى باشقا سەۋەنلىكلەر بولسا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن!]*

مۇندەرىجە

1 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى...... 19
2 . بەنى سەئەد قەبىلىسىدىن ...... 19
3 . مېھرىبان ئانا باغرىدا ...... 20
4 . كۆيۈمچان بوۋا تەربىيىسىدە...... 21
5 . شەپقەتلىك تاغا ھىمايىسىدە...... 21
6 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈتىلەش...... 21
7 . راھىب بۇھەيرا ...... 21
8 . فۇججار ئۇرۇشى...... 22
9 . خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى...... 22
10 . جاپالىق ھايات...... 22
11 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىگە ئۆيلىنىشى...... 23
12 . كەئبىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ياراشتۇرۇش مەسىلىسى...... 23
13 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىدىن ئومۇمىي خۇلاسە...... 24
14 . ھىيرا ئۆڭكۈرى...... 25
15 . جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھى ئېلىپ كېلىشى...... 25
16 . ۋەھيىنىڭ باشلىنىشىغا ئائىت ئەھۋاللار...... 26
17 . ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى...... 27
18 . ۋەھيىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشى...... 27
19 . ۋەھيي توغرىسىدا...... 28
20 . ۋەھيىنىڭ ھەدىسلەردىكى بايانى...... 28
21 . ۋەھيي داۋاسى قىلغۇچىلار ...... 29
22 . ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ئاللانى كۆرەلمەيدىغانلىقى...... 30
23 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام(ئوڭدا ئەمەس ) چۈشىدە ئاللاتائالانى كۆرگەنلىكى...... 30
24 . قۇرئاننى رەسۇلۇللاغا راستچىللىق بىلەن ئوقۇپ بېرىش ...... 31
25 . قۇرئاندا ھەممە ئىشنى تەپسىلىي بايان قىلغانلىقى...... 31
26 . ئاللا ئەززە ۋە جەللە...... 32
27 . ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى...... 32
28 . ئاللانىڭ ئەرشى...... 37
29 . تۈنجى بولۇپ قەلەمنى يارىتىش...... 37
30 . ئاللانىڭ خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقى...... 37
31 . لەۋھۇلمەھپۇز ...... 37
32 . ھەربىر نەرسە ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەنگەنلىكى...... 37
33 . ئاسمان زېمىننى ئۆرنەكسىز يارىتىش...... 37
34 . زېمىننى يارىتىش...... 37
35 . ئاسماننى يارىتىش...... 37
36 . ئاسماننىڭ دەرۋازىسى...... 38
37 . بۇلۇت...... 38
38 . شامال...... 39
39 . چاقماق...... 39
40 . يامغۇر ...... 39
41 . كېچە ۋە كۈندۈز...... 40
42 . زېمىننى يېيىش...... 40
43 . زۇلۇمات ۋە نۇر...... 41
44 . كۈن...... 41
45 . سايە...... 41

46 . كېچە ۋە كۈندۈز.......... 41
47 . ئاي.......... 41
48 . ھەربىرى مۆئەييەن مۇددەتكىچە (ئۆز پەلىكىدە) سەير قىلىدىغانلىقى.......... 41
49 . كۈن ۋە ئاي تۇغرىسىدا.......... 42
50 . روھلار .......... 42
51 . مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ نۇر چېچىش.......... 42
52 . ئاسىيلارنى يارىتىش.......... 42
53 . ئەقىلنى يارىتىش.......... 42
54 . پەرىشتىلەرنى يارىتىش.......... 42
55 . پەرىشتىلەرنىڭ زېمىنغا ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشىدىغانلىقى.......... 43
56 . بەيتۇلمەئمۇر .......... 43
57 . سىدرەتۇلمۇنتەھا.......... 43
58 . جىننى يارىتىش.......... 43
59 . ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى.......... 43
60 . جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسە چىقىرىش.......... 43
61 . ھەممە نەرسىنى جۈپتى بىلەن يارىتىش.......... 44
62 . ھەممە جانلىقنى سۇدىن يارىتىش.......... 44
63 . ئاللانىڭ ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدىغانلىقى.......... 44
64 . ئاسمان ۋە زېمىننى يەتتە قەۋەت يارىتىش.......... 44
65 . ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىش ۋاقتى.......... 44
66 . ئاسمان زېمىننى يارىتىشتا ئاللاتائالانىڭ چارچاپ قالمىغانلىقى.......... 44
67 . ئاسمان زېمىننى بىكار ياراتمىغانلىقى.......... 44
68 . ئاسمان زېمىننى ئېسىقلىق تۇرغۇزۇشى.......... 44
69 . ئاللاتائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقى.......... 44
70 . جەننەت ۋە دوزاخنى يارىتىش.......... 45
71 . يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ دەرۋازىسىدا پەرىشتىلەر پۈستا تۇرىدىغانلىقى.......... 45
72 . زېمىندا جاندارلارنى تارىتىش.......... 47
73 . مەخلۇقاتلارنى خىلمۇ- خىل رەڭدە يارىتىش.......... 47
74 . پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ يارىتىلغان كۈنلىرى.......... 47
75 . ئاللاتائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقاندا ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەنلىكى.......... 47
76 . ئىنسان ۋە جىننى ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقى.......... 47
77 . ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىش.......... 47
78 . يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقانلىقى.......... 50
79 . ئايلارنىڭ سانى.......... 50
80 . ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن زېمىندىكى مىڭ يىلغا تەڭ كېلىدىغانلىقى.......... 50
81 . ئاسمان زېمىننىڭ مىراسى.......... 50
82 . ئاسمان-زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى.......... 50
83 . ئاسمان زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى.......... 51
84 . ئاسمان زېمىندىكى مەخلۇقاتلار ئاللاغا بويسۇنىدىغانلىقى.......... 51
85 . ئاسمان زېمىننىڭ قوشۇنى.......... 51
86 . غەيب.......... 51
87 . ئاللانىڭ خالىغان ئادەمگە غەيبنى بىلدۈرۈشى.......... 51
88 . ئاقار يۇلتۇز.......... 52
89 . خاتالىقنى يازىدىغان قەلەم.......... 52
90 . تەۋبە دەرۋازىسى.......... 52
91 . ئادەملەرنى قوغدىغۇچى پەرىشتە.......... 53

92 . سىلە ـ رەھىم........................................53
93 . ئاللانىڭ رەھمىتى........................................53
94 . كىتاب ۋە قانۇن چۈشۈرۈش........................................53
95 . ئاسماندىن تۆمۈرنى چۈشۈرۈش........................................53
96 . كېسەل چۈشۈرۈش........................................54
97 . ھەر يىلى ئاسماندىن ۋابا چۈشىدىغانلىقى........................................54
98 . پەسكەشلىكنى تەقسىم قىلىش........................................54
99 . ئەخلاقنى تەقسىم قىلىش........................................54
100 . ھۈنەرۋەن ۋە ھۈنەر........................................54
101 . سالامنى زېمىنغا چۈشۈرۈش........................................54
102 . ئاسماندا ساۋاب ۋە رىزىق بارلىقى........................................54
103 . ئاللانىڭ ھەممە مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىدىغانلىقى........................................54
104 . ئاللانىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا رىزىقنى تەقسىم قىلىشى........................................55
105 . ئاللانىڭ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ ۋە تار قىلىشى........................................55
106 . ئاللانىڭ ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى........................................55
107 . ئاللانىڭ جاھان ئەھلىنىڭ دىلىدىكىنى بىلىدىغانلىقى........................................55
108 . ئاللانىڭ ئۆلچەم ۋە رىزىقنى خالىغانچە ئېگىز پەس قىلىدىغانلىقى........................................55
109. بازار باھاسىنى بېكىتىش........................................56
110 . زاماننى تىللىماسلىق........................................56
111 . ئۆلۈم ۋە تىرىكلىكنى يارىتىش........................................56
112 . زېمىندا ئورۇنباسار قىلىش........................................56
113 . ئادەم بىلەن ھەۋۋا يېقىنچىلىق قىلىشى........................................56
114 . قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈشى........................................56
115 . ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى........................................57
116 . ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچى (تەپسىلى سۆزلەنگەن)........................................58
117 . قورساق كۆتۈرۈش، سۈتتىن ئايرىش، قۇلاق، كۆز، يۈرەكلەر........................................59
118 . ئادەم باللىرىنى چىرايلىق يارىتىش........................................59
119 . بالا تۇغۇلغاندا شەيتاننىڭ بالىنى نوقۇشى........................................59
120 . بەش ئىش يارىتىلىشىدىلا سۈننەت ئىكەنلىكى........................................59
121 . بالا تۇغۇلغاندا ئىسلام ئۈستىدە تۇغۇلىدىغانلىقى........................................59
122 . قەلبلەر........................................60
123 . ئىنساننى جاپا مۇشەققەت ئىچىدە ياراتقانلىقى........................................60
124 . ئادەم بالىسى چىدامسىز ئىكەنلىكى........................................60
125 . ئىنسان ئۈچ ئىشتىن قورقىدىغانلىقى........................................60
126 . ئىنسان ئاجىز يارىتىلغانلىقى........................................60
127 . مۆمىن ۋە كاپىر........................................60
128 . نۇرغۇن مىللەت يارىتىش........................................61
129 . ئىنسانلارنىڭ تىللىرى، رەڭگىلىرىنى خىلمۇ ـ خىل يارىتىش........................................61
130 . ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلىش........................................61
131 . ئىنسانلارنىڭ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشى........................................61
132 . ئادەم بالىسىنىڭ ئاسماندا ۋە زېمىندا نام شۆھرىتى بارلىقى........................................61
133 . ئىنسانغا توغرا يول كۆرسىتىش........................................61
134 . توغرا دىن ئىسلام........................................61
135 . ئاللانىڭ ياراتقان نەرسىلىرىنى ئىنسانغا ئەسلىتىشى........................................62
136 . ئىنساننى بىكار ياراتمىغانلىقى........................................62
137 . ئىنساننى زېمىندىن يارىتىش ۋە زېمىنغا قايتۇرۇش........................................62

138 . ئاللانىڭ ئادەم بالىلىرىنى شەيتاندىن ئاگاھلاندۇرۇش........ 62
139 . ئىدرىس ئەلەيھىسسالام........ 63
140 . نۇھ ئەلەيھىسسالام ........ 63
141 . ھۇد ئەلەيھىسسالام........ 65
142 . سالىھ ئەلەيھىسسالام........ 65
143 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام........ 65
144 . لوت ئەلەيھىسسالام........ 67
145 . ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام........ 67
146 . ئىسھاق ئەلەيھىسسالام........ 67
147 . يەقۇب ئەلەيھىسسالام........ 67
148 . يۇسۇف ئەلەيھىسسالام........ 68
149 . ئەييۇب ئەلەيھىسسالام........ 72
150 . شۇئەيب ئەلەيھىسسالام........ 72
151 . مۇسا ئەلەيھىسسالام........ 72
152 . ھارۇن ئەلەيھىسسالام........ 76
153 . خىزىر........ 76
154 . يۇنۇس ئەلەيھىسسالام........ 77
155 . داۋۇد ئەلەيھىسسالام........ 77
156 . سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام........ 77
157 . ئىلياس ئەلەيھىسسالام........ 78
158 . ئىليەسەئ ئەلەيھىسسالام........ 78
159 . زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام........ 79
160 . زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام........ 79
161 . يەھيا ئەلەيھىسسالام........ 79
162 . ئىسا ئەلەيھىسسالام........ 79
163 . ئەسھابۇلكەھف........ 81
164 . زۇلقەرنەيىن ........ 82
165 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرى........ 83
166 . ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئادەملەر ھۆسن- چىراي ۋە قەددى- قامەت جەھەتتىن چېكىنىپ كېلىۋاتقانلىقى........ 83
167 . ھەر بىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكى........ 83
168 . ئاللانىڭ پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيي قىلغانلىقى........ 83
169 . پەيغەمبەرلەردىن بايان قىلغان ۋە بايان قىلمىغانلىرى........ 83
170 . پەيغەمبەرلەر سانى........ 84
171 . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەر........ 84
172 . رەسۇلۇللا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يېقىن ۋە دىنى بىر ئىكەنلىكى........ 84
173 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى جەمەت ۋە ياخشى ئەسىردە دۇنياغا كەلگەنلىكى........ 84
174 . ئاللانىڭ ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقى........ 84
175 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى........ 85
176 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتلگەنلىكى........ 85
177 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى........ 85
178 . ھەرقانداق پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتكەنلىكى........ 86
179 . رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولغانلىقى........ 86
180 . جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىشى........ 87
181 . ئىنسانلارنى ئاللاغىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ۋەھيي قىلغانلىقى........ 87
182 . جىن ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقى........ 88

183 . كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىشى...................89

184 . ھېچكىم ئاللانىڭ ئىزنىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى...................90

185 . كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلىشى...................90

186 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغاننى ئوقۇشى...................90

187 . ئىنسانلارنى قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرە ئىجات قىلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى...................91

188 . قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىقى...................92

189 . قۇرئاننىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى...................92

190 . بىرەر مۆجىزە كەلسە دىلىدا كېسەلى بارلار ئىشەنمەيدىغانلىقى...................93

191 . جاھىل كاپىرلارنىڭ يەنە مۆجىزە تەلەپ قىلىشى...................93

192 . ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ راستلىقىنى بىر كۆنى ئەسلەيدىغانلىقى...................94

193 . قۇرئاننىڭ مۆجىزە خەۋەرلىرى...................94

194 . ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئالامەتلەر ...................98

195 . ئىسلام دىنى...................98

196 . دىندا زورلاش يوق...................98

197 . پىرقىلەرگە بۆلۈنىش...................98

198 . تەۋرات ۋە ئىنجىل كىتابلار...................99

199 . يەھۇدىي ۋە ناسارا...................99

200 . ئاللانىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەر...................100

201 . بۇتقا چوقۇنغۇچىلار...................101

202 . ھەممە نەرسىنى ئاللانىڭ ياراتقانلىقى...................103

203 . ئاللانىڭ بەندىلىرىنى ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى...................104

204 . خىلمۇ - خىل ئازاب...................107

205 . مەككە توغرىسىدا...................109

206 . قۇرەيش توغرىسىدا...................110

207 . مەدىنە توغرىسىدا...................110

208 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدە تورغان ۋاقتى...................111

209 . يەمەن توغرىسىدا...................112

210 . شام (سۇرىيە) توغرىسىدا...................112

211 . مىسىر توغرىسىدا...................112

212 . ئىراق توغرىسىدا...................112

213 . نەدە تۇرۇش توغرىسىدا...................113

214 . فارسلار(ئىران) توغرىسىدا...................113

215 . يەھۇدىيلار توغرىسىدا...................113

216 . ئەرەب ئاراللىرىدىن دىنسىز ۋە مۇشرىكلارنى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا...................114

217 . شەرق توغرىسىدا...................114

218 . تۈركلەر توغرىسىدا...................114

219 . رۇملۇقلار توغرىسىدا...................114

220 . يەجۇج -مەجۇج توغرىسىدا...................115

221 . گۇناھ توغرىسىدا...................115

222 . شەيتاننىڭ ئادەم باللىرىنى ئازدۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى...................117

223 . مەغپىرەت ۋە تەۋبە...................117

224 . ئاللانىڭ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكى...................117

225 . ئاللادىن مەغپىرەت تىلەش...................118

226 . گۇناھ قىلمىسا باشقا قەۋم كەلتۈرۈش...................120

227 . ئەر ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەش...................120

228 . سەھەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلار...................121

229 . تەقۋادارلار  بىرەر گۇناھ قىلسا مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقى.......... 121
230 . مۇناپىق ۋە مۇشرىكلارغا مەغفىرەت تىلىمەسلىك.......... 121
231 . تەۋبە دەرۋازا.......... 121
232 . ئاللاتائالا  كىشىلەرنى تەۋبە قىلىۋالسۇن دەپ قولىنى ئېچىپ تۇرىدىغانلىقى.......... 121
233 . ئاللاتائالا بەندىسىنىڭ قىلغان تەۋبىسىدىن بەك خۇشال بولىدىغانلىقى.......... 122
234 . ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى بەك قوبۇل قىلىدىغانلىقى.......... 122
235 . ئاللاتائالا بەندىگە تەۋبە قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىدىغانلىقى.......... 122
236 . ئاللاتائالا خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە نېسىپ قىلىدىغانلىقى.......... 123
237 . قوبۇل بولىدىغان تەۋبە ۋە قوبۇل بولمايدىغان تەۋبە.......... 123
238 . سەممىي تەۋبە قىلىش.......... 123
239 . دائىم پىتنىگە قىلىپ تەۋبە قىلىدىغان مۆمىننى ئاللا ياخشى كۆرىدىغانلىقى.......... 125
240 . گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تەۋبە قىلمىغانلار زالىملار.......... 125
241 . ئىبلىس بەش ئىش سەۋەبىدىن لەنەتكە ئۇچرىغان.......... 125
242 . ئادەم ئەلەيھىسسالام بەش تۈرلۈك ئىش بىلەن بەختلىك بولغان.......... 125
243 . ئاللانى ياد ئېتىش.......... 125
244 . ياخشى سۆزنىڭ ئاسمانغا ئۆرلەيدىغانلىقى.......... 127
245 . ئاللانى ياد ئېتىدىغان  ۋە ياد ئېتمايدىغان كىشى.......... 127
246 . ئاللانى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالماسلىق.......... 127
247 . تەسبىھ ، تەكبىر، ھەمدۇسانا، تەھلىل.......... 128
248 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش.......... 132
249 . دۇئا.......... 133
250 . دۇئا قىلىش ئىبادەت.......... 133
251 . ئاللاتائالا دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدىغانلىقى.......... 134
252 . ئاللاتائالا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى.......... 134
253 . دۇئا قىلغاندا ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى چاقىرىپ تۇرۇپ  دۇئا قىلىش.......... 134
254 . ئاللاتائالادىن بىر نەرسە تىلەش.......... 134
255 . دۇئا قىلغاندا ئالدىراپ كەتمەسلىك.......... 135
256 . بىر نەرسە تىلىسە ئاللادىنلا تىلەش.......... 136
257 . تۆۋەنچىلىك بىلەن دۇئا قىلىش.......... 136
258 . دۇئا قىلمىسا ئاللانىڭ پەرۋا قىلمايدىغانلىقى.......... 137
259 . بەتدۇئا قىلىش.......... 137
260 . زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىش.......... 137
261 . دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت.......... 138
262 . ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى سەۋەبىدىن بۇ ئۈممەتكە ياردەم بېرىدىغانلىقى.......... 139
263 . ئاتىنىڭ قىلغان دۇئاسى.......... 139
264 . دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدىغان ئادەم.......... 139
265 . مۇسۇلمانلارغا خاتا دۇئا قىلىپ سالسا.......... 139
266 . قازانى پەقەت دۇئالا قايتۇرىدىغانلىقى.......... 139
267 . مەزمۇنى چوڭقۇر دۇئا قىلىش.......... 139
268 . قانداق قىلغاندا دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلىقى.......... 139
269 . دۇئاسى ئىجابەت بولغاندىن كېيىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئادەم.......... 140
270 . قۇرئاندىن تاللانغان دۇئالار.......... 140
271 . ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى.......... 140
272 . پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى.......... 141
273 . نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى.......... 141
274 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى.......... 141

275 . لوت ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 142
276 . يۈسۈف ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 142
277 . ئەييۇب ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 142
278 . مۇسا ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 142
279 . مۇسا ئەلەيھسسالامنىڭ ئىمان ئېيتقان قەۋمىنىڭ دۇئالىرى.................. 143
280 . يۇنۇس ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 143
281 . سۇلەيمان ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 143
282 . زەكەرىيا ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 143
283 . ئىسا ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى.................................... 144
284 . ئىسا ئەلەيھسسالامنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ دۇئاسى.......................... 144
285 . ئەسھابۇلكەھفدىكى يىگىتلەرنىڭ دۇئاسى.............................. 144
286 . پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دۇئاسى.................................... 144
287 . مۇھەممەد ئەلەيھسسالام دۇئاسى.................................... 144
288 . ساھابىلارنىڭ دۇئالىرى.................................... 145
289 . ئىلمدە توشقانلارنىڭ دۇئاسى.................................... 145
290 . تەقۋادارلارنىڭ دۇئالىرى.................................... 145
291 . سەبىرلىك مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسى.................................... 146
292 . ئومۇمي مۆمىنلەرنىڭ دۇئالىرى.................................... 146
293 . باشقا دۇئالار.................................... 147
294 . ئىسمى ئەزەم.................................... 147
295 . ھەدىسلەردىن تاللانغان دۇئالار.................................... 148
296 . كەلىمە تەييىبە.................................... 159
297 . كەلىمە شاھادەت.................................... 159
298 . تاھارەت ئالغاندا ۋە نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار.......................... 159
299 . ھاجەتخانىغا كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا.................................... 159
300 . ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.................................... 159
301 . ئالدى بىلەن بۇلارنى ئوقۇپ تاھارەت ئېلىشنى باشلايمىز...................... 159
302 . تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.................................... 159
303 . تاھارەتتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.................................... 159
304 . ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ئوقۇلىشى.................................... 160
305 . ئەزاننىڭ تېكىستى.................................... 160
306 . تەكبىرنىڭ تېكىستى.................................... 160
307 . ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.................................... 161
308 . نامازنى باشلىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەر.......................... 161
309 . ئاندىن سۈرە فاتىھە بىلەن خالىغان سۈرە ئوقۇلىدۇ!.......................... 162
310 . رۇكۇدا ئوقۇلىدۇ.................................... 163
311 . رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئوقۇلىدۇ.................................... 163
312 . ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇلىدۇ.................................... 163
313 . سەجدىدە ئوقۇلىدۇ.................................... 163
314 . ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا.................................... 164
315 . تەشەھھۇدتا ئوقۇلىدىغان دۇئالار.................................... 164
316 . سەجدە ۋە رۇكۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار.................................... 165
317 . نامازنىڭ كەينىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار.................................... 165
318 . تىلاۋەت سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا.................................... 166
319 . بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.......................... 166
320 . قۇنۇت دۇئاسى.................................... 166

321 . مەسچىتكە ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 166
322 . مەسچىتكە كىرىۋېتىپ ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 167
323 . مەسچىتتىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 167
324 . روزىدار ۋە ئىفتار قىلغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسى.......... 167
325 . روزا تۇتقان كىشى ئىفتار قىلغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا.......... 167
326 . ئىفتار ئاياغلاشقاندا ئىفتار بەرگۈچى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 167
327 . روزا تۇتقان ئادەم كۆڭلىگە كەلگۈدەك گەپ ئاڭلىغاندا دەيدىغان سۆز.......... 167
328 . شەبى قەدر كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 168
329 . يېڭى چىققان ئاينى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 168
330 . ھەج مەۋسۇمىگە خاس دۇئالار.......... 168
331 . ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىش دۇئاسى.......... 168
332 . تەلبىيە دۇئاسى.......... 168
333 . مەككە ۋە مەسجىدى ھەرەمنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 168
334 . رۇكنى يەمانى بىلەن ھەجەرى ئەسۋەد ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 168
335 . كەئبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 168
336 . تاۋاب قۇدۇم (قەدەم كەلتۈرۈش تاۋابى)دىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 169
337 . سەفا –مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلغاندا ئىككى يېشىل چىراغ ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 169
338 . ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 169
339 . شەيتانغا تاش ئاتقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 169
340 . زەمزەم سۈيى ئىچكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 169
341 . مال بوغۇزلىغاندا ئېيتىلىدىغان تەكبىر.......... 170
342 . تۈرلۈك ھاللاردا ۋە چاغلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالار.......... 170
343 . توينى مۇبارەكلىگەندە ۋە قىزنى كۆچۈرۈپ ئەپ ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 170
344 . خوتۇن ياكى خىزمەتچى ياكى ئۇلاغ ئالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا.......... 170
345 . ئەر- ئايال يېقىنچىلىقىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 170
346 . يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا ئىسىم قويغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 170
347 . كىچىك بالىلارغا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 170
348 . چۈشكۈرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 171
349 . سالام قىلىش.......... 171
350 . غەيرى دىندىكىلەرنىڭ سالامىنى قانداق قايتۇرۇش كېرەك؟.......... 171
351 . يېڭى كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 171
352 . كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 171
353 . يېڭى كىيىم كىيگەن ئادەمگە قارىتا يېنىدىكى ئادەم ئوقۇيدىغان دۇئا.......... 171
354 . ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 172
355 . تائامدىن ئاۋۋال ئېيتىلىدىغان زىكىر.......... 172
356 . تائامدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 172
357 . مېھمانلارنىڭ ساھىبخانىغا قىلىدىغان دۇئاسى.......... 172
358 . كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 172
359 . ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 174
360 . ئۇيقۇ قاچقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 175
361 . قارا بېسىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 175
362 . ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 175
363 . ”تىچ قوپۇپسىزمۇ؟“ دېيىلگەندە، دېيىلىدىغان دۇئا.......... 176
364 . كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 176
365 . ئەتىگەندە ۋە ئاخشىمى ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.......... 176
366 . ئۆيدىن تالاغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......... 177

367 . بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........177
368 . ئۆيگە كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........178
369 . كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........178
370 . ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........178
371 . شۇم پال ئاڭلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........178
372 . غەزىپى قوزغالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..........178
373 . بىرەر مۇسۇلماننىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........178
374 . بىراۋ"سىزنى ئاللا ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن" دېگەندە دېيىلىدىغان دۇئا..........178
375 . بىرەر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........179
376 . ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئا..........179
377 . بىرەر سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا..........179
378 . ئىماندا شەك پەيدا بولۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........179
379 . مېۋە دەسلىۋىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........179
380 . قەرزدارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا..........180
381 . هاجەت دۇئاسى..........181
382 . ئىستىخارە دۇئاسى..........181
383 . سەپەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........182
384 . سەپەرگە چىققۇچىنى ئۇزاتقۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا..........182
385 . سەپەرگە چىققۇچى ئۇزاتقۇچىلارغا قارىتا ئوقۇيدىغان دۇئا..........182
386 . يۇقىرىغا چىققاندا ۋە تۆۋەنگە چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان زىكىر..........182
387 . سەپەردىن قايتىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........182
388 . ئۇلاغقا مىنگەندە، ماشىنا ۋە ئايروپىلان قاتارلىقلارغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........183
389 . دېڭىزدا قاتناشقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..........183
390 . سەپەردە كېتىۋېتىپ كەچ كىرىپ قالسا، ئوقۇلىدىغان دۇئا..........183
391 . سەپەردە ۋە باشقا ۋاقىتتا ئۆيگە ۋە بىر يەرگە چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........184
392 . دېشۋارچىلىقتا (ئېغىرچىلىقتا) يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار..........184
393 . غەم قايغۇ باسقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........184
394 . قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........184
395 . دۈشمەنگە يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........185
396 . خەۋپ ياكى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........185
397 . دۈشمەنگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا..........185
398 . مېيىپ بولغان ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........185
399 . بىرەر ئاغرىققا دۇچار بولغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا..........185
400 . ئاغرىپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........186
401 . كېسەل يوقلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........186
402 . مۇسىبەت كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، كۆرگەندە، مۇسىبەت يەتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇئا..........186
403 . ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بىمارنىڭ دۇئاسى..........187
404 . (ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) دېگەن سۆزنى مېيىتقا تەلقىن قىلىش..........187
405 . مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغان ۋاقىتتا ئېيتىلىدىغان دۇئا..........187
406 . مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........187
407 . هازىدارغا تەسەللىي بەرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا..........188
408 . مېيىتنى قەبرىگە قويغۇچى مېيىتنى يەرلىكىگە قويغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........189
409 . مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........189
410 . قەبرە يوقلىغاندا مېيىتلەرگە سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئا..........189
411 . يامغۇر تەلەپ قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........189
412 . يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........190

413 . يامغۇر بەك كۆپ يېغىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا...... 190
414 . چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما بولغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا...... 190
415 . ئاسماندا قارا بۇلۇت كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا...... 190
416 . شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا...... 190
417 . تەقدىر توغرىسىدا...... 191
418 . قەلەمنى يارىتىش...... 191
419 . ئاللاتائالا خالىغىننى قىلىدىغانلىقى...... 191
420 . تەقدىر توغرىسىدىكى ھەدىسلەر...... 191
421 . ئاللانىڭ دوستلىرى توغرىسىدا...... 195
422 . چۈش توغرىسىدا...... 196
423 . پەيغەمبەرلىكنىڭ بېشارەتلىرىدىن پەقەت ياخشى چۈشلا قالغانلىقى...... 196
424 . مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى...... 197
425 . ياخشى چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 25، 46، 70 پارچىسى ئىكەنلىكى...... 197
426 . چۈش تەبىرنى بىلدۈرۈش...... 197
427 . چۈشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى...... 197
428 . چۈشكە تەبىر بەرسە راستقا ئايلىنىدىغانلىقى...... 198
429 . ياخشى ۋە يامان چۈش كۆرگەندە...... 198
430 . كىشىنىڭ كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېيىشى...... 198
431 . چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش...... 198
432 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشى...... 198
433 . يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشى...... 199
434 . زىنداندىكى ئىككى كىشىنىڭ چۈشى...... 199
435 . پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشى...... 199
436 . ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن چۈشى...... 199
437 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى...... 200
438 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى...... 200
439 . باشقىلارنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى...... 203
440 . جىن توغرىسىدا...... 206
441 . پالچىلار توغرىسىدا...... 209
442 . سېھىر توغرىسىدا...... 209
443 . كۆز تېگىش توغرىسىدا...... 210
444 . دەم سېلىش توغرىسىدا...... 211
445 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى...... 212
446 . ئاخىرەت ئىشىدا غەپلەتتە قالماسلىق...... 212
447 . دۇنيانىڭ مىسالى...... 213
448 . قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار...... 213
449 . ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلىقى...... 215
450 . سەكرات توغرىسىدا...... 215
451 . ئۆلۈم توغرىسىدا...... 216
452 . كاپىر ۋە مۇناپىقنىڭ جېنىنى ئېلىش...... 217
453 . مۆمىننىڭ جېنىنى ئېلىش...... 218
454 . قەبرە توغرىسىدا...... 219
455 . پەيغەمبەر ئاخىرلاشتى...... 220
456 . پەيغەمبەر دەۋاسى قىلغۇچىلار...... 221
457 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىن بەرگەن خەۋەرلىرى...... 221
458 . يەر يۇتۇش، تاش يېغىش، سۈرەتلەر ئۆزگىرىش...... 227

459 . پىتنە توغرىسىدا.......... 229
460 . بۇ ئۈممەتنىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادا قىلىنغانلىقى.......... 233
461 . قىيامەت يېقىنلاشتى.......... 234
462 . قىيامەتنىڭ ۋاقتى.......... 234
463 . ئاينىڭ يېرىلغانلىقى.......... 234
464 . قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى.......... 235
465 . مەھدى.......... 237
466 . مۇشۇ ئىشلار يۈز بەرمىگىچە قىيامەت بولمايدىغانلىقى.......... 237
467 . قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى.......... 240
468 . چوڭ ئالامەتلەرنىڭ بىرسى يۈز بەرسە قالغانلىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىدىغانلىقى.......... 240
469 . كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى.......... 240
470 . زېمىندىن بىر خىل ھايۋاننىڭ چىقىشى.......... 241
471 . تۈتۈن.......... 241
472 . دەججال.......... 242
473 . ئىسا ئەلەيھىسسالام.......... 246
474 . يەجۇج – مەجۇج.......... 246
475 . بىز ئەمدى، يەجۇج - مەجۇج توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى بايان قىلىمىز.......... 248
476 . ئۈچ قېتىملىق يەر يۈتۈش.......... 249
477 . كىشىلەرنى توپلايدىغان ئوت.......... 249
478 . كەبىنىڭ چېقىلىپ كېتىلىشى.......... 249
479 . قىيامەتنىڭ ئالدىدا بىر خىل شامال ئەۋەتىش.......... 250
480 . قىيامەتنىڭ جۈمە كۈنى بولىدىغانلىقى.......... 250
481 . سۇر توغرىسىدا.......... 250
482 . كىشىلەرنىڭ قىيامەتنى سورايدىغانلىقى.......... 251
483 . قىيامەت نېمىدۇر.......... 251
484 . قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلدى.......... 252
485 . بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىش.......... 252
486 . ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىش.......... 254
487 . ئىككى سۇر ئارىلىقى.......... 254
488 . ئۈچىنچى قېتىملىق سۇر چېلىش.......... 255
489 . قەبرىدىن چىققاندا ھېچ نەرسە مەخپى قالمايدىغانلىقى.......... 256
490 . مەھشەرگاھقا توپلىنىش.......... 256
491 . تەقۋادارلارنى ئىززەت بىلەن يېغىش.......... 256
492 . كىشىلەر توپلىنىدىغان جاي.......... 257
493 . كىشىلەرنى تۆپتۈز يەرگە يىغىدىغانلىقى.......... 257
494 . ئىنسانلار قۇياشنىڭ قىزىقلىقىدىن تەرلەيدىغانلىقى.......... 257
495 . سايدايدىغان كىشىلەر.......... 257
496 . بۇ كۈندە ئاللانىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەندىن باشقىلارنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدىغانلىقى.......... 258
497 . شاپائەت تەلەپ قىلىش.......... 258
498 . قىيامەتتە كىشىلەرنى يەتتە سەپ پەرشتىلەر قورشاپ تۇرىدىغانلىقى.......... 259
499 . قۇياش بىلەن ئاينىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلىدىغانلىقى.......... 260
500 . ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى.......... 260
501 . مەھشەرگاھ.......... 260
502 . ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنۈش.......... 260
503 . ئاللاتائالانىڭ 99 رەھمىتى.......... 261
504 . ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرى.......... 261

505 . راستچىللار...... 261
506 . گۇناھكار ۋە مۆمىن بولغان ھالدا ئاللاغا مۇلاقات بولۇش...... 262
507 . كەۋسەر...... 262
508 . كەۋسەر سۈيىنى ئىچىش...... 263
509 . ھەممە ئىش ئاشكارا بولغان چاغدا...... 263
510 . مەھشەرگاھقا جەھەننەمنى كەلتۈرۈش...... 263
511 . گۇناھكارلارنىڭ قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغانلىقى...... 264
512 . ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلار بىلەن تەرجىمانسىز سۆزلىشىدىغانلىقى...... 264
513 . تۆنجى كىيىم كىيدۈرۈش ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى دوزاخ تەرەپكە ئاپىرىش...... 265
514 . ئادەم بالىلىرىنى دوزاخقا ئايرىش...... 265
515 . بۇ كۈندە قۇلاق، كۆزلەر ئوچۇق ئاڭلاپ ۋە كۆرىدىغانلىقى...... 265
516 . رىيا قىلغۇچىلار...... 265
517 . ئۈچ تۈرلۈك ئادەم ئاللانىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى...... 266
518 . ئاللا قارىمايدىغان ۋە پاكلىمايدىغان كىشىلەر...... 266
519 . ئىككى يۈزلىمچى...... 267
520 . خىيانەت قىلغۇچىلار...... 267
521 . ۋەدىسگە ۋاپا قىلمىغانلار...... 267
522 . زۇلۇمنىڭ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقى...... 267
523 . ئۈچ ئورۇندا ئائىلىسىنى ئەسلىمەيدىغانلىقى...... 267
524 . ئى رەسۇلۇللا! سىنى نەدىن ئىزدەيمەن؟...... 268
525 . قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم توغرىلىنىش...... 268
526 . مۆئمىنلەر ھېساب بېرىش ئۈچۈن يېرىم كۈن كېچىكىپ قالمايدىغانلىقى...... 268
527 . بۇ ئۈممەت قىيامەت كۈنى ئالدىدا بولىدىغانلىقى...... 268
528 . بۇ كۈندە پەيغەمبەرلەردىن سوراش...... 268
529 . نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن سوراش...... 269
530 . باشقا پەيغەمبەرلەردىن سوراش...... 269
531 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى...... 269
532 . ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن سوراش...... 269
533 . قىيامەت كۈنى ئاسان ھېساب ئېلىنىدىغۇ؟...... 269
534 . ھەر ئۈممەتكە گۇۋاھچى كەلتۈرىدىغانلىقى ...... 270
535 . تۆت پەيغەمبەر ئارقىلىق تۆت خىل كىشىلەرگە رەددىيە بېرىش...... 270
536 . دۇنيادا ئەڭ باياشات بىلەن ئەڭ نامرات ياشىغان كىشى...... 270
537 . نېئمەتتىن سوئال-سوراق قىلىش...... 270
538 . مۇشۇ كۈندىكى ئۈچرىششنى ئۇنتىغان كىشىلەر...... 271
539 . پادىچىلاردىن سوراش...... 272
540 . ئاللاتائالانىڭ بىر بەندىسىدىن سوئال سورىشى...... 272
541 . ۋەدە توغرۇلۇق سوراش...... 272
542 . كۆز قۇلاقلاردىن سوراش...... 272
543 . ئەھدە توغرۇلۇق سوراش...... 272
544 . ھېساب ئېلىش...... 272
545 . قىلغان ياخشى ئەمەللىرى...... 273
546 . قىيامەت كۈنى بارلىق كۈنلەرنى ئۆز تۈرىقى بىلەن ئەۋەتىدىغانلىقى...... 273
547 . بۇ ئۈممەتنى نۇرلۇق ھالدا چاقىرىش...... 273
548 . مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ...... 273
549 . مۇئەززىنلەر...... 274
550 . نامازدىن ھېساب ئېلىش...... 274

551 . زاكاتتىن ھېساب ئېلىش.......... 274
552 . ھەجدىن ھېساب ئېلىش؟.......... 275
553 . روزىدىن ھېساب ئېلىش.......... 275
554 . باشقا نەرسىلەردىن ھېساب ئېلىش.......... 276
555 . ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقى.......... 276
556 . ئۈچ تۈرلۈك كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر.......... 276
557 . « سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار» دېگەن ئايەت توغرىسىدا.......... 277
558 . ئىنچىكە ھېساب ئېلىش.......... 277
559 . زۇلۇمدىن ھېساب ئېلىش.......... 277
560 . كىچىك گۇناھتىنمۇ ھېساب ئېلىش.......... 277
561 . قارى، شېھىد، باي بۇ ئۈچىسىدىن ھېساب ئېلىش.......... 278
562 . بۇ كۈندە ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرى قىلغان گۇناھىغا گۇۋاھ بولىدىغانلىقى.......... 278
563 . زېمىن ئۈستىدە بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىش.......... 278
564 . ئاللا ياد ئېتىلمايدىغان سورۇن قىيامەتتە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.......... 278
565 . سىلەر - رەھىم.......... 279
566 . بۇ كۈندە بىر -بىرىسى بىلەن دەۋا قىلىش.......... 279
567 . تۆت كىشىنىڭ دەۋاسى.......... 280
568 . پەرىشتىلەردىن سوراش.......... 281
569 . باشقىلارنى ئازدۇرغانلار.......... 281
570 . بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن سوراش.......... 281
571 . نامە - ئەمەلنى يازىدىغان دەپتەر.......... 282
572 . ياخشى ئادەملەرنىڭ دەپتىرى .......... 282
573 . يامان ئادەملەرنىڭ دەپتىرى.......... 282
574 . نامە -ئەمال ئۈچ قىسىمدۇر.......... 282
575 . نامە - ئەمالنى ئوڭدىن، ئارقىدىن بېرىش.......... 283
576 . ھەر ئۈممەت تىزلانغان ھالدا بولىدىغانلىقى.......... 283
577 . ھەربىر ئىنساننىڭ نامە -ئەمالىنى بوينىغا ئېسىپ قويىدىغانلىقى.......... 283
578 . نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم.......... 283
579 . نامە - ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم.......... 283
580 . ئەمەللەرنى تارتىدىغان تارازا.......... 284
581 . ياخشى يامان ئەمەللەرنى تارازىغا قويۇپ تارتىش.......... 284
582 . ھۆكۈملەر.......... 285
583 . شاپائەت قىلىش.......... 288
584 . ئۇ كۈندىكى ئاسمان ۋە زېمىن.......... 289
585 . سىرات كۆۋرۈكى.......... 289
586 . بىر -بىرىدىن ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرىش.......... 291
587 . بىر پىرقە جەننەتتە يەنە بىر پىرقە دوزاختا بولىدىغانلىقى.......... 292
588 . ھەمدە بايرىقى.......... 293
589 . جەننەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇخلاپ قىلىش.......... 293
590 . ئېسىل ماكان جەننەت.......... 293
591 . جەننەت ئەھلى120 سەپ بولۇپ 80 سەپ بۇ ئۈممەتتىن بولىدىغانلىقى.......... 294
592 . بۇ خەتنى ئالماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقى.......... 294
593 . جەننەتلەر قېلىچلار سايىسى ئاستىدا.......... 294
594 . جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى قاقىدىغان كىشى.......... 294
595 . جەننەتكە كىرىش ئالدىدا دوزاخنى كۆرسىتىش.......... 294
596 . جەننەتكە كىرىش ئالدىدا دىلىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرۋېتىش.......... 294

597 . جەننەتنىڭ دەرۋازىسى.......... 295
598 . جەننەت دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى.......... 295
599 . ئاللاتائالا بەندىلىرىگە ئۇلار ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىغانلىقى.......... 295
600 . جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ بويي، چىرايي، ئاۋازلىرى.......... 296
601 . جەننەتكە قېرى خوتۇن كىرمەيدىغانلىقى.......... 296
602 . جەننەتتە تۆت خىل ياخشى ئىشقا ئېرىشىش.......... 296
603 . تۇنجى جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر.......... 296
604 . جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ تولىسى مىسكىنلەر ئىكەنلىكى.......... 297
605 . جەننەتكە توپ - توپ ماڭدۇرۇش.......... 297
606 . كىچىك بالا ئانىسىغا چاپلىشىۋېلىپ جەننەتكە ئەكىرىش.......... 298
607 . جەننەت دەرۋازىسىغا يېزىلغان ياخشىلىق.......... 298
608 . بىر ندا قىلغۇچى.......... 298
609 . ئۆلۈمنىڭ بوغۇزلىنىشى.......... 298
610 . جەننەتنىڭ ئاسمان زېمىنى يوقمايلا تۇرسا.......... 298
611 . جەننەت ئەھلىگە ئون ئۈزۈك بېرىش.......... 299
612 . ئاللاتائالانىڭ جەننەتتىكىلەرگە زىياپەت بېرىشى.......... 299
613 . جەننەتتە ئاللاتائالانى كۆرۈش.......... 299
614 . فىردەۋس جەننەت.......... 300
615 . ئەدنى جەننىتى.......... 300
616 . جەننەتتە يۈز دەرىجە.......... 300
617 . جەننەتتىكىلەردىن دۇنيادا قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىنى سوراش.......... 300
618 . جەننەتتىكىلەر دوزاختىكىلەردىن سوئال سورىشى.......... 301
619 . جەننەتتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنى.......... 301
620 . ھەمزە جەننەتتە شېھىدلارنىڭ سەردارى.......... 302
621 . ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر جەننەت ئوتتۇرا ياشلىرىنىڭ سەردارى.......... 302
622 . جەننەت ئاياللىرىنىڭ خانىشى تۆتتۇر.......... 302
623 . فاتىمە جەننەت ئاياللىرىنىڭ خانىشى.......... 302
624 . ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارى.......... 302
625 . جەننەتنىڭ دۆڭلىرى ۋە توپىسى.......... 302
626 . جەننەتتىكى ئىمارەتلەر.......... 302
627 . ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر.......... 303
628 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەسرى.......... 303
629 . جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمى.......... 303
630 . جەننەتتە ئۇخلىمايدىغانلىقى.......... 303
631 . جەننەتتە ئايال كىشى ئىككىنچى ئېرىغا ھېساب.......... 303
632 . جەننەتتىكى چېدىرلار.......... 304
633 . جەننەتتىكى گۈزەل قىزلارنىڭ ناخشىلىرى.......... 304
634 . جەننەتتە ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش.......... 304
635 . جەننەتتە بالا ئېلىش.......... 305
636 . جەننەتتە ئەر كۆپمۇ ياكى ئاياللارمۇ؟.......... 305
637 . ئىككى جەننەت.......... 305
638 . جەننەتتىكى خېنا .......... 305
639 . جەننەتتىكى بازارلار.......... 305
640 . مۇشرىكلارنىڭ باللىرى جەننەت ئەھلىنىڭ خادىملىرى.......... 306
641 . جەننەت خىزمەتچىلىرىنىڭ گۈزەللىگى.......... 306
642 . داستىخان ئۈستىدە راھەتلىنىش.......... 306

643 . جەننەتتە ئۆستەڭ، مەي، تۈرلۈك مېۋە، سۈت ئىچىملىك..... 306
644 . جەننەتتىكى شاراپلار..... 306
645 . جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ غولى ئالتۇندىن..... 307
646 . جەننەتتىكى مېۋىلەر..... 307
647 . جەننەتتە ئات مىنىش..... 308
648 . جەننەتتىكى ئالى دەرىجە..... 308
649 . جەننەتتىكى دەرەخ ۋە سايە..... 308
650 . جەننەتتىكى نەرسىلەر ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىغانلىقى..... 308
651 . جەننەت ئەھلى ھەسرەت چېكىش..... 308
652 . جەننەتتىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە..... 309
653 . جەننەتتە دېھقانچىلىق قىلىش..... 309
654 . جەننەتتە بىر كىشىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش..... 309
655 . جەھەننەمدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى..... 309
656 . جەننەتتىكىلەرنىڭ دۇئاسى..... 309
657 . ئەئرافتىكىلەر..... 309.
658 . جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مۇنازىرە قىلىشى..... 310
659 . دوزاخنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇخلاپ قىلىش..... 310
660 . ھالاكەت ئورنى دوزاخ..... 310
661 . دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى..... 311
662 . دوزىخىلارغا جەننەتنى كۆرسىتىپ پۇشايمان قىلدۇرۇش..... 311
663 . جەھەننەم گۇناھكارلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى..... 311
664 . دوزاختا گۇناھكارلارنى يۈزى بىلەن تاشلاش..... 311
665 . جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى..... 311
666 . دوزاختا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىكەنلىكى..... 311
667 . دوزاختا يېرىم يالىڭاچ كىيىم كىيگەن ئاياللا كىرىدىغانلىقى..... 312
668 . دوزاخ گۇناھكارلارنى كۆرگەندە ھاڭگىرايدىغانلىقى..... 312
669 . كاپىرلارنى ئۈستى- ئۈستىگە دۆۋىلەيدىغانلىقى..... 312
670 . گۇناھكارلارنى جەھەننەمگە توپ- توپ ھەيدەش..... 312
671 . پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى دوزاختا باشلاپ كىرىدىغانلىقى..... 313
672 . گۇناھكارلارنى دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلاش..... 313
673 . گۇناھكارلارنى دوزاختا يۈزى بىلەن سۆرۈلىدۇ..... 313
674 . دوزاختا دۈم ياتقۇزۇپ سۆرىلىدىغانلىقى..... 314
675 . گۇناھكارلارنى دوزاختا قاتتىق ئىتتىرىش..... 314
676 . دوزاختا تاشلانغان چاغدا..... 314
677 . دوزاختا كاپىرلار بىلەن بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنى بىللە تاشلىغاندا..... 314
678 . دوزاختا كىرگەنلەر بىر- بىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشىش..... 314
679 . دوزاخنىڭ ئاسمان زېمىنى يوقمايلا تۇرسا..... 315
680 . دوزاخ ئەھلىگە ئون ئۆزۈك بېرىش..... 315
681 . شەيتاننىڭ دوزاختىكىلەرگە نۇتۇق سۆزلىشى..... 315
682 . ئاللاتائالانىڭ دوزاختىكىلەرگە سۆزلىشى..... 315
683 . دوزاختىكىلەردىن دۇنيادىكى چېغىدا قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىنى سوراش..... 315
684 . گۇناھكارلار دۇنيادىكى چېغىدا مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ..... 316
685 . باشلىقلىرىغا ئەگەشكەنلەر دوزاختا تۇرۇپ پۇشايمان قىلىش..... 316
686 . دوزاختىكىلەر دوزاختا تۇرۇپ ياخشى ئىش قىلىۋالساق ۋاقىت بارمىدۇ؟ دەيدىغانلىقى..... 316
687 . دوزاختا نالە- پەرياد قىلىش..... 316
688 . دوزاختا گۇناھكارلار قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ كېلىدۇ..... 317

689 . گۇناھكارلار دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىگە: ئى مالىك بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن دەيدىغانلىقى............317
690 . دوزاخ ئەھلى جەننەت ئەھلىدىن سۇ تەلەپ قىلىشى.......................................................317
691 . خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرى.............................................................................317
692 . دوزاخ بىر زىندان.........................................................................................317
693 . سەقەر......................................................................................................317
694 . دوزاخنىڭ چوڭقۇرلۇقى....................................................................................317
695 . دوزاخ ئوتىنىڭ قىزىقلىقى.................................................................................317
696 . دوزاختا ئوبدان ياشىمايدىغانلىقى........................................................................318
697 . دوزاختىكىلەرنىڭ جىسمى..................................................................................318
698 . دوزاختىكىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكى......................................................................318
699 . دوزىخىلارنىڭ ئىچىملىكى..................................................................................319
700 . دوزاختىكىلەرنىڭ كىيىمى..................................................................................320
701 . دوزىخىلارنىڭ ياتقان - كۆرپىسى.........................................................................320
702 . دوزىخىلارغا سالىدىغان زەنجىر - تاقاق....................................................................320
703 . گۇناھكارلارنى ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلاش................................................................320
704 . ئالتۇن - كۆمۈشنى قىزىتىپ گۇناھكارلارنىڭ دۈمبىلىرىنى داغلاش.......................................320
705 . دوزاختىكىلەرنى يېپىلان چېقىش............................................................................320
706 . دوزاختىكى سايە............................................................................................321
707 . دوزاختا يەنە باشقا ئازابلار بار.............................................................................321
708 . كۆن بىلەن ئاي دوزاختا بولىدىغانلىقى......................................................................321
709 . ھەسەل ھەرىسىدىن باشقىسى دوزاختا بولىدىغانلىقى....................................................321
710 . دوزاختىكىلەرنىڭ يىغىسى...................................................................................321
711 . دوزاختىن تۆت كىشى چىقىش.............................................................................. .. 321
712 . دوزاختا ئۆچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرۈشى.....................................................................322
713 . كىشى قانداق ئۆلسە دوزاختا شۇنداق ئازابلىنىدىغانلىقى................................................322
714 . خىيانەت قىلغان كىشى دوزاختا ئىككەنلىكى................................................................322
715 . جاندار نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزغان كىشى دوزاختا ئايرىم - ئايرىم ئازابلىنىدىغانلىقى.........322
716 . مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشى دوزاختا ئىكەنلىكى.....................................................322
717 . پايدىلانغان كىتابلار......................................................................................... . 323

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى

جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى سەييىدىمىز مۇھەممەدۇن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىران شاھى نوشىرۋان ھاكىمىيىتىنىڭ 40 - يىلى، مەككىدە يۈز بەرگەن پىل ۋەقەسىنىڭ 1 - يىلى، رەبىئولئەۋۋەل (3 - ئاي)نىڭ 9 - كۈنى سەھەردە مەككىدىكى بەنى ھاشىم كوچىسىدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ ئاي ۋە كۈنلەر ئاتاقلىق دىنىي ئالىم مۇھەممەد سۇلايمان مەنسۇر فورى ۋە ئاتاقلىق ئاستىرونوم تەتقىقاتچى مەھمۇد پاشالارنىڭ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشىچە، مىلادىيە 571- يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ياكى 22 - كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن.

ئىبنى سەئەدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مۇنداق دېگەن:« مەن ئۇ (مۇھەممەد)نى تۇغقاندا قورسىقىمدىن بىر نۇر چىققاندەك مەلۇم بولدى، ئۇ نۇر بىلەن شام قەسىرلىرى يورۇپ كەتتى» [ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنىڭغا يېقىن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان]

رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسىدىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالدىن بىشارەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن نامايەن بولغان:« ئىران خان ئوردىسىنىڭ پىشايۋىنىدىن 14 كۆز دەرىزە چۇشۇپ كەتكەن. مەجۇسى (ئوتپەرەسلەر)لەر ئىبادەت قىلىۋاتقان (ئاتالمىش مۇقەددەس) ئوت توساتتىن ئۆچۈپ قالغان. ساۋە كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى چېركاۋلار يېقىلىپ دۇم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە ئارقىدىنلا كۆلنىڭ سۈيى جىمىپ كەتكەن» [بۇنى بەيھەقى رىۋايەت قىلدى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ھامان بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپكە خەۋەر قىلىندى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا كېلىپ ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نى كەئبىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ كەئبە ئىچىدە ئاللاغا دۇئا قىلدى ۋە شۈكرى سەنا ئېيتتى ۋە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسمنى تاللاپ ئات قويدى (بۇ ئىسىم ئەرەبلەردە يوق دىيەرلىك ئىسىم ئىدى) ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يەتتىنچى كۈنى خەتنە قىلدۇرۇۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى (ئۆز ئانىسىدىن قالسا) تۇنجى بولۇپ ئېمىتكەن ئىنىك ئانا ئەبۇ لەھەبنىڭ ئازادگەردە (ئازاد قىلىۋەتكەن) دېدىكى سۇۋەيبە بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسرۇھ ئىسىملىك بىر ئوغلىنىڭ سۈتى بىلەن ئېمىتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىمۇ ئېمىتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇسەئەدنى ئېمىتتى.

## بەنى سەئەد قەبىلىسىدىن

ئەۋلادلىرىنىڭ شەھەر بالىلىرىدا كۆرۈلىدىغان ھورۇنلۇق، تەييار تاپلىق ئىللەتلىرىدىن خالىي، بەدىنى تىمەن، ئەت- مۇسكۇللىرى چىڭ، كىچىكىدىنلا ئەرەبچىگە تىلى پىششىق چوڭ بولۇشى ئۈچۈن بوۋاقلىرىغا سەھرالاردىن ئىنىك ئانا تېپىپ بېرىش ئەرەب شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. شۇڭا ئابدۇلمۇتەللىپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئېنىك ئانا ئىزدىدى ۋە بەنى سەئەد قەبىلىسىدىن بىر خوتۇن (ئۇ ھەلىمە بىنتى ئەبى زۇئەيب)غا ئېمىتىپ بېرىشكە بەردى. ھەلىمەنىڭ ئېرى ھارىس ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئەبۇ كەبشە دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى سەئەد قەبىلىسىدىكى ئېمىلدەش بىر تۇغقانلىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ھارىس، ئەنىسىيە بىنتى ھارىس، ھۇزافە ياكى جۇزامە بىنتى ھارىس (ئۇ شەيما دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇر بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنىك ئانىسىغا بېقىشىپ بەرگەن) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس قاتارلىقلار بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپمۇ بەنى ئەسەد قەبىلىسىدە ئېمىتىشكە بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەلىمەنىڭ يېنىدىكى ۋاقتىدا ھەمزەنىڭ ئىنىك ئانىسى ئۇنى بىر كۈن مىقدارى ئېمىتىپ بەرگەن. شۇ جەھەتتىن ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى تەرەپتىن، بىرى ئەبۇ لەھەبنىڭ دېدىكى سۇۋەيبە تەرىپىدىن، يەنە بىرى بەنى سەئەدلىك ئىنىك ئانىسى تەرىپىدىن ئېمىلدەش كېلىدۇ.

ھەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتىپ بېرىشكە ئالغاندىن كېيىن، ئاجايىب - غارايىب بەرىكەتلەرنى كۆرگەن. ئەمدى ، بىز ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى...

ئىبنى ئىسھاقنىڭ ئېيتىشىچە، ھەلىمە تۆۋەندىكى بايانلارنى ئۆز ئېغىزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن: ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئېمىتىۋاتقان بالىسىنى ئېلىپ ئېرى بىلەن بىرگە شۇ قەبىلىدىن بىر قانچە خوتۇن بىلەن ئىجارىگە ئېمىتىدىغان بالا ئىزلەپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« ئاشۇ يىلى قەھەتچىلىك بىر يىل بولغانىدى. بىز ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغانىدۇق. بىزنىڭ بىرلا ئاق مادا ئېشىكىمىز بار بولۇپ، مەن ئاشۇ ئېشەككە مىنىدىم. بىزنىڭ يەنە بىر تال سۇ توسۇش تۆگىمىزمۇ بار ئىدى. ئەمما، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن بىر تېمىم سۈت چىقسا كىمنىڭ ھەققى؟! قۇچقىمىدىكى ھېلىقى بالامنىڭ ئاچلىق زارىدىن پۈتۈن بىر كېچە كۆز يۇممىدۇق. نە مېنىڭ ئەمچىكىمدىن، نە تۆگىنىڭ ئەمچىكىدىن بوۋاقنىڭ نەپسىنى ئارام ئالدۇرغۇدەك بىر نەرسە چىقمايتتى. ھەممىمىز يامغۇر يېغىپ، يۇرتىمىزنىڭ مەمۇرچىلىققا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. مەن ھېلىقى ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقتىم. ئېشكىمىزنىڭ ئورۇق ئاجىزلىقى ھەمراھلىرىمىزنىڭ تېز يول يۈرۈشكە پۈتلىكاشاڭ بولدى بولغاي، ئۇلار بەزىدە غۇدۇرىشىپ، بەزىدە ئالدىمىزدا ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، ئاخىرى مەككىگە يېتىپ كېلىپ

ئىجارىگە ئېمىتىدىغان بالا ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. مەن بىلەن بىللە كەلگەن ئاياللارنىڭ قايسى بىرىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرا قىلىنىپ، ئۇنىڭ يېتىملىقى تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭدىن قاچاتتى. سەۋەبى ھەممىمىز بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كۆپرەك ياخشىلىق كېلىشىنى كۆتەتتى. شۇڭا بىز:« يېتىم ئىكەن! تۇل خوتۇن دېگەننىڭ نېمىگە قۇربى يېتەتتى!» دەيتتۇق. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يېتىم بالىلار ئانچە خوش ياقمايتتى. مەندىن باشقا ھەمراھلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىردىن بوۋاقنى ئېمىتىپ بېرىشكە ئىجارىگە ئېلىپ قوچاقلىشىپ مېڭىشتى. پەقەت مەنلا قالدىم، قايتىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. شۇڭا، مەن ئېرىمگە:« بىللە كەلگەن خوتۇنلار ئارىسىدا ئېمىتىشكە بالا ئالماي قۇرۇق قول قايتىشتىن نومۇس قىلىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەزبىرايى خۇدا، مەن بېرىپ ئاشۇ يېتىم بالىنى بولسىمۇ ئەكىلەيمىكىن دەيمەن» دېدىم. ئۇ:« ئالساڭ بولىدۇ، ئاللا ئاشۇ بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسا ئەجەپ ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىجارىگە ئېمىتىپ بېرىشكە ئالدىم. مەن ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نى ئۇنىڭدىن باشقا ئىجارىگە ئېمىتىدىغان بالا تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئالغانىدىم» ھەلىمە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« مەن ئۇنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نى ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كېلىپ قۇچىقىمغا ئېلىۋىدىم، ئەمچىكىمدىن سۈتلەر شۇرقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېمىپ قاندى، ئارقىدىن بىز بىرگە ئېلىپ كىرگەن ھېلىقى ئوغلىمىزمۇ ئەمدى. ئاندىن ھەر ئىككىلىسى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئارامىمىزدا ئۇخلىيالمىغانىدۇق، مەن بالا ئېمىتىۋاتقان پەيتتە، ئېرىم تۆگىگە قارىغىلى بارغانىكەن، تۆگىنىڭ ئەمچەكلىرى ئېسىلىپ ئېتىلغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆگىنى سېغىپ ئەكەلدى، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئىچىپ قاندۇق. قورساقلىرىمىزمۇ قاپاردى. بۇ بىز ئۈچۈن مەككىدە ئارامىمىزدا ئۇخلىغان راھەتلىك بىر كېچە بولۇپ قالدى. ئەتىسى ئېرىم ماڭا:« بىلەمسىز ھەلىمە! سىز مۇبارەك بىر بوۋاققا ئانا بولۇپ قاپسىز» دېدى. مەنمۇ:« شۇنداق بولغىيتتى، ئىلاھىم!» دېدىم. ئاندىن ئېشەك ئۇلاغلىرىمىزغا مىنىشىپ يۇرتىمىزغا راۋان بولدۇق. مەن ھېلىقى ئاق مادا ئېشىكىمگە مىنىپ، ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نى تۇتۇپ ئولتۇردۇم. ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ كەتتىم. ھەتتا سەپەرداش ئاياللار:« ئى ھەلىمە! ئېشىپ كەتكىنىڭنى قارا، بىزنىمۇ ئويلاپ قويساڭچۇ؟ مەھەللىدىن مىنىپ چىققان مادا ئېشىكىڭ مۇشۇ ئەمەسمۇ؟» دەيتتى. مەن:« ھەئە شۇ، چوقۇم شۇ» دەيتتىم. ئۇلار:« ئەزبىرايى خۇدا، ئەجەبا ئۇنىڭ ئېشىكىگە جان كىرىپ قاپتىا!» دېيىشەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى يۇرتىمىز بەنى سەئەد زېمىنىگە قەدەم باستۇق. ئاللا بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە بىزنىڭ زېمىنىمىزدەك قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك زېمىننىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، بىزنىڭ قويلىرىمىز ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن قورساقلىرى توق ئەمچەكلىرى ئېسىلگەن ھالدا قايتىپ كېلىدىغان بولدى. ھېچكىمنىڭ قويىدىن ئەمەس، ھەتتا تۆگىسىدىنمۇ بىر تېمىم سۈت چىقمايۋاتسا، بىز قويلىرىمىزنى سېغىپ ئىچەتتۇق. ھەتتا قولۇم- قوشنىلار پادىچىلىرىغا:« ھەي سىلەرنى.... قويلارنى ھەلىمىنىڭ قويلىرى ئوتلىغان يەرلەردە ئوتلاتساڭلار بولمامدۇ؟» دەپ تاپىلاشقان بولسىمۇ، كەچلىكى يەنىلا ئۇلارنىڭ قويلىرى ئاچ، ئەمچەكلىرى قاقاچ قايتىپ كېلەتتى. بىزنىڭ قويلىرىمىز قورساقلىرى قاپارغان، ئەمچەكلىرى ئېسىلگەن ھالدا قايتىپ كېلەتتى. بىز تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ياشقا توشۇپ، بىزدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئاللا تائالانىڭ ئالاھىدە پەزلى- ئېھسانىغا نائىل بولۇپ تۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە تېز چوڭ بولغاندەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇ ئىككى يېشىغا توشماي تۇرۇپلا، چوپ-چوڭ بالا سىنىغا كىرىپ قالدى»

ھەلىمە يەنە مۇنداق دەيدۇ:« شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن مەككىگە ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدۇق. ۋەھالەنكى، بىز (ئۇنىڭ بەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بولغاچقا) ئۇنىڭ قېشىمىزدا داۋاملىق قېپقېلىشىغا تولىمۇ تەشنا ئىدۇق، شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئانىسىغا گەپ قىلدۇق ۋە ئۆزۈم شەخسەن:« ئوغلىمىزنى ئوبدانراق چوڭ بولغىچە يېنىمىزدا قويسىڭىز! مەن ئۇنىڭغا مەككىنىڭ ۋابا (بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل) كېسىلىنىڭ تېگىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدىم ۋە ئاخىرى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قايىل قىلدۇق»

مانا مۇشۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى سەئەد دىيارىدا تۇرۇپ قالدى. ھەتتا 4-5 ياشلارغا كىرىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتى، جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام) كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇتقانچە يېقىتتى ۋە كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سىرتقا ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن كاللەك لەختە قانلارنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ:« بۇ سەندىكى شەيتاننىڭ نېسىۋىسى ئىدى» دېدى. ئاندىن ئۇنى ئالتۇن داسقا سېلىپ، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ ھىملىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن بالىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئىنىك) ئانىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:« مۇھەممەدنى بىرىسى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ خەۋەر قىلىشتى. ئۇلار ئۈچقاندەك يۈگۈرۈشۈپ كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن ھالدا رەڭگى - رويى سامانىدەك سارغىيىپ ياتاتتى.

## مېھرىبان ئانا باغرىدا

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئانىسى ئالدىدا يۈز كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، مەككىگە ئەكىرىپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى.

شۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان مەرھۇم ئېرىنىڭ روھىنى ئەسلەپ ئۇنىڭ يەسرەبتىكى تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىپ كەلمەكچى بولدى. شۇڭا، ئۇ يېتىم ئوغلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نى ۋە دېدىكى ئۇممۇ ئەيمەننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ 500 كىلومېتىردەك مۇساپىنى نىشانلاپ مەككىدىن يولغا چىقتى. ئابدۇلمۇتەللىپمۇ بۇ دىلى سۇنۇق كېلىنىگە مەھرەم بولۇپ بىرگە چىققانىدى. ئامىنە مەدىنىدە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن قايتىش تەرەددۇتىدا تۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەل تەگدى. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن، كېسىلى باغانسېرى ئېغىرلاپ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى ئەبۋا دېگەن يەرگە كەلگەندە ئاخىرى بولالماي ئۆلۈپ كەتتى.

## كۆيۈمچان بوۋا تەربىيىسىدە

ئامىنەنى ئەبۋاغا دەپنە قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قەلب جاراھىتى قايتا يېڭىلانغان بۇ مۇسىبەتدار نەۋرىسىگە نىسبەتەن ھېسداشلىق ۋە ئېچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆرسەتمىگەن ئىللىقلىقنى مۇشۇ نەۋرىسىگە يەتكۈزەتتى ۋە ئۇنى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن يالغۇزلۇققا تاشلىۋەتمەستىن، بەلكى ھەممە بالىلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قوياتتى. ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ:« كەئبە سايىسىدا ئابدۇلمۇتەللىپكە ئاتاپ كۆرپە سېلىپ تەييارلىناتتى. ئابدۇلمۇتەللىپ كۆرپىگە چىققۇچە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كۆرپىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئولتۇرۇپ تۇراتتى. ئاتىسىغا ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچكىم ئۇنىڭ بىساتىغا قەدەم باسمايتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ ئۇ بوۋىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئويناقشىپ كېلىپ كۆرپىگە چىقاتتى -دە، ئۇنىڭ تاغىلىرى ئۇنى ئاتىسىنىڭ كۆرپىسىدىن يىراق قىلىۋەتمەكچى بولاتتى، بۇ چاغدا ئابدۇلمۇتەللىپ:« بۇ بالامنى مەن بىلەن ئولتۇرغىلى قويۇڭلار، ئاللا بىلەن قەسەمكى، بۇ بالامدا چوقۇم بىر خىسلەت بار» دەيتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى فىراش ئۈستىدە قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئۈستى- باشلىرىنى سىلاپ، ئۇنىڭ ئويۇن ھەرىكەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ ھوزۇرلىناتتى ۋە ئۇنى سۆيۈپ ھىدلايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەككىز ياشقا كىرىپ ئىككى ئاي ئون كۈن توشۇۋىدى، بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپ مەككىدە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە جان ئۈزۈش ئالدىدا بۇ نەۋرىسىگە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قان قېرىندىشى ئەبۇ تالىبنىڭ (چۈنكى، ئابدۇللا بىلەن ئەبۇ تالىبنىڭ ئانىسى بىر ئىدى) كېپىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ كۆز يۇمدى.

## شەپقەتلىك تاغا ھىمايىسىدە

ئەبۇ تالىب ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنىڭ ھەققىنى رەۋىشتە ئادا قىلدى. ئەبۇ تالىب ئۇنى ئۆز بالىلىرىغا قوشۇۋالدى. بەلكى تېخى ئۇنى ئۆز بالىلىرىدىنمۇ چارىراق كۆردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى ۋە قەدىرلەيتتى. **40** يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ھىمايە تونىنى يېپىپ، باشقىلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئاداۋەتلىشىپ كەلدى. بۇنىڭ بىر قىسمى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇ تىلەش

ئىبنى ئەساكىر جەلھەم ئىبنى ئەرفەدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە، جەلھەم ئىبنى ئەرفەتە مۇنداق دېگەن:« مەن بىر نۆۋەت مەككىگە كەلگەنىدىم، ئۇ ۋاقىتتا مەككىلىكلەر ئىنتايىن قەھەتچىلىك ئىچىدە ئىكەن. بىر كۈنى قۇرەيشلەر:« ئى ئەبۇتالىب ۋادىمىزدا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ ئەھلى- ئەۋلادلىرىمىز ئاچارچىلىقتا قالدى، سۇ تىلەپ بەرگەن بولساڭ» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇتالىب چىرايى ۋەسلى گويا يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشتەك نۇرانە ئوچۇق چىراي بىر بالىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە بالا بىرگە ئويناۋاتاتتى، ئەبۇ تالىپ ھېلىقى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ دۈمبىسىنى كەئبىگە چاپلاپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى، كۆك ئاسماندا بۇلۇتنىڭ قارىسمۇ كۆرۈنمەيتتى، بىردىنلا ئۇياق- بۇياقلاردىن پارچە- پارچە بۇلۇتلار كېلىپ، قارا بۇلۇتقا ئۆزگىرىپ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مەككە ۋادىسى ئېقىن بولۇپ ئاقتى، شەھەر - قىشلاق ھەممىسى كۆكلەمگە ئايلاندى»

ئەبۇ تالىپ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن بۇ ۋەقەگە ئىشارەت بەرگەنىدى.

يۈزى ئاقدۇر، ئۇنىڭ بەرىكاتىدىن ياغار يامغۇر،

يېتىملەرگە كاپالەتچى، تۇللارغا بولار غەمخور.

## راھىب بۇھەيرا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 12 ياشقا كىرگەندە (ئون ئىككى ياش ئىككى ئاي ئون كۈن دېگۈچىلەرمۇ بار) ئەبۇ تالىب ئۇنى شامغا تىجارەتكە بىللە ئېلىپ چىقىپ، بۇسرا دېگەن جايغىچە ئاپىردى (بوسرا شامغا تەۋە زېمىن بولۇپ، ھۆراننىڭ كىرىش ئېغىزى ئىدى. ھۆران شۇ مەزگىلدە رۇملۇقلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ئەرەب زېمىنلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى) ۋە بۇ شەھەردە

بۇھەيرا نامى بىلەن مەشھۇر جىرجىس ئىسىملىك بىر راھىب بار ئىدى. تىجارەت كارۋىنى شەھەرگە چۈشكەندىن كېيىن راھىب كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ راھىب تالا- تۈزلەرگە ئانچە چىقىپ قالمايتتى، ئۇ كارۋاندىكىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەپسېلىپ قارىدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كىتابىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىغا سېلىشتۇرۇپ تونۇۋالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:« بۇ (بالا) پۈتۈن ئالەملەرنىڭ خوجىسىدۇر. بۇنى ئاللا ئادەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ» دېدى. ئەبۇ تالىب «بۇنى قانداق بىلىسەن؟» دېۋىدى، راھىب:« سىلەر داۋاندىن ئاشقاندىن تارتىپ بىرمۇ تاش- تىكەن قالماي ھەممىسى سەجدىگە باش قويدى، بۇنداق مەرتىۋە پەقەت پەيغەمبەرگىلا ئىلتىپات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنى قولىنىڭ ئوخرەك كۆمۈرچىكىنىڭ ئاستىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈردىن تونۇۋالدىم. بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا ئەنە شۇنداق تونۇشتۇرۇلغان» دېدى ۋە ئەبۇ تالىبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شامغا ئاپارماسلىقنى، ئۇنىڭغا يەھۇدىيلاردىن ھېزىي بولۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چاكارلىرىدىن بىرنى قېتىپ مەككىگە يولغا سېلىۋەتتى.

## فۇججار ئۇرۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 15 ياشقا كىرگەن يىلى قۇرەيش ۋە كەنانە قەبىلىلىرى بىلەن قەيس ئېيلان قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىدى، ئۇرۇشقا قۇرەيش ۋە كەنانە تەرەپتىن پىشقەدەم نوپۇزلۇق شەخس ھەرب ئىبنى ئۇمەييە قوماندانلىق قىلغانىدى. ئەتىگەنلىك (بىرىنچى مەيدان) جەڭدە قەيس ئېيلان تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەنىدى، چۈشلۈكتىكى (ئىككىنچى مەيدان) جەڭدە قۇرەيش ۋە كەنانە تەرەپ قەيس ئېيلان تەرەپنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن مەغلۇپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھەرەم زېمىنى ۋە هارام ئايلارنىڭ ھۆرمىتى ئاياغ ئاستى قىلىنغاچقا، بۇ ئۇرۇش «فۇججار» (گۇناھكار)لار ئۇرۇشى، دەپ ئاتالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە تاغىلىرىغا ئوق راسلاپ بەرگەن ئىدى.

## خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۇ يىلى زۇلقەئدە (11- ئايدا) مەككىدە خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۇيۇشمىغا قۇرەيش قەبىلىلىرىدىن بەنى ھاشىم جەمەتى، بەنى مۇتەللىپ جەمەتى ۋە بەنى تەيم جەمەتلىرى قاتناشتى ۋە ئۇيۇشمىغا ئەزا قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە نوپۇزلۇق ئەرباب ئابدۇللا ئىبنى جەدئاننىڭ قورۇسىغا يىغىلىپ:« مەيلى مەككىلىك، مەيلى ياقا- يۇرتلۇق ھەر قانداق بىر ئادەم مەككە تەۋەسىدە زۇلۇمغا ئۇچرىسا ئەزا قەبىلىلەر ھەممەيلەن بىردەك زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى تەرەپتە تۇرۇپ ھەققىنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇشقا» كېلىشىم ئىمزالاشتى ۋە كۈچلۈك ئەھدى پەيمان بېرىشتى. بۇ ئۇيۇشمىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قاتناشقان. ئۇ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ:« ئابدۇللا ئىبنى جەدئاننىڭ قورۇسىدا بىر ئۇيۇشمىغا قاتناشقاندىم، بۇ ماڭا نىسبەتەن قىزىل تۆگىدىنمۇ كاتتىراق ئىش بولغانىدى. ئەمدى ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق ئىشلارغا چاقىرىلسام ئەلۋەتتە ئاۋاز قوشمەن» دېگەنىدى.

ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي نىشانى ھەممە ئادەم ئۆز تەرەپدارىنى قوللاشتىن كېلىپ چىققان كونا تەرەببازلىق ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغان ئىكەن. ئەرەبلەرنىڭ زۇبەيدە قەبىلىسىدىن بىر كىشى مەككىگە مەلۇم مىقداردا مال-ماتا ئەكىلىپ قۇرەيشلەرنىڭ بەنى سەھمى جەمەتىدىن ئاس ئىبنى ۋائىل دېگەن كىشىگە ساتقان، ئاس ئىبنى ۋائىل ھېلىقى كىشىنىڭ ھەققىنى دەرھال بەرگىلى ئۇنىماي ئۇنى كەينىگە سۈرۈپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئابدۇددار، مەخزۇم، جومەھ، سەھمى، ۋە ئەدىي جەمەتلىرىدىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىشىپ بېرىشكە ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ كارى بولمىغان. شۇڭا ئۇ مەككىدىكى ئەبىلقۇبەيس تېغىغا چىقىپ پۈتۈن ئاۋازى بىلەن توۋلاپ ئۆزىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى مەزمۇن قىلىپ شېئىر- ئەشئارلارنى ئوقۇغىلى تۇرغان. بۇنى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئۇقۇپ:« بۇ ئادەم بىلەن ھېچ كىمنىڭ كارى بولمىغنى نېمىسى؟» دەپ شۇ توغرىلىق يول مېڭىپ ئاخىر يۇقىرىقى جەمەتلەرنىڭ چوڭلىرىنى يىغىپ، مەزكۇر ئۇيۇشمىنى قۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئاندىن ئۇيۇشما ئەزالىرى ھەممەيلەن بىراقلا بېرىپ ئاس ئىبنى ۋائىلدىن ھېلىقى كىشىنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان ھەققىنى ئېلىپ بەردى.

## جاپالىق ھايات

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىرەر كەسىپ ۋە ياكى مۇقىم بىر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە بەنى سەئەد قەبىلىسىدە، كېيىنچە مەككىدە بىر قانچە قىرات پۇلغا ئىجارىگە قوي بېقىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ھەدىس بار ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە خەدىچە (خۇۋەيلىدنىڭ قىزى)نىڭ مېلى بىلەن شامغا تىجارەتكە چىققان. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ:«خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد مەككە تەۋەسىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە زەردار خوتۇن ئىدى. ئۇ تىجارەتكە ئېپى بار كىشىلەرنى ياللاپ ئىشلىتەتتى ۋە شېرىك تىجارەتمۇ قىلاتتى، دېمىسىمۇ قۇرەيشلەر

ئۇمۇمىيۈزلۈك تىجارەت بىلەن تونۇلۇش كەچۈرىدىغان خەلق ئىدى. بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل، سەممىي، ئاق كۆڭۈل ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتتى ۋە:« ئۆزىنىڭ چاكىرى مەيسەر بىلەن شامغا مال ئاچىقىپ سودا - سېتىق قىلىپ كىرسە، ئۇنىڭغا باشقىلارغا بەرگەندىن كۆپرەك ھەق بەرسەم» دېگەن تەكلىپنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ مەيسەر ئىسىملىك چاكىرى بىلەن نۇرغۇن مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ تىجارەت بىلەن شامغىچە بېرىپ كەلدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىگە ئۆيلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام سەپىرىدىن قايتىپ كېلىۋىدى خەدىچە ئەۋەتكەن ماللىرىنىڭ ئالدىنقى قېتىمدىكىلەرگە قارىغاندا ھەم بىخەتەر ھەم پايدىسى كۆپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قېتىپ قويغان چاكىرى مەيسەردىن يول بويى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەزگەن خۇشخۇي مىجەزلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، پىكرى ئۆتكۈر، گەپ - سۆزى ئورۇنلۇق ۋە توغرا يول تاللاشتەك ئالىي جاناپ پەزىلىتى ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، گويا ئۇزۇندىن بېرى يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى توساتتىن تېپىۋالغاندەكلا بولۇپ قالدى ۋە بىر خىل شېرىن ئوي خىيالغا پاتتى، (مەككىدە ئاتاقلىق بايۋەتچىلەر ۋە يۇرت بېشى مۆتىۋەرلەر ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن توي‌لىشىشقا لەۋ چىشلەپ يۈرۈشكەن بولسىمۇ، خەدىچە ئۇلارغا ماقۇل بولماي كەلگەن ئىدى) شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ ئويىنى يېقىن دوستى نەفىسە بىنتى مەنيىگە ئېيتتى. نەفىسە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەدىچە بىلەن تونۇشۇش قۇرۇش توغرىسىدا گەپ ئاچتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە تاغىلىرىنى خەۋەرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرى خەدىچىنىڭ تاغىلىرى يېنىغا بېرىپ خېرىدارلىق قىلدى. ئارقىدىنلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە مۇزەر جەمەتى ئايمىقىنىڭ كاتتىلىرى ھەممىسى قاتناشتى. توي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شامدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىگىرمە تۆگىنى تويلۇق مەھرىگە ئاتىدى. بۇ چاغدا خەدىچە 40 ياشلار چامىسىدا بولۇپ ئۆز قەۋمى جامائىتىنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئېسىل نەسەب، ئىقتىسادىي ئەھۋال ۋە ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خوتۇن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى نىكاھىغا ئالغان ئايالى بولۇپ قالدى ۋە تاكى خەدىچە ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ قوش نىكاھلىق بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرىنىڭ ئىبراھىمدىن باشقىسى خەدىچىدىن دۇنياغا كەلگەن. خەدىچە ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاسىم دېگەن ئوغلىنى تۇغۇپ بەرگەنىدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن«ئەبۇلقاسىم» دەپ تەخەللۇس قوللانغان ئىدى) ئاندىن كېيىن، زەينەب، رۇقىيە، ئۇممى كۇلسۇم، فاتىمە ۋە ئابدۇللانى تۇغۇپ بەردى. ئابدۇللا «تەييىب» (ئوبدان، بەلەن) ۋە «تاھىر» (پاكىز) دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما قىز پەرزەنتلىرى ئىسلام دەۋرىگە مۇشەررەپ بولغان ۋە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئالەمدىن كېتىپ قالدى، پەقەت فاتىمىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قېلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

## كەئبىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ياراشتۇرۇش مەسىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن يىلى قۇرەيشلەر كەئبىنى يېڭىلاپ سالماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ ئۈستى ئوچۇق، ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك، تەخمىنەن تۇققۇز گەز ئېگىزلىكتە قوپۇرۇپ قويۇلغان بولغاچقا، كۆپ قېتىم ئوغرى - يالغانلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال - مۈلۈكلەرگە سوغۇق قول تەگكۈزۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كەئبە قەدىمىي قۇرۇلۇش بولغاچقا، كەلكۈن ۋە بوران - چاپقۇن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ھەر جەھەتتىن كونىراپ، تاملىرى چاك كېتىشكە باشلىغان، بولۇپمۇ مۇشۇ يىلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولۇشتىن بەش يىل ئىلگىرى) مەككىدە چوڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، كەلكۈن كەئبىگە ئۇدۇل كېلىپ ئۆسكەن بولغاچقا، كەئبە يېقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. شۇڭا قۇرەيشلەر كەئبىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى يېڭىلاپ سېلىشقا بەل باغلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھالال يول بىلەن تاپقان ماللارنى سەرپ قىلىش، زىنا، ھارام، جازانە خورلۇق ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم سېلىش يولى بىلەن قولغا كەلگەن ماللارنى قەتئىي يېقىن كەلتۈرمەسلىككە كېلىشتى. ئۇلار كەئبىنى بۇزۇشقا ئەيمىنىپ، ھېچكىم ئاۋۋال قول تەگكۈزۈشكە ئۇنىمىدى. ئاخىرى بولماي بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە دەسلەپ قىلىپ بۇزۇشنى باشلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ غەيرى ئەھۋالغا يولۇقمىغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ بۇزۇشقا كىرىشتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەئبىنى ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇتقان ئۇلغىچە بۇزدى، ئاندىن قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىپ، كەئبە تاملىرىنى بۆلۈشۈپ قەبىلىلەر ئارا ئايرىۋېلىشتى. نەتىجىدە ھەر بىر قەبىلە ئايرىم - ئايرىم تاش يىغىپ قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشتى. قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىك ئىشلىرىنى رۇملۇق «باقۇم» ئىسىملىك بىر قۇرۇلۇشچى باشقۇردى، قۇرۇلۇشنىڭ تېمى كۆتۈرۈلۈپ «ھەجەرۇلئەسۋەد»نىڭ ئورنىغا چىققۇدەك بولغاندا ئۇلار«ھەجەرۇلئەسۋەد»نى ئۆز ئورنىغا ئېلىپ قويۇش شەرىپىنى تالىشىپ

ئىختىلاپلىشىپ قالدى، تالاش- تارتىش تۆت كۈن داۋاملىشىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ھەتتا قانلىق توقۇنۇشقا ئايلىنىپ ھەرەم زېمىنىنى بۇلغىغىلى تاسلا قالدى، بىراق مەخزۇم جەمەتىدىن ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرە ئۇلار ئىختىلاپلىشىۋاتقان كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە:« ھازىر مۇشۇ ھالەتتە مەسجىد دەرۋازىسىدىن كىم بىرىنچى بولۇپ كىرسە، ئاشۇ ئايرىپ قويسا قانداق؟» دېگەن تەكلىپنى ئېيتىۋىدى، بۇنىڭغا ھەممەيلەن قوشۇلدى. ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولسا كېرەك، مەسجىد دەرۋازىسىدىن تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان كىشىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ قېلىشىنى كىممۇ بىلسۇن؟! ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ:« بۇ دېگەن ئەمىن (ئىشەنچلىك، راستچىل دېگەن مەنىدە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق ئاتىۋېلىشقان ئىدى)، ئۇنىڭغا بىز رازى،...ھوي مۇھەممەد كەلدى» دەپ توۋلىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بىر دانە «رىدا» (ئەرەبلەرنىڭ تاشقى كىيىمى)نى تاپتى- دە، «ھەجەرۇلئەسۋەد»نى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى، ئاندىن تالاش- تارتىش قىلىشىۋاتقان قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى رىدانىڭ ئەتراپىنى تۇتقۇزۇپ كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ناھايىتى رازىمەنلىك ئىلكىدە «ھەجەرۇلئەسۋەد»نى ئەسلى ئورنىغا ئاپاردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ھازىرقى جايىغا ئېلىپ قويدى. مۇشۇنداق قىلىپ مەسىلە جامائەتچىلىكنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولدى.

قۇرۇلۇش داۋامىدا قۇرەيشلەر توپلىغان پاكىز مەبلەغ كەملەپ قالغاچقا، ئۇلار كەئبىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئالتە گەزدەك يەرنى تامنىڭ سىرتىدا تاشلاپ قويۇشتى (بۇ يەر ھىجرى ‹توساق› ۋە ھەتىم ‹سوقما تام› دەپ ئاتالدى) ۋە كىشىلەرنىڭ خالىغانچە كىرىپ چىقىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن كەئبە بىناسىنىڭ دەرۋازىسىنى يەردىن ئۈستىن قىلىپ ئورنىتىشتى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئېگىزلىكى 15 گەزگە يېتىۋىدى، ئىچىگە ئالتە تۈۋرۈك ئورنىتىپ ئۈستىنى ياپتى. شۇنىڭ بىلەن كەئبە تەخمىنەن 15 گەز ئېگىزلىكتە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە پۈتۈپ چىقتى. «ھەجەرۇلئەسۋەد» ئورۇنلاشتۇرۇلغان تام بىلەن ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن بولدى «ھەجەرۇلئەسۋەد» تاۋاپگاھ زېمىندىن بىر مېتىر 50 سانتىمېتىر ئېگىزگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە دەرۋازا ئورنىتىلغان تام بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىكى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىردىن پۈتۈپ چىقتى. دەرۋازا يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە بېكىتىلدى، بىنانىڭ سىرتىدىن تۆۋەنكى تەرىپىنى ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىنا ئۇلى پەشتىقى ئوراپ تۇردى، بۇ جاي ھازىر «شازىرۋان» (پەنجىرە) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇمۇ ھەم بەيتۇللانىڭ ئەسلى ئۇلى ئىدى. لېكىن، قۇرەيشلەر ئۇ يەرنى تاشلاپ قويۇپ بىنا تېمىنى نېپىزرەك قىلىپ ئىشلىگەن.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىدىن ئومۇمىي خۇلاسە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىنلا ئىنسانلاردا بولىدىغان ئالاھىدە ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. ئۇ پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىلىكى. ئەقىل- پاراستىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەپەككۇرىنىڭ توغرىلىقى ۋە تەدبىرىنىڭ دانالىقى بىلەن ھەممە جەھەتلەردە ئۈلگە بولۇشقا ئەرزىيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىمغۇر، كەم سۆز كەيپىياتىنى، پىكىر قىلىش، خىيال سۈرۈش، تەپەككۇرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تەھقىقلەشكە ئىشلىتەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پەم- پاراستى ۋە ئوچۇق يورۇق تەبىئىتى بىلەن ھايات سەھىپىلىرىنى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام بولمىغان يامان ئادەتلىرىدىن قول ئۈزگەنىدى ۋە ياكى ۋە ئۆزىنى تارتقانىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئاساستا ئەل جامائەتچىلىك بىلەن ئارىلىشىپ، ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەت بولسا ئاكتىپ قاتنىشاتتى. بولمىسا ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇق قورغىنىغا قايتىپ كىرىپ يامان، ئەخلاقسىز ئىشلاردىن مۇداپىئەلىنەتتى. شۇڭا ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى، بۇتلارغا زەبىھى قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيتتى، بۇت ھەيكەللەر ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھېيت- بايرام ۋە مۇراسىملارغا قاتناشمايتتى، بەلكى ئۇ كىچىكىدىنلا بۇ يالغان ئىلاھلاردىن نەپرەتلىنەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا مۇشۇ بۇتلاردىنمۇ ئۆچ كۆرۈنىدىغان بىرەر شەيئە يوقتەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ «لات»، «ئۇززا»نىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەملەرنى ئاڭلاپ قېلىشقىمۇ رازىلىقى يوق ئىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، تەقدىر ئىلاھىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئىنايىتى ۋە مۇھاپىزىتىدە ساقلىغانىدى. مۇبادا نەپسى ئەممارە (يامانلىققا باشلىغۇچى نەپسى)نىڭ خاھىشلىرى، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ بىر قىسىم ھوزۇر- ھالاۋەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بەزى ناچار ئادەتلەرنى چىرايلىق كۆرسەتسە، راۋا كۆرۈپ قالغىلى مايىل بولسا بىردىنلا ئاللانىڭ ئىنايىتى (ئاللانىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ مۇھاپىزەت قىلىشى) ئارىلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنداق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسۇپ قالاتتى. ئىبنى ئەسىرنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن ئۆمرۈمدە پەقەت ئىككى قېتىملا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ناتوغرا پائالىيىتىگە قاتناشماقچى بولغانىدىم. لېكىن، ئىككىلا قېتىمدا ئاللا مېنىڭ مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇندان ئىشلارنى كۆڭلۈمگە كەلتۈرمىدىم. ئاخىرى ئاللا مېنى ئۆز ئەلچىلىكى بىلەن ھۆرمەتلىدى. بىر كېچىسى مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە مەن بىلەن بىللە قوي باقىدىغان قويچى بالىغا:« مېنىڭ قويۇمغا قاراپ قويساڭ، مەن مەككىگە كىرىپ ياشلار بىلەن كېچىلىك ئويۇن- بەزمىدىن بەھىر ئېلىپ چىققان بولسام» دېۋىدىم، ئۇ:« شۇنداق قىلاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەككىگە قاراپ يول ئالدىم ۋە مەككىگە كىرىشىمگىلا كوچىنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى ئۆيدىن نەغمە- ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:« بۇ نېمە گەپ؟» دەپ سورىسام ئۇلار:« پالانى پۇستانىغا ئۆيلىنىپتۇ، شۇلارنىڭ توي كېچىلىكى» دېيىشتى. شۇ چاغدا

مېنىڭ «مۇزىكا ئاڭلاي»» دەپ ئولتۇرغىنىم ئېسىمدە، لېكىن ئاللا ئۇنى ماڭا ئاڭلاتماپتۇ. مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىسى قۇياشنىڭ تەپتى ئۇستىمگە چۈشكەندە ئاندىن ئويغىنىپ تاغقا قايتتىم. قويچى ھەمراھىم سورىۋىدى، بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كېچىسىمۇ ھېلىقى ھەمراھىمغا يەنە تاپىلاپ قويۇپ، مەككىگە كىردىم. بۇ كېچىسىمۇ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ناتوغرا ئىشلارنى ئىرادە قىلمىدىم» دېگەن.

ئىمام بۇخارى جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، كەئبە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباس بىلەن جىددىي تاش توشۇۋاتاتتى. ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:« ئۇچاڭدىكى يېپىنچاڭنى مۈرەڭگە قويۇۋالساڭ، تاش ئاغرىتمايتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباسنىڭ دېگىنىدەك قىلىۋىدى، شۇئان ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى ۋە كۆزلىرى ئاسمان تەرەپكە چەكچىيىپ ھالىدىن كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:« يېپىنچام!! يېپىنچام!!» دەپ كىيىمىنى بېلىگە تاڭدى. يەنە بىر رىۋايەتتە، شۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ئەمەس، دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمى جامائىتى ئىچىدە خۇش پېئىللىقى، ئەخلاق پەزىلىتى ۋە ئېسىل ئادەتلىرى بىلەن تونۇلغانىدى. ئۇ ئادەمگەرچىلىكى ياخشى، ئەخلاقى گۈزەل، قوشنىدارچىلىقى بەلەن، مىجەزى يېقىملىق، تىلى تاتلىق، كۆڭلى تۈز، تەبىئىتى مۇلايىم، ئىپپەت- نۇمۇسلۇق، كەڭ قول، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا ئامراق، ئەھدىسىدە تۇرىدىغان، ئامانەتكە ۋاپا قىلىدىغان كاتتا زات ئىدى. ھەتتا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى ياخشى ئادەتلەرنى ۋە رازى بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەرنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇنى «ئەمىن» (ئىشەنچىگە يارايدىغان) دەپ ئاتىۋېلىشقان ئىدى. قىسقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتقاندەك ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەتتى، يوقسۇللارغا ياردەم قىلاتتى، مېھماننى ياخشى كۈتەتتى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىشىپ بېرەتتى.

### ھىيرا ئۆڭكۈرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى 40 قا يېقىنلاشقانسىرى، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى تەئەممولات (ئوي- پىكىر)لىرى ئۇنىڭ بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋىي ھاڭنى چوڭايتىۋەتكەنىدى، ئۇ مۇشۇ كۆنلەردە كۆپ ھاللاردا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ سۇ ۋە تالقان قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ مەككىدىن ئىككى مىل (تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى نۇر تېغىغا جايلاشقان ھىيرا ئۆڭكۈرىگە چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەردە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئۆڭكۈردە رامىزان ئېيىدا بىر ئاي تۇرۇپ ئۆتكەن- كەچكەن ئاجىز مىسكىنلەرگە ئاش- تاماق بېرىش، ئىستىقامەت قىلىش ۋە ئەتراپىدىكى كائىناتنىڭ دەلىل- پاكىتلىرىغا ۋە كائىنات ئارقىسىدىكى ياراتقۇچىنىڭ زور كۈچ قۇدرىتىگە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ تۇراقسىز شېرىك ئەقىدىسىدىن ۋە ئۆمۈچۈك تورى كەبى تەسەۋۋۇرلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ ئۆزى ئىشەنچ قىلالىغۇدەك ۋە رازى بولغۇدەك ئېنىق نىشانى، مۇقىم پىلانى ۋە تۇتۇپ ماڭىدىغان توغرا يولى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلىپ قېلىشىمۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇنى كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىدى. بۇنداق چوڭ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈمىد قىلىنىۋاتقان ھەرقانداق بىر روھ ئىگىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلىشى ۋە ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەتۈر ئېقىمىنى باشقا ياققا بۇرىيالىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ روھ ئىگىسى ئارىلاپ- ئارىلاپ يالغۇز تۇرۇشى ۋە ھاياتلىق مەشغۇلاتلىرىدىن ۋە تۇرمۇشنىڭ بېسىمىدىن، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالغان پارچە- پۇرات غەم- غۇسسىلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، مەلۇم ۋاقىتنى پىكىر- تەپەككۇر بىلەن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى.

جانابى ئاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇ ئۇلۇغ ئامانەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، يەر شارى ۋەزىيىتىنى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە لايىق ئۆڭشىيالايدىغان ۋە تارىخىي ئېقىمنى ئۆزگەرتىشكە قابىل ئىستېداتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مانا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئاللا ئۇنىڭغا بۇ خىلۋەت خۇمارلىقنى پەيغەمبەرلىككە تەكلىپ قىلىشتىن ئۈچ يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ سالغانىدى. ئۇ بۇ بىر ئايلىق يالغۇزلۇق ھالىتىدە مەۋجۇدىيەت روھى بىلەن ئەركىن ئازادە پەرۋاز قىلىپ، ئاللا ئىزنى قىلسا ئاشۇ غەيبى ئالەم بىلەن باردى- كەلدى قىلىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ دۇنيانىڭ كەينىدىكى غايىب ئالەم ھەققىدە كەڭ كۆشادە تەپەككۇر- مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى.

### جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھى ئېلىپ كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى 40 قا توشۇۋىدى، (40 ياش ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ راسا تاكامۇللاشقان دەۋرى بولۇپ، ئېيتىلىشچە، پەيغەمبەرلەر مۇشۇ ياشلاردا پەيغەمبەرلىككە ئەۋەتىلىدىكەن) پەيغەمبەرلىك ئالدىن بېشارەتلىرى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات سەھىپىلىرىنىڭ ھەر قايسى بەتلىرىدە غىل- پال كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى ۋە بۇ بېشارەتلەر ئاۋال راست چۈشلەردىن باشلاندى. شۇڭا ئۇ چۈش كۆرسىلا گويا تاڭ نۇرىدەك روشەن، ئېنىق كۆرەتتى. بۇ ھالەتتە ئالتە ئايدەك داۋاملاشتى (پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇددىتى جەمئىي 23 يىل بولدى، بۇ راست چۈشمۇ ئاشۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 قىسمىنىڭ بىرى ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىلاپ- ئارىلاپ ھىيرا ئۆڭكۈرىدە خىلۋەتتە تۇرۇۋاتقان مەزگىلنىڭ ئۈچىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا ئاللا يەر شارى ئاھالىسىنى ئۆز رەھمىتى بىلەن تارتۇقلاشنى ئىرادە قىلدى چېغى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنى ۋەھيى قىلدى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇنىڭغا قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەتنى نازىل قىلدى.

## ۋەھيىنىڭ باشلىنىشىغا ئائىت ئەھۋاللار

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا نەزەر سېلىپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ۋاقىتنى رامىزاننىڭ 21- كۈنى دۈشەنبە كېچە ئىدى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بۇ مىلادىيە 601- يىلى 8- ئاينىڭ 10- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى شۇ ۋاقىتتا قەمەرىيە كالىندارى بويىچە 40 ياشقا توشۇپ ئالتە ئاي 12 كۈن ئاشقانىدى. شەمسىيە كالىندارى بويىچە 39 ياشتىن 3 ئاي 12 كۈن ئاشقان بولىدۇ.

بىز ئائىشە سىددىق (راستچىل) (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نىڭ سۆزىگە قۇلاق سالايلى، ئۇ بىزگە كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇ- زۇلمەتلىرىنى يېرىپ ئاخىرى ھاياتلىق يۇنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن ۋە تارىخىي سىزىقنى رۇسلىغان ئىلاھىي نۇرنىڭ شولىسى ئاشۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئەڭ دەسلەپتە راست چۈشلەر بىلەن باشلاندى، ئۇ چۈش كۆرسىلا تاڭ نۇرىدەك ئوچۇق، روشەن كۆرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھىيرا ئۆڭكۈرىدە ئائىلىسىگە قايتماي، نەچچە كۈن ئىستىقامەتتە بولاتتى. ئاندىن خەدىچىنىڭ يېنىغا قايتىپ يەنە ئالدىنقىغا ئوخشاش ئوزۇق- تۈلۈك راسلاپ چىقاتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەق پەرمانى كەلدى. ئۇ بۇ چاغدا ئاشۇ ھىيرا ئۆڭكۈرىدە يەنىلا خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى. شۇئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بىر پەرىشتە پەيدا بولۇپ:«ئوقۇ!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مەن ئوقۇشنى» بىلمەيمەن» دېدىم دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى پەرىشتە مېنى قاتتىق سىقتى، ھەتتا چارچاپ كەتتىم. ئاندىن قويۇۋېتىپ:«ئوقۇ!» دېدى. مەن:«ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دېدىم. پەرىشتە يەنە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم قاتتىق سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن:« ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن [1] ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى [2] ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر [3] ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى [4] ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى [5] سۈرە ئەلەق] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورققىنىدىن يۈرىكى پۇلاڭلىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ خەدىچىگە:« مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!» « مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۆگەپ قويۇشتى. بىر چاغدىن كېيىن ئۇنىڭ قورقۇنچىسى بېسىقىپ، يۈرىكى پەسىيىۋىدى، خەدىچىگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپ:« ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن ئۆزۈمدىن قورقۇپ قالدىم» دېدى.

خەدىچە:« يوقسۇ، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئاللا سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش- ئەقرىبالارغا سىلە رەھىم قىلىسەن، ئاجىز بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسە، ھەق ئۈچۈن ياردەم قىلىسەن» دېدى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى (تاغىسىنىڭ ئوغلى) ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى. ۋەرەقە جاھىلىيەت زامانىدا خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى بولۇپ ئۇ ئىبران يېزىقىنى بىلەتتى، ئىنجىلدىن ئىبرانچە كۆپ نەرسىلەرنى يېزىپ خاتىرە قالدۇراتتى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ئىككى كۆزىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. خەدىچە ئۇنىڭغا:« ھەي تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭىزنىڭ ئوغلىغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭ»، دېدى. ۋەرەقە:« نېمە بولدى. ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى!» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ۋەرەقە ئۇنىڭغا:« ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان شەرىئەت دەل مۇشۇ، كاشكى مەن ياش نەۋقىران بولسامچۇ! قەۋمىڭ سېنى قوغلاپ چىقارغاندا، مەن ھايات بولسامچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇلار مېنى قوغلاپ چىقىرارمۇ؟» دېيىۋىدى، ۋەرەقە:« ھەئە، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ، ئەگەر مەن سېنىڭ ئاشۇ كۈنلىرىڭگىچە ياشىسام، ساڭا كۈچۈمنىڭ بارىچە ياردەم قىلغان بولاتتىم» دېدى. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ۋەھيىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى»

ئىمام تەبەرى ۋە ئىبنى ھىشام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى تۇيۇقسىز كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ غاردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن يەنە قايتىپ غاردا ئىستىقامىتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، شۇنىڭدىن خېلى كېيىن مەككىگە قايتقانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئۇنىڭ رىۋايىتىنىڭ تولۇق تېكىستىسىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى نازىل بولغانلىقىنى زىكرى قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:« ئاللانىڭ مەخلۇقاتى ئىچىدە ماڭا مەجنۇن ۋە شائىرلاردىن باشقا ئۆچ ئادىمىم قالمىدى. ھەتتا شائىر ۋە مەجنۇن دېگەنلەرنى كۆرمىسەم، دەيتتىم». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى:« مەن كۆڭلۈمدە، مېنىڭ شائىر ياكى مەجنۇن بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسامچۇ؟! قۇرەيشلەر بۇنى مەڭگۈ ئېغىزدىن – ئېغىزغا كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ. بۇ چاغدا مەن ئېگىز تاغلارغا چىقىپ ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۆلۈۋالىمەن- دە، ئاندىن مەڭگۈ راھەت ئالىمەن، دەيتتىم. مەن شۇنداق قىلماقچى بولۇپ،

نەچچە قېتىم تاغقا چىقتىم، ھەتتا تاغنىڭ يېرىمىغا چىقىپ بولغىنىمدا ئاسماندىن:« ئى مۇھەممەد! سەن ئاللانىڭ پەيغەمبىرى!!! مەن جىبرىئىل!!!» دېگەن سادانى ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، جىبرىئىل ئىككى قەدىمىنى ئاسماننىڭ قەئرىدە ئىختىيارى قويغان ھالدا:« ئى مۇھەممەد! سەن ئاللانىڭ پەيغەمبىرى، مەن جىبرىئىل» دېگىنىچە تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا قاراپ جىم قېتىپ قالدىم. ئويلىغانلىرىم دىلىمدىن ئۆچتى، يا ئالدىمغا، يا ئارقامغا يانالمىدىم. يۈزۈمنى قايسى ياققا بۇرىسام، ئاشۇ ھالەت كۆرۈندى. مەن يا ئالدىمغا، يا ئارقامغا يانالماي شۇ پېتىم تۇرۇۋېرىپتىمەن، ھەتتا خەدىچە مېنى ئىزلەپ ئادەم ئەۋەتىپ، مەككىنى قېزىۋېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئاشۇ ئەھۋاللار غايىب بولدى. مەنمۇ ئۆيگە قايتىپ، بېرىپ خەدىچىنىڭ باغرىغا بېشىمنى قويۇپ ياتتىم. ئۇ ماڭا:« ئەبۇلقاسىم! نەلەردە يۈردىڭىز، ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم. باللار سىزنى مەككىگە كىرىپ تاپالماي چىقتى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. خەدىچە ماڭا:« خۇش بۇلۇڭ، ئى تاغامنىڭ ئوغلى! سابىت بەرقەدەم بولۇپ، ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولارسىزمىكى، دەيمەن» دېدى. ئاندىن بېرىپ ۋەرەقەگە ئەھۋالنى يەنە ئېيتتى. ۋەرەقە:« كاتتا ئىش بولۇپتۇ، ناھايىتى كاتتا ئىش بوپتۇ، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئۇلۇغ شەرىئەت كەپتۇ. ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولغۇدەك، سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، خاتىرجەم بولسۇن» دەپتۇ. خەدىچە قايتىپ كېلىپ، ماڭا ۋەرەقەنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بەردى»

بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى غاردىكى ئىستىقامىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ مەككىگە قايتىپ كېلىۋىدى، ئۇنى ۋەرەقە ئىزلەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەزى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ:« ئاللا بىلەن قەسەمكى، سىز چوقۇم مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولغۇدەكسىز، سىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن شەرىئەت كەپتۇ» دېدى.

## ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى

ئىبنى سەئەد ئابدۇللا ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقتىنىڭ پەقەت بىر قانچە كۈنلا داۋاملاشقانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ مۇشۇ قاراشنىڭ توغرا ھەم ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما، ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئۈچ يىل ياكى ئىككى يېرىم يىل داۋاملاشقان دېگەن سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق بىر دەلىل - ئاساسى يوق. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپمۇ ئولتۇرمايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىللەردە قاتتىق بىئاراملىق ۋە غەم ئەندىشە ھېس قىلاتتى. ئۇنى ھەر تەرەپتىن ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ باساتتى.

ئىمام بۇخارى كىتابۇتتەئبىر دېگەن بابتا تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت قىلغان:« ۋەھيي بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى، (ئۇقۇشىمىزچە) بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق تىت - تىت بولۇپ، نەچچە قېتىم تاغ چوققىسىدىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن تاغنىڭ قىيا چوققىلىرىغا يېتىپ بارغان، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ:«ئى مۇھەممەد! سەن ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى تەسكىن تېپىپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى - دە، يەنە قايتىپ كېلەتتى. ۋەھيي پات كەلمىگەنسېرى ئۇ يەنە قايغۇ ئەلەمگە پېتىپ، ئالدىنقىدەك قارارغا كېلىپ يولغا چىقاتتى، ھەتتا تاغ چوققىسىغا يېتىپ بارغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەنە پەيدا بولۇپ، ھېلىقى سۆزنى تەكرارلايتتى.

## ۋەھيىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشى

ئىبنى ھەجەرى مۇنداق دەيدۇ:« بۇ (يەنى ۋەھيىنىڭ بىر قانچە كۈن ئۈزۈلۈپ قېلىشى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ۋەھيي نازىل بولغان تۇيەيلى پەيدا بولغان قورقۇنچنى يوقىتىش ۋە ۋەھيىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى سېغىنىدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېڭىدىن تېڭىرقاش قارا تۇمانلىرى ئاستا - ئاستا زايىل بولۇپ، ھەقىقەت داغدام يوللىرى روشەن، ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىۋىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز بۈيۈك ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە ئاسمان خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان پەرىشتىنىڭ ۋەھيي ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى سېغىنىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇشۇ يولدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارغا قارىتا سابىت بەرقەدەملىك تۇيغۇسى ۋە مۇستەھكەم ئىرادە تىكلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم ۋەھيي ئېلىپ كەلدى. ئىمام بۇخارى جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى رىۋايەت قىلدى (ئۇ مۇنداق دېدى):« بىر چاغدا مەن كوچىدا كېتىۋاتاتتىم. ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىسام، ھېلىقى ھىرا غارىدا كەلگەن پەرىشتە ھاۋا بوشلۇقىدا چوڭ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ، يەرگە يىقىلدىم ۋە ئۆيگە قانداق كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، كېلىپلا:« مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر مېنى يۆگەپ قويۇشتى. بۇ چاغدا ئاللا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى:« ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر.

پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول» شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋەھيى ئارقىمۇ-ئارقا ئۈزۈلمەي نازىل بولۇشقا باشلىدى.[شېرىن بۇلاق دېگەن كىتابتىن ئېلىندى]

## ۋەھيى توغرىسىدا

ۋەھيىنىڭ مەنىسى:
ۋەھيىنىڭ لوغەت مەنىسى: ئىشارەت قىلىش، يېزىش، ئەلچىلىك يەتكۈزۈش، ئىلھام قىلىش، مەخپىي گەپ قىلىش ۋە باشقىلارغا تاشلاپ بەرگەن سۆز دېگەن مەنىلەردىن ئىبارەت. ۋەھيىنىڭ لوغەتتىكى ئەسلى مەنىسى:« مەخپىي گەپ قىلىش»« مەخپىي بىلدۈرۈش» دېگەنلىكتۇر.
ئەرەبچە سۆزدە:« وحى إليه » دەيدۇ بۇ (پالان كىشى يەنە بىرسىگە باشقىلارغا بىلدۈرمەي گەپ قىلدى. كىشىگە بىلدۈرمەي ئىشارەت قىلدى) دېگەنلىكتۇر
ۋەھيىنىڭ شەرئەتتىكى مەنىسى: ۋەھيى ئاللاتائالانىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە دىنىي ئىلىم- مەرىپەتلەردىن بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىنى دىلىغا تاشلاپ بەرگەن ياكى جىبرىئىل ئارقىلىق مەخپىي ئۆگەتكەنلىكىدىن ئىبارەت.
[ئاللا ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. ئاللا ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [51] سۈرە شۇرا]

## ۋەھيىنىڭ ھەدىسلەردىكى بايانى

[ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى [1]، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى [2] (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ [3] پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ [4] ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى [5] ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى [6-7] ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى [8] ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى [9] اللّٰه بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى [10] سۈرە نەجم]
ئەبۇ قاتەدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۈشەنبە كۈنىنىڭ روزىسىدىن سۇرالغاندا،« مەن شۇ كۈنى تۇغۇلغان، ماڭا دۈشەنبە كۈنى ۋەھيى نازىل قىلىندى، دېدى» [مۇسلىم ]
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى دەسلىۋىدە راست چۈشلەردىن باشلانغان، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھيى نازىل بولغانلىقىنى ھېس قىلامسەن؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جىرىڭشىغان قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلايمەن، شۇ چاغدا شۈك تۇرىمەن، ھەر قېتىم ماڭا ۋەھيى قىلىنغاندا، جېنىم چىقىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قالىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى»
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھارىس ئىبنى ھىشام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھيى ساڭا قانداق كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاپ بەردى:« ۋەھيى ماڭا بەزى چاغلاردا قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلىدۇ. ئۇ ماڭا قاتتىق تۇيۇلىدۇ، ماڭا ۋەھيى نازىل بولۇشتىن توختىغان ھامان مەن ئۇنى ئېسىمدە تۇتىۋالىمەن. بەزى چاغلاردا جىبرىئىل ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ماڭا سۆزلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتىۋالىمەن» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېدى: مەن قاتتىق سوغۇق كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ۋەھيى توختىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىۋاتاتتى » [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە مالىك]
ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى چۈشكەندە :« ۋەھيىنىڭ تەسرىدىن قاتتىق قىينىلاتتى، رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئاق يۈزلىرى قارىداپ كېتەتتى» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]
ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولغاندا بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى. ساھابىلىرىمۇ (ھۆرمەت يۈزىسىدىن) بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋەھيى كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن بېشىنى كۆتۈرەتتى» [مۇسلىم ۋە ئەھمەت]
ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللا مۇنداق دېگەن:« سەن قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولۇۋاتقاندا ئەگىشىپ ئوقۇش ئۈچۈن تىللىرىڭنى مىدىرلاتمىغىن» ئىلگىرى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئايەتلىرىنى ئېلىپ چۈشكەندە، رەسۇلۇللا تىلىنى مىدىرلاتقانلىقى ئۈچۈن كالپۇكلىرى بەك قاتتىق تىترەپ كېتەتتى، ھەتتا بۇنى كىشىلەرمۇ بىلەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا:« قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، سەن ئۇنى ئەگىشىپ ئوقۇش ئۈچۈن تىللىرىڭنى مىدىرلاتمىغىن، ئۇنى يىغىپ توپلاپ

بىرىش ھەم ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاللا مۇنداق دەيدۇ:« بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، ئۇنى قەلبىڭگە توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرىشتۇر» ئايەت:« بىز ئۇنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا ھەم نازىل قىلىۋاتقاندا سەن جىم تۇرۇپ ئاڭلىغىن» ئايەت:« ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر» مەن ئۇنى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشەندۈرىمەن، دېدى. كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قايتا كەلگەن چاغدا رەسۇلۇللا جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللا ئاللا رۇخسەت قىلغان ئۇسۇل بويىچە ئوقۇدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ:« مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ۋەھيىنى يازاتتىم. ئۇنىڭغا ۋەھيي چۈشكەندە، قاتتىق قىينىلىپ كەتكەنلىكىدىن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلەتتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، قىينچىلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرگىنىمدە قوينىڭ تارغاق سۆڭىكىدىن بىر پارچە ئېلىۋالاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نازىل بولغان ئايەتنى ئوقۇپ بېرەتتى، مەن يازاتتىم. مەن ۋەھيىنى يېزىپ بولماي تۇرۇپ، قۇرئاننىڭ ئېغىرلىقىدىن پۇتۇم سۇنۇپ كەتكىدەك ئاغرىپ كېتەتتى. قۇرئان شۇ دەرىجىدە ئېغىر ئىدىكى، ھەر قېتىمدا:« پۇتۇم كاردىن چىقتى، ئەمدى ماڭالمايدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. مەن ئايەتلەرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئوقۇ!» دەيتتى. مەن ئوقۇپ بېرەتتىم، ئەگەر يېزىلماي قالغان يەر بولسا، تۈزىتىپ يازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇيتتى» [ئەلئەۋسەت]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى : « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنغاندا ئۇ ئۇلاق ئۈستىدە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇلىقى بويىنىنى سىلكىپ كېتەتتى »[ئەھمەد]

ئىمام بۇخارى، سەھل ئىبنى سەئىد سائىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (مەن مەرۋان ئىبنى ھەكەمنى مەسچىتتە كۆردۈم): مەن (ئۇنىڭ قېشىغا) بېرىپ ئولتۇردۇم، ئاندىن مەرۋان ئىبنى ھەكەم بىزگە مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەردى: زەيد ئىبنى سامىت:« مۆمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار ئاللا يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ» دېگەن ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېزىشىم ئۈچۈن ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن جىھاد قىلىشقا قادىر بولالىسام ئەلۋەتتە جىھاد قىلاتتىم، دېدى (ئۇ ئەما ئىدى) ئاندىن ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە ۋەھيي قىلىش ئۈچۈن پەرىشتە چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىدە ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنى سۇندۇرۇۋېتىدىغاندەك دەرىجىدە ئېغىرلاشتى، تاكى پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ قايتىپ كەتكىچە شۇنداق بولدى. ئاللاتائالا شۇ چاغدا :« ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا)» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتتى»

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەرقانداق سۆزنى يادلىۋېلىش مەقسىتىدە يېزىۋالاتتىم. قۇرەيش مېنى توسۇپ: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى يازامسەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ئىنسان، شۇڭا ئۇمۇ باشقىلاردەك ئاچچىغى كەلگەندىمۇ سۆزلەپ سالىدۇ، خوشى تۇتقاندىمۇ سۆزلەپ قويىدۇ - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، يېزىشتىن توختاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى بايان قىلسام، ئۇ ئۆزىنىڭ بارمىقى بىلەن ئاغزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: يازغىن! جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن پەقەت ھەق (سۆز) چىقىدۇ - دېدى» [ئەبۇ داۋۇد]

## ۋەھيي داۋاسى قىلغۇچىلار

[ئاللاغا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيي قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيي قىلىندى دېگەن، ياكى ئاللا نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاپ نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟ [93] سۈرە ئەنئام]

ئەبۇزەمىيلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: مەن كەبىدە ئىبنى ئاbباسنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە كېلىپ تاۋاپ قىلدى. ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: ئى ئىبنى ئابباس! مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە كېچە، ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغانلىقىدىن گۇمان قىلىدىكەن، دېدى. ئىبنى ئابباس: مۇختار راست ئېيتىپتۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن چۆچۈپ كېتىپ؛ ئىبنى ئابباسمۇ مۇختار راست ئېيتىپتۇ، دەمدۇ؟! دېدىم. ئىبنى ئابباس: ۋەھيي ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: ئاللانىڭ ۋەھيىسى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىدۇر. يەنە بىرى: شەيتاننىڭ ۋەھيىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ دوستلىرىغا قىلغان ۋەسۋەسىدۇر، دەپ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:[شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ [121] سۈرە ئەنئام]

ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: مۇختار ئۆزىگە ۋەھيي كەلگىننى دەۋا قىلىۋاتىدۇ،- دېگەنىدىم. ئۇ: توغرا ئېيتىپتۇ، چۈنكى شەيتانلار ئۆز دوستلىرىغا ۋەھيي قىلىدۇ، - دېدى» [ئەلئەۋسەت]

بۈرۈنقى زامانلاردا ۋەھيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش چۈشىنىشكە زېھنى ئاجىز كەلگەن كىشىلەرنىڭمۇ، بۇ كۈندە سىملىق ۋە سىمسىز تېلېفون، تېلېگرامما، رادىئو، تېلېۋىزورلارنى كۆزى بىلەن كۆرگەن تۇرۇپ، يەنە ۋەھيىنى چۈشىنىشكە ئەقلىم يەتمىدى، دەيدىغان باھانىسى قالمىدى.

## ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ئاللانى كۆرەلمەيدىغانلىقى

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەرۋەردىگارىڭنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سورىدىم، ئۇ:« پەرۋەردىگارىم نۇردۇر، نۇرنى قانداقمۇ كۆرىمەن؟» دەپ جاۋاپ بەردى»[مۇسلىم]

زەرارەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جىبرىئىلغا: سەن رەببىڭنى كۆردۈڭمۇ؟ دىسە، جىبرىئىل تىترەپ كېتىپ: ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن بىلەن ئاللانىڭ ئارىلىقىدا 70 نۇر پەردە باردۇر، ئەگەر مەن ئۇ نۇر پەردىنىڭ بەزىسىگە يېقىنلاشسام‌ىلا كۆيۈپ كېتىمەن، دېدى»  [مەسابىھ]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللا شەكسىز ئۇخلىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇخلاش لايىق ئەمەس....ئۇنىڭ پەردىسى ( بۇنىڭدىن ھازىرقى بىز ئىشلىتىۋاتقان پەردىدەك پەردە تەسەۋۋۇر قىلىنىسا بولمايدۇ) نۇر ياكى ئوتتۇر. ئەگەر ئۇ (پەردىنى) ئاچىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن مەخلۇقاتلىرىنى (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىنى) كۆيدۈرۈۋېتىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە ئوت بولۇپ، ئەگەر پەردىنى ئېچىۋېتىدىغان بولسا، يۈزىنىڭ نۇرلىرى بارلىق مەخلۇقاتلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە نۇردۇر» [مۇسلىم]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن سىلەر ئۆلۈپ ئاخىرەتكە بارمىغىچە رەببىڭلار ئەززە ۋە جەللەنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر» [تەبرانى سەھىھ]

[كۆزلەر اللّٰه نى كۆرمەيدۇ، اللّٰه كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ [103] سۈرە ئەنئام][مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى. اللّٰه: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: « (پەرۋەرىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى [143] سۈرە ئەئراف][(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر[ 14] سۈرە مۇلك][ ھەممە نەرسىنى ئاللا ياراتقان، ھەممە نەرسىنى ئاللا ئوبدان بىلگۈچىدۇر [101] سۈرە ئەنئام]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام(ئوڭدا ئەمەس ) چۈشىدە ئاللاتائالانى كۆرگەنلىكى

[ئاللا:« مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ) [143] سۈرە ئەئراف][ئاللانىڭ يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، ئاللا يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ كۆرمەيسەن[43] سۈرە فاتر]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« مەن پەرۋەردىگارىم ئەززە ۋە جەللەنى كۆردۈم»  [ئەھمەد سەھىھ]

ئىبنى ئاببا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ كېچە، چۈشۈمدە بۈيۈك ۋە يۈكسەك رەببىمنى ئەڭ چىرايلىق ۋە گۈزەل ھالەتتە كۆردۈم. ئۇ: ئى مۇھەممەد! ئۈستۈنكى ئالەم ئەھلى (يەنى پەرىشتىلەر)نىڭ نېمىلەر توغرىسىدا بەس- مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن: بىلمەيمەن- دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوللىرىنى ئىككى تاغىقىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. مەن كۆكسۈمدە (ياكى گېلىمدا) ئۇنىڭ قولىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلدىم- دە، ئاسمان - زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىلىپ يەتتىم» [تىرمىزى سەھىھ]

مەسرۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئائىشە رەزدىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى كۆرگەنمۇ؟ دېگەن ئىدى. ئائىشە: ئاللانى پاك دەپ بىلىمەن! ئېيتقانلىرىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكىمدىن چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى، سەن ئۈچ ئىشنى بىلمەمسەن؟ كىم ساڭا ئۇلارنى سۆزلىسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلەيدۇ.

بىرىنچىسى: كىم ساڭا مۇھەممەد پەرۋەردىگارىنى كۆردى دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، دېدى. ئاندىن ئائىشە: [كۆزلەر اللّٰه نى كۆرمەيدۇ، اللّٰه كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ [103] سۈرە ئەنئام]

[ئاللا ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھىي ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. ئاللا ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [51] سۈرە شۇرا] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقىدى.

ئىككىنچىسى: كىم ساڭا مۇھەممەد ئەتىسى بولىدىغان ئىشلارنى بىلىدۇ دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، دېدى.

ئاندىن:[قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىدۇر. اللّٰه يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) اللّٰه بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر [34]سۈرە لوقمان]

ئۈچىنچىسى: كىم ساڭا مۇھەممەد ھەقنى يوشۇردى دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، دېدى. ئاندىن: [ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارغا ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، اللّٰه تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. اللّٰه سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. اللّٰه ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [67] سۈرە مائىدە] دېگەن ئايەتنى ئوقىدى ۋە مۇنداق دېدى: لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە ئىككى قېتىم كۆردى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: كىم يالغان سۆزلەپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانى كۆردى دېسە، شۇ ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت جىبرىئىلنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بەدىنى ئۇپۇقنى توسۇپ تۇراتتى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## قۇرئاننى رەسۇلۇللاغا راستچىللىق بىلەن ئوقۇپ بېرىش

[بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلمىسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا اللّٰه بارىسىدا جېدەللىشىدۇ [20] سۈرە لوقمان][ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن اللّٰه سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ [176] سۈرە][بۇ، اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىدۇر، ئۇلارنى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا راست ئوقۇپ بېرىمىز، اللّٰه جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ [108] سۈرە ئال ئىمران][بۇ اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئەلۋەتتە ( اللّٰه نىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىسەن [252] سۈرە بەقەر][شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بىز بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز، شەك-شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن [52] سۈرە شۇرا][ئەنە شۇلار اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار اللّٰه نى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ [6] سۈرە جاسىيە][ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قويۇلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: « رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن [83] بىز نېمىشقا اللّٰه قا، بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟ ھالبۇكى، بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا (جەننەتكە) كىرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمىز » [84] بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن اللّٰه ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەنە شۇ [85] كاپىر بولغانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر [86] سۈرە مائىدە][راست سۆز (يەنى قۇرئان) نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ـ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر [33] ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەنە شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر [34] اللّٰه ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇلارغا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە ساۋاب بېرىدۇ [35] سۈرە زۇمەر][كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق [15] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## قۇرئاندا ھەممە ئىشنى تەپسىلي بايان قىلغانلىقى

[(دىنىي، دۇنيا ۋە ئاخىرەت) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلي بايان قىلدۇق [12] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ [52] سۈرە تاھا][ پەرۋەردىگارىڭ ئۇنتۇمايدۇ [64] سۈرە مەريەم][ئۇلار قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق [33]سۈرە فۇرقان][ ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى اللّٰه دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ [1]سۈرە فاتر][پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر [115] سۈرە ئەنئام][بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر [88] سۈرە ساد]

## ئاللا ئەززە ۋە جەللە

[ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن [1]  سۈرە ئەلەق][ئۇ غالىب بىر اللّٰه دۇر  [4] سۈرە زۇمەر]
ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللا بولسا ئەزەلدە يالغۇز، يەككە-يېگانە ئىدى. ئاللادىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى »[بۇخارى]
[ئۇ(ئاللا)ئەۋۋەلدۇر (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرى يوق) ۋە ئاخىردۇر (ئۇنىڭدىن كېيىن بىرى يوق) ۋە ئاشكاردۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقى دەلىلى- پاكىتلار بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاشكاردۇر) ۋە مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ) [3]سۈرە ھەدىد][(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ اللّٰه بىردۇر [1]. ھەممە اللّٰه قا موھتاجدۇر [2]  اللّٰه بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3] ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4] سۈرە ئىخلاس][ھېچ شەيئىي ئاللاغا ئوخشاش ئەمەستۇر[11]سۈرە شۇرا][ئاللا ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ[255] سۈرە بەقەر]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئاللا شەكسىز ئۇخلىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇخلاش لايىق ئەمەس»[بۇخارى]
[پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر[2] سۈرە فۇرقان][اللّٰه ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ[26]  سۈرە كەھف][اللّٰه پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقوقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر [83]  سۈرە ياسىن][يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا  اللّٰه نىڭ ئىلكىدىدۇر [54] سۈرە ئەئراف][(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ) [50]سۈرە قەمەر][بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ  [40]سۈرە نەھل]  [اللّٰه (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر [24] سۈرە ھەشر]

## ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

[اللّٰه دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللّٰه نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار [8] سۈرە تاھا][اللّٰه نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللّٰه نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار،  اللّٰه نىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە- كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ[180] سۈرە ئەئراف][اللّٰه دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر) چۈنكى اللّٰه نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن [110] سۈرە بەنى ئىسرائىل]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،  پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ 99 ئىسىم- سۈپىتى بار بىرسى كەم يۈز»  [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

**1**ـ اَللّٰه: ھەقىقى ئىلاھ دېگەن مەنىدە'

**2**ـ اَلرَّحْمَنُ: چەكسىز كۆيۈنگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

**3**ـ اَلرَّحِيمُ: ئاخىرەتتە كۆيۈنگۈچى  ئاللا دېگەن مەنىدە'

**4**ـ اَلْـمَلِكُ: پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى ئاللا دېگەن مەنىدە'

**5**ـ اَلْقُدُّوسُ: بارلىق نۇقساندىن پاك ئاللا دېگەن مەنىدە'

**6**ـ اَلسَّلَامُ: مۆئمىنلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى، سالامەت ئاللا دېگەن مەنىدە'

**7**ـ اَلْـمُؤْمِنُ: خاتىرجەم قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

**8**ـ اَلْـمُهَيْمِنُ: بارلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

**9**ـ اَلْعَزِيزُ: كۈچلۈك، غالىب ئاللا دېگەن مەنىدە'

**10**ـ اَلْـجَبَّارُ: قەھر- غەزەپ قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

11 ـ اَلْـمُتَكَبِّرُ: بۈيۈكلۈكتە يېگانە ئۇلۇغ ئاللا دېگەن مەنىدە'

12 ـ اَلْـخَالِقُ: ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

13 ـ اَلْبَارِئُ: يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

14 ـ اَلْـمُصَوِّرُ: ھەممە نەرسىگە سۈرەت - شەكىل بەرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

15 ـ اَلْغَفَّارُ: كەچۈرۈم قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

16 ـ اَلْقَهَّارُ: ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، قەھر - غەزەپ قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

17 ـ اَلْوَهَّابُ: كۆپلەپ بەرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

18 ـ اَلرَّزَّاقُ: كۆپلەپ رىزق بەرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

19 ـ اَلْفَتَّاحُ: ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى، ئاچقۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

20 ـ اَلْعَلِيْمُ: ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

21 ـ اَلْقَابِضُ: يىغقۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

22 ـ اَلْبَاسِطُ: يايغۇچى، سېخىي ئاللا دېگەن مەنىدە'

23 ـ اَلْخَافِضُ: چۈكۈرگۈچى، پەس قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

24 ـ اَلرَّفِعُ: يۇقىرى كۆتۈرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

25 ـ اَلْـمُعِزُّ: ئەزىز قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

26 ـ اَلْـمُذِلُّ: خار قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

27 ـ اَلسَّمِيْعُ: ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

28 ـ اَلْبَصِيْرُ: ھەممىنى كۆرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

29 ـ اَلْحَكَمُ: ھەل قىلغۇچى ھۆكۈم قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

30 ـ اَلْعَدْلُ: كامىل ئادالەت ئىگىسى ئاللا دېگەن مەنىدە'

31 ـ اَللَّطِيْفُ: كۆيۈنگۈچى، مۇلايىم ئاللا دېگەن مەنىدە'

32 ـ اَلْخَبِيْرُ: ھەممىدىن خەۋەردار ئاللا دېگەن مەنىدە'

33 ـ اَلْحَلِيْمُ: مۇلايىم، ئاسرىغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

34 ـ اَلْعَظِيْمُ: بۈيۈك، كاتتا ئاللا دېگەن مەنىدە'

35 ـ اَلْغَفُوْرُ: كەچۈرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

36 - اَلشَّكُوْرُ: كۆپ مەرھەممەت قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

37 - اَلْعَلِيُّ: ئالىي ئاللا دېگەن مەنىدە.

38 - اَلْكَبِيْرُ: شانۇ - شەۋكىتى بۈيۈك ئاللا دېگەن مەنىدە.

39 - اَلْحَفِيْظُ: مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

40 - اَلْـمُقِيْتُ: قۇدرەتلىك، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

41 - اَلْحَسِيْبُ: ھەممە نەرسىگە كۇپايە، ھېساب ئالغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

42 - اَلْجَلِيْلُ: ناھايىتى كاتتا سۈپەتكە ئىگە ئاللا دېگەن مەنىدە.

43 - اَلْكَرِيْمُ: ناھايىتى ئالىيجاناپ، سېخىي ئاللا دېگەن مەنىدە.

44 - اَلرَّقِيْبُ: كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

45 - اَلْـمُجِيْبُ: ئىجابەت قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

46 - اَلْوَاسِعُ: مەرھەمىتى كەڭ ئاللا دېگەن مەنىدە.

47 - اَلْحَكِيْمُ: ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

48 - اَلْوَدُوْدُ: دوست تۇتقۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

49 - اَلْـمَجِيْدُ: بەك ئۇلۇغ ئاللا دېگەن مەنىدە.

50 - اَلْبَاعِثُ: قوزغىغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

51 - اَلشَّهِيْدُ: ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

52 - اَلْحَقُّ: مەۋجۇتلۇقى شەكسىز، ئەزەلدىنلا مەۋجۇت ئاللا دېگەن مەنىدە.

53 - اَلْوَكِيْلُ: ۋەكىل بولغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

54 - اَلْقَوِيُّ: كۈچ - قۇۋۋەتتە يۈكسەك، قۇدرەتلىك ئاللا دېگەن مەنىدە.

55 - اَلْـمَتِيْنُ: بەك مۇستەھكەم ئاللا دېگەن مەنىدە.

56 - اَلْوَلِيُّ: بەك يېقىن، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

57 - اَلْحَمِيْدُ: مەدھىيىگە لايىق ئاللا دېگەن مەنىدە.

58 - اَلْـمُحْصِيُ: بارلىق شەيئىلەر سانىنى مۇكەممەل ئىگەللىگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

59 - اَلْـمُبْدِئُ: يوقتىن بار قىلغۇچى، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

60 - اَلْـمُعِيْدُ: ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

61- اَلْـمُحْيِيُ: تىرىلدۈرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

62- اَلْـمُمِيْتُ: جاننى ئالغۇچى، ۋاپات تاپقۇزغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

63- اَلْحَيُّ: مەڭگۈ هايات ئاللا دېگەن مەنىدە'

64- اَلْقَيُّوْمُ: بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى،بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

65- اَلْوَاجِدُ: تاپقۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

66- اَلْـمَاجِدُ: ئالىيجاناپ، ئۇلۇغ ئاللا دېگەن مەنىدە'

67- اَلْوَاحِدُ: يەككە - يېگانە ئاللا دېگەن مەنىدە'

68- اَلصَّمَدُ: بىهاجەت ئاللا دېگەن مەنىدە'

69- اَلْقَادِرُ: ھەممىگە قادىر، كۈچى يەتكۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

70- اَلْـمُقْتَدِرُ: ناهايىتى كۈچلۈك، قۇدرەت ئىگىسى ئاللا دېگەن مەنىدە'

71- اَلْـمُقَدِّمُ: ئىلگىرى قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

72- اَلْـمُؤَخِّرُ: كېچىكتۈرگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

73- اَلْأَوَّلُ: ئەڭ ئەۋۋەل ئاللا دېگەن مەنىدە'

74- اَلْأَخِرُ: مەڭگۈ مەۋجۇت ئاللا دېگەن مەنىدە'

75- اَلظَّاهِرُ: ئاشكارا بولغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

76- اَلْبَاطِنُ: مەخپىي بولغان ئاللا دېگەن مەنىدە'

77- اَلْوَالِيُ: ئىگە بولغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

78- اَلْـمُتَعَالُ: بۈيۈك ئاللا دېگەن مەنىدە'

79- اَلْبَرُّ: ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

80- اَلتَّوَّابُ: تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

81- اَلْـمُنْتَقِمُ: ئىنتىقام ئالغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

82- اَلْعَفُوُّ: كەچۈرۈم قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

83- اَلرَّؤُوْفُ: كۆيۈمچان ئاللا دېگەن مەنىدە'

84- مَالِكَ الْـمُلْكِ: شاھلارنىڭ شاھى ئاللا دېگەن مەنىدە'

85- ذُوالْجَلاَلِ وَالْإِكْرَامِ: ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى ئاللا دېگەن مەنىدە'

86 - اَلْـمُقْسِطُ: ئادىل، ھەققانىيەتچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

87 - اَلْجَامِعُ: جۇغلىغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

88 - اَلْغَنِيُّ: بەك باي ئاللا دېگەن مەنىدە'

89 - اَلْـمُغْنِيُ: باي قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

90 - اَلْـمَانِعُ: توسقۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

91 - اَلضَّارُّ: دۈشمەنلىرىگە ئازاب - ئوقۇبەت يەتكۈزگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

92 - اَلنَّافِعُ: پايدا يەتكۈزگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

93 - اَلنُّوْرُ: نۇرلۇق، ئۆزلۈكىدىن ئاشكارە بولغۇچى ۋە ئۆزگىلەرنى ئاشكارە قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

94 - اَلْـهَادِيُ: ھىدايەت قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

95 - اَلْبَدِيْعُ: ئۆرنەكسىز، يوقتىن بار قىلغۇچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

96 - اَلْبَاقِيُ: مەڭگۈ باقىي ئاللا دېگەن مەنىدە'

97 - اَلْوَارِثُ: يوقالماس ۋارىس ئاللا دېگەن مەنىدە'

98 - اَلرَّشِيْدُ: توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە'

99 - اَلصَّبُوْرُ: ناھايىتى سەۋرچان ئاللا دېگەن مەنىدە'

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ نېئمەتلىرى، مەخلۇقاتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاللانىڭ زاتى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەڭلار! » [ئەبۇششەيخ ۋە ئەۋسەت ۋە ئىبنى ئەدى ۋە بەيھەقى ھەسەن]

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاللانىڭ زاتى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەڭلار!» [ئەبۇ نۇئەيىم ھەسەن]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈممىتىڭ دائىم ماۋۇ نەرسە شۇنداق ئىكەن، ئاۋۇ نەرسە مۇنداق ئىكەن، مانى ئاللا يارىتىپتۇ، بۇ ئاللا بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىپتۇ، ئاللانى كىم ياراتقاندۇ؟ دەيدۇ» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« كىم مۇشۇ خىيالغا كەلسە ( يەنى ھەممە نەرسىنى ئاللا ياراتتى، ئاللانى كىم ياراتقاندۇ؟ دېگەن خىيال كەلسە) دەرھال: ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسىگە شەكسىز ئىشەندىم دېسۇن. ھەقىقەتەن شۇنداق دېيىش ، ئۇ كىشىدىن شۇ خىيالنى كەتكۈزىدۇ» [ئىبنى سەنا سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەيتان بېرىڭلارغا كېلىپ:« بۇنى كىم ياراتتى؟ ئۇنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، ھەتتا رەببىڭنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ. شۇ دەرىجىدە ۋەسۋەسىگە چۈشكەندە، كىشى ئاللاتائالاغا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھلىق تىلىسۇن ۋە خىيالنى دەرھال توختاتسۇن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەملەر ئۆزئارا سورىشىپ ئاخىرىدا شۇنداق دېيىشىدۇ: ئاللا ھەممىنى ياراتقان ئىكەن، ئاللانى كىم ياراتتى؟ ئۇلار شۇنداق دېگەندە، سىلەر مۇنداق دەڭلار: ئېيتقىنكى، ئۇ ـ اللّٰه بىردۇر [1] ھەممە اللّٰه غا موھتاجدۇر [2] اللّٰه بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3] ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4] سۈرە ئىخلاس] ئاندىن سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم سۈف دەۋەتسۇن، ئاللاتائالاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلىسۇن» [ئەبۇ داۋۇد ھەسەن]

## ئاللانىڭ ئەرشى

[(ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) اللّٰه نىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى [7]سۈرە ھۇد]

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللا بولسا ئەزەلدە يالغۇز، يەككە - يېگانە ئىدى. ئاللادىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئاندىن ئاللا ئەرشنى سۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئەتتى. ئاندىن لەۋھۇلمەھپۇزغا كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ تەقدىرىنى يازدى» [بۇخارى]

## تۇنجى بولۇپ قەلەمنى يارىتىش

[نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى [1] سۈرە قەلەم]

ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا تۇنجى بولۇپ ياراتقان نەرسە قەلەمدۇر، ئاللاتائالا قەلەمگە: ياز، دېدى. قەلەم: نېمىنى يازىمەن؟ دېدى. ئاللاتائالا (بۇنىڭدىن كېيىن) بولماقچى بولغان بارلىق نەرسىلەرنى يازغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەلەم تاكى قىيامەتكىچە بولماقچى بولغان نەرسىلەر ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يازدى» [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## ئاللا خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقى

[ئاللا خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر [39] سۈرە رەئد][پەرۋەردىگارىڭ، ئەلۋەتتە، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر [107] سۈرە ھۇد][ئاللانىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ[23] سۈرە ئەنبىيا]

## لەۋھۇلمەھپۇز

[بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئالغان كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) بار [4] سۈرە قاف] [لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق [38]سۈرە ئەنئام][ئاسمان- زېمىندا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلمىغان ھېچبىر سىر يوق [75]سۈرە نەمل][ئاسمان-زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى اللّٰه نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر [61]سۈرە يۇنۇس] [كىچىك ئىش، چوڭ ئىشنىڭ ھەممىسى (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر [51] سۈرەقەمەر][يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى اللّٰه (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، اللّٰه ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا(يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر [6]سۈرە ھۇد][ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن اللّٰه غا ئاسان [11]سۈرە فاتىر][ھېچ كىشى اللّٰه نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، اللّٰه ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن [145]سۈرە ئال ئىمران][يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللّٰه غا ئاساندۇر [22]سۈرە ھەدىد][(اللّٰه غا ئاسىيلىق قىلغان) قانداق بىر شەھەر بولمىسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز، ياكى ئۇنى قاتتىق ئازاپلايمىز، بۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەن (ھۆكۈم)دۇر [58]بەنى ئىسرائىل][بەلكى (ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە) لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر [21-22]سۈرە بۇرۇج][شەك- شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر [77] كىتابتا(يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر [78] سۈرە ۋاقىئە][ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن]

## ھەربىر نەرسە ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەنگەنلىكى

[اللّٰه ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى [3]سۈرە تەلاق]

## ئاسمان زېمىننى ئۆرنەكسىز يارىتىش

[اللّٰه ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر [101]سۈرە ئەنئام]

## زېمىننى يارىتىش

[سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللّٰه نى ئىنكار قىلامسىلەر... دېگىن [9] سۈرە فۇسسىلەت] زېمىننى بىز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟ [25] سۈرە مۇرسەلات]

## ئاسماننى يارىتىش

[ كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، [30]سۈرە ئەنبىيا][ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: « ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار) » دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق » دېدى [11]سۈرە فۇسسىلەت][ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى [29] سۈرە بەقەر] [ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم - كۇتىسىز قىلدى [28]سۈرە نازىئات] [اللّٰه يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ تەقدىرىدۇر [12] سۈرە فۇسسىلەت][ئاسمان بىلەن، تارىق (يەنى كېچىدە ئاشكارا بولغۇچى يۇلتۇز) بىلەن قەسەم قىلىمەن [1] تارىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ [2] ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر [3]سۈرە تارىق][بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق [6]سۈرە سافقات][بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ [16]سۈرە نەھل][قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللا سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى [97]سۈرە ئەنئام][بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق [16] ھەربىر قوغلاندى شەيتاندىن ئاسماننى قوغدىدۇق [17] لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) ئوغرىلىقچە قۇلاق سالماقچى بولغان شەيتاننى روشەن ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ يېتىدۇ (يەنى ھالاك قىلىدۇ) [18]سۈرە ھىجر]

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەم قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ :« ئاللاتائالا بۇ يۇلتۇزلارنى پەقەت ئۈچ خىسلەت ئۈچۈن يەنى بىرىنچىدىن: ئاسماننىڭ زىننەتلىنىشى. ئىككىنچىدىن: پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئورۇنغان شەيتانلارنىڭ ئېتىلىشى. ئۈچىنچىدىن: ئىنسانلارنىڭ كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا يول يۈرگەندە يۇلتۇزلارغا قاراپ يول تېپىشى ئۈچۈن ياراتتى. كىمكى يۇلتۇزلار توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا مەنە بەرسە، ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىگەن، چوڭ خاتالاشقان ۋە بىلمەيدىغان نەرسىنى سۆزلەيمەن دەپ ئاۋارە بولغان بولىدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەرمۇ بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن نەرسىگە ئۆزىنى تەكلىپ قىلغان بولىدۇ »[بۇخارى ۋە رەزىين]

[بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق[17]سۈرە مۆئمىنۇن][اللّٰه يەتتى ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان اللّٰه نىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنىكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن [3] ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردىن بىرەر نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ [4]سۈرە مۇلك][ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ [6]سۈرە قاف] [بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق [16] سۈرە ھىجر][ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار ئاسماندىكى ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر [32]سۈرە ئەنبىيا] [ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن كەڭەيتكۈچىمىز [47]سۈرە زارىيات] [يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەمكى[7]سۈرە زارىيات] [اللّٰه ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر [10]سۈرە لوقمان][(ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، اللّٰه ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا[65] سۈرە ھەج] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن] [اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## ئاسماننىڭ دەرۋازىسى

[شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ [40] سۈرە ئەئراف][ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قويۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق [11] سۈرە قەمەر] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## بۇلۇت

[(يامغۇرلارنىڭ) ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن قەسەمكى [2] سۈرە زارىيات] يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى [11] سۈرە تارىق][ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ( اللّٰه نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر [164] سۈرە بەقەر] [اللّٰه ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئۇنى اللّٰه خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ئۇنىڭ (زىيىنىدىن) خالىغان ئادەمنى ساقلايدۇ[43]سۈرە نۇر] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رەئدە دېگەن:

ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدىن بۇلۇتقا مۇئەككەل بىر پەرىشتىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتىن بولغان قامچىلار بولۇپ، پەرىشتە قامچا بىلەن بۇلۇتنى ئاللاھ خالىغان جايلارغا ھەيدەيدۇ»[تىرمىزى ھەسەن]

غىپار قەبىلىسىدىن بىر ياشانغان ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللا بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇلۇتلار ئەڭ چىرايلىق سۆزلەيدۇ ۋە ئەڭ چىرايلىق كۈلىدۇ ( يەنى بۇلۇتنىڭ سۆزى گۈلدۈرمامىدۇر، كۈلكىسى چاقماقدۇر)» [ئەھمەد ۋە بەيھەقى سەھىھ]

## شامال

[ئارقىمۇئارقا چىقىدىغان (لەرزان) شاماللا بىلەن قەسەمكى [1] قاتتىق چىقىدىغان بورانلار بىلەن قەسەمكى [2] (بۇلۇتلارنى ئاللا خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالار بىلەن قەسەمكى [3]سۈرە مۇرسەلات][(تۇپراقنى) سورىغۇچى شامالار بىلەن قەسەمكى [1]سۈرە زارىيات] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« شامال ئاللانىڭ مەرھەمىتى بولۇپ ئۇ رەھمەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئازابمۇ ئېلىپ كېلىدۇ »[ئەبۇ داۋۇد]

## چاقماق

[ الله (چاقماقتىن) قورقۇتۇش، (يامغۇرغا) ئۈمىد تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدۇ، (قۇدرىتى بىلەن) قويۇق بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ [12] گۈلدۈرماما الله نى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ الله دىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، الله چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ [13] سۈرە رەئد] [چاقماقنىڭ يورۇقى (قارىغۇچىلارنى) كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ [43]سۈرە نۇر] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئەبۇلقاسىم! چاقماقنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللانىڭ بۇلۇتلارغا مۇئەككەل قىلىپ قويغان پەرىشتىسى بار، ئۇنىڭ قولىدا ئوتتىن قامچىسى بولۇپ، ئۇ بۇلۇتلارنى ئاللا خالىغان جايغا ھەيدىگەن چاغدا قامچىسىدىن چاقماق ھاسىل بولىدۇ- دېدى. ئۇلار: ئۇنداق بولسا بىز ئاڭلايدىغان گۈلدۈرماما نېمىنىڭ ئاۋازى؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇلۇتنى ھەيدەش ئۈچۈن ئۇرغان چاغدا قامچىدىن چىققان ئاۋاز- دېدى. ئۇلار: راست ئېيتتىڭ»[تىرمىزى سەھىھ]

## يامغۇر

[الله نىڭ سىلەرگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى تېتىتىش ئۈچۈن...ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىدىن تىلىشىڭلار ئۈچۈن، شامالارنى يامغۇر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر [46]سۈرە رۇم] [الله شامالارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، الله يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ [48]ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى [49] سۈرە رۇم] [الله رەھمىتىنى (يەنى يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتتى، يامغۇر بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق [48-49] ئۇلارنى ۋەز- نەسىھەت ئالسۇن دەپ، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق (يەنى گاھ ئۇ يەرگە، گاھ بۇ يەرگە ياغدۇردۇق) ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله غا) كۇفرىلىق قىلدى [50] سۈرە فۇرقان] [بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، ئۇنى قۇرۇۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز [18] سۈرە مۆئمىنۇن][بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شامالارنى ئەۋەتتۇق، بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر [22]سۈرە ھىجر][بۇلۇتتىن مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق [9] سۈرە قاف][سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ [68] ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ [69] ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟ [70] سۈرە ۋاقىئە][ الله رەھمىتى (يەنى يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خوش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتتى، يامغۇر بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق [48-49] سۈرە فۇرقان][ كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى [27] سۈرە فاتىر][الله بۇلۇتتىن ئۆلچەمدە يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن بىز ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق [11]

سۈرە زۇخرۇف] [ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز گىياسىز زېمىنغا يامغۇر سۈيىنى سۈرۈپ ئېلىپ بارىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ هايۋانلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز، ئۇلار (بۇنى) كۆرمەمدۇ؟ [27] سۈرە سەجدە][ اللّٰه نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، اللّٰه بىشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك-تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز [57] سۈرە ئەئراف][ كۆرمەمسەنكى، اللّٰه بۇلۇتلارنى هەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر- بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن [43]سۈرە نۇر] [سەن بىلمەمسەنكى، اللّٰه بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۇرۇپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ [21] سۈرە زۇمەر][ بۇ، غالىب، هەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## كېچە ۋە كۈندۈز

[ ئى ئىنسانلار! ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن اللّٰه سىلەرگە كېچىنى ياراتتى، نەرسىلەرنى كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى ياراتتى [67] سۈرە يۇنۇس] [اللّٰه سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ [60] سۈرە ئەنئام][اللّٰه سىلەرگە كېچىنى لىباس، ئۇيقۇنى (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدى، كۈندۈزنى (تىرىكچىلىك ئۈچۈن زېمىندا) يېيىلىدىغان ۋاقىت قىلدى [47] سۈرە فۇرقان][ ئۇلارغا (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز-دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز- دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ [37] سۈرە ياسىن][اللّٰه كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر- بىرىنى قوغلىشىدۇ [54]سۈرە ئەئراف][اللّٰه كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ[44] سۈرە نۇر] [ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر اللّٰه كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، اللّٰه دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟ ، دېگىن [72]سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (هاياتلىق يولىدا هەرىكەتلىنىپ) اللّٰه نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (اللّٰه نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىندۇر [73]سۈرە قەسەس][كېچە- كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئاللانىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟ [80]سۈرە مۆئمىنۇن] [ بۇ، غالىب، هەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## زېمىننى يېيىش

[شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى [30] سۈرە نازىئات] [زېمىن قانداق يېيىتىلدى [20] سۈرە غاشىيە] [زېمىننى كىشىلەرنىڭ (پايدىلىنىشى) ئۈچۈن (ياياپاك) قىلدى [10] سۈرە رەھمان][ زېمىننى يايدۇق، بىز نېمىدېگەن ياخشى يايغۇچىمىز؟ [48] سۈرە زارىيات ] [اللّٰه يەر يۈزىنى (ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى [3]سۈرە رەئد][يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنى(سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلەرگە يېتىۋالسۇن دەپ، تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق [31]سۈرە ئەنبىيا][ تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى [32]سۈرە نازىئات] [تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟[7] سۈرە نەبە][ تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، هەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار [27]سۈرە فاتىر][تاغلارنى تۇرغۇن هالەتتە گۇمان قىلىسەن، هالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) هەممىنى پۇختا ياراتقان ئاللانىڭ هۈنىرىدۇر [88] سۈرە نەمل][يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى [3]سۈرە رەئد][اللّٰه (قۇدرىتى بىلەن) بىرى تاتلىق بولغان بىرى تۇزلۇق بولغان دېڭىزنى (ئۇلار بىر- بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان هالدا) قويۇۋەتتى، (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە، توسما بەرپا قىلدى [53] سۈرە فۇرقان] [ئۇ ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ [19] ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر- بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ [20] سۈرە رەھمان] ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن)توساقلارنى قىلغان كىم؟ [61] سۈرە نەمل][زېمىندا بۇلاقلارنى ئاقتۇردى [31] سۈرە نازىئات][بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق [10] سۈرە لوقمان][مېۋىلەرنىڭ هەربىر تۈرىنى ئەركەك- چىشى- ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى [3] سۈرە رەئد][يەر يۈزىدە بىر- بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار [4] سۈرە رەئد][ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى [53] سۈرە تاھا] [اللّٰه يەر يۈزىدىكى هەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى [29] سۈرە بەقەرە][زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم - زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر) [10]سۈرە فۇسسىلەت] [ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى

شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق [7] بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل ـ دەرەخ، تاغ ۋە بىنا قاتارلىق) نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز [8]سۈرە كەھف][ زېمىنغا ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارچىگە چوقۇم بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ »[40] سۈرە مەريەم] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## زۇلۇمات ۋە نۇر

[ئاللا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر[35] سۈرە نۇر][جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان اللّٰه غا خاستۇر! [1] سۈرە ئەنئام]

## كۈن

[كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراق قىلدى [16]سۈرە نۇھ] [ كۈن بەلگىلىگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەسچىتتە ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئەبۇزەر! كۈننىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: ئاللا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ ھەقىقەتەن ئەرشنىڭ ئاستىدىكى سەجدە قىلىدىغان ئورنىغا بارىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاتائالانىڭ:[ كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38] سۈرە ياسىن] دېگەن سۆزى شۇنى كۆرسىتىدۇ-دېدى. مەن مەزكۇر ئايەت توغرىلىق سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۈننىڭ قارارگاھى ئەرشنىڭ تەھتىدەدۇر-دېدى» [بۇخارى]

## سايە

[ پەرۋەردىگارىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر خالىسا ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتى، ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق [45] ئاندىن ئۇنى ئاستا - ئاستا يوقاتتۇق [46] سۈرە فۇرقان][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## كېچە ۋە كۈندۈز

[ ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزنى يوپيورۇق قىلدى [29] سۈرە نازىئات] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

سۇفيان سەۋرى دادىسىدىن ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كېچە بۇرۇنمىدى ياكى كۈندۈزمۇ؟ دەپ سورالدى. ئۇ: ئاسمان- زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ۋاقتىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا قاراڭغۇدىن باشقا بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلمەمسىلەر؟ بۇ كېچىنىڭ كۈندۈزدىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى»

## ئاي

[ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى. اللّٰه ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق[5] سۈرە يۇنۇس] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ئۆز پەلىكىدە) سەير قىلىدىغانلىقى

[اللّٰه كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ [33] سۈرە ئەنبىيا][ كۈن بەلگىلىگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ [38] ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ [39] كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ [40]سۈرە ياسىن] [ اللّٰه نىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى، كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمەمسەن؟ (كۈن بىلەن ئاينىڭ) ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەت (يەنى قىيامەت) كىچە (ئۆز پەلىكىدە) سەير قىلىدۇ[29] سۈرە لوقمان] [ اللّٰه سىلەرگە كېچىنى،

كۆندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ اللّٰە نىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر [12]سۈرە نەھل] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰە نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## كۈن ۋە ئاي توغرىسىدا

[(سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى [96] سۈرە ئەنئام] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰە نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## روھلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەرنىڭ روھلىرى ئالىمى ئەرۋاھتا توپلانغان لەشكەرلەردۇر. ئالىمى ئەرۋاھتا ئۆزئارا تونۇشقان روھلىرى بۇ دۇنيادا بىر- بىرى بىلەن كېلىشەلەيدۇ. تونۇشمىغانلىرى بولسا كېلىشەلمەيدۇ» [مۇسلىم]

[ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. « روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن [85] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئۇلار اللّٰە نىڭ مەلۇماتىدىن (اللّٰە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ [255] سۈرە بەقەرە]

## مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ نۇر چېچىش

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:« شەك- شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا مەخلۇقاتلىرىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياراتتى. ئاندىن ئۇلارغا ئۆز نۇرىدىن تاشلىدى. ئۇ نۇر كىمگە يەتسە، ھىدايەت تاپىدۇ. كىمگە يەتمىسە، ئېزىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن:« قەلەم ئاللانىڭ ئىلمىگە ئاساسەن يازىدىغاننى يېزىپ بولدى» دېگەندىم» [تىرمىزى سەھىھ]

## ئاسىيلارنى يارىتىش

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللا ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىنىشنى خالاپ، ئاسىيلارنى ياراتتى. ئەگەر ئاسىيلىق قىلىنماسلىقنى خالاپ ئاسىيلىقنى خالىمىغان بولسا، ئىبلىس(شەيتاننى) ياراتمايتتى» [ئەبۇنۇئەيىم ھەسەن]

## ئەقىلنى يارىتىش

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بىرىنچى بولۇپ ئەقىلنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا:« يېقىنلاشقىن!» دېدى. ئەقىل يېقىنلاشتى. ئاندىن:« قايتقىن!» دېدى. ئەقىل قايتتى. كېيىن:« مەن سەندىن سۆيۈملۈكرەك بىر مەخلۇق ياراتمىدىم. شۇڭا سېنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك مەخلۇققا ئورنىتىمەن» دېدى [رەزىن]

## پەرىشتىلەرنى يارىتىش

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان» [مۇسلىم]

[ جىمى ھەمدۇ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى اللّٰە غا خاستۇر! اللّٰە يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، اللّٰە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [1] سۈرە فاتىر][كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [1] (مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [2]( اللّٰە نىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [3](مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە) ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [4] (اللّٰە نىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [5]سۈرە نازىئات][(ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ) ئارىسىنى ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [4] (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (اللّٰە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [5-6]سۈرە مۇرسەلات][ ئىشنى (يەنى بەندىلەر ئارىسىدا رىزقلارنى، يۇرتلار ئارىسىدا يامغۇرلارنى) تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [4] سۈرە زارىيات] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰە نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰە

غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## پەرىشتىلەرنىڭ زېمىنغا ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشىدىغانلىقى

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلغا:« بىزنى ھازىرقىدىن كۆپرەك زىيارەت قىلىشىڭغا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟» دېگەندە، بۇ ئايەت نازىل بولغان: [ بىز (دۇنياغا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى - كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىلكىدىدۇر [64] سۈرەمەريەم][بۇخارى]

## بەيتۇلمەئمۇر

[بەيتۇلمەئمۇر بىلەن قەسەمكى[4] سۈرە تۇر]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« بەيتۇلمەئمۇر يەتتىنچى ئاسماندا بولۇپ، بەيتۇلمەئمۇرگە ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە كىرىدىكەن، بىر قېتىم كىرىپ چىققان پەرىشتە (ئۇنىڭغا) قايتا كىرمەيدىكەن » [ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

مالىك ئىبنى سەئسەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ماڭا بەيتۇلمەئمۇر كۆرسىتىلىۋىدى، جىبرىئىلدىن سورىسام ئۇ: بۇ بەيتۇلمەئمۇردۇر، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە ناماز ئوقۇيدۇ. (بىر قېتىم كىرىپ) چىقسىپ كەتكىنى قايتا كىرمەيدۇ، ھەر بىرىنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالىدۇ - دېدى» [بۇخارى]

## سىدرەتۇلمۇنتەھا

[ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى [13 -14] سۈرە نەجم]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« جىبرىئىل مېنى سىدرەتۇلمۇنتەھا دېگەن دەرەخنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى (يەتتىنچى ئاسماندا ئىكەن). ئۇ دەرەخنىڭ ياپراقلىرى پىلنىڭ قۇلاقلىرىدەك، مېۋىلىرى كۈپىتەك چوڭلۇقتا ئىكەن. دەرەخكە ئاللاتائالا تەرىپىدىن بىرەر بۇيرۇق كەلسە دەرەخ ئۆزگىرىدىكەن. بىرەر مەخلۇقنىڭ ئۇ دەرەخنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەستۇر» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

## جىننى يارىتىش

جان ئىسىملىك مەخلۇق پۈتۈن جىننىڭ دادىسىدۇر. بۇ مەخلۇق ئوت ماددىسىدىن يارىتىلغان. ئاللاتائالا بۇ توغرىدا: [( جىن، شەيتانلارنىڭ دادىسى) جاننى ( ئادەمدىن ) ئىلگىرى، تۇتۇنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق ، دېدى [27]سۈرە ھىجر]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى» [مۇسلىم]

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جىنلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىر تۈرنىڭ قاناتلىرى بار بولۇپ، ھاۋادا ئۇچالايدۇ. يەنە بىر تۈرى بولسا، يىلان، ئىتلارنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ. ياكى ئۆزى يىلان، ئىتتۇر. ئۈچىنچىسى بولسا، گاھ بىر ئورۇنغا چۈشىدۇ، گاھ سەپەر قىلىپ كېتىدۇ» [تەبرانى ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

## ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى

[اللّه ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى [2] سۈرە فۇرقان][بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق [49] سۈرە قەمەر][اللّه نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر [8] سۈرە رەئد][قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز [21]سۈرە ھىجر] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسە چىقىرىش

[تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ [31] سۈرە يۇنۇس][اللّه جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ [19] سۈرە رۇم][تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ اللّه دۇر [95] سۈرە ئەنئام]

### ھەممە نەرسىنى جۈپتى بىلەن يارىتىش

[اللّٰه ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، اللّٰه سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق اللّٰه سىلەرنى كۆپەيتىدۇ[11] سۈرە شۇرا][ سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق [49] سۈرە زارىيات][اللّٰه (پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار [36] سۈرە ياسىن] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

### ھەممە جانلىقنى سۇدىن يارىتىش

[ ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق [30]سۈرە ئەنبىيا][اللّٰه ھەربىر جاندارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ [45] سۈرە نۇر] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

### ئاللاتائالا خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدىغانلىقى

[ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھەممىنى ياراتقۇچىدۇ[86] سۈرە ھىجر] [اللّٰه خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [45]سۈرە نۇر][اللّٰه يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ [8] سۈرە نەھل]

### ئاسمان ۋە زېمىننى يەتتە قەۋەت يارىتىش

[اللّٰه يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى [12]سۈرە تەلاق][يەتتە ئاسمان-زېمىن... [44] سۈرە بەنى ئىسرائىل] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

### ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىش ۋاقتى

[سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللّٰه نى ئىنكار قىلامسىلەر... دېگىن [9] سۈرە فۇسسىلەت][اللّٰه يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى [12] سۈرە فۇسسىلەت][زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم - زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر) [10] سۈرە فۇسسىلەت]

### ئاسمان زېمىننى يارىتىشتا ئاللاتائالانىڭ چارچاپ قالمىغانلىقى

[ بىز ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىز ھېچقانداق چارچاپ قالغىنىمىز يوق [38] سۈرە قاف]

### ئاسمان زېمىننى بىكار ياراتمىغانلىقى

[اللّٰه ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ۋە مۇئەييەن ۋاقىتلىق قىلىپ ياراتتى [8] سۈرە رۇم][ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي! [27] سۈرە ساد]

### ئاسمان زېمىننى ئېسىقلىق تۇرغۇزۇشى

[اللّٰه نىڭ ئاسمان- زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (ئېسىقلىق) تۇرغۇزۇشى اللّٰه نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر [25] سۈرە رۇم] [اللّٰه ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ [41] سۈرە فاتىر] [ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر [255]سۈرە بەقەرە] [اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

### ئاللاتائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقى

[ اللّٰه ئاسمانلارنى زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى [59]سۈرە فۇرقان ][ ھەق - پادىشاھ اللّٰه ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر [116]سۈرە مۆئمىنۇن ][ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر [22]سۈرە ئەنبىيا][ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ [7]سۈرە غافىر]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتە توغرىسىدا سۆز قىلىشىمغا روخسەت قىلدى. ئۇ پەرىشتىنىڭ ئىككى پۇتى ئەڭ تۆۋەندىكى زېمىندا، ئەرشى ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى بىر قۇشنىڭ 700 يىل ئۇچقان مۇساپىسىدەك كېلىدۇ. شۇ پەرىشتە مۇنداق دەپ تۇرىدۇ. قەيەردە بولۇشلىرىدىن قەتئىينەزەر سىلى پاك، ياكى قەيەردە بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر سىلى ھەممىدىن پاك» [ئەۋسەت سەھىھ]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ماڭا ئاللانىڭ ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرىدىن بىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىندى. ئۇ پەرىشتىنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە 700 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ»[ئەبۇ داۋۇد ۋە زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

## جەننەت ۋە دوزاخنى يارىتىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا جەننەتنى ياراتقان چاغدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« بېرىپ، قاراپ باققىن!» دېدى. ئۇ بېرىپ قاراپ كېلىپ:« ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بۇنى ئاڭلىغان ھەممە ئادەم ئۇ يەرگە كىرىدۇ» دېدى. ئاندىن ئاللا ئۇنىڭ ئەتراپىنى جاپالىق ئىشلار بىلەن ئوراپ:« ئى جىبرىئىل! ئەمدى بېرىپ قاراپ باققىن!» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بېرىپ قاراپ كەلدى ۋە:« ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم ئۇ يەرگە كىرەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم» دېدى. ئاللا جەھەننەمنى ياراتقان چاغدىمۇ:« ئى جىبرىئىل! بېرىپ قاراپ باققىن!» دېدى. ئۇ بېرىپ، قاراپ كەلگەندىن كېيىن:« ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بۇنى ئاڭلىغان كىشى ھەرگىزمۇ بۇ يەرگە كىرمەيدۇ» دېدى. كېيىن، ئاللا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ھاۋايى ھەۋەسلەر بىلەن ئوراپ:« ئى جىبرىئىل! بېرىپ ئەمدى قاراپ باققىن!» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بېرىپ، قاراپ كەلگەندىن كېيىن:« ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم قالماي بۇ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك دەپ ئەنسىرەپ قالدىم» دېدى» [ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە نەسەئى ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى سەھىھ ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت- جاپالىق ئىشلار بىلەن، دوزاخ بولسا، ھاۋايى - ھەۋەسلەر بىلەن ئورالغان» [مۇسلىم]

ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت سىلەرگە ئايىغىڭلارنىڭ شوينىسىدىنمۇ يېقىن، جەھەننەممۇ ھەم شۇنداق» [بۇخارى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاھ جەننەتنى ياراتتى، دوۋزاخنىمۇ ياراتتى، جەننەت ئۈچۈنمۇ ئەھلى ياراتتى، دوۋزاخ ئۈچۈنمۇ ئەھلى ياراتتى » [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەھەننەم رەببىگە شىكايەت قىلىپ:« بىر قىسمىم يەنە بىر قىسمىمنى يەپ تۈگەتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قىشتا بىر، يازدا بىر نەپەس ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلدى. ئۇ نەپەسكە توغرا كەلگەن ۋاقىتلار يازنىڭ ئەڭ ئىسسىقى بىلەن قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق كۈنىدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (دۇنيادا) ئىنسانلار يېقىۋاتقان ئوت دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر ھەسسىسىدۇر» دېدى. ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! مۇشۇ بىر ھەسسىسىمۇ يېتەرلىك بولاركەنغۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ بىر ھەسسىگە يەنە ئاتمىش توققۇز ھەسسە قېتىلدى» دېدى[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بۇ ئوتۇڭلار دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىش پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر. بۇ ئوت دېڭىز سۈيى بىلەن ئىككى ھەسسە سۇۋۇتۇلدى. ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، ئاللا بۇ ئوتتا ھېچكىمگە پايدا مەنپەئەت بەرمەيدىغان قىلغان بولاتتى»[ئەھمەد]

## يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ دەرۋازىسىدا پەرىشتىلەر پۇستا تۇرىدىغانلىقى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مېنى ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بارماقچى بولغان كېچىسى قېشىمغا ئىشەكتىن چوڭراق قېچىردىن كىچىكرەك بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇلاغ ھەربىر قەدىمىنى كۆزى يەتكەن يەرگىچە باساتتى. مەن ئۇنىڭغا مىنىپ ئەقسا مەسچىتىگە كەلدىم، ئۇنى پەيغەمبەرلەر

ئۇلاغلىرىنى باغلاپ قويىدىغان قارماقتا باغلاپ قويۇپ مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ چىقتىم، مەسچىتتىن چىققان ۋاقتىمدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا بىر قاچا ھاراق بىلەن بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى، مەن سۈتنى تاللىدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا:« ئىسلامنىڭ نىشانىنى تاللىدىڭ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« سەن كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ يەنە:« سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى» دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (بىرىنچى ئاسماندا) ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئادەم ئەلەيھىسسالام مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن ئىككىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« سەن كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ يەنە:« سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى» دېدى. ئىشىكمۇ ئېچىلدى. مەن (ئىككىنچى ئاسماندا) ئانا تەرەپتىن بولغان تۇغقانلارنىڭ ئوغۇللىرى يەھيا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلار مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن ئۈچىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« سەن كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ يەنە:« سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى» دېدى. ئىشىك ئېچىلدى. مەن (ئۈچىنچى ئاسماندا) يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇنىڭغا (دۇنيادىكى) گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن تۆتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« سەن كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ يەنە:« سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى» دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (تۆتىنچى ئاسماندا) ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى. ئاللاتائالا پەيغەمبىرى ئىدرىس ھەققىدە: [ ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق» دېدى [59] سۈرە مەريەم]

ئاندىن بەشىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« سەن كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ يەنە:« سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى» دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (بەشىنچى ئاسماندا) ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن ئالتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« سەن كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ يەنە:« سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى» دېدى. ئىشىكمۇ ئېچىلدى، مەن (ئالتىنچى ئاسماندا) مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن يەتتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:« سەن كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ يەنە:« سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى» دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (يەتتىنچى ئاسماندا) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.»[مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

## زېمىندا جانلىقلارنى تارقىتىش

[زېمىندا تۈرلۈك جانلىقلارنى تاراتتى [10] سۈرە لوقمان][ ئاللا پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى [12] سۈرە زۇخرۇف]

## مەخلۇقاتلارنى خىلمۇ- خىل رەڭدە يارىتىش

[شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇ-خىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى [28] سۈرە فاتىر]

## پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ يارىتىلغان كۈنلىرى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى:« ئاللا شەنبە كۈنىدە تۇپراقنى ياراتتى ۋە تۇپراقتا يەكشەنبە كۈنى تاغلارنى ياراتتى، دۈشەنبە كۈنى دەل-دەرەخلەرنى ياراتتى، سەيشەنبە كۈنىدە يامان سانىلىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتى، چارشەنبە كۈنى نۇرلارنى ياراتتى ۋە پەيشەنبە كۈنى يەر يۈزىدە ھايۋانلارنى ياراتتى، ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا جۈمە كۈنى ئەسىر بىلەن كېچىنىڭ ئارىسىدا ئادەمنى ياراتتى» [مۇسلىم]

## ئاللاتائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقاندا ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەنلىكى

[ ئۇلارغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ كۆرسەتكىنىم يوق، ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق [51] سۈرە كەھف]

## ئىنسان ۋە جىننى ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقى

[ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم [56] ئۇلاردىن مەن رىزق تىلىمەيمەن [57] اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللانىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر [58] سۈرە زارىيات]

## ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىش

[ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە:« مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر:« يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيلەيمىز» دېدى. اللّٰه :« مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى [30] سۈرە بەقەر]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« كۈن چىققان كۈننىڭ (يەنى دۇنيادىكى كۈنلەرنىڭ) ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۈن جۈمە كۈنىدۇر. ئۇ كۈندە ئادەم يارىتىلدى، ئۇ كۈندە جەننەتكە كىردى»[مۇسلىم ۋە نەسەئى]

[اللّٰه سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن ياراتتى[11] سۈرە فاتىر]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« شەك شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىننىڭ ھەممە يەرلىرىدىن يىغىپ ئالغان بىر سىقىم توپىدىن ياراتتى. شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ توپىسى ئېلىنغان زېمىنغا قارىتا تەنلىرىنىڭ رەڭلىرى قىزىل، ئاق، قارا ۋە ياكى بۇلارنىڭ بىرسىگە مايىل، (تەبىئىتى) ئەسكى ياكى ياخشى ۋە يا بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تارتقان كېلىدۇ» [ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد ۋەتىرمىزى]

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئادەم ئاتا ئۈچ خىل تۇپراقتىن يارىتىلغان، قارا، ئاق، قىزىل»[ ئىبنى سەئىد ھەسەن]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىنى يارىتىپ، ئۇنى جەننەتتە بىر مۇددەت شۇ پېتى تاشلاپ قويدى. شەيتان:« بۇ نېمىدۇر؟» دەپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىچىنىڭ كاۋاكلىقىنى كۆردى- دە، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتالمايدىغان مەخلۇق قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى بىلىپ يەتتى» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەمگە روھ پۈۋدىگەن چاغدا روھ ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىغا بارغاندا ئادەم چۈشكۈرۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ، ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن:« جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر» دېدى. ئاللا ئۇنىڭغا جاۋابەن ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، دېدى» [ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان چاغدا، بويىنى ئاتمىش گەز ئۇزۇنلۇقتا ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: ئاشۇ پەرىشتىلەرگە سالام بەرگىن ۋە

ئۇلارنىڭ ساڭا بەرگەن قايتۇرما سالامىغا قۇلاق سالغىن، ئۇ سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلاتلىرىڭ قوللىنىدىغان سالام بولۇپ قالىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ جاۋاب بەردى، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەسسالامۇ ئەلەيكە ۋەرەھمەتۇللاھى دېدى. پەرىشتىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋاپ سالامىدا رەھمەتۇللاھى دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى » [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى-دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئاللاتائالا تاكى قىيامەتكىچە ياراتماقچى بولغان پۈتۈن ئىنسانلار تۆكۈلدى. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقىدا بىر پارقىراپ تۇرىدىغان نۇرنى قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇلار كىملەر؟ دېدى. ئاللاتائالا: بۇ سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ دېدى. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئىچىدىن بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقىدىكى نۇرى ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ كىم بولىدۇ؟ دېدى. ئاللاتائالا: بۇ ئاخىرىدىراق كېلىدىغان ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەۋلادلىرىڭدىن داۋۇت ئىسىملىك بىر كىشىدۇر دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ ئۆمرىنى قانچە ياش قىلدىڭ؟ دېدى. ئاللاتائالا ئاتمىش ياش قىلدىم دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇنىڭغا ئۆز ئۆمرىمنىڭ 40 يىلىنى بەردىم، دېدى[تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللا: ئادەم بالىلىرىدىن بىر چاڭگالنى ئېلىپ، مانا بۇ مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، دېدى. يەنە بىر چاڭگال بولسا، مانا بۇ دوزاخقا كىرىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن، دېدى» [ئەبۇ يەئلا سەھىھ]

[ شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر [72] سۈرە ئەھزاب]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللا: ئەراپات كۈنى نۇئمان دېگەن جايدا ئادەمدىن مۇنداق ۋەدە ئالغان ئىدى: ئاللا ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن بارلىق ياراتماقچى بولغان ئادەمنىڭ بالىلىرىنى (ئەۋلادلىرىنى) چىقىرىپ، ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى چۈمۈلىنىڭ ئۇششاق بالىلىرىغا ئوخشاش چېچىپ قويدى. ئاندىن بىۋاستە سۆز قىلىپ: [ « مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇلار:« ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز دۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ:« بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى، ياكى « ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا ) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر [172-173] سۈرە ئەئراف] [ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

[اللّٰه پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى. ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ:« (خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار؛ دېدى [31] پەرىشتىلەر:« سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن؛ دېدى [32] اللّٰه :« ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، اللّٰه:« مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى [33] ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە:« ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى [34] سۈرە بەقەر][اللّٰه ئېيتتى:« ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى (ئۇنىڭغا سەجدە قىلماسلىقىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭدىنمۇ؟ ياكى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن بولغانلىقىڭدىنمۇ؟)» [75] ئىبلىس:« مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى [76] سۈرە ساد][ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى [50] سۈرە كەھف][اللّٰه:« سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ، ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەتكىچە مېنىڭ لەنىتىم بولسۇن» دېدى [77-78] سۈرە ساد][ ئىبلىس:« ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمەن،دېدى [62] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئىبلىس:« پەرۋەردىگارىم! ماڭا (خايىق) تىرىلدىغان كۈن (يەنى قىيامەت) گىچە مۆھلەت بەرسەڭ (يەنى مېنى ھايات قالدۇرساڭ) دېدى [79] اللّٰه:« جەزمەن ساڭا مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ» دېدى [80-81] ئىبلىس:« ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن [82] سۈرە ساد][اللّٰه (ئىبلىسقا) ئېيتتى:« بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگىشىدىكەن (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر [63] ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادەمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇمراھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە

باللىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن- شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر [64] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئىبلىس ئېيتتى:« پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن [39]سۈرە ھىجر][اللّٰه شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى:« مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلىرىنى ئىگەللەيمەن [118] شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن ( يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن) ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئاللانىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ( ئۇلارغا مەك ئويدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارنى بۇيرۇيمەن» كىمكى شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ [119] شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ) شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ [120] ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ [121] سۈرە نىسا][ئىبلىس ئېيتتى:« سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن [16] ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن [17] سۈرە ئەئراف][ ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن) [40] اللّٰه ئېيتتى:« بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر [41] مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ) [42] سۈرە ھىجر][اللّٰه ئېيتتى:« جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇل جەھەننەمنى تولدۇرىمەن[18] سۈرە ئەئراف][اللّٰه سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى [6]سۈرە زۇمەر][(ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى [189] سۈرە ئەئراف]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاياللار (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ)قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان» [مۇسلىم]

ئەبۇ يەمانى مىسرىي مۇنداق دېگەن؛ مەن ئىمام شافىئىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:«ئاللا ئادەم ئاتىنى ياراتقاندىن كېيىن: ئۇنىڭ قىسقا قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋا ئانىنى ياراتقان» [ئىبنى ماجە]يەنى ئاللا ھەۋۋانى ئادەمنىڭ سول تەرەپتىكى يېتىم قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمان ئالىملاردىن بىزگە يەتكەن خەۋەرگە قارىغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى مۈگدەك تۇتقان، ئاندىن ئاللا ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى قوۋۇرغىسىدىن بىر قوۋۇرغىنى ئالدى، ئۇنىڭ ئورنىنى گۆش بىلەن تولدۇرۇپ قويدى. ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئېلىنغان قوۋۇرغىدىن ھەۋۋا ئانىنى يارىتىپ بولغۇچىلىك ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىدى. ئاللا ھاۋا ئانىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنسى-ئۈلپەت ئېلىش ئۈچۈن چىرايلىق بىر ئايال قىلدى. ئاندىن ئادەم ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا ھەۋۋا ئانىنى كۆرۈپ: مېنىڭ گۆشۈم، قېنىم ۋە ئايالىم، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنسى-ئۈلپەتتە بولدى[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

[ ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر» [19] لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى، شەيتان ئېيتتى:« پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر [20] شۇنىڭدەك ئۇلارغا:« مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى [21] ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى. دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى (ئۇلارغا كايىپ):« مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى (يەنى مېۋىسىنى) يېيىشتىن مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شۇبھىسىزكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟» دەپ نىدا قىلدى [22] سۈرە ئەئراف]

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۆبەي ئىبنى كەئبدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« شۇبھىسىزكى ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئېگىز ئۆسكەن خورما دەرىخىگە ئوخشاش، بېشىدا چېچى ناھايىتى جىق، ئېگىز بىر كىشى قىلىپ ياراتتى. چەكلەنگە دەرەخنىڭ مېۋىسىنى تېتىشى ھامان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدىن كىيىملىرى چۈشۈپ كېتىپ ئەۋرەت جايى ئەڭ بالدۇر ئېچىلىپ قالدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرگەن ھامان جەننەتنىڭ ئىچىدە ئىشتىنىنىڭ بېغىنى چىگىتىشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چېچىنى بىر دەرەخ ئىلىۋالدى. ئۇ چېچىنى دەرەختىن تارتتى. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇنى: ئى ئادەم! مەندىن قاچما، دەپ چاقىردى. ئۇ رەھمان تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: ئى پەرۋەردىگارىم قاچقىنىم يوق، لېكىن

هايا قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، دەپ جاۋاب بەردى»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]
[ئۇلار:« پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى [23] سۈرە ئەئراف][ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، اللّٰه ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر(بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [37] سۈرە بەقەر]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« كۈن چىققان كۈنىنىڭ (يەنى دۇنيادىكى كۈنلەرنىڭ) ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۈن جۈمە كۈنىدۇر. ئۇ كۈندە(ئادەم ئەلەيھىسسالام) جەننەتتىن چىقىرىلدى[مۇسلىم ۋە نەسەئى]
[ ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر [24] اللّٰه ئېيتتى:« يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر [25] سۈرە ئەئراف][اللّٰه (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ [123] كىمكى زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز[124] سۈرە تاھا]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (ئۆز ۋاقتىدا) ئاللاتائالا ئادەمنى جەننەتتىن چىقارغاندا، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئوزۇق- تۈلۈك قىلىپ بەردى، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنى ياساشنى ئۆگەتتى» [بەززار]

## يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقانلىقى

[ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق [7] سۈرە كەھف][شۈبھىسىزكى، سىلەرنى زېمىندا يەرلەشتۈردۇق، زېمىندا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق [10] سۈرەئەئراف][اللّٰه يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى [29] سۈرە بەقەر]

## ئايلارنىڭ سانى

[ شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ئاللانىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 دۇر [36] سۈرە تەۋبە] [ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]
ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:« بىلىڭلاركى، زامان ئايلىنىپ ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندە لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتكەنلىگەن ھالىتىگە كەلدى. بىر يىل 12 ئىككى ئايدۇر، ئۇنىڭدىن تۆت ئاي ئۇرۇش ھارا قىلىنغان ئايلار بولۇپ، ئۈچ ئېيى ئارقا - ئارقىدىن كېلىدۇ. ئۇلار زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ئايلىرى ۋە جۇمادا ئاخىرى ئېيىي بىلەن شەئبان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى رەجەپ ئېيىدۇر»

## ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن زېمىندىكى مىڭ يىلغا تەڭ كېلىدىغانلىقى

[ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر [47] سۈرە ھەج]

## ئاسمان زېمىننىڭ مىراسى

[ ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى اللّٰه نىڭدۇر[180] ئال ئىمران][ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى اللّٰه نىڭ ئىلكىدىدۇر[12] سۈرە شۇرا][ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە ئاللانىڭدۇر، ھەممە اللّٰه غا بويسۇنغۇچىدۇر [26] سۈرە رۇم]

## ئاسمان-زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى

[بىلمەمسىلەركى، اللّٰه ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى [20] سۈرە لوقمان][اللّٰه ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىينى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ( ئاللانىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار [13] سۈرە جاسىيە][اللّٰه سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر

اللەنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر [34] سۈرە ئىبراھىم]

## ئاسمان زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى

[(پەيغەمبەر) ئېيتتى:« پەرۋەردىگارىم ئاسمان، زېمىندا ئېيتىلغان سۆزلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، اللە (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [4] سۈرە ئەنبىيا][ (اللەغا) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ [24] سۈرە ھەشر][ يەتتە ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللە نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللەنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ، لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر [44] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## ئاسمان زېمىندىكى مەخلۇقاتلار ئاللاغا بويسۇنىدىغانلىقى

[ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممەت ئاللانىڭدۇر، ھەممە اللەغا بويسۇنغۇچىدۇر [26] سۈرە رۇم] [ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا اللەغا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر [93] سۈرە مەريەم] [ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئىككىسىدە جاندارلارنىڭ يېيىلىشى اللە نىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر، اللە ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى جەمئىي قىلىشقا قادىردۇر [29] سۈرە شۇرا] [ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرشتىلەر ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (اللە غا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ [49] سۈرە نەھل][اللەنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر [56] سۈرە ھۇد][سىلەر مەيلى زېمىندا بولسۇن، مەيلى ئاسماندا بولسۇن، اللە (نىڭ ئازابى)دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە اللەدىن بۆلەك دوستمۇ يوق، مەددەتكارمۇ يوق [22] سۈرە ئەنكەبۇت][ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە اللە نى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدۇ. اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر [44] سۈرە فاتىر][ھەممە اللە غا مۇھتاجدۇر [2] سۈرە ئىخلاس][ئى ئىنسانلار! سىلەر اللەغا مۇھتاجسىلەر، اللە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر [15] سۈرە فاتىر]

## ئاسمان زېمىننىڭ قوشۇنى

[ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا خاستۇر [27] سۈرە جاسىيە][ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سىلەرگە اللە تىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەددەتكار يوقتۇر [107] سۈرە بەقەر][ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللە نىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر [116] سۈرە بەقەر][ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى اللە نىڭدۇر [4] سۈرە فەتىھ] [پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ [31] سۈرە مۇددەسسىر] [(اللە )قۇدرەتلىكتۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر [58] سۈرە زارىيات][ئېيتقىنكى: كىمكى گۇمراھلىقتا بولىدىكەن، مەرھەمەتلىك اللە ئۇنىڭغا مۇھلەت بېرىدۇ، تاكى ئۇلار ئازاب ۋە قىيامەتتىن ئىبارەت اللە ئۇلارغا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئاندىن كىمنىڭ ئورنى يامان ۋە كىمنىڭ لەشكىرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ [75] سۈرە مەريەم][ئاندىن سىلەر بىزدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ ئەھەدى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقمامسىلەر؟[69] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## غەيىب

[غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت اللە بىلىدۇ [59] سۈرە ئەنئام][ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش اللە غا خاستۇر [123]سۈرە ھۇد][اللە ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگۈچىدۇر، اللە ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر [38] سۈرە فاتىر][غەيبنى بىلىش پەقەت اللەغا خاس [20] سۈرە يۇنۇس][اللەدىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ [65]سۈرە نەمل]

## ئاللانىڭ خالىغان ئادەمگە غەيبنى بىلدۈرۈشى

[اللە غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ [26] سۈرە جىن][اللە سىلەرنى غەيبدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن ئاللا پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا غەيبنى بىلدۈرىدۇ [179] سۈرە ئال ئىمران][قىيامەت(نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللا يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللا بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى-يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، تولۇق خەۋەرداردۇر [34] سۈرە لۇقمان]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« غەيب ئىلمىنىڭ ئاچقۇچلىرى بەشتۇر، ئۇنى ئاللاتائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. 1-ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، 2-بالىياتقۇدىكى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى، 3- يامغۇرنىڭ قاچان ياغىدىغانلىقىنى، 4- ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى، 5- قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقىنى ئاللاتائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ» [بۇخارى]

[ ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا غەيب بولۇپ(ئۇنىڭدىن غەيب نەرسىلەرنى) يېزىۋالامدۇ؟ [41]سۈرە تۇر][ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا غەيب (يەنى غەيبنى ئىچىگە ئالغان لەۋھۇلمەھپۇز) بار بولۇپ، ئۇلار (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭغا) يازامدۇ؟ [47] سۈرە قەلەم][ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ؟ ياكى مەرھەمەتلىك اللّٰه نىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنمۇ؟ [78] سۈرە مەريەم][ئۇلار غەيب (ئىشلىرى) ئۈستىدە يىراق جايدىن قارىسىغا سۆزلەيدۇ [53] سۈرە سەبەئـ][سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن [85] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئۇلار اللّٰهنىڭ مەلۇماتىدىن (اللّٰه) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ [255] سۈرە بەقەرە][بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ [5] سۈرە قىيامەت]

## ئاقار يۇلتۇز

[ھەر بىر قوغلاندى شەيتاندىن ئاسماننى قوغدىدۇق [17] لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) ئوغرىلىقچە قۇلاق سالماقچى بولغان شەيتاننى روشەن ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ يېتىدۇ (يەنى ھالاك قىلىدۇ) [18] سۈرە ھىجر][ بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38]سۈرە ياسىن] [(جىنلار ئېيتتى) بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق [8]. بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئورۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ [9]. بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىنىدىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز [10]سۈرە جىن]

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنسارى ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ، ئەتراپنى يورۇتىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جاھىلىيەت دەۋرىدە مۇشۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق نېمە دەيتتىڭلار؟- دەپ سورىدى، بىز: ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، بىز:” بۇ كېچە بىر ئۇلۇغ ئادەم ئۆلۈپ، يەنە بىر ئۇلۇغ ئادەم تۇغۇلىدىكەن“ دەيتتۇق- دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەتتە يۇلتۇزلار بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن ئاقمايدۇ، بەلكى ئىسمى زاتى ئۇلۇغ ھەم بەرىكەتلىك بولغان رەببىمىز بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەر تەسبىھ ئېيتىشىدۇ، ئۇندىن كېيىن ئاستىدىكى ئاسماندىكىلەر تەسبىھ ئېيتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى تەسبىھ ئېيتىش مۇشۇ تۆۋەن قەۋەتتىكى پەرىشتىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن كېيىنكى پەرىشتىلەر ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن:” پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟“- دەپ سورايدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئاسماندىكىلەر بىر- بىرىدىن سوراپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇ خەۋەر مۇشۇ تۆۋەن ئاسماندىكىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا جىنلار ئۇ خەۋەرنى ئاڭلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىگە (پالچى، رەممالّلارغا) يەتكۈزىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇلارغا يۇلتۇز ئېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاسماندىن ئاڭلىۋالغان خەۋەرنى ئەينەن ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ راست خەۋەر بولىدۇ. لېكىن ئۇلار راست سۆزگە يۈز يالغاننى قېتىۋېتىدۇ» [مۇسلىم]

## خاتالىقنى يازىدىغان قەلەم

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قەلەم ئۈچ ئادەمدىن كۆتۈرۈلگەن (گۇناھ يېزىلمايدۇ): ئۇخلاپ قالغان ئادەم ئويغانغۇچىلىك، ئۆسمۈر بالاغەتكە يەتكۈچىلىك، ئەقلىسىز ئەقلىنى تاپقۇچىلىك» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن سول تەرەپتىكى گۇناھلارنى يازىدىغان پەرىشتە، بەندە گۇناھ قىلغاندا قەلەمنى خاتالاشقان مۇسۇلمان بەندىدىن ئالتە سائەت يازماي تۇرىدۇ. ئەگەر شۇ ۋاقىت ئىچىدە تەۋبە قىلىپ شۇ گۇناھىغا ئاللادىن مەغپىرەت سورىسا، پەرىشتە ئۇ گۇناھنى يازماي قەلەمنى ئۆز جايىغا تاشلاپ قويىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا، بىر گۇناھنى بىر يازىدۇ»[تەبرانى ھەسەن]

## تەۋبە دەرۋازىسى

سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەغرىب

تەرەپتە بىر دەرۋازا بار بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكىنى ئاتلىق كىشى قىرىق (ياكى يەتمىش) يىلدا بېسىپ ئۆتىدۇ. ئاللا ئاسمان بىلەن زېمىننى ياراتقان كۈندە شۇ دەرۋازىنىمۇ ياراتقان بولۇپ، تەۋبە ئۈچۈن داۋاملىق ئېچىپ قويغان. قۇياش ئۇنىڭدىن چىقمىغىچە، ئۇ دەرۋازا تاقالمايدۇ» [تىرمىزى ھەسەن]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك - شۈبھىسىزكى، شەيتان ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بەندىلىرىڭنىڭ جانلىرى تەنلىرىدە بولىدىغان بولسا، مەن ئۇلارنى داۋاملىق ئازدۇرۇپ تۇرىمەن، دېدى. پەرۋەردىگارىم مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا داۋاملىق ئىستىغپار ئېيتىپلا تۇرسا، مەن ئۇلارنى ھەمىشە مەغپىرەت قىلىمەن » [ئەھمەد ۋە ھاكىم]

## ئادەملەرنى قوغدىغۇچى پەرىشتە

[ھەر بىر ئادەم بىلەن (شۇ ئادەمنى) ساقلىغۇچى (پەرىشتە) بار [4] سۈرە تارىق][ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى - كەينىدە اللّٰه نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار [11] سۈرە رەئد]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەردىن ھەر بىر ئادەمگە جىندىن بولغان ھەمراھ (يەنى شەيتان) ۋە پەرىشتىدىن بولغان ھەمراھ مۇئەككەل قىلىنىدۇ» ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ساڭىمۇ مۇئەككەل قىلىنامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ماڭىمۇ مۇئەككەل قىلىنىدۇ، لېكىن ئاللا شەيتانغا قارشى ماڭا ياردەم بېرىدۇ. شەيتان مېنى پەقەت ياخشى ئىشنى قىلىشىمدىن باشقىغا بۇيرۇشقا قادىر بولالمايدۇ»دېدى[مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

## سىلە -رەھىم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مەخلۇقاتنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن سىلە - رەھىم قوپۇپ ئاللانىڭ بېلىگە ئېسىلدى، ئاللا ئۇنىڭغا: قولۇڭنى تارت، دېدى. سىلە - رەھىم: مەن سەن بىلەن، رەھىمسىزلىكتىن پانا تىلەيمەن، دېدى. ئاللا ئۇنىڭغا: مەمنۇن بولمامسەنكى، سىلە - رەھىم قىلغان ئادەمگە مەن سىلە - رەھىم قىلىمەن، سىلەر - رەھىم قىلمىغان ئادەمگە مەن سىلە - رەھىم قىلمايمەن، دېدى. ئۇ: ئى رەببىم! دېگىنىڭگە مەمنۇن بولدۇم، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتىدۇكى، خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: [ سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ [22] سۈرە مۇھەممەد ] [بۇخارى]

## ئاللاتائالانىڭ رەھمىتى

[مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر[156]سۈرە ئەئراف]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن ئاللاتائالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان چاغدا، ئەرشنىڭ ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ يېنىدىكى كىتابقا "ھەقىقەتەن رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈن كەلدى" دەپ يازدى»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« ئاللاتائالا رەھىمدىللىقنى 100 ئۈلۈش قىلىپ، ئۆزىنىڭ قېشىدا 99 نى ئېلىپ قېلىپ، زېمىنغا پەقەت بىر ئۈلۈشنى چۈشۈرگەن، مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزئارا سىلە - رەھىم قىلىشى، ھەتتا ئاتنىڭ ئۆز بالىسىنى دەسسىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن تۇۋىقىنى كۆتۈرۈۋېلىشىمۇ ئەنە شۇ بىر ئۈلۈشنىڭ سەۋەبىدىندۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاتائالانىڭ 100 ئۈلۈش رەھمىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئۈلۈش رەھمەتنى جىنلار، ئىنسانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ھاشارەتلەر ئارىسىغا چۈشۈردى، ئاشۇ بىر ئۈلۈش رەھمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلار ئۆزئارا مېھرىبانلىق قىلىشىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ. ئاللاتائالا 99 ئۈلۈش رەھمەتنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ» دېيىلگەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## كىتاب ۋە قانۇن چۈشۈرۈش

[ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن [1] ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى [2] مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى كۆرسەتتى [3] سۈرە ئەئلا][ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق[25] سۈرە ھەدىد]

## ئاسماندىن تۆمۈرنى چۈشۈرۈش

[تۆمۈرنى چۈشۈردۇق، تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار [25] سۈرە ھەدىد]

## كېسەل چۈشۈرۈش

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا بىرەر كېسەلنى چۈشۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ چۈشۈرگەندۇر» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئى ئاللانىڭ بەندىلىرى! كېسەل بولساڭلار داۋالىنىڭلار!، چۈنكى، ئاللاتائالا بىر كېسەلنى قويسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ بىللە قويغاندۇر. لېكىن، قېرىلىقدىن ئىبارەت بۇ كېسەلگە داۋا يوقتۇر» [ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بىرەر كېسەلنى چۈشۈرگەن بولسىلا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ چۈشۈرگەندۇر، بۇ داۋانى ئاللاھ بىلدۈرگەن كىشى بىلەلەيدۇ، ئاللاھ بىلدۈرمىگەن كىشى بىلەلمەيدۇ، لېكىن، ھەرقانداق كېسەلگە داۋا بولسىمۇ، ئۆلۈمگە داۋا تېپىلمايدۇ (خۇددى قېرىلىققا تېپىلمىغاندەك)[ ھاكىم سەھىھ]

## ھەر يىلى ئاسماندىن ۋابا چۈشىدىغانلىقى

بىر رىۋايەتتە كېلىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر يىلنىڭ ئىچىدە بىر كېچە بار بولۇپ، ئۇ كېچىدە ئاسماندىن زېمىنغا ۋابا چۈشىدۇ. بۇ ۋابانىڭ بىر قىسمى شۇ كېچىسى ئاغزى ئوچۇق قالغان قاچا، تولۇم قاتارلىقلارغا چۈشىدۇ» [مۇسلىم]

## پەسكەشلىكنى تەقسىم قىلىش

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەسكەشلىك 70 تۈر بولۇپ، 69 تۈرى بەربەرىلەرگە، بىرى تۈرى جىنلار بىلەن قالغان ئىنسانلارغا تەقسىم قىلىنغان» [ئەلئەۋسەت ۋە ئەلكەبىر]

## ئەخلاقنى تەقسىم قىلىش

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا ئەخلاقىڭلارنىمۇ ئاراڭلاردا تەقسىم قىلغان» [ئەھمەد]

## ھۈنەرۋەن ۋە ھۈنەر

ھۈزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا ھەر ھۈنەرۋەننى ۋە ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ياراتقۇچىدۇر» [بەززار]

## سالامنى زېمىنغا چۈشۈرۈش

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ‹ئەسسالام› ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاللا ئۇنى زېمىنغا چۈشۈرگەن» [بەززار ۋە ئەلكەبىر]

## ئاسماندا ساۋاب ۋە رىزىق بارلىقى

[ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار[22] سۈرە زارىيات]

## ئاللاتائالانىڭ ھەممە مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىدىغانلىقى

[ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى اللّٰه نىڭدۇر [180] ئال ئىمران][(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، اللّٰهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر [96] سۈرە نەھل][ ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشتىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ» دېگىن [100] سۈرە بەنى ئىسرائىل][مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر [38] سۈرە ئەنئام][اللّٰه سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى [40] سۈرە رۇم][اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللّٰه نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر [58]سۈرە زارىيات][يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى اللّٰه (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان

[6] سۈرە ھۇد][ نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى  اللّٰه رىزىقلاندۇرىدۇ [60] سۈرە ئەنكەبۇت][كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز [31] سۈرە بەنى ئىسرائىل][رىزقىنى اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار(رىزىق بېرىشكە پەقەت اللّٰه نىڭ ئۆزى قادىر) [17] سۈرە ئەنكەبۇت]

## ئاللاتائالانىڭ  بەندىلىرى ئارىسىدا رىزقىنى تەقسىم  قىلىشى

[اللّٰه سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى [165] سۈرە ئەنئام][پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق  [32] سۈرە زۇخرۇق] [ئەگەر اللّٰه بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە- پاسات تېرىيتتى. لېكىن اللّٰه خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ [27] سۈرە شۇرا][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## ئاللاتائالانىڭ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ ۋە تار قىلىشى

[اللّٰه خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ [12]سۈرە شۇرا] [ئېيتقىنكى:  ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم كىمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (كىمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ [36] سۈرە سەبەئـ][اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165]سۈرە نىسا]

## ئاللاتائالانىڭ  ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى

[(خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ [31] سۈرە يۇنۇس][بىر اللّٰەدىن باشقا ھېچ ئىلاھ  يوقتۇر؛ اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ [255] سۈرە بەقەر][ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر  اللّٰه نىڭدۇر (يەنى  اللّٰه نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا  اللّٰه يېتەرلىكتۇر [132] سۈرە نىسا][ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە  اللّٰەدىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە  اللّٰەغا مۇھتاجدۇر)  اللّٰه ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر (يەنى  اللّٰه ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)  [29] سۈرە رەھمان][اللّٰه ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ  [5]سۈرە سەجدە] [شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە اللّٰه قا مەخپىي ئەمەس [5] سۈرە ئال ئىمران] [پەرۋەردىگارىڭ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ [55] سۈرە بەنى ئىسرائىل][اللّٰه زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، اللّٰه سىلەر بىلەن بىرگە،  اللّٰه قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر  [4] ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللّٰه غا خاستۇر، ھەممە ئىش اللّٰەغا قايتۇرۇلىدۇ [5] سۈرە ھەدىد][اللّٰه ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر، اللّٰه ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [84] سۈرە زۇخرۇق][جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى  اللّٰه قا خاستۇر! [36] ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق  اللّٰه قا خاستۇر، اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [37] سۈرە جاسىيە]

## ئاللاتائالانىڭ جاھان ئەھلىنىڭ دىلىدىكىنى بىلىدىغانلىقى

[ئېيتقىنكى: دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار،  اللّٰه ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.  اللّٰه ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر  [29] سۈرە ئال ئىمران][اللّٰه جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟ [10] سۈرە ئەنكەبۇت]

## ئاللاتائالانىڭ ئۆلچەم  ۋە رىزقىنى خالىغانچە ئېگىز پەس قىلىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ  قولىدا ئادالەت تارازىسى بولۇپ، خالىغان ئادەمنى تۆۋەن چۈشۈرىدۇ، خالىغان ئادەمنى يۇقۇرى كۆتۈرىدۇ»  [بۇخارى]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام  مۇنداق دېگەن:« ئاللا شەكسىز ئۇخلىمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۇخلاش لايىق ئەمەس. ئۇ ئۆلچەمنى ياكى رىزقىنى خالىغانچە چۈشۈرىدۇ ۋە خالىغانچە كۆتۈرۈۋېتىدۇ»  [بۇخارى]

## بازار باھاسىنى بېكىتىش

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدە باھا ئۆرلەپ كەتكەن بىر چاغدا ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:« ئى رەسۇلۇللا! بىزگە باھا بېكىتىپ بەرگىن» دەپ ئىلتىماس قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن:« باھانى بېكىتكۈچى، رىزقىنى ئازايتىپ، كېڭەيتكۈچى ئاللاتائالادۇر. مەن ئاللاتائالانىڭ ئالدىغا ھېچبىرىڭلارنىڭ قان ياكى مال توغرۇلۇق مەندىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان ھالەتتە بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە دارىمى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇيەئلا ۋە ئىبنى ھەببان ۋە بەيھەقى سەھىھ]

## زامانىنى تىللىماسلىق

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا ئەززە ۋە جەللە:« ئادەم بالىسى زامانىنى تىللاپ: ۋاي ئىسىت! زامان ئۇنداق قىلدى، زامان بۇنداق قىلدى- دەپ ماڭا ئازار بېرىدۇ، مەن زاماندۇرمەن، مەن زاماننىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزىنى ئۆرۈپ تۇرىمەن، خالىسام ئىككىسىنى ئۆرۈمەي تۇتۇپ تۇرۇۋالىمەن» دېدى. شۇڭا ھېچقايسىڭلار:« ۋاي ئىسىت! زامان ئۇنداق قىلدى، زامان بۇنداق قىلدى» دەپ سالمىسۇن» [مۇسلىم]

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر، ئەگەر ئۆزلىرىگە بىرەر ئېغىرچىلىق ياكى بىرەر بالا ۋە ياكى بىرەر مۇسىبەت كەلسە، ئۇلار: ئى زىيانكار زامان! دەيتتى. ئۇلار ئەنە شۇ ئۆزلىرىگە ئۇنى كەلمىگەن ئىشلارنى زامانغا ئارتاتتى ۋە زامانىنى تىللايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلارنى قىلغۇچى پەقەت ئاللاتائالادۇر. شۇنداق قىلىپ ئۇلار گويا غالىب ۋە بۈيۈك ئاللاتائالانى تىللىغان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

## ئۆلۈم ۋە تىرىكلىكنى يارىتىش

[سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، اللّٰه ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى [2] سۈرە مۇلۈك][ھەربىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر [57] سۈرە ئەنكەبۇت]

## زېمىندا ئورۇنباسار قىلىش

[اللّٰه سىلەرنى زېمىندا ئورۇنباسار قىلدى [38] سۈرە فاتىر][اللّٰه ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن اللّٰه پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [251] سۈرە بەقەر]

## ئادەم بىلەن ھەۋۋا يېقىنچىلىق قىلىشى

[(ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنىسى-ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ جىنسىدىن ياراتتى، خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر-بوي يۈردى، ئۇ (بالىنىڭ قورساقتا ئۆسۈپ چوڭىيىشى بىلەن) ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، (ئەر-خوتۇن) ئىككىيلەن پەرۋەردىگارى ئاللاغا:« ئەگەر بىزگە (ئەزالىرى) بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، نېمىتىڭگە ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ دۇئا قىلدى [189] ئاللا ئۇلارغا بېجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈپ (بۇتلارغا چوقۇندى)، ئاللا ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىدىن پاكتۇر [190] سۈرە ئەئراف]

## قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈشى

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىزنىڭ قوشكېزەك بىر توغقان قېرىندىشىغا ئۆيلىنىشى چەكلىنىپ باشقا بىر توغقانلىرىغا ئۆيلىنىشكە بۇيرۇلغان. ھەۋۋا ئانىمىز ھەر بىر قېتىم قورساق كۆتۈرگەندە بىر قىز بىر ئوغۇل تۇغۇدىغان بولۇپ، بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرگەندە چىرايلىق قىز يەنە بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرگەندە سەت قىز تۇغۇلغان. سەت قىزنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشى چىرايلىق قىزنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشىغا مەن سېنىڭ قوشكېزەك قىز قېرىندىشىڭنى ئالاي سەن مېنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشىمنى ئال دېگەندە: ئۇ مەن ئۆزۈمنىڭ قوشكېزەك قىز قېرىندىشىمنى ئېلىشقا ھەقلىقراق، دەپ تۇرۇۋالغان شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇربانلىق قىلىشىپ باققان. قوچقار قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنىپ، بۇغداي قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنمىغان» [تەپسىر ئىبنى كەسىر]

[ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرىسى (يەنى ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرىسى (يەنى قابىل)نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا) « مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن » دېدى، ھابىل نېمىشقا دېۋىدى، قابىل:« اللّٰه سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى» دېدى. (ھابىل) ئېيتتى: اللّٰه پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ [27] ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى

ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەققەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰهدىن قورقىمەن [28] مەن ھەققەتەن سەن بىلەن گۇناھىمنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر [29] سۈرە مائىدە]

ئابدۇللا ئىبنى ۋەھب، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ بېشىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، قېرىندىشى ئۇنىڭغا يېتىپ بەردى. ئۇ قېرىندىشىنىڭ بېشىنى ۋە سۆڭەكلىرىنى سىقىشقا باشلاپ قانداق ئۆلتۈرۈشنى بىلمەي قالدى. دەپ شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يېنىغا ئىبلىس كېلىپ: ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى خالامسەن؟ دېدى. ئۇ: ھەئە. دېدى. ئىبلىس ئۇنداق بولسا، مۇشۇ تاشنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تاشلىغىن دېدى. ئۇ دەرھال تاشنى ئېلىپ قېرىندىشىنىڭ بېشىغا تاشلىدى. قېرىندىشىنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتتى. ئاندىن ئىبلىس ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىپ: ئى ھەۋۋا! قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دېدى. ھەۋۋا ئانىمىز: يوقال! ئۆلۈم دېگەن نېمە ئۇ؟ دېدى. ئىبلىس: ئۆلۈم دېگەن يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ۋە مىدىرلىمايدۇ، دېدى. ھەۋۋا: بۇ دېگەن ئۆلۈممۇ؟ دېدى. ئىبلىس: ئۆلۈم دېگەن شۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز تۇۋلىغىلى تۇردى. ئۇ تۇۋلاۋاتقاندا ئادەم ئەلەيھىسسالام كىرىپ:« ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاپ بەرمىدى. يەنىلا گەپ قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام:« ساڭا ۋە قىزلىرىمىزغا ۋاقىراش پۈتۈلگەي، مەن ۋە ئوغۇللىرىمىز مۇنداق قىلمىغايمىز» دېدى. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ رىۋايەت قىلغان [تەپسىر ئىبنى كەسىر]

[ئۇ (يەنى قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى [30] اللّٰه ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن) يەرنى كولىدى. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ):« ۋاي مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نادامەت قىلغۇچىلاردىن بولدى [31] سۈرە مائىدە]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەر قانداق بىر ئىنسان ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئۆلتۈرگۈچىنىڭ گۇناھىدىن ئادەم بالىسىغا (قابىلغا) بىر ھەسسە يېزىلىدۇ. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى بىرىنچى بولۇپ (ئادەم) ئۆلتۈرۈشنى پەيدا قىلغان كىشىدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ جان ئالغۇچى پەرىشتە ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى كەلگەندە ئادەم ئەلەيھىسسالام:« مېنىڭ ئۆمرۈمدىن يەنە 40 يىل قالمىدىمۇ؟ دېدى. جان ئالغۇچى پەرىشتە: سەن ئۇ 40 يىل ئۆمرىڭنى ئوغلۇڭ داۋۇدقا بەرمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن تېنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارمۇ تېنىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالاغا (چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە بەرگەن ۋەدىسىنى) ئۇنتۇغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارمۇ ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارمۇ خاتالىشىدىغان بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ يېزىپ قويۇشقا گۇۋاھچى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان» [تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

[ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنساننىڭ سۆز - ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ [17 -18] سۈرە قاف]

ئەۋس ئىبنى تەۋس سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەڭ ئەۋزەل كۈنۈڭلار جۈمە كۈنىدۇر، شۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام قەبزى - روھ قىلىندى» [ئەھمەد]

ئەبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەم ئاتا ۋاپات بولغاندا ئۇنى پەرىشتىلەر سۇ بىلەن تاق يۇدى ۋە لەھەد كولىدى، ئاندىن ئۇلار مانا بۇ ئادەمنىڭ باللىرىغا قالدۇرغان سۈننىتى دېدى»[ھاكىم سەھىھ]

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەرىشتىلەر ئادەمنى يۇيۇپ، تۆت تەكبىر بىلەن نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن: ئى ئادەم باللىرى! مانا بۇ، جىنازا نامىزى چۈشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى، - دېدى» [ئەلئەۋسەت]

يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، پەرىشتىلەر ئۇنى سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، ئاندىن يەرلىكىدە قويغان» دېيىلگەن [ئەلئەۋسەت]

## ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچى

[ئاياللا بىلەن ئۇنىسى-ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللّٰه نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھرى- مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللّٰهنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر [21] سۈرە رۇم][سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى [72] سۈرە نەھل][سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا) تۆكۈلگەن مەنىنى دەپ بېقىڭلارچۇ [58] ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق [59] سۈرە ۋاقىئە][ ئىنسا نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن [5] ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى [6] ئۇ مەنى ئۇمۇرتقان بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ [7] سۈرە تارىق]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بالا ئىسپىرما سۈيىنىڭ ھەممىسىدىن بولمايدۇ» دېگەن»[مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

[ شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىسى) دىن ياراتتۇق [2] سۈرە ئىنسان]

شەبىب ئىبنى بەشەر ۋە ئىكرىمە ئىبنى ئابباسنىڭ: ئەرنىڭ مەنىيسى ئۇمۇرتقىسىدىن، ئايالنىڭ ئىككى كۆكسى ئاستىدىن چىققان مەنىنىڭ رەڭگى سېرىق، سۇيۇق بولىدۇ. بالا مۇشۇ سۇيۇق مەنىيدىن بولىدۇ. دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدى[تەپسىرئىبنى كەسىر]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللا ئىبنى سالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مەن سەندىن پەيغەمبەردىن باشقىسى بىلمەيدىغان ئۈچ مەسىلە سورايمەن: تۇغۇلغان بالا نېمە ئۈچۈن ئاتىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشايدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسى ئايال كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنى بېسىپ كەتسە بالا ئاتىسىغا ئوخشايدۇ، ئايال كىشىنىڭ ئىسپىرمىسى ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنى بېسىپ كەتسە بالا ئانىسىغا ئوخشايدۇ، دېدى» [بۇخارى]

ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بالىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە ئوخشاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ (دەپ سورالغاندا) ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنىڭ ئاق رەڭدە قويۇق بولىدىغانلىقى، ئايال كىشىنىڭ ئىسپېرمىسىنىڭ سۇيۇق سېرىق رەڭدە بولىدىغانلىقى، ئۇ ئىككى ئىسپىرمىدىن قايسى بىرى بېسىپ كەتسە (يەنى بالدۇر كەلسە)، بالا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ- دېدى» [مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بالىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە ئوخشاپ قېلىشى دەل شۇ ئىككى تەرەپنىڭ مەنىيسىگە باغلىقتۇر، ئايالنىڭ مەنىيسى ئەرنىڭكىنى بېسىپ چۈشسە، بالا ھاممىلىرىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئەرنىڭ مەنىيسى ئايالنىڭ مەنىيسىنى بېسىپ چۈشسە، بالا تاغىلىرىغا ئوخشايدۇ- دېدى» [مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنىڭ ئاق رەڭدە قويۇق بولىدىغانلىقى، ئايال كىشىنىڭ ئىسپېرمىسىنىڭ سۇيۇق سېرىق رەڭدە بولىدىغانلىقى، ئىككى ئىسپىرمىدىن قايسى بىرى بېسىپ كەتسە، ئاللاتائالانىڭ ئىزنى بىلەن بالىنىڭ ئىسپىرمىسى ئېشىپ كەتكۈچىگە ئوخشايدىغانلىقى، ئەگەر ئىككى سۇ بىراقلا تەڭلىشىپ قالسا، بالا دادىسىغىمۇ، ئانىسىغىمۇ (يەنى ئىككىسىگە تەڭ)ئوخشايدۇ» [ئەبۇشەيخ سەھىھ]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەر كىشىنىڭ ئىسپىرمىسىنىڭ ئاق رەڭدە قويۇق بولىدىغانلىقى، ئايال كىشىنىڭ ئىسپېرمىسىنىڭ سۇيۇق سېرىق رەڭدە بولىدىغانلىقى، ئىككى سۇ بىرلەشسە، ئاندىن ئەر كىشىنىڭ سۈيى ئايال كىشىنىڭ سۈيىنى بېسىپ چۈشسە، بالا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەر كىشىگە ئوخشايدۇ، ئوغۇل تۇغىدۇ، ئايال كىشىنىڭ سۈيى ئەر كىشىنىڭ سۈيىنى بېسىپ چۈشسە، بالا قىز تۇغۇلىدۇ، ئانىسىنى تارتىدۇ. ھەممىسى ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن بولىدۇ» [مۇسلىم ۋە نەسەئى]

[اللّٰه بىر جۈپنى- ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى [45] ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى) [46] سۈرە نەجم][ سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ [20]ئۇنى بىز مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغۇچە) پۇختا ئارامگاھ (يەنى بەچچىدان)دا قىلدۇق [21-22 ][ ئاندىن ئۇنى بىز پۇختا قاراگاھ (يەنى بەچچىدا)دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇ [13] ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى اللّٰه (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر [14] سۈرە مۆئمىنۇن]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك- شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار يارىتىلىدىغان ئابىمەنىي ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدا 40 كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇيۇل قان ھالىتىدە 40 كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن پارچە گۆش ھالىتىدە 40 كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن ئاللاتائالا ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، پەرىشتە تۆت ئىشنى- رىزقىنى، ئۆمرىنى، ئەمەلىنى ۋە بەختسىز ياكى بەختلىك بولىدىغانلىقىنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ »[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« پەرىشتە: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ جان ئوغۇل بولامدۇ ياكى قىزمۇ؟ ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ بەختلىك بولامدۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ ئۇنىڭ رىزقى قانداق بولىدۇ؟ ئۆمرىچۇ؟ دەيدۇ. ئاللاتائالا بۇلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە يازىدۇ » [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جان كىرگۈزدى) [9]سۈرە سەجدە][اللّٰه سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالاھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ [6] سۈرە زۇمەر]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەقىقەتەن ئىنسان بالىسى بولغان ھەر ئادەم 360 دانە ئۇگىلىك قىلىپ يارىتىلدى» [مۇسلىم]

[ ھەربىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى اللّٰه بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ- قىزمۇ، بىرمۇ- كۆپمۇ، چوڭمۇ- كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ- سەتمۇ، بەختلىكمۇ- بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ- قىسقىمۇ- ھەممىسىنى اللّٰه بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (اللّٰه ) بىلىدۇ [8] سۈرە رەئد][ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ [6] سۈرە ئال ئىمران][ ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز [61] سۈرە ۋاقىئە] [ اللّٰه نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ [49] ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ [50] سۈرە شۇرا]

ئاللا ئىنسانلارنى تۆت قىسىمغا بۆلدى:

1 - قىز بالا بېرىلىدىغان ئادەم.

2 - ئوغۇل بالا بېرىلىدىغان ئادەم.

3 - ئوغۇل - قىز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدىغان ئادەم.

4 - قىزمۇ ئوغۇلمۇ بېرىلمەيدىغان ئادەم، ئاللاتائالا بۇ خىلدىكى ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئۇنىڭ بالىسى بولمايدۇ، نەسلى قالمايدۇ.

## قورساق كۆتۈرۈش، سۈتتىن ئايرىش، قۇلاق، كۆز، يۈرەكلەر

[بىز ئىنساننى ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر [15] سۈرە ئەھقاف][اللّٰه سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، اللّٰه سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى [78] سۈرە نەھل][سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ [31] سۈرە يۇنۇس]

## ئادەم باللىرىنى چىرايلىق يارىتىش

[ بىز ئىنساننى شەك- شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق [4] سۈرە تىين][سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى [3] سۈرە تەغابۇن]

## بالا تۇغۇلغاندا شەيتاننىڭ بالىنى نوقۇشى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەم باللىرى تۇغۇلغان چاغدا شەيتان (ئۇ بالىنىڭ) ئىككى بېقىنىغا بارمىقىنى سانجىۋېتىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق ئادەم بالىسى تۇغۇلغان ۋاقتىدا شەيتان ئۇنى نوقۇپ قويىدۇ. ئۇ بالا شەيتاننىڭ نوقۇشىدىن قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ» [بۇخارى]

## بەش ئىش يارىتىلىشىدىلا سۈننەت ئىكەنلىكى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناقنى ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇشتىن ئىبارەت بەش ئىش يارىتىلىشتىنلا سۈننەتتۇر» [مۇسلىم]

## بالا تۇغۇلغاندا ئىسلام ئۈستىدە تۇغۇلىدىغانلىقى

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بالا ئىسلام ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنگە قەدەر مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئىپادىلىگەن چاغدا، يا شۈكرى قىلغۇچى (يەنى مۇسۇلمان) بولىدۇ ياكى ئىنكار قىلغۇچى (يەنى كاپىر) بولىدۇ» [ئەھمەد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خۇددى ھايۋان بالىسىنى تۇغقاندا ساغلام تۇغقاندەك، ھەر قانداق بالا تۇغۇلغاندىلا ئىسلامنى ئۆزلىكىدىن قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەت بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئۇ بالىنى ئاتا - ئانىسى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ۋە ياكى ئاتەشپەرەس قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. سىلەر ھايۋاننىڭ باللىرىنى چولاق تۇغۇپ قويغىنىنى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟» ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:[ اللّٰەنىڭ دىنىغا(ئەگەشكىنكى) ئاللا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر [30] سۈرە رۇم][بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« تۆگە بوتىلىقىنىڭ چولاق تۇغۇلغىنىنى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇنى سىلەر (تۇغۇلغاندىن كېيىن) چولاق قىلىسىلەرغۇ؟ - دېدى» [مۇسلىم]

## قەلبلەر

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر قانداق ئىنساننىڭ قەلبى ئاللانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدىدۇر. ئاللاھ قەلبلەرنى ئۆزى خالىغانچە يۆتكەپ تۇرىدۇ»[ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! بۇ دۇئانى نىمانچە كۆپ ئوقۇيسەن؟- دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئۇممۇ سەلەمە! ھەر قانداق ئىنساننىڭ قەلبى ئاللانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدىدۇر. ئاللا كىمنى خالىسا، شۇنى ھىدايەتكە باشلايدۇ. كىمنى خالىسا، شۇنى ئازدۇرىدۇ - دېدى» [تىرمىزى سەھىھ]

## ئىنساننى جاپا مۇشەققەت ئىچىدە ياراتقانلىقى

[بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق [4] سۈرە بەلەد]

## ئادەم بالىسى چىدامسىز ئىكەنلىكى

[ ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى [19] سۈرە مائارىج]

خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئادەم بالىسى شۇنداق ئاجىزكى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىسسىق ھارارەت يەتسە، ۋايجان- ۋايەي دەيدۇ. سوغۇق يەتسىمۇ ۋايجان- ۋايەي دەيدۇ » [ئەھمەد ۋەتەبرانى سەھىھ]

## ئىنسان ئۈچ ئىشتىن قورقىدىغانلىقى

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېدى:« ئىنسان مۇنداق ئۈچ ئىشتىن بەك قورقىدۇ. 1 - تۇغۇلغان كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدىن باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىدە قورقىدۇ. 2 - ئۆلگەن كۈنى بۇرۇن كۆرمىگەن كىشىلەرنى كۆرگەندە قورقىدۇ. 3 - قەبرىدىن تىرىلىپ تۇرغان كۈنى، ئۇ ئۆزىنى كاتتا بىر يىغىلىشتا كۆرگەندە قورقىدۇ. ئاللاتائالا يەھياغا بۇ ئۈچ ئورۇندا مەرھەمەت قىلىپ ئۇنى (بۇ ئورۇنلاردا) خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىغا خۇش بېشارەت بەردى»

## ئىنسان ئاجىز يارىتىلغانلىقى

[اللّٰە سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، اللّٰە نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ[54] سۈرە رۇم][ ئاندىن ئۇ سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ، ئاندىن (كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئەقىلدە كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، ئاندىن قېرىيسىلەر- بەزىڭلار بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر- ئاندىن سىلەر مۇئەييە ۋاقتىقىچە ياشايسىلەر، سىلەر (اللّٰەنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) چۈشەنگەيسىلەر [67] سۈرە غافىر]

ئابدۇللا ئىبنى شىخخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەم ئەۋلادى بىلەن ئۆلۈمنىڭ 99 خىل سەۋەبلىرى بىللە يارىتىلغان بولۇپ، پۈتۈن سەۋەبلەردىن قۇتۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، نىھايەت قېرىپ كېتىپ ئۆلىدۇ» [تىرمىزى ۋە زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

## مۆمىن ۋە كاپىر

[اللّٰە سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاراڭلاردا مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار [2] سۈرە تەغابۇن]

## نۇرغۇن مىللەت يارىتىش

[ ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق [13] سۈرە ھۇجۇرات]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئاللاتائالانىڭ:« ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئۆزئارا) تونۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق» دېگەن ئايىتىنى: مىللەتلەر - چوڭ قەبىلىلەردۇر؛ قەبىلىلەر بولسا ئۇرۇق - جەمەتلەردۇر، - دەپ تەپسىر قىلغان» [بۇخارى]

## ئىنسانلارنىڭ تىللىرى، رەڭگىلىرىنى خىلمۇ - خىل يارىتىش

[اللەنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ- خىل بولۇشى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار [22] سۈرە رۇم]

## ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلىش

[ شەك- شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق [70] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## ئىنسانلارنىڭ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشى

[اللەنىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر [20] سۈرە رۇم]

## ئادەم بالىسىنىڭ ئاسماندا ۋە زېمىندا نام شۆھرىتى بارلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر بەندىنىڭ ئاسماندا نام- شۆھرىتى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاسماندا ياخشى بولسا، زېمىندىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاسماندا يامان بولسا، زېمىندىمۇ يامان بولىدۇ» [بەززار سەھىھ]

## ئىنسانغا توغرا يول كۆرسىتىش

[اللە سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە (تۈرلۈك) پاك نەرسىلەرنى رىزق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەنىڭ بەركىتى بۈيۈكتۇر [64] سۈرە غافىر][ روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى- يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى [7-8] روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ [9]نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى- فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ [10] سۈرە شەمس][ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى [5] سۈرە ئەلەق][ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى- يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (اللەنىڭ نېمىتىگە) شۈكۇر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر [3] سۈرە ئىنسان]

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر كىم ئۆز يولىدا ماڭىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ئۇ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ ياكى ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ» [مۇسلىم]

ئىمام مۇسلىم، ئەياز ئىبنى ھىماردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئاللاتائالا: شەك- شۈبھىسىزكى، مەن بەندىلىرىمنى توغرا دىن ئۈستىدە ياراتتىم. ئاندىن ئۇلارغا شەيتانلار كېلىپ ئۇلارنى دىنىدىن ئازدۇردى. ئۇلارغا مەن ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. ئۇلارغا مەن ھېچقانداق دەلىل- پاكىت چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ماڭا شېرىك قىلىشقا بۇيرىدى»

## توغرا دىن ئىسلام

باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ [30] سۈرە رۇم][ئىنسانلار

(ئەسلىدە) بىر دىن (يەنى ئىسلام دىنى)دا ئىدى. كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى دىنلار كۆپەيدى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتى) [19] سۈرە يۇنۇس][ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر [19] سۈرە ئال ئىمران][كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر [85] سۈرە ئال ئىمران][(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار[92] ئۇلار (دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ) پىرقە- پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر [93] سۈرە ئەنبىيا][سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار[52] ئۇلار (يەنى ئۈممەتلەر) دىنىي جەھەتتە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر[53] سۈرە مۆئمىنۇن][ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللا ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ:« مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى [118-119] سۈرە ھۇد]

## ئاللاتائالانىڭ ياراتقان نەرسىلىرىنى ئىنسانغا ئەسلىتىشى

[ زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ [6] تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ [7] سىلەرنى ئەر- ئايال قىلىپ ياراتتۇق [8] ئۇيقۇڭلارنى سىلەرنىڭ (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق [9] كېچىنى لىباس قىلدۇق [10]كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق [11] ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق [12] (سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ياراتتۇق [13] ئاشلىقلارنى، ئوت- چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلارنى مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق [ 14-16]قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن (مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش) ۋاقتىدۇر [17]ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر توپ- توپ بولۇپ كېلىسىلەر [18] سۈرە نەبە]

## ئىنساننى بىكار ياراتمىغانلىقى

[جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56] سۈرە زارىيات][ ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟ [36] سۈرە قىيامەت][ ئى ئىنسانلار! بىزنى ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋانلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ [115] سۈرە مۆئمىنۇن]

## ئىنساننى زېمىندىن يارىتىش ۋە زېمىنغا قايتۇرۇش

[اللّٰه سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى) [17] ئاندىن سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ [18] سۈرە نۇھ][ ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار):« ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بولىمىز» (دەيدۇ). ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ [24] ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، ئاتا- بوۋىلىرىمىزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار (يەنى تىرىلدۈرۈڭلار)» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى [25] سۈرە جاسىيە][ ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتۇق، ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى [77] ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ:« چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟ » دېدى [78] ئېيتقىنكى : ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەربىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر [79] سۈرە ياسىن][ بىز (ھەممىنى) تىرىلدۈرىمىز، (ھەممىنى) ئۆلتۈرىمىز ۋە (ھەممىگە) ۋارىسلىق قىلىمىز [23] سۈرە ھىجر][ سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ اللّٰه ئاسماننى ياراتتى [27] سۈرە نازىئات][ نېمە ئۈچۈن سىلەر اللّٰهنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟ [13] ھالبۇكى اللّٰه سىلەرنى بىرقانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى [14] سۈرە نۇھ][اللّٰه سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى سىلەر (اللّٰهنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر [22] سۈرە بەقەر]

## ئاللاتائالانىڭ ئادەم باللىرىنى شەيتاندىن ئاگاھلاندۇرۇش

[ ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرستىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق [27] سۈرە ئەئراف][ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ (روزىمىساقتا) بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىمىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شەكسىز پاسىقلار (يەنى اللّٰەنىڭ ئەمرى- پەرمانىدىن باش تارتقۇچىلار) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق [102] سۈرە ئەئراف][ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلدى، (شەيتان) ئۇلارغا اللّٰە نىڭ زىكرىنى ئۇنتۇلدۇردى، ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر [19] سۈرە مۇجادەلە][شەيتانلار بۇرادەرلىرىنى بولۇشچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ [202] سۈرە ئەئراف][ ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە:« ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار » دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى. مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! [50] سۈرە كەھف][ سىلەر (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلامدۇق؟ [5] سۈرە زۇخرۇف]

## ئىدرىس ئەلەيھىسسالام

[ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىدرىس (قىسسى)نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى [56] ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق [57] سۈرە مەريەم]

## نۇھ ئەلەيھىسسالام

[شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن [25] بىر اللّٰە تىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى [26] ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن ، بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن، بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى [27] نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم، ئېيتىڭلارچۇ، مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان (دەۋىتىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە (يەنى پەيغەمبەرلىككە) سازاۋەر بولغان بولسام، ئۇ دەلىل سىلەر ئۈچۈن مەخپىي بولسا، ئۇنى يامان كۆرسەڭلار، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا سىلەرنى مەجبۇرلامدۇق؟ [28] ئى قەۋمىم! سىلەرگە (دىننى) تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل - مال تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت اللّٰە ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن، (چۈنكى) ئۇلار، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدۇ، لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرۈمەن [29] ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، اللّٰە نىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلىنىپ باقمامسىلەر؟ [30] مەن سىلەرگە، مەندە اللّٰە نىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، غەيبنى بىلىمەن دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە (ئۆزۈمنى) پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن ھەمدە سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرنى اللّٰە ئۇلارغا ياخشىلىق بەرمەيدۇ دېمەيمەن، اللّٰە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، بولمىسا مەن چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمەن» [31] ئۇلار(يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): «ئى نۇھ ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابىنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى [32] نۇھ ئېيتتى: «ئۇنى (يەنى ئازابنى) ئەگەر خالىسا اللّٰە لا چۈشۈرەلەيدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر [33] مەن سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، اللّٰە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، سىلەر اللّٰە نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر» [34] سۈرە ھۇد][نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە - كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم [5] مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى [6] مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى [7] ئاندىن مەن ئۇلارنى تۈۋلاپ دەۋەت قىلدىم [8] ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم ۋە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم [9] (ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [10] ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ [11] سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ [12] نېمە ئۈچۈن سىلەر اللّٰە نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟ [13] ھالبۇكى اللّٰە سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى [14] سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، اللّٰە قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى [15] ئاينى ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى [16] اللّٰە سىلەرنى زېمىندىن

ياراتتى (چۈنكى ئاتائىلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى) [17] ئاندىن الله سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ [18] زېمىندا كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى» [19ـ20] نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى [21] ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۈتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى [22] ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەددنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېدى [23] ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن [24] سۈرە نۇھ][سىلەر الله تىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [108] تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن [109] الله تىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [110] ئۇلار: «(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېدى [111] نۇھ ئېيتتى: «مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ئۇقمايمەن [112] ئەگەر بىلسەڭلار ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت پەرۋەردىگارىم ئۈستىگە ئالغان [113] مەن مۆمىنلەرنى قوغلىۋەتمەيمەن [114] مەن پەقەت ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن [115] ئۇلار ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋەتىڭدىن) يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن» [116] نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى [117] مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى قۇتقۇزغىن [118] سۈرە شۇئەرا][نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرسىنىمۇ قويمىغىن [26] ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ [27] پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن» [28] سۈرە نۇھ][ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى [10] سۈرە قەمەر][نۇھقا (مۇنداق) ۋەھيى قىلىندى: «قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن [36] بىزنىڭ كۆز ئۇڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ [37] نۇھ كېمە ياسىدى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نۇھ ئېيتتى: ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز [38] خار قىلغۇچى ئازاب (يەنى توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش) نىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب(يەنى جەھەننەم ئازابى) نىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى كېلەچەكتە بىلىسىلەر [39] (توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: «كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن» دېدۇق، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى [40] نۇھ (ئىمان ئېيتقان تەۋەلىرىگە) ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى الله نىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» [41] كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى [42] ئۇ: «مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن الله رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى [43] «ئى زېمىن سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن» دېيىلدى ، سۇ سوغۇلدى، الله نىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» دېيىلدى [44] نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى [45] الله ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ(مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن» [46] نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم!مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن» [47] ئېيتىلدى (يەنى الله ئېيتتى): «ئى نۇھ !ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (ھاياتىي دۇنيادىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا دۇچار بولىدۇ» [48] سۈرە ھۇد]

## هۇد ئەلەيھىسسالام

[ئاد (قەۋمى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد: <<ئى قەۋمىم! اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰه تىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟>> دېدى [65] ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: <<بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز>> دېدى [66] ھۇد ئېيتتى: <<ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن [67] سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن [68]. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىچىڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟>> ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، اللّٰه نىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغانلىقىنى ۋۇجۇدۇڭلارنى، قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار، سىلەر بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن اللّٰه نىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار [69] ئۇلار: <<(ئى ھۇد) ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرگىن>> دېدى [70] ھۇد: <<سىلەرگە چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى نازىل بولىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئات قويۇۋالغان، بۇ ھەقتە (ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشقا) اللّٰه ھېچقانداق دەلىل نازىل قىلمىغان (بۇتلىرىڭلارنىڭ) ئىسىملىرى ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ( اللّٰه نىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە نازىل بولىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن>> دېدى [71] بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغۇچىلارنى (يەنى مۆمىنلەرنى) رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى [72] سۈرە ئەئراف]

## سالىھ ئەلەيھىسسالام

[سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى، اللّٰه تىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر» [61] ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنىغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز» دېيىشتى [62] سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (يەنى پەيغەمبەرلىك) گە سازاۋەر بولسام، شۇنداق تۇرۇقلۇق اللّٰه قا قارشىلىق قىلسام، اللّٰه نىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (مېنى ئۆزۈڭلارغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىش بىلەن) ماڭا پەقەت زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلالمايسىلەر [63] ئى قەۋمىم! بۇ اللّٰه (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگە سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى اللّٰه نىڭ زېمىنىغا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارى ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات كېلىدىغان ئازاب ھالاك قىلىدۇ» [64] ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، سالىھ ئېيتتى: «ئۆيۈڭلاردا(ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس» [65] بىزنىڭ (ئازاب قىلىش) ئەمرىمىز كەلگەندە، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن شۇ كۈننىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [66] زالىملارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئۆلتۈرغان پېتى قېتىپ قالدى [67] گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك) بولۇپ قالدى، بىلىڭلاركى، سەمۇد پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد ھالاك بولسۇن [68] سۈرە ھۇد]

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

[(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىبراھىم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى [41] ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن [42] ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن [43] ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك اللّٰه قا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى [44] ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك اللّٰه نىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن» [45] ئۇ (يەنى ئازەر )ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن» [46] ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اللّٰه ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر [47] سىلەردىن ۋە سىلەر

اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن» [48] سۈرە مەريەم][پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، اللّٰه نىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم ( اللّٰه نىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): « اللّٰه ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. اللّٰه زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [258] سۈرە بەقەر] [ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق [75] ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى [76] ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» دېدى [77] ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن [78] مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» [79] ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «مېنى اللّٰه ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن اللّٰه (نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر! [80] اللّٰه نىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە اللّٰه سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەمىن قورقماسلىققا تېگىشلىك» [81] ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر [82] ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر، خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [83] سۈرە ئەنئام][ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنسىتمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)» دېدى [52] ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى [53] ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ (پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى [54] ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاق دەۋاتامسەن؟» دېدى [55] ئىبراھىم ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن [56] اللّٰه بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن» [57] ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى [58] (ئۇلار بايرىمىدىن قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ) «بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن» دېدى [59] (ئۇلارنىڭ بەزىسى) ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى [60] ئۇلار (يەنى نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): «ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن» دېدى [61] ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى. [62] ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى [63] ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى [64] ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: «ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى [65] ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر اللّٰه نى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر» [66] سىلەرگە ۋە اللّٰه نى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟» [67] ئۇلار ئېيتتى: «ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار»

[68]. بىز ئوتقا: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن» دېدۇق [69] ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق [70] سۈرە ئەنبىيا][بىز (ئىبراھىمنى ئوتتىن سالامەت قۇتقۇزۇش بىلەن) ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق [98] ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ [99] پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن» [100] بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق [101] ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى  اللّٰه نىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن» [102] ئىككىسى ( اللّٰه نىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى [103] بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [104-105] بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر [106] بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق [107] كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق [108] ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! [109] بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [110] ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر [111] سۈرە سافقات]

## لوت ئەلەيھىسسالام

[لۇتنى (ئەھلى سەدومغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى [80] سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلپۈنۈشلارنى قاندۇرىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» [81] لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «لۇتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ شەھرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى [82] سۈرە ئەئراف][بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر» دېدى [77] لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (يەنى لىۋاتەت قىلاتتى). لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، اللّٰه تىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟» [78] ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن» [79] لۇت ئېيتتى: «كاشكى مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى (چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم)» [80] ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن، ئاياللىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (يەنى ئاياللىڭ) ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى [81] بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق [82] ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ يۇرتلار زالىملار(يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن يىراق ئەمەس [83] سۈرە ھۇد]

## ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام

[ئىسمائىلنى .... ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر [48] سۈرە ساد]

## ئىسھاق ئەلەيھىسسالام

[ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ... ئىسھاق .... ئەسلىگىن [45] ئۇلارنى بىز پاك ـ خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشىلەر قىلدۇق [46] ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر [47] سۈرە ساد]

## يەقۇب ئەلەيھىسسالام

[ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم!  اللّٰه سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى)

تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى [132] يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر اللّٰه قا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى [133] سۈرە بەقەرە]

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالام

[ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇف ئۆز ئاتىسىغا: «ئى ئاتا!مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى [4] ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قالمىسۇن، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» دېدى [5] شۇنىڭغا (يەنى ساڭا ئۇلۇغ چۈش كۆرسەتكىنىگە) ئوخشاش، پەرۋەردىگارىڭ سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا ئىلگىرى اللّٰه ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بەرگىنىدەك، ساڭىمۇ، يەئقۇب ئەۋلادىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئۆز مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [6] يۇسۇفنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ(قىسسىسىدە) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار [7] ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ھالبۇكى، بىز(كۈچلۈك) جامائەدۇرمىز، ئاتىمىز(نىڭ ئۇ ئىككىسىنى بىزدىن ئارتۇق كۆرۈشى) ئەلۋەتتە روشەن خاتادۇر» دېيىشتى [8] (ئۇلار) «يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ياكى ئۇنى يىراق بىر چەت جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇ چاغدا) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە قالىدۇ، بۇ(گۇناھ) تىن كېيىن(تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسىلەر» دېيىشتى [9] ئۇلاردىن بىرى سۆز قىلىپ: «يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەڭلار، (ئەگەر ئۇنى ئاتىسىدىن يىراق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن» دېدى [10] ئۇلار ئېيتتى: «ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۇسۇف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز [11] ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز» [12] يەئقۇب: «ئۇنى (يەنى يۇسۇفنى) ئېلىپ كەتسەڭلار راستلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن» دېدى [13] ئۇلار: « بىز(كۈچلۈك) بىر جامائە تۇرۇقلۇق، ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە ـ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى [14] ئۇلار يۇسۇفنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان چاغدا، بىز يۇسۇفكە: «كەلگۈسىدە ئۇلارغا بۇ ئىشنى (سېنىڭ يۇسۇف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇلار ئۇقمايدىغان پەيتتە ئېيتقىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق [15] ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى [16] ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۇسۇفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى [17] ئۇلار يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. يەئقۇب: «بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرە قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە اللّٰه مەدەتكاردۇر» دېدى [18] بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار سۇچىسىنى (سۇ ئېلىپ كېلىشكە) ئەۋەتتى، ئۇ سوغىسىنى قۇدۇققا تاشلىدى ۋە: «خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا» دېدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى اللّٰه بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [19] ئۇلار يۇسۇفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار يۇسۇفكە قىزىقمىغان ئىدى [20] ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنىڭدەك (يەنى يۇسۇفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۇسۇفنى (مىسىر) زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق ، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق، اللّٰه (خالىغان) ئىشىنى ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ [21] يۇسۇف قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز [22] يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل» دېدى. يۇسۇف: «خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ(يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. ئۆزگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» دېدى [23] ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۇسۇفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى [24] ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۇسۇف چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زۇلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «سېنىڭ ئەھلىيەڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى [25] يۇسۇف: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى» دېدى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ: «يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ سۆزى راست، يۇسۇفنىڭ سۆزى يالغان [26]

يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇ(يەنى زۇلەيخانىڭ) سۆزى يالغان يۈسۈفنىڭ سۆزى راست» دېدى [27] ئۇ (يەنى زۇلەيخانىڭ ئېرى) يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەي ئاياللار جامائەسى! بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر» دېدى [28] (يەنى ئېيتتى) «يۈسۈف! بۇنى سۆزلەپ يۈرمىگىن. (ئايالىم) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن، سەن ھەقىقەتەن خاتالاشتىڭ» [29] شەھەردىكى بەزى ئاياللار: «ئەزىز (يەنى مىسىرنىڭ پادىشاھىسى) نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ، بىز ئۇنى، ئەلۋەتتە، ئاشكارا ئازغان دەپ قارايمىز» دېيىشتى [30] ئۇ (يەنى زۇلەيخا) ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا (مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ) ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكىيە ياستۇقلارنى تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن پىچاق بەردى. (زۇلەيخا يۈسۈفكە) «سەن چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىن دېدى، ئۇلار يۈسۈفنى كۆرۈپ ھاڭ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: «(بۇنداق چىرايلىق ئىنساننى ياراتقان) الله پاكتۇر، بۇ ئادەمزات ئەمەس، پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر» دېيىشتى [31] ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «مانا بۇ سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىگەن ھېلىقى ئادەم، مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمنى قىلمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ» دېدى [32] يۈسۈف: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى [33] پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۈسۈفتىن دەپئى قىلدى. الله (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [34] ئاندىن ئۇلار (يۈسۈفنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىرمەھەل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى [35] زىندانغا يۈسۈف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن (ئۈزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان، ناننى قۇشلار يەۋاتقان كۆرۈپتىمەن، تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن (يەنى چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغانلاردىن) دەپ قارايمىز» دېدى [36] يۈسۈف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەردىندۇر. شۈبھىسىزكى، مەن اللە قا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى تاشلىدىم [37] مەن ئەجدادلىرىم ـ ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ الله نىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ [38] تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر الله ياخشىمۇ؟ [39] سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) نامىلىرىدىنلا ئىبارەت، الله (ئۇلارنىڭ الله نىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى(بۇنى) بىلمەيدۇ [40] تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ، سىلەر سورىغان ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى» [41] يۈسۈف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىغا ئىشەنگەن بىرسىگە (يەنى ساقىيغا): «مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن» دېگەن ئىدى. خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۈسۈفنى ئەسلەپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى، يۈسۈف زىنداندا بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى [42] پادىشاھ ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپكەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار» [43] ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۇقمايمىز» [44] ھېلىقى ئىككىسىدىن (تۈرمىدىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۈسۈفنى) ئەسلىگەن بىرسى: «مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، مېنى (يۈسۈفنىڭ يېنىغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى [45] (ئۇنى ئەۋەتىشتى، ئۇ تۈرمىگە بېرىپ يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە) «ئى راستچىل يۈسۈف! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى (كۆرۈپ چۈشكەن چۈشنىڭ تەبىرىنى) بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ئۇنى كىشىلەرگە (يەنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا) خەۋەر قىلسام، ئۇلار (سېنىڭ پەزىلىتىڭنى) بىلسۇن» دېدى [46] يۈسۈف ئېيتتى: «يەتتە يىل ئۇزلۇكسىز تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغا ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشقى بىلەن قويۇڭلار [47] شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى تويلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويۇلىدىغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىسىلەر [48] شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) يىللار كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ» [49] (ساقىي پادىشاھقا بېرىپ يۈسۈفنىڭ ئۇنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن) پادىشاھ: ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. (پادىشاھنىڭ) ئەلچىسى يۈسۈفنىڭ ئالدىغا

بارغاندا، يۈسۈپ ئەلچىگە: «خوجايىنىڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى، (بىلەمدۇ؟) سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى [50] پادىشاھ ھېلىقى خوتۇنلارنى يىغىپ ۋە ئەزىزنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ): «سىلەر يۈسۈپتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭلاردا، ھەقىقىي ئەھۋالىڭلار قانداق بولغان؟) دېدى. ئۇلار: « اللّٰه پاكتۇر؛ يۈسۈپتە ئازراقمۇ گۇناھ بار دەپ بىلمەيمىز» دېدى. ئەزىزنىڭ خوتۇنى: «ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، يۈسۈپ ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى» دېدى [51] (يۈسۈپ ئېيتتى) «بۇ (يەنى پادىشاھنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىم) ئەزىز يوق چاغدا خوتۇنىغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى اللّٰه نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئەزىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر» [52] «مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر» [53] پادىشاھ: «يۈسۈپنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن» دېدى. يۈسۈپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇ: «سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى [54] يۈسۈپ: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن» دېدى [55] بىز يۈسۈپنى (مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) قىلىپ يەرلەشتۈردۇق، رەھمىتىمىزنى خالىغان بەندىلىرىمىزگە ئېرىشتۈرىمىز، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز [56] ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە، (بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ئارتۇقتۇر [57] يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ يۈسۈپنىڭ قېشىغا كىردى. يۈسۈپ ئۇلارنى تونۇدى، ئۇلار بولسا يۈسۈپنى تونۇمىدى [58] يۈسۈپ ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى (يەنى بۇنيامىننى) ئېلىپ كېلىڭلار، مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ [59] ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىماڭلار» [60] ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز چوقۇم مۇشۇنداق قىلىمىز» دېدى [61] يۈسۈپ خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلارنىڭ (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال - مۈلۈكلىرىنى يۈك - تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى [62] ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغىنىدا: «ئى ئاتىمىز! (مىسىرنىڭ پادىشاھى) بىزگە قايتا ئاشلىق بەرمەس بولدى، ئۇكىمىزنى (يەنى بۇنيامىننى) بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايمىز، ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى [63] (يەئقۇب) ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىلگىرى سىلەرگە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى يۈسۈپ) توغرىسىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىم؟ (مەن سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئۇنى ساقلىشىڭلارغىلا ئىشەنمەيمەن) اللّٰه ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر» [64] ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار: «ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ بۇ مال - مۈلۈكلىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ، (ئۇكىمىزنى ئېلىپ يەنە بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز، ئۇكىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالىمىز، بۇ (يەنى بىر تۆگە ئاشلىق پادىشاھ ئۈچۈن) ئازغىنا ئاشلىقتۇر» دېدى [65] يەئقۇب ئېيتتى: «بۇنيامىننى قوغداشتا ھەممىڭلار ھالاك بولمىساڭلارلا چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىڭ ۋەدە بەرمىگۈچە ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار (يەنى ئوغۇللىرى) ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە اللّٰه گۇۋاھتۇر» دېدى [66] (ئۇ يەنە) «ئى ئوغۇللىرىم! (مىسىرغا) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. اللّٰه نىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايمەن، ھۆكۈم پەقەت اللّٰه غىلا خاس، اللّٰه قا تەۋەككۈل قىلدىم، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار اللّٰه غىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!» دېدى [67] ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقا - باشقا دەرۋازىلاردىن كىرگەندە، (بۇ) اللّٰه نىڭ قازاسى ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە دال بولالمىدى، بۇ پەقەت يەئقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىدىنىلا ئىپادىلىدى، خالاس. بىز يەئقۇبقا (ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىدۇق، شۇڭا ئۇ (كەڭ بىلىم ئىگىسىدۇر، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (تەقدىرنىڭ سىرىنى) بىلمەيدۇ [68] ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ باللىرى) يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۈسۈپ ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىمەن، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ئىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى [69] يۈسۈپ ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، قەدەھنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويدى. ئاندىن بىر جاكاچى چىقىپ: «ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى. [70] (كارۋاندىكىلەر) ئۇلارغا قاراپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار» دېدى [71] ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى [72] ئۇلار: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» دېدى [73] ئۇلار (يەنى يۈسۈپنىڭ خىزمەتچىلىرى): «سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ (ئەگەر قەدەھ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قېلىپ) يالغانچى بولۇپ قالساڭلارچۇ؟) دېدى

[74] ئۇلار: «ئۇنىڭ جازاسى قەدەھ بىلەن تېپىلغان ئادەمنى قۇل قىلىش، زالىملارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى [75] ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنى يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن يۇسۇفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن قەدەھنى تېپىپ چىقتى. بىز يۇسۇفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق، (مىسىر) پادىشاھىنىڭ قانۇنى بويىچە يۇسۇف ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتى ، لېكىن الله ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى، بىز خالىغان ئادەمنى (يۇسۇفنى كۆتۈرگەندەك) يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز، ھەربىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار [76] ئۇلار: «ئەگەر ئۇ، ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ (يەنى يۇسۇفمۇ) ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغان» دېيىشتى. يۇسۇف (ئۇلارنىڭ) بۇ سۆزىنى ئىچىدە بىلدى، لېكىن ئۇلارغا مەلۇم قىلمىدى، يۇسۇف (ئىچىدە): «سىلەرنىڭ مەۋقەيىڭلار ئەڭ ياماندۇر، سىلەرنىڭ (يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى توغرىسىدا) قىلغان سۆزۈڭلارنىڭ يالغانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ» دېدى [77] ئۇلار: «ئى ئالىيجاناب زات! ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) بىر قېرى ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز» دېدى [78] يۇسۇف: «خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى [79] ئۇلار (بۇنيامىننىڭ ئورنىغا ئۆز ئارىسىدىن بىرسىنى ئېلىپ قېلىشقا يۇسۇفنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك يەرگە بېرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى: «ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن قەسەم قىلدۇرۇپ ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۇسۇف توغرىسىدىكى خاتالىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغىچە ياكى الله مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغۇچە بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، الله ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر [80] سىلەر قايتىپ كېتىپ ئاتاڭلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، ئاندىن ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ راستلا ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمىز، بىز غەيبنى بىلمەيمىز (يەنى ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدۇق) [81] بىز تۇرغان شەھەردىن (يەنى مىسىردىن) ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىزنىڭ سۆزىمىز چوقۇم راست» [82] يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشىنى الله تىن تىلەيمەن. الله ھەقىقەتەن (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [83] يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئىسىت يۇسۇف!» دېدى. قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى (يەنى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى)، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى [84] ئۇلار: « الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۇسۇفنى ياد ئېتىۋېرىپ (ھەسرەتتىن) ھالاك بولۇشقا تاس قالىدىغان ياكى ھالاك بولىدىغان بولدۇڭ» دېدى [85] يەئقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت الله غىلا ئېيتىمەن، الله نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن [86] ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، الله نىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ» [87] ئۇلار يۇسۇفنىڭ قېشىغا كىرگىنىدە: «ئى ئالىيجاناب زات! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى، (ئالدىڭغا) ناچار ئۆتمەس ماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق، بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە سەدىقە قىلغىن، الله سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى [88] يۇسۇف: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟» دېدى [89] ئۇلار: «سەن راستلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «مەن يۇسۇف بۇ مېنىڭ ئىنىم. الله بىزگە مەرھەمەت قىلدى. كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋرى قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى [90] ئۇلار « الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى [91] يۇسۇف ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، الله سىلەرنى كەچۈرسۇن، الله ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر [92] سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار» دېدى [93] كارۋان (مىسىردىن شامغا قاراپ) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «مەن چوقۇم يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۇسۇفنى ئەلۋەتتە ھايات دەيتتىم)» دېدى [94] ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ نەۋرىلىرى ۋە يېنىدىكى كىشىلەر): « الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن تېخى يەنىلا بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا ئىكەنسەن» دېدى [95] خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، يەئقۇب: «مەن سىلەرگە، الله نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى [96] ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن، بىز ھەقىقەتەن خاتالاشتۇق» دېيىشتى [97] يەئقۇب: «پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. الله گۇناھلارنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر» دېدى [98] ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئاتا ـ ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «خۇدا خالىسا، مىسىرغا ئاما ـ ئېسەن كىرىڭلار» دېدى [99] ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۇسۇفكە سەجدە قىلىشتى . ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستىغا چىقاردى. پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش بىلەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن، سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى،

پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [100] پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى [101] سۈرە يۈسۈف]

## ئەييۇب ئەلەيھىسسالام

[بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ): «شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى [41] ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) «بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق) [42] بىز ئۇنىڭ (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) ئەھلى ـ ئەۋلادىنى (يېڭىدىن) بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر ئارتۇق بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر [43] (ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن . قەسىمىڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق). بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللّٰه قا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر [44] سۈرە ساد]

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام

[مەديەن (ئەھلى) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن [84] ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار [85] اللّٰه سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىغقان ھارامدىن) ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار. مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن» [86] ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە» دېدى [87] شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلىنغان نەرسىنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت اللّٰه نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) اللّٰه قا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن [88] ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. لۇت قەۋمى (نىڭ دىيارى) سىلەر (نىڭ جايىڭلار) دىن يىراق ئەمەس [89] پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر» [90] ئۇلار: «ئى شۇئەيب !بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز، سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى [91] شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە اللّٰه تىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر اللّٰه نى ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار (يەنى اللّٰه قا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە اللّٰه نى ئۇلۇغلىمىدىڭلار)، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە خەۋەرداردۇر [92] ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ھەرىكەت قىلاي! ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى. مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن» [93] بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۈزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى [94] گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولسۇن! [95] سۈرە ھۇد]

## مۇسا ئەلەيھىسسالام

[ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنى ھەقلىق ئاساستا ئوقۇپ بېرىمىز [3] شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىپە (يەنى بەنى ئىسرائىل

نى بوزەك قىلدى. ئۇلاردىن ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى [4] بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز [5] ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز [6] مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى(ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى(ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز» [7] پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن، ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى [8] پىرئەۋننىڭ ئايالى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار (پىرئەۋن نىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى [9] مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى، (ئۇنىڭ الله نىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى [10] ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە: «(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن» دېدى. ھەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى [11] (ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق، مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: «سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئوبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى [12] ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ( الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ [13] مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلى توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز [14] مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر» [15] مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن». الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [16] مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! (ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن» [17] مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن» دېدى [18] مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەم (يەنى قىبتى) گە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم: « ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن، سەن زېمىندا تۈزگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن» دېدى [19] بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن» دېدى [20] مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا شەھەردىن چىقتى، ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى [21] ئۇ مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن» دېدى [22] مۇسا مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟)» دېدى، ئۇلار: «پادىچىلار قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى [23] مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى [24] ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى، شۇئەيب: « قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى [25] ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر» [26] ئۇ (يەنى شۇئەيب) ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا،

مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن» [27] مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇلۇشقا بولمايدۇ، اللّٰه بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر» [28] مۇسا (ئۆز ئارا كېلىشكەن) مۇددەتنى (يەنى كېلىشكەن مۇددەتنىڭ تولۇقراقى بولغان ئون يىلنى) توشقۇزغاندىن كېيىن ئائىلىسىنى ئېلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقتى، ئۇ تۇر تېغى تەرىپىدە ئوت كۆردى ، ئۇ ئائىلىسىغا: «شۈبھىسىزكى، مەن (يىراقتىن) ئوت كۆردۈم، ئۇ يەردىن مەن سىلەرگە بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي، يا سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي» دېدى (مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوت ئەمەس نۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى) [29] سۈرە قەسەس][مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى، ئى مۇسا! [11] مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن [12] مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن [13] مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللّٰه دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن [14] قىيامەتنىڭ بولۇشى ھەقىقەتتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم [15] قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزۈڭ ھالاك بولىسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ) [16] ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نىمە ئۇ؟» [17] مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار» [18] اللّٰه: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى [19] مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى [20] اللّٰه ئېيتتى: « ئۇنى تۇتىۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز [21] قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب ـ نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق بولۇپ) چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر [22] ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز [23] پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى» [24] مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) [25] مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن [26] تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرىۋەتكىن [27] ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن [28] ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن [30 ـ 29] ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن [31] مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن [32] بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز [33] ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز [34] سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن» [35] اللّٰه ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى [63] (بۇنىڭدىن باشقا) ساڭا يەنە بىر قېتىم ئىنئام قىلغان ئىدۇق [73] ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەرنى سالدۇق [83] (ئېيتتۇقكى) «ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سالغىن، ئاندىن ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)». مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم [39] ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىر ئەۋنىنىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: «سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ [40] سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم [41] (ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ زىكرىمگە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار [42] پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى [43] ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى، ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن [44] ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدىراپ جازالىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى [45] اللّٰه ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن [46] سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. ساڭا بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم ( اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ [47] بىزگە شەك ـ شۈبھىسىز ۋەھيى قىلىندىكى، ( اللّٰه نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرىگەن ئادەم (قاتتىق) ئازابقا دۇچار بولىدۇ دەڭلار» [48] (ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ اللّٰه تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى [49] مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى) كۆرسەتتى» [50] پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنى ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولغان؟) » [51] مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ [52] ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ

بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى» [53] (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە مال چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار، ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ( اللّٰە نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [54] سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگۈنۈڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز [55] شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى [56]. پىرئەۋن ئېيتتى: «ئى مۇسا ! سېھرىڭ بىلەن بىزنى زېمىنىمىز (مىسىر) دىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ [57] ساڭا بىز شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقتنى مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى» [58] مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشكا ۋاقتىدا يىغىلسۇن» [59] پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ ھىيلە ـ مىكرنى (يەنى سېھرگەرلەرنى) توپلىدى. ئاندىن ئۇ (سېھرگەرلەرنى ۋە سېھرىدە ئىشلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى [60] مۇسا ئۇلار غا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋاي! اللّٰە قا يالغاننى چاپلىماڭلار (يەنى سېھرىڭلار ئارقىلىق اللّٰە نىڭ مۆجىزىلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى دەۋا قىلماڭلار)، اللّٰە سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ، اللّٰە قا بوھتان چاپلىغان ئادەم مەغلۇب بولىدۇ» [61] ئۇلار ئۆز ئىشى (يەنى مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ئىشى) ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى، قىلغان دەتالاشنى يوشۇرۇشتى [62] ئۇلار ئېيتتى: « بۇ ئىككىسى راستلا سېھرىگەر بولۇپ، سېھىر بىلەن سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە توغرا دىنىڭلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ [63] ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەڭلار (يەنى پۈتۈن چارە ـ تەدبىرلىرىڭلارنى بىر نۇقتىغا يىغىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىڭلار)، ئاندىن (قارىغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەيدانغا) سەپ تارتىپ كېلىڭلار، بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم راستلا مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ» [64] ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن؟ ياكى (ئارغامچا ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» [65] مۇسا: «بەلكى سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئاغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى [66] (بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى [67] بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن [68] قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەنلىكىنى سېھرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» [69] (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى) شۇنىڭ بىلەن سېھرگەرلەر (سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىپ): «ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى [70] پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن، سىلەر قايسىمىزنىڭ (يەنى مېنىڭ ياكى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ) ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر» [71] ئۇلار ئېيتتى: «سېنى (يەنى ساڭا ئەگىشىشنى) ئىختىيار قىلىپ، بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە بىزنى خەلق ئەتكەن اللّٰە نى ھەرگىز تاشلىمايمىز. (بىزنىڭ ھەققىمىزدە ) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمۈڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ [72] بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، اللّٰە نىڭ (ساۋابىنى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ اللّٰە نىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر» [73] كىمكى گۇناھكار ھالدا اللّٰە قا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ [74] كىمكى مۆمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا اللّٰە قا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ ( اللّٰە نىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ [75] ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر [76] بىز شەك ـ شۈبھىسىز مۇساغا ۋەھيى قىلدۇقكى، «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ) يېتىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن» [77] سۈرە تاھا][بىز مۇساغا: «كېچىدە بەندىلىرىمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) ئېلىپ ئاتلانغىن. سىلەر ئەلۋەتتە قوغلىنىسىلەر، (يەنى پىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىلەن سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ)» دەپ ۋەھيى قىلدۇق [52] پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى [53] (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر [54] ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى [55] بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز» [56] بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق [57-58] شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق [59] ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى [60] ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى)بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى» دېدى [61] مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز

يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ» [62] بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى [63] ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇننى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق) [64] مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق [65] سۈرە شۇئەرا][بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى [90] (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اللّٰه قا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ [91] سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». نۇرغۇن كىشىلەر، شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر [92] سۈرە يۇنۇس]

## ھارۇن ئەلەيھىسسالام

[ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق [53] سۈرە مەريەم]

## خىزىر

[ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش خادىمىغا (يەنى يۇشەئ ئىبىن نۇنغا): «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگىچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن، (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن» دېدى [60] ئۇلار ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى، بېلىق دەرياغا يول ئېلىپ كەتتى [61] ئۇلار (ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىدىن) ئۆتكەندە مۇسا ياش خادىمىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى [62] ياش خادىم: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا (يۇز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سۈۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن) خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن راستلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن. بېلىقنىڭ (ئاجايىپ ۋەقەسى) نى ساڭا ئېيتىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى» دېدى [63] مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى - دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى [64] ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى [65] مۇسا ئۇنىڭغا: « اللّٰه ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دېدى [66] ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن [67] سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟» [68] مۇسا ئېيتتى: « اللّٰه خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن» [69] (خىزىر) ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزۈم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)» [70] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە چىقىشتى، (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى (يەنى كېمىنىڭ بىر تاختىسىنى سۆكۈۋەتتى)، مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تەشتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ» دېدى [71] (خىزىر) سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشتا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى [72] مۇسا ئېيتتى: «ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما» [73] ئۇ ئىككىسى يەنى بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ» [74] (خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟ » [75] مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن» [76] ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، (ئۇنى خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ» [77] (خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)، سەن سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي [78] كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى تېشىپ ئەيىبناك قىلماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى

ئېگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى [79] (ئۆلتۈرۈلگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق [80] شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق [81] تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىقى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بىلەن قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى االله نىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ» [82]سۈرە كەھف]

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

[يۇنۇس ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر [139] ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىدىن قېچىپ (كىشىلەر بىلەن) توشقان بىر كېمىگە چىقىۋالدى [140] (كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇب بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى) [141] ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتتى. ئۇ (قەۋمىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنىسىز چىققانلىقى ئۈچۈن) ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى [142] سۈرە سافغات] [ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنى قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى [87] سۈرە ئەنبىيا][ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى [143-144] سۈرە سافغات] [ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز  [88] سۈرە ئەنبىيا][ئۇنى بىز (دېڭىز ساھىلىدىكى) بىر قۇرغاق يەرگە (بېلىقنىڭ قارنىدىن) ئاتتۇق، ئەيىنى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى [145] ئۇنىڭ ئۈستىگە (سايە تاشلاپ تۇرۇش ئۈچۈن) بىر تۈپ كاۋىنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق [146] ئۇنى بىز 100 مىڭ، بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق» [147] سۈرە سافغات]

## داۋۇد ئەلەيھىسسالام

[(دىندا) كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن  الله قا ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى [17] بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى [18] قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ (تەرەپ ـ تەرەپتىن) توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى، (تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ) ھەممىسى  الله قا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر [19] داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان) روشەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق [20] سۈرە ساد]

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام

[بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان  الله قا خاستۇر!» [15] سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى، بۇ ئەلۋەتتە ( الله نىڭ) روشەن ئېھسانىدۇر» دېدى [16] سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى). ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى [17] ئۇلار (شامدىكى بىر) چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن» [18] سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن» [19] ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ! يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ [20] ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ» [121] ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى: «مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم [22] مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنىتىگە كېرەكلىك

ھەممە نەرسە بىرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن [23] ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ اللّٰه نى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى اللّٰه نى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ [24] ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلەرنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى اللّٰه قا سەجدە قىلمايدۇ [25] اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» [26] سۇلايمان ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، يا يالغانمۇ؟ قارايمىز [27] بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا يوشۇرۇنۇپ) تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن» [28] ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلايماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇكى) ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن [29-30] سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار» [31] ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۈستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق» [32] ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز، ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر، (بىزنى) نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى (ئويلاپ) كۆرگىن» [33] ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ [34] مەن چوقۇم ئۇلارغا سوۋغا ئەۋەتىمەن، ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن» [35] ئەلچى سۇلايماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلايمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ اللّٰه نىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر، بەلكى سىلەر سوغاتىڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر [36] سەن قايتىپ كەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز» [37] سۇلايمان ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ» [38] جىندىن بولغان ئىفرىت ئېيتتى: «مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن» [39] (نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبن بۇرخىيا): «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋېدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلايمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇز كورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، ( اللّٰه نىڭ) كەرىمى كەڭدۇر» دېدى [40] سۇلايمان (بىلقىسنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناش يۈزىسىدىن) ئېيتتى: «ئۇنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) تەختىنىڭ (شەكلىنى) ئۆزگەرتىڭلار، ئۇ تەختىنى تونۇمدۇ، تونىمامدۇ، قارايمىز» [41] بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. (سۇلايمان اللّٰه نىڭ نېمىتىنى سۆزلەش يۈزىسىدىن ئېيتتى) ئۇنىڭدىن (يەنى بىلقىستىن) بۇرۇن بىزگە ( اللّٰه نى ۋە اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولدۇق [42] ئۇنى اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ( اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشتىن) توستى. چۈنكى ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى [43] ئۇنىڭغا (يەنى بىلقىسقا): «سارايغا كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ (يەنى بىلقىس) سارايىنى چوڭ سۇ دەپ گۇمانلىنىپ (كىيىمىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى، سۇلايمان ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەينەكتىن ياسالغان سارايدۇر». ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن ( اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا بويسۇندۇم (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)» [44] سۈرە نەمل][سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن» [35] سۈرە ساد]

## ئىلياس ئەلەيھىسسالام

[ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر [123] ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «( اللّٰه تىن) قورقمامسىلەر؟ [124] سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ( اللّٰه نى) تەرك ئېتىپ، بەئلى (ناملىق بۇت) گە چوقۇنامسىلەر؟ [125] اللّٰه سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە بۇرۇنقى ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر [126] ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئازابقا) ھازىر قىلىنىدۇ [127] پەقەت اللّٰه نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا [128] كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى ئىلياسقا) ياخشى نام قالدۇردۇق [129] ئىلياسقا (بىزدىن) سالام بولسۇن! [130] بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [131] ھەقىقەتەن ئۇ بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر [132] سۈرە سافقات]

## ئىليەسەئ ئەلەيھىسسالام

[ئىلىيەسەنى ... ئەسلىگىن..... ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر [48] سۈرە ساد]

## زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام

[زۇلكىفلنى ئەسلىگىن ....... ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر [48] سۈرە ساد][...زۇلكىفللارنىڭ (قىسسىسىنى باياق قىلغىن). (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى سەۋرلىك ئىدى (يەنى اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشتا چىدامىلىق ئىدى ۋە گۇناھلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى) [85] ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى [86] سۈرە ئەنبىيا]

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام

[زەكەرىيانىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مىنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)» دەپ نىدا قىلدى [89] بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى [90] سۈرە ئەنبىيا]

## يەھيا ئەلەيھىسسالام

[شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى [38] ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا اللّٰه نىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى [39] سۈرە بەقەرە]

## ئىسا ئەلەيھىسسالام

[بىز ھەقىقەتەن نۇھنى، ئىبراھىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا (ئاتا) قىلدۇق، ئۇلاردىن ھىدايەت تاپقانلىرى بار، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى اللّٰه نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر [26] ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى اللّٰه نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر [27] سۈرە ھەدىد][ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، (بۇ نەزرەمنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» [35] ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى اللّٰه ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) «مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن [36] ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى). زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «ئۇ، اللّٰه تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. اللّٰه ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» [37] سۈرە ئال ئىمران][پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! اللّٰه ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى [42] ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل [43] سۈرە ئال ئىمران][ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى [16] ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى [17] مەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك اللّٰه قا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)» [18] جىبرىئىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن» [19] سۈرە مەريەم][ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! اللّٰه ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىز) اللّٰه نىڭ بىر كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى، مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە

ئابرۇيلۇق ۋە  اللّٰه قا يېقىنلاردىن بولىدۇ [45] ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ  [46] سۈرە ئال ئىمران][مەريەم ئېيتتى: «ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟» [20] سۈرە مەريەم][مەريەم: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا (يەنى ئەرلىك بولمىسام) قانداق بالام بولىدۇ؟» دېدى. پەرىشتە: « اللّٰه خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ (يەنى ئاتا ـ ئانا، ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ). بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دېدى [47] سۈرە ئال ئىمران][جىبرىئىل ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلىدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر» [21] سۈرە مەريەم][اللّٰه ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى (يەنى سۆز ھەرىكەتتە توغرا بولۇشنى)، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ [48] سۈرە ئال ئىمران][مەريەمگە اللّٰه نىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىز، اللّٰه نىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، اللّٰه تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر [171] سۈرە نىسا][مەريەم ھامىلدار بولدى، (ئائىلىسىدىن) يىراق بىر جايغا كەتتى [22] تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!» [23] جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى [24] خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ [25] (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن، بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك  اللّٰه قا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن دېگىن» [26] مەريەم بوۋاقنى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى) كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ [27] ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى» [28] مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى [29] بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ) [30] قەيەردە بولماي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى [31] مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى [32] مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە ( اللّٰه تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن  [33] سۈرە مەريەم][ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ) «شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە،  اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر  اللّٰه نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار [49] مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم.  اللّٰه تىن قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە) ئىتائەت قىلىڭلار [50] اللّٰه ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر [51] سۈرە ئال ئىمران][ئىسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ ئېيتتى: «سىلەرگە مەن ھېكمەت ئېلىپ كەلدىم. سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان نەرسىڭلارنىڭ (يەنى دىنىي ئىشلارنىڭ) بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىمەن،  اللّٰه تىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [63]  اللّٰه ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر ۋە سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر [64] سۈرە زۇخرۇف][ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللّٰه ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى. ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى [6] سۈرە سەپ][ئۆز ۋاقتىدا اللّٰه ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەددەت بەردىم، (كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ ـ دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى [110] ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە)

بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى [111] ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېدى. ئىسا: «ئەگەر ( اللّٰه نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنسەڭلار (مۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) اللّٰه تىن قورقۇڭلار» دېدى [112] ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تىنچلىنىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى [113] مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى [114] اللّٰه (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى [115] سۈرە مائىدە][شۈبھىسىزكى، اللّٰه مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى اللّٰه تىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، اللّٰه ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ» دېدى [72] سۈرە مائىدە] [ئىسا ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: « اللّٰه ئۈچۈن ( اللّٰه قا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى. ھەۋارىلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆمىنلەر) ئېيتتى: « اللّٰه ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، اللّٰه قا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز [52] پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن» [53] ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، اللّٰه ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). اللّٰه مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر [54] ئۆز ۋاقتىدا اللّٰه ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)، ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن [55] كاپىرلارغا بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب قىلىمەن، ئۇلارغا (ئۇلاردىن اللّٰه نىڭ ئازابىنى توسىدىغان) ھېچ مەدەتكار بولمايدۇ [56] ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، اللّٰه ئۇلارنىڭ (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. اللّٰه زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟) [57] سۈرە ئال ئىمران][شۈبھىسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە راست قىسسىدۇر. بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [62] سۈرە ئال ئىمران][(ناسارالار) نىڭ پىرقىلىرى (ئىسا توغرىسىدا) ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپ قىلىشتى، زالىملارغا قاتتىق كۈن (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن ۋاي! [65] ئۇلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ [66] سۈرە زۇخرۇف]

## ئەسھابۇلكەھف

[ئەسھابۇلكەھفنى ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا) نى (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى دەپ قارىدىڭمۇ؟ [9] ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت غارنى پاناھ جاي قىلىۋالدى، ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن» دېدى [10] ئۇلارنى بىز غاردا ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويدۇق [11] ئاندىن ئىككى گۇرۇھ (يەنى ئەسھابۇلكەھف ئىچىدىكى قانچىلىك ئۇخلىغانلىقلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان ئىككى گۇرۇھ) تىن قايسىسىنىڭ غاردا قانچىلىك ئۇزاق تۇرۇشقانلىرىنى ئېنىقراق ھېسابلايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارنى ئويغاتتۇق [12] بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستلىقى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر [13] ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز، ئەگەر بىز (اللّٰه نىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز [14] بىزنىڭ قەۋمىمىز اللّٰه نى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ، اللّٰه قا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟» [15] (ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللّٰه تىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، اللّٰه سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ [16] كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ شىمال

تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈسەن (يەنى غارنىڭ ئىشكى شىمال تەرەپتە بولغانلىقتىن كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. الله ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كۈن چىققاندىمۇ، پاتقاندىمۇ ئۇنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ)، ئۇلار بولسا غارنىڭ (ئوتتۇرىسىدىكى) بوشلۇقتۇر، بۇ الله نىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر، كىمنىكى الله ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) الله ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن [17] (مۇبادا ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىن) ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇيقۇدىدۇر، ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىتى (غار) نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ، يۈز ئۆرۈپ چوقۇم قاچقان بولاتتىڭ [18] ئۇلارنى ئۇخلاتقىنىمىزدەك، (غاردا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى) ئۆز ـ ئارا سوراشسۇن دەپ (ئۆلۈمگە ئوخشاش ئۇزاق ئويقۇدىن) ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنىڭ بىرى «(بۇ غاردا) قانچە ئۇزۇن تۇردۇڭلار؟» دېدى. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ (بەزىسى) دېدىكى، «قانچە ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ (بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق، بىز ھازىر ئاچ)، بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېھتىيات قىلسۇن سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن [19] ئەگەر شەھەردىكى كىشىلەر سىلەرنى تۇتىۋالسا، سىلەرنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، مۇنداقتا ھەرگىزمۇ مەقسىتىڭلارغا ئېرىشەلمەيسىلەر» [20] ئۇلارنى ئۇخلىتىپ ئويغاتقىنىمىزدەك، كىشىلەرگە الله نىڭ (قايتا تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى) ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئەسھابۇلكەھف قەبرى روھ قىلىنغاندىن كېيىن) ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىشى ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى، بەزى كىشىلەر: «(ئۇلارنىڭ يېنىغا ھېچ كىشىنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن) ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەتراپىغا (يەنى غارنىڭ ئىشىكىگە) بىر تام ئېتىڭلار» دېدى، الله ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، گېپى ئۆتىدىغان باشلىقلار (يەنى پادىشاھ ۋە شەھەر كاتتىباشلىرى): «غارنىڭ ئەتراپىغا (يەنى غارنىڭ ئىشكى ئالدىغا) ئەلۋەتتە بىر مەسجىد سالايلى» دېدى [21] ئۇلار (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ناسارالار): «ئۇلار (يەنى ئەسھابۇلكەھف) ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر)، يەنە بەزىلەر: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ سانىنى پەرۋەردىگارىم ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىدىن باشقا ئازغىنا كىشىلەر بىلىدۇ.» ئۇلار توغرىسىدا (ناسارالار بىلەن) پەقەت يۈزەگىنە مۇنازىرىلەشكىن (يەنى بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنى تەستىقمۇ قىلمايدىغان، يالغانغىمۇ چىقارمايدىغان دەرىجىدە مۇنازىرىلەشكىن). ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىنى سورىمىغىن [22] سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە شۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي [23] «خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن) ھەمدە: «پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن [24] ئۇلار ئۆز غارىدا ئۈچيۈز توققۇز يىل تۇردى [25] ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى غەيبنى (بىلىش) الله قا خاستۇر. الله نىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! الله نىڭ ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! ئۇلارغا الله تىن بۆلەك ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، الله ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ» [26] سۈرە كەھف]

## زۇلقەرنەيىن

[ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سەندىن زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسىسىنى (ۋەھيى ئاساسىدا) بايان قىلىمەن» دېگىن [83] ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق [84] زۇلقەرنەيىن (الله ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى [85] ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننىڭ قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: «ئى زۇلقەرنەيىن! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن» دېدۇق [86] زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [87] كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز» [88] ئاندىن زۇلقەرنەيىن (الله ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى [89] زۇلقەرنەيىن كۈنچىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق [90] ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەيىن كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ

قولىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق [91] ئاندىن ئۇ (اللّٰه ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى [92] زۇلقەرنەين ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرى تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى [93] ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى [94] زۇلقەرنەين ئېيتتى: « اللّٰه نىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سەلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي [95] ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار». تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۇستىگە تۆكەي» دېدى [96] ئۇلار (يەنى يەجۇج - مەجۇج) ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى [97] زۇلقەرنەين ئېيتتى: «بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» [98] سۈرە كەھف]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرى

ئىمام ئەھمەد، ئاتا ئىبنى يەسارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسقا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىدىن خەۋەر بەرسەڭ دېدىم. ئۇ: ماقۇل دەپ، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ تەۋراتتا قۇرئاندا كەلگەن سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن دەيدۇ (ئۇنىڭ تەۋراتتا كەلگەن سۈپەتلىرى) :« ئى پەيغەمبەر بىز سېنى گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە بىلمەسلەرنى (ئىسلام دىنى ئارقىلىق دوزاختىن) ساقلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن مېنىڭ بەندەم ۋە پەيغەمبىرىم. سېنى تەۋەككۇل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم. بازارلاردا قوپال، ئەدەپسىز ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلمايدۇ. ئۇ، يامانلىققا يامانلىق قىلمايدۇ. بەلكى (يامانلىق قىلغۇچىنى) كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا ئېزىپ كەتكەن مىللەتنى ئۇ (پەيغەمبەر) ئارقىلىق توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلار:« ئاللادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوق» دېمىگۈچە ئۇ (پەيغەمبەر)نىڭ جېنىنى ھەرگىز ئالمايدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇنىڭ بىلەن قارىغۇ كۆزلەرنى، گاس قۇلاقلارنى ۋە ئېتىلىپ قالغان دىللارنى ئاچىدۇ»

## ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئادەملەر ھۆسن - چىراي ۋە قەددى - قامەت جەھەتتىن چېكىنىپ كېلىۋاتقانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنى 60 گەز ئۇزۇنلۇقتا ياراتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئادەملەر ھۆسن - چىراي ۋە قەددى - قامەت جەھەتتىن چېكىنىپ كېلىۋاتىدۇ»[بۇخارى]

## ھەر بىر ئۇممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكى

[بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە:« اللّٰه غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللّٰه ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار [36] سۈرە نەھل] [ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۆمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن [24] سۈرە فاتىر]

## ئاللاتائالانىڭ پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيي قىلغانلىقى

[سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيي نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، بۇنى بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر)دىن سوراڭلار [43] سۈرە نەھل] [بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيي قىلدۇق [109] سۈرە يۈسۈف]

## پەيغەمبەرلەردىن بايان قىلغان ۋە بايان قىلمىغانلىرى

[(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيي قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا ئەييۇبقا، يۇنۇسقا ھارۇنغا، سۇلەيمانغا، ۋەھيي

قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق [163] بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، اللّٰه مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى [164] ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن اللّٰه نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [165] سۈرە نىسا]

## پەيغەمبەرلەر سانى

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى، مەن رەسۇلۇللاغا:« ئى رەسۇلۇللا! قايسى پەيغەمبەر ئىلگىرى؟» دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللا:« ئادەم » دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرمىدى؟ ھەئە پەيغەمبەر ئىدى. مۇرسەل پەيغەمبەر قانچە؟ 315 نەپەر، ئومۇمي پەيغەمبەر قانچە؟ 124000 بولاردىن مۇرسەل پەيغەمبەر 315 نەپەر» دېدى. [ئەھمەد]

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەر

[مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللّٰەنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر [41] سۈرە ئەھزاب]

ئىمام ئەھمەد، ئىرباز ئىبنى سارىيەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« شەك-شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ بېكىتىۋېتىلگەن چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالام تېخى شەكىلگە كىرگۈزۈلمىگەن لاي ھالىتىدە ئىدى. مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلىكىمنىڭ دەسلەپكى خۇش بېشارەتلىرىنى دەپ بېرەي. مېنىڭ ھەققىمدە ئاتام ئىبراھىم دۇئا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالام مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئانام ماڭا ھامىلدار بولغان چاغدا، چۈشىدە ئۆزىدىن شام زېمىنىدىكى بۇسرا شەھىرىنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتۇۋەتكىدەك دەرىجىدە بىر نۇرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر خۇددى بىر ئادەم بىر چىرايلىق ئۆي ياساپ پۈتتۈرۈپ، پەقەت ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا بىر كېسەكنى كەم قويغان، كىشىلەر كېلىپ كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ: بىر كېسەك بولغان بولسا تولۇق پۈتكەن بولىدىكەن، دېيىشكەن ئۆينىڭ مىسالىغا ئوخشايمىز. مەن شۇ ئاخىرقى كېسەكمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## رەسۇلۇللا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يېقىن ۋە دىنى بىر ئىكەنلىكى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەريەم ئوغلى ئىساغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ يېقىن كىشى مەندۇرمەن، پەيغەمبەرلەر ئانا باشقا قېرىنداشلار بولۇپ، گەرچە ئانىلىرى باشقا-باشقا بولسىمۇ، دىنى بىردۇر» [بۇخارى]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى جەمەت ۋە ياخشى ئەسىردە دۇنياغا كەلگەنلىكى

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىسمائىلنى تاللىدى. ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن كەنانە جەمەتىنى تاللىدى. كەنانە جەمەتى ئىچىدىن قۇرەيشنى تاللىدى. قۇرەيشتىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى. ھاشىم جەمەتى ئىچىدىن مېنى تاللىدى» دېگەن [مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ئادەم بالىلىرى ياشىغان ئەسىرلەر ئىچىدە ياخشى ئەسىردىن ياخشى ئەسىرگە (يەنى ياخشى بىر ئەجدادنىڭ پۇشتىدىن يەنە بىر ئەجدادنىڭ پۇشتىغا) يۆتكىلىپ ھەتتا مۇشۇ ئەسىرگە يۆتكىلىپ كەلگەندە دۇنياغا كەلدىم» [بۇخارى]

## ئاللاتائالانىڭ ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقى

[ئۇلار اللّٰه نىڭ نۇرىنى (يەنى ئاللانىڭ دىننى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللّٰه ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىننى ئاشكارىلىغۇچىدۇر) [8]مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللّٰه ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى [9] سۈرە سەپ][ اللّٰه ھەق دىننى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە) گۇۋاھلىق بېرىشكە اللّٰه

يېتەرلىكتۇر [28] سۈرە فەتىھ]
سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك-شۈبهىسىزكى، ئاللا ماڭا زېمىننى كىچىكلىتىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىبلىرىنى كۆردۈم. ئۈممىتىم مەن كۆرگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدۇ» [ مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]
تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەيدۇ:« بۇ دىن (يەنى ئىسلام دىنى) ئەلۋەتتە كېچە ۋە كۈندۈز بولىدىغان جاينىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدۇ. ئاللا بىرمۇ ئۆي ۋە چېدىرنى قالدۇرماستىن بۇ دىننى كىرگۈزىدۇ. ئاللا ئەزىز كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ. خار كىشىنى خار قىلىدۇ. ئاللا ئىسلام بىلەن ئەزىز قىلغان كىشى ئەزىزدۇر، كۇپرى بىلەن خار قىلغان كىشى خاردۇر» [ئەھمەد]
ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« جېنىم قولىدا بولغان ئاللا بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ يۇلتۇز يەتكەن جايغا بۇ دىن يەتمەي تۇرۇپ كېچە - كۈندۈزلەر يوقىمايدۇ» [تەبرانى سەھىھ]
مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:« ئىسلام تاكى قىيامەتكىچىلىك دەۋر سۈرىدىغان بىر دىندۇر»[ئەلكەبىر]

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى

[(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق [107] سۈرە ئەنبىيا]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! مۇشرىكلارغا لەنەت تىلەپ بەتدۇئا قىلمامسەن؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:« مەن لەنەت تىلەپ بەتدۇئا قىلىدىغان قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىم. بەلكى رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم» دېدى [مۇسلىم]
ئىمام ئەھمەد، ئەمرى ئىبنى ئەبۇقۇررە كىندىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇزەيفە شەھەرلەردە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى كىشىلەرگە ئەسلىتىپ تۇراتتى (بىر كۈنى) ھۇزەيفە سالماننىڭ قېشىغا كەلدى. سالمان ھۇزەيفىگە: ئى ھۇزەيفە! پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام (بەزىدە) ئاچچىقى كېلىپ قالغان بولسىمۇ سۆز قىلاتتى، مەن بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەبلىغ قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« مەن ئۈممىتىمدىن قايسى بىر كىشىنى ئاچچىقىمدا تىللاپ سالسام ياكى لەنەت ئېيتىپ سالسام، مەنمۇ ئىنسان، مېنىڭمۇ سىلەردەك ئاچچىقىم كېلىدۇ. ئاللاتائالا بولسا، مېنى بارلىق جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇڭا، ئى ئاللا! ئۇ تىلنى ياكى لەنەتنى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە بولىدىغان بىر رەھمەت قىلىپ بەرگىن!» [ئەھمەد]

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» [بۇخارى]
ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» [مالىك]

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى

[(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز (پۈتۈن) ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) شاھىتلىققا اللّٰه يېتەرلىكتۇر [79] سۈرە نىسا]] ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى،اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت- ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق [45-46] سۈرە ئەھزاب]
[(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى:« ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللّٰه تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللّٰه غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر [158] سۈرە ئەئراف]
ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« مەن قىزىل رەڭلىك ۋە قارا رەڭلىك كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» ئۇ ئىككىسى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېدى:« ھەربىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلەتتى. مەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم»
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان ئاللا بىلەن قەسەمكى، يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولسۇن، مەيلى كىم بولسا بولسۇن، مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، مەن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن باش تارتقان ھالدا ۋاپات بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ» [مۇسلىم]

## ھەرقانداق پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتكەنلىكى

[قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىدۇر، ئۈمىدكى، ئۇلار (قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۇفرىدىن) ساقلانغاي [28] سۈرە زۇمەر][ قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (اللّٰهنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق [4] سۈرە ئىبراھىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەۋەتسە، ئۆزىنىڭ قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتىدۇ» [ئەھمەد سەھىھ]

[شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [192] ئاگاھلاندۇرغۇچىلا ر دىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى [193-194] (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلىدا (نازىل بولدى) [195] سۈرە شۇئەرا] [شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق [2] سۈرە يۇسۇف] [ (ئى مۇھەممەد!) تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ئۈچۈن، ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق [97] سۈرە مەريەم][ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق [58] سۈرە دۇخان][ئۇلارغا كىتاب (يەنى قۇرئان) بەردۇق، ئۇنى (يەنى قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى) بىلىش ئاساسىدا بايان ۋە رەھمەت قىلدۇق [52] سۈرە ئەئراف]

## رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولغانلىقى

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەسقەئىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرى رامىزاننىڭ 1 - كېچىسى نازىل قىلىندى. تەۋرات رامىزاننىڭ 6 - كۈنى نازىل قىلىندى. ئىنجىل رامىزاننىڭ 13 - كۈنى، قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىنىڭ 24 - كۈنى نازىل قىلىندى»

[سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق [174] سۈرە نىسا][اللّٰه سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى [23] سۈرە زۇمەر][رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر [185] سۈرە بەقەر][بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق [3] سۈرە دۇخان][پۈتۈن جاھان ئەھلىنى ( اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللّٰه نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر [1] سۈرە فۇرقان][شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا كىتابنى ئىنسانلار ئۈچۈن ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا زورلاشقا مۇئەككەل ئەمەسسەن) [41] سۈرە زۇمەر][ئەلىف، لام، مىم [1]. بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر [2] سۈرە بەقەر][بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر، اللّٰه نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار [155] (مېنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشىم) سىلەرنىڭ، پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر [156] ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى، اللّٰهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز [157] سۈرە ئەنئام][(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان كىتابنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، سېنى شۇنداق بىر ئۈممەتكە ئەۋەتتۇقكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ھالبۇكى، ئۇلار مەرھەمەتلىك اللّٰه نى ئىنكار قىلماقتا، (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى:« ئۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمەن [30] سۈرە رەئد][بۇ قۇرئاننى بىراۋنىڭ ئاللاغا ئىپتىرا قىلىشى ئەقلىغە سىغمايدۇ (چۈنكى قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ) لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇ، اللّٰه بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [37] ئۇلار:« قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى:« ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، اللّٰهدىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار [38] ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باققىن [39] ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، پەرۋەردىگارىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ [40] ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا:« مېنىڭ

ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا - جۇداسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا - جۇدامەن دېگىن [41] ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغىنىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، سەن گاسلارغا (يەنى اللّٰه ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئېلىپ تاشلىغانلارغا) ئۇلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىسىمۇ ئاڭلىتالامسەن؟ [42] ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار (يەنى پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ ئېنىق ئالامەتلىرىنى بايقايدىغانلار بار، لېكىن ئۇلار بايقىغانلىرىدىن پايدىلانمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كوردۇر) (ھەقىقەتنى) كۆرەلمىسىمۇ كورلارنى ھىدايەت قىلالامسەن؟ [43] شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ [44] سۈرە يۇنۇس][كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە - پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم – ئايرىم نازىل قىلدۇق [32] سۈرە فۇرقان][ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان اللّٰه دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى [82] سۈرە نىسا][ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ) [24] سۈرە مۇھەممەد] [(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى:« (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللّٰهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [53] سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار [54] سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار [55] ھەرقانداق ئادەم:« اللّٰه نىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (اللّٰهنىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن [56] ياكى« اللّٰه مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن [57] ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا:« كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا اللّٰهغا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىڭغا بويسۇنسۇن) [58] دۇرۇس، ھەقىقەتەن ساڭا مېنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىم (يەنى ھىدايەتكە سەۋەب بولىدىغان قۇرئان) كەلدى. سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلدىڭ، بويۇنتاۋلۇق قىلدىڭ، سەن كاپىرلاردىن بولدۇڭ [59] سۈرە زۇمەر]

## جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىشى

[(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق [1] سۈرە جىن][(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر توركۇم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر - بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى [29] ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق [30] سۈرە ئەھقاف]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارغا سۈرە رەھماننىڭ بېشىدىن ئاخىرغىچىلىك ئوقۇپ بەردى. ئۇلار جىم تۇرۇپ تىڭشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:« شۈبھىسىزكى، مەن بۇ سۈرىنى جىنلارغا كېچىسىدە ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا ياخشى جاۋاب قايتۇرغان ئىدى. مەن ھەر قېتىم ئاللاتائالانىڭ:« ئى ئىنسانلار! جىنلار! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟» دېگەن ئايىتىگە كەلگەن چېغىمدا، ئۇلار:« ئى پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ نېمەتلىرىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئىنكار قىلمايمىز جىمى ھەمدۇسانا ساڭا مەنسۇپتۇر. دەپ جاۋاپ قايتۇردى» دېدى [تىرمىزى ھەسەن]

## ئىنسانلارنى ئاللاغىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ۋەھيى قىلغانلىقى

[اللّٰه ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [18] سۈرە ئال ئىمران][(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە:« مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق [25] سۈرە ئەنبىيا]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىردۇر» [بۇخارى]

[(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «توغرا يول اللّٰه نىڭ يولىدۇر» [72] سۈرە ئال ئىمران][سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ اللّٰه دۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ

گۇمراھلىقتا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ [32] سۈرە يۇنۇس][ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر [39] سۈرە مەريەم]

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:« مەن قىپيالىڭاچ ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» يەنى ئۇ كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقان يامانلىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئالدىراپ ئۇچىسىغا كىيىم كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، بەلكى ۋاقتىنىڭ بېھۇدە ئۆتۈپ كېتىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، كىيىم كىيىشتىن ئىلگىرى قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى تېز يېتىپ كەلگەن بىر يالىڭاچ كىشىگە ئوخشايدۇ»

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« مەن ۋە ئاللاتائالا مەن بىلەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىك، خۇددى ئۆز قەۋمىگە كېلىپ: ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن بۇ تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر قوشۇننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن ھەقىقەتەن ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار! ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار! دېگەن بىر كىشىگە ئوخشاشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا يولغا چىقىپ، پاناھ جاي تېپىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزدى. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا، ئۇنى يالغانچى دەپ قاراپ ئۆز ئورۇنلىرىدا تاڭ ئاتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن سەھەردە قوشۇن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. ئەنە شۇ ماڭا ئىتائەت قىلغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئەگەشكەن كىشى بىلەن ماڭا ئاسىي بولغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) « ماڭا ۋەھيي قىلىنىدىكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، سىلەر بويسۇنامسىلەر؟» دېگىن [108] ئەگەر ئۇلار (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسە، ئېيتقىنكى« مەن سىلەرگە (ھەقىقەتنى ھېچ كىشىنى ئايرىماستىن) ئوخشاش ئۇقتۇردۇم، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (ئازاب) يېقىنمۇ، يىراقمۇ؟ ئۇقمايمەن [109] سۈرە ئەنبىيا][(ئېيتقىنكى) سىلەر پەقەت اللّٰه غا ئىبادەت قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە اللّٰه تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن (كاپىر بولساڭلار سىلەرنى اللّٰهنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، (ئىمان ئېيتساڭلار اللّٰهنىڭ ساۋابى بىلەن سىلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن [2] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، اللّٰه سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، (ئازابقا دۇچار بولىسىلەر) سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن [3] سۈرە ھۇد][(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى:« ئى نادانلار! مېنى اللّٰهدىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟ [64] ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە:« ئەگەر سەن اللّٰهغا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز اللّٰه غا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھيي قىلىندى [65-66] سۈرە زۇمەر][(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى:« مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن [110] سۈرە كەھف]

## جىن ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقى

[ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى) ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ [115] سۈرە مۆئمىنۇن][جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56] سۈرە زارىيات][ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار [21] اللّٰه سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن، يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى سىلەر (اللّٰهنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر [22] سۈرە بەقەر][اللّٰه:« ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى [51] ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللّٰهنىڭ مۈلكىدۇر، ئىبادەت ھەمىشە اللّٰه غا خاستۇر، اللّٰهدىن بۆلەك غەيرىيدىن قورقامسىلەر؟ [52] سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى اللّٰه بەرگەن، سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، اللّٰهغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر [53] اللّٰه سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم دەرھال ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ [54] سۈرە نەھل][اللّٰهنى قويۇپ (باشقىلارنى) ئىگە قىلىۋالغانلارنىڭ (ئەمەللىرىنى) اللّٰه كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن [6] سۈرە شۇرا][بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن اللّٰهغا خاستۇر، اللّٰه نى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار:« بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللّٰه غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ). اللّٰه ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (اللّٰهنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق

قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ [3] سۈرە زۇمەر][ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە
چوقۇنىدۇ، « بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ، ئەجابا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە
(يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئاللاھغا ئۇنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟
ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر [18] سۈرە يۇنۇس][( بەلكى ئۇلار پىكىر يۈزگۈزمىدى)
بەلكى ئاللاھنى قويۇپ، شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى:« ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر
بولالمايدىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى) سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ؟) [43] سۈرە زۇمەر][شاپائەت
قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ [48] سۈرە مۇددەسسىر] [كاپىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد
قىلىۋېلىشسا بولىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ بىز جەھەننەمنى كاپىرلارغا ھەقىقەتەن مەنزىلگاھ قىلىپ تەييارلىدۇق [102] سىلەرگە
ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ [103] ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا
چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر [104] سۈرە كەھف][ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى
يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھ غىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-
بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن،
ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا):« (ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان
ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار [64] سۈرە ئال ئىمران][ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن
كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە:« ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى لايىق بولمايدۇ ۋە لېكىن (ئۇ):« كىتابنى
ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار» (دەيدۇ) [79] شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى
رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟ [80]
سۈرە ئال ئىمران][كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا ئاللاھغا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن،
پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ [117] سۈرە مۆئمىنۇن][سەندىن بۇرۇن بىز
ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟
(پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھدىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ) [45] سۈرە زۇخرۇف][ئۇلارنىڭ تولىسى
ئاللاھغا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ [106] سۈرە يۇسۇف][ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي
ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشاش (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق - سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ
چوقۇنىۋاتقان بۇتلىرى ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ) ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر
ئۇلار (ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى) [41] ئاللاھ ئۇلار ئاللاھ نى تاشلاپ ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىنى ئوبدان
بىلىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [42] سۈرە ئەنكەبۇت][ئاللاھغا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك
كەلتۈرمەڭلار، كىمكى ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران
ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ [31] سۈرە ھەج][بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر
سۆزنى چۈشەنمەيدۇ [78] سۈرە نىسا][شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار چۈشەنمەس قەۋمدۇر [58] سۈرە مائىدە][شەك - شۈبھىسىزكى،
شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ [37] سۈرە زۇخرۇف][ئۇلار
نېمىشقا ۋەز (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدۇ [49] گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر [50-51] سۈرە مۇددەسسىر]

## كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىشى

[ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، كاپىرلار ئېيتتى:«
بۇ بىر يالغانچى سېھرىگەردۇر [4] ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش [5] سۈرە
ساد][مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (ئاللاھ ئۈستىدىن) غەلىبە
قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى [42] ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر
[43] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار (يەنى بۇ نەرسىلەر)
ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟ [21] ئەگەر ئاسمان - زېمىندا ئاللاھدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە
بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر [22] سۈرە ئەنبىيا][ئاللاھنىڭ بالىسى يوق،
ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز
ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاللاھغا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر [91] سۈرە
مۆئمىنۇن][ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى
مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق [71] سۈرە مۆئمىنۇن][ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن
كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ ( يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت
ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ) [46] سۈرە ھەج]

## ھېچكىم ئاللانىڭ ئىزنىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى

[بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە بالىلارنى بەردۇق، ھەرقانداق پەيغەمبەر اللّٰه نىڭ ئىزنىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەربىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكمى بولىدۇ [38] سۈرە رەئد][ھېچقانداق پەيغەمبەر اللّٰه نىڭ ئىزنىسىز بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ [78] سۈرە غافىر][اللّٰه نىڭ يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، اللّٰه يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ كۆرمەيسەن [43] سۈرە فاتىر]

## كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلىشى

[ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سەندىن ئۆزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورايدۇ، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى سوراپ: «بىزگە اللّٰه نى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى [153] سۈرە نىسا][قۇرئان بىزگە نازىل بولماي ئۇنىڭغا نازىل بولدىمۇ؟» بەلكى ئۇلار مېنىڭ زىكرىم (يەنى قۇرئان) دىن شەكتىدۇر، بەلكى ئۇلار تېخى مېنىڭ ئازابىمنى تېتىغىنى يوق [8] سۈرە ساد][(ئى مۇھەممەد! سەندىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلغۇچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، مەندە اللّٰه نىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، سىلەرگە، مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە، دېمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن». ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەرمۇ؟ ئويلاپ باقامسىلەر؟» [50] سۈرە ئەنئام]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنغانلىقى ئوقۇشى

[(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا ۋەھيي قىلىنغاننى ئوقۇغىن، اللّٰه نىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ[27] سۈرە كەھف] [كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر [1] ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (قۇرئاندا) يېڭى ۋەز- نەسىھەت نازىل بولسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ [2] ئۇلارنىڭ دىللىرى (اللّٰه نىڭ كالامىدىن) غەپلەتتىدۇر، كاپىرلار ئۆزئارا:« بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) پەقەت سىلەرگە ئوخشاش (ئاددى) بىر ئىنسان، سىلەر سېھىرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ يوشۇرۇپ سۆزلىشىدۇ [3] (پەيغەمبەر) ئېيتتى:« پەرۋەردىگارىم ئاسمان، زېمىندا ئېيتىلغان سۆزلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، اللّٰه (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [4] (كاپىرلار قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماستىن)« بەلكى ئۇ (مۇھەممەدنىڭ) قالايمىقان چۈشلىرىدۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغاندۇر، بەلكى ئۇ شائىردۇر، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن» دېيىشتى [5] ئۇلاردىن ئىلگىرى، بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەردىن (يەنى ئاھالىسىدىن) ھېچقايسىسى ئىمان ئېيتمىغان تۇرسا، (مۆجىزىلەرنى كۆرسەتسەك) ئۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟ [6] (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (پەرىشتىلەرنى ئەمەس) پەقەت ئىنسانلارنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئەھلى ئىلىمدىن (يەنى تەۋرات، ئىنجىللارنى بىلىدىغانلاردىن) سوراڭلار [7] پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ) ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ) [8] سۈرە ئەنبىيا]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاسمان – زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەر شەك – شۈبھىسىز مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ، جىنلارنىڭ ئاسىيلىرى بۇ ھەقىقەتكە تېنىۋالىدۇ»[ ئەھمەد ۋە دارمى ۋە زىيائۇلمەقدەسى ھەسەن]

[(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار، شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر، دەيتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەڭ روشەن دەلىل كەلگەندىمۇ ئىمان ئېيتماسلىقتۇر [7] ئۇلار:« ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟» دەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى (يەنى بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا، ھالاك قىلىناتتى) ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيتتى [8] سۈرە ئەنئام][اللّٰه (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، اللّٰه پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر [68] سۈرە قەسەس][اللّٰه پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيي يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [75] سۈرە ھەج] [ كاپىرلار:« بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن» دەيدۇ، ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى [4] ئۇلار ئېيتتى:« (بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېپزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن- ئاخشامدا ئوقۇپ

بېرىلىۋاتىدۇ [5] ئېيتقىنكى:« ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان  اللّٰه نازىل قىلدى، اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [6] سۈرە فۇرقان] [قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق  [210] بۇ ئۇلارغا لايىق ئەمەس. ئۇلارمۇ (ئۇنىڭغا) قادىر بولالمايدۇ  [211] شۈبھىسىزكى، ئۇلار، (يەنى شەيتانلار) ئوغرىلىقچە) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغاندۇ [212] سۈرە شۇئەرا][ئۇ (قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر  [25] قەيەرگە بارىسىلەر؟  [26] ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر [26] سۈرە تەكۋىر][ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلا)نى (اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟ كاپىرلار:« بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىردۇر» دېدى  [2] سۈرە يۇنۇس][(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغان چېغىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، قۇرئاننى چۈشەنمەسلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. ئۇلار مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ. ھەتتا كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىپ كەلگەندىمۇ:« بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلاردۇر» دەيدۇ  [25] ئۇلار كىشىلەرنى قۇرئاندىن توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ [26] سۈرە ئەنئام] [ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا:« مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا - جۇداسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا - جۇدامەن» دېگىن [41] سۈرە يۇنۇس][ئەلىف، لام، مىم، را، بۇ، كىتاب (يەنى قۇرئان)نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (قۇرئاندا) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەر ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننىڭ اللّٰه تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ [1] سۈرە رەئد][شەك- شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئاندا كىشىلەرگە تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق، ئەگەر سەن ئۇلارغا (قۇرئان ئايەتلىرىدىن) بىرەر ئايەتنى كەلتۈرسەڭ، كاپىرلار (دىللىرى قەساۋەتلىشىپ كەتكەنلىكتىن) چوقۇم ئېيتىدۇكى:« سىلەر پەقەت يالغانچىلار سىلەر [58] سۈرە رۇم][ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق (سۆز) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (كۇفرىدە) ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر [32] سۈرە تۇر][سىلەر (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ۋەز- نەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلامدۇق؟ [5] سۈرە زۇخرۇف]

### ئىنسانلارنى قۇرئانغا ئوخشاش  بىرەر  سۈرە ئىجات قىلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى

[ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجات قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى:« (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللادىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجات قىلىپ بېقىڭلار [13] ئەگەر ئۇلار (بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا، بىلىڭلاركى، قۇرئان اللّٰه نىڭ ۋەھيي قىلىشى بىلەن نازىل قىلىنغان.  اللّٰه دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (اللّٰه غا) بويسۇنامسىلەر؟ [14] سۈرە ھۇد][ئۇلار:« قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى:« ئەگەر ( بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، اللّٰه دىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار» [38] ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باققىن [39] سۈرە يۇنۇس] [بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا)  اللّٰه دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا)  راستچىل بولساڭلار [23] ئەگەر مۇنداق قىلمىساڭلار ــ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ــ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلاردىن يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار [24] سۈرە بەقەر][ياكى ئۇلار:« (مۇھەممەد قۇرئاننى) ئۆزى توقۇدى» دېيىشەمدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ  [33] ئەگەر (مۇھەممەد ئۇنى توقۇدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، باياندا) قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار [34] سۈرە تۇر][ئەگەر بىز خالىساق ساڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئاننى ئەلۋەتتە (دىللاردىن ۋە مۇسھەپلەردىن) كۆتۈرۈۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىزگە قارشى ھېچقانداق ھامىي تاپالمايتتىڭ  [86] پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى كۆتۈرۈۋەتمىدى. اللّٰه نىڭ مەرھەمىتى ساڭا ھەقىقەتەن چوڭ بولدى [87]  ئېيتقىنكى:« ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر- بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ  [88] بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مەسەللەرنى خىلمۇ- خىل شەكىلدە بايان قىلدۇق، (روشەن پاكىتلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي) ئىنسانلارنىڭ تولىسى پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلدۇ [89] سۈرە بەنى ئىسرائىل] [ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)  [24] سۈرە مۇھەممەد]

## قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىقى

[(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ۋە باشقىلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاللاھ قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى. پەرىشتىلەرمۇ (ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەندىمۇ) ئاللاھ نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر [166] سۈرە نىسا] [(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى:« ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مېنىڭ راستلىقىمغا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [96] سۈرە بەنى ئىسرائىل][(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى:« (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى:« ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا ئاللانىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر). بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى [19] سۈرە ئەنئام]

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خۇش بېشارەت ئېلىڭلاركى، ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ بىر تەرىپى ئاللانىڭ قولىدا، يەنە بىر تەرىپى بولسا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا» [تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ كىتابى(قۇرئان)، ئاسماندىن زېمىنغىچە ئۇزۇن سوزۇلغان (مۇستەھكەم) ئاللانىڭ ئارغامچىسىدۇر» [ئەبۇ شەيبە ۋە ئىبنى جەرىير تەبرى سەھىھ]

ئىمام مۇسلىم، ئەياز ئىبنى ھىماردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن سېنى سىنايمەن ۋە سەن ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ سىنايمەن. ساڭا بىر كىتاب (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدىم، ئۇنى سۇمۇ يۇيۇپ ئۆچۈرەلمەيدۇ. سەن ئۇنى ئۇخلاۋاتقان ۋە ئويغاق ھالەتتە ئوقۇيسەن»[مۇسلىم]

ئەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر قۇرئان تېرىغا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئوت كۆيدۈرمەيدۇ » [بەيھەقى ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن مول مەزمۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ئەۋەتىلدىم» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۆز دەۋرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر ياكى بىر قانچە مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ماڭا بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ بىرى- ماڭا قىلىنغان ۋەھيي (قۇرئان)دۇر. قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيدى:« ماڭا ئەۋەتكىنى ۋەھيي (يەنى قۇرئان كەرىم) بولدى» مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدىغان قۇرئان بېرىلىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. باشقا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن كىتابلار ھەر تەرەپتىن قۇرئانغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، باشقا كىتابلار قۇرئانغا ئوخشاش مۆجىزىلىك كىتاب ئەمەس »

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« قۇرئان كەرىمنىڭ (ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدىغان) ئاجايىبلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ» [تىرمىزى]

مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرئاندا بايان قىلىنغان ھەر نەرسە راستتۇر، قۇرئاننىڭ ھەر بىر ئايىتى تا قىيامەتكىچىلىك نۇردۇر» [ئەلكەبىر]

## قۇرئاننىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى

[ھەقىقەت ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەندۇر [147] سۈرە بەقەرە][(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا ۋەھيي قىلىنغاننى ئوقۇغىن، ئاللاھ نىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ [27] سۈرە كەھف][ئاللاھ ئېيتتى: «مېنىڭ سۆزۈم ھەقتۇر، مەن ھەقنى سۆزلەيمەن [84] سۈرە ساد][قۇرئان شەك ـ شۈبھىسىز (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر [13] ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر [14] سۈرە تارىق] [بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر [88] سۈرە ساد][قۇرئاننى بىز ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى [105] سۈرە بەنى ئىسرائىل][شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر [41] ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [42] سۈرە فۇسسىلەت][ئاللاھ نىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ [34] سۈرە ئەنئام][ قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز [9] سۈرە ھىجر][قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر [49] سۈرە ئەنكەبۇت] [ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان- زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ [53] سۈرە فۇسسىلەت][سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ [73] سۈرە بەقەرە][ئاللاھ قا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە ( ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە ( ئاللاھ نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق) [8] سۈرە قاف][ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى

يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ۋە ئالىملار) بۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، چوقۇم بىلىدۇ [144] سۈرە بەقەرە][ئىلىم بېرىلگەنلەر ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ شۈبھىسىز ھەق ئىكەنلىكىنى، (ئىنسانلارنى) غالىب، ھەمدۇساناغا لايىق اللّٰه نىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ [6] سۈرە سەبەئـ][ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان، سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى كۆرسىتىمەن. مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار [37] سۈرە ئەنبىيا][ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر [11] سۈرە بەنى ئىسرائىل][(اللّٰه تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر [67] سۈرە ئەنئام][بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز [146] سۈرە ئەنئام][بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز [59] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىرەر مۆجىزە ئالامەت كۆرسەڭلار سەجدە قىلىڭلار» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ھەسەن]

[اللّٰه سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر اللّٰه نىڭ (قۇدرىتىنىڭ) قايسى ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [81] سۈرە غافىر][اللّٰه سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ [13] سۈرە غافىر] [شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى [18] سۈرە نەجم][اللّٰەدىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ [87] سۈرە نىسا] [پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستۇر، ناھايىتى توغرىدۇر [115] سۈرە ئەنئام][ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر [78] سۈرە رەھمان]

## بىرەر مۆجىزە كەلسە دىلىدا كېسەلى بارلار ئىشەنمەيدىغانلىقى

[بىز كىتاب ئاتا قىلغانلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇنىڭ (يەنى قۇرئاننىڭ) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ [114] سۈرە ئەنئام][بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ، ئاندىن (دىللىرىدا) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)، ئۇلار (ئىماننى) چۈشەنمەيدۇ [3] سۈرە مۇنافىقۇن][ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى (بىلدۈرۈپ) اللّٰەنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) مۆجىزىلەر (مېنىڭ ئەمەس)، اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىكى ئىش، دېگىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە، ئۇلار، ئېھتىمال، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن [109] ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنى ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز [110] سۈرە ئەنئام][ئۇلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز- نەسىھەت قىلىسا (ۋەز- نەسىھەتنى) قوبۇل قىلمايدۇ [13] ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسە مەسخىرە قىلىشىدۇ [14] ئۇلار:« بۇ روشەن سېھىردۇر» دەيدۇ [15] سۈرە سافقات][ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە:« بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ [44] سۈرە تۇر] [ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ [46] سۈرە ھەج][ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، اللّٰه ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [10] سۈرە بەقەر][ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللّٰەنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللّٰەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گۇيا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر [179] سۈرە ئەئراف] [گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، اللّٰه پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ [82] سۈرە يۇنۇس] [بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز [97] پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن [98] سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە ( يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن [99] سۈرە ھىجر][ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىشەنمەيدۇ) [97] سۈرە يۇنۇس][ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە ناشۈكۈرلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى [57] سۈرە بەقەر][ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، (سىلەر) بۇ دۇنيا (نىڭ باقاسى يوق شەھۋەتلىرى) دىن بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ)، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمىز [23] سۈرە يۇنۇس]

## جاھىل كاپىرلارنىڭ يەنە مۆجىزە تەلەپ قىلىشى

[ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «(مۇھەممەد) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ!» دەيدۇ، ئۇلارغا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەلمىدىمۇ؟ [133] سۈرە تاھا] [بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟[51] سۈرە ئەنكەبۇت][ئۇلار (ھەق) كالام (يەنى ئۇلۇغ قۇرئان) ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر قىلمىدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا ( اللّٰه تەرىپىدىن) ئاتا ـ بوۋىلىرىغا كەلمىگەن (يېڭى)

نەرسە كەلدىمۇ؟ [68] ياكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ئەلچىنى تونۇماي ئۇنى ئىنكار قىلىشۋاتامدۇ [69] ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ [70] ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز ـ نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ [71] ياكى سەن ئۇلاردىن (ئەلچىلىكنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ھەق تەلەپ قىلامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق گۇمان قىلامدۇ؟) پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) ئەجرى ياخشىدۇر، اللّٰه رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر [72] سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىسەن [73] ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن توغرا يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر [74] سۈرە مۆئمىنۇن][ئۇلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) نىڭ دىللىرى بۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) غەپلەتتىدۇر، ئۇنىڭدىن (يەنى كۇفرىدىن) باشقا ئۇلار كېلەچەكتە نۇرغۇن (يامان) ئىشلارنى قىلىدۇ [63] سۈرە مۆئمىنۇن][بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ بولىدۇ [72] بەنى ئىسرائىل]

## ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ راستلىقىنى بىر كۈنى ئەسلەيدىغانلىقى

[(سىلەرگە ئازاب نازىل بولغان چاغدا) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ (راستلىقىنى) ئەسلەيسىلەر، [44] سۈرە غافىر]

## قۇرئاننىڭ مۆجىزە خەۋەرلىرى

[شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال ـ مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) اللّٰه نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ [36] سۈرە ئەنفال][اللّٰه كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر [18] سۈرە ئەنفال][ئۇلار اللّٰه نىڭ نۇرىنى (يەنى اللّٰه نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللّٰه ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر) [8] سۈرە سەپ][اللّٰه باتىلنى يوق قىلىدۇ، (پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان) سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىدۇ [24] سۈرە شۇرا][اللّٰه (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، اللّٰه ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [21] سۈرە مۇجادەلە][بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان [171] ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر [172] بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر [173] سۈرە سافقات] [(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر (دۇنيادا) مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك» [12] سۈرە ئال ئىمران][ئۇلار جامائەلەردىن ئۇيۇشقان مەغلۇب قىلىنىدىغان قوشۇندۇر [11] سۈرە ساد][غەلىبە اللّٰه غا، اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ [8] سۈرە مۇنافىقۇن] [بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر [35] سۈرە قەسەس][(اللّٰه تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر [67] سۈرە ئەنئام] [ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر [78] سۈرە رەھمان]

※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※

★[ زېمىننى بىز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟ [25] سۈرە مۇرسەلات]

★[ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى [11] اللّٰه يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ تەقدىرىدۇر [12]

★[بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق [17] سۈرە مۆئمىنۇن]

★[ئاللا يەتتى ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللانىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن [3] ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردىن بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ [4] سۈرە مۇلك][ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ [6] سۈرە قاف]

★[ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار ئاسماندىكى ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر [32] سۈرە ئەنبىيا]

★[ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن كەڭەيتكۈچىمىز [47] سۈرە زارىيات]

★[يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەمكى [7] سۈرە زارىيات]

★[ئاللا ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر [10] سۈرە لوقمان]

★[(ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللا ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا [65] سۈرە ھەج]

★[ئاللا يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى [12] سۈرە تەلاق]

★[ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھەق ئاساستا مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە قالىدىغان) قىلىپ ياراتتۇق [3] سۈرە ئەھقاف][ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي! [27] سۈرە ساد]

★[ئاللانىڭ ئاسمان- زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (ئېسىقلىق) تۇرغۇزۇشى ئاللانىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر [25] سۈرە رۇم] [ئاللا ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ [41] سۈرە فاتىر]

★[(يامغۇرلارنىڭ) ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن قەسەمكى [2] سۈرە زارىيات] [يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى [11] سۈرە تارىق]

★[ئاللا كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ [33] سۈرە ئەنبىيا] [كۈن بەلگىلىگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇ [38] ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ [39] كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ [40] سۈرە ياسىن]

★[قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى [1] سۈرە قەمەر]

★[ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا (گۇناھى) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان (يەنى ھالاك قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان)، لايدىن پىشۇرۇلغان تاش ياغدۇرىمىز [33-34] سۈرە زارىيات]

★[(پەيغەمبەر) ئېيتتى:« پەرۋەردىگارىم ئاسمان، زېمىندا ئېيتىلغان سۆزلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللا (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [4] سۈرە ئەنبىيا]

★[(ئاللاغا) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ [24] سۈرە ھەشر][يەتتە ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللانى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللانى پاك دەپ مەدھىيلەيدۇ، لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر [44] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

★[ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئىككىسىدە جانىدارلارنىڭ يېيىلىشى ئاللانىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر، ئاللا ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى جەمئىي قىلىشقا قادىردۇر [29] سۈرە شۇرا] [ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرشتىلەر ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (ئاللاغا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ [49] سۈرە نەھل|

★[شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ئاللانىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا)

12 دۇر [36] سۈرە تەۋبە]

★[ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر [47] سۈرە ھەج]

★[ئاللا ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى [2] سۈرە فۇرقان][بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق [49] سۈرە قەمەر] [ ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر [8] سۈرە رەئد][ قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز [21] سۈرە ھىجر][ اللّٰه خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ [27] سۈرە شۇرا]

★[تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ [31] سۈرە يۇنۇس][ئاللا جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ [19] سۈرە رۇم][تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ اللّٰه دۇر [95] سۈرە ئەنئام]

★[سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق [49] سۈرە زارىيات][ئاللا (پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار[36] سۈرە ياسىن]

★[ئاللا ھەربىر جانىدارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ[45] سۈرە نۇر]

★[غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئاللا بىلىدۇ [59] سۈرە ئەنئام][ئاللادىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ [65] سۈرە نەمل][سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن [85] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئۇلار ئاللانىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللا) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ [255] سۈرە بەقەرە]

★[ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. « روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن [85] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

★[تۆمۈرنى چۈشۈردۇق، تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار [25] سۈرە ھەدىد]

★[يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق [31] سۈرە ئەنبىيا][تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ [7] سۈرە نەبە] [تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممىنى پۇختا ياراتقان ئاللانىڭ ھۈنىرىدۇر [88] سۈرە نەمل]

★[ئۇ ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ [19] ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ [20] سۈرە رەھمان]

★[مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك - چىشى - ئىككى جىنىسلىق قىلىپ ياراتتى [3] سۈرە رەئد]

★[ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى اللّٰه نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر [61] سۈرە يۇنۇس]

★[جىمى ھەمدۇ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاغا خاستۇر! ئاللا يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [1] سۈرە فاتىر]

★[( جىن، شەيتانلارنىڭ دادىسى) جاننى ( ئادەمدىن ) ئىلگىرى، تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق، دېدى [27] سۈرە ھىجىر]

★[ئاللا بىر جۈپنى- ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى [45] ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى) [46] سۈرە نەجم][ئاندىن ئۇنى بىز پۇختا قاراگاھ (يەنى بەچچىدا)دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇ [13] ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللا (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر [14] سۈرە مۆئمىنۇن][ئاللا سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ ئاللا سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر [6] سۈرە زۇمەر]

★[ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە اللّٰه نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار [11] سۈرە رەئد]

★[ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن ـ يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز [15 ـ 16] سۈرە ئەلەق]

★[بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى [90] (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اللّٰه قا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ [91] سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر [92] سۈرە يۇنۇس]

★[شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز [56] سۈرە نىسا]

★[اللّٰه كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، اللّٰه كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى اللّٰه مۇشۇنداق ئازابلايدۇ [125] سۈرە ئەنئام]

★[ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، اللّٰه نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى اللّٰه ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ) [40] سۈرە نۇر]

★[(قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى [6] سۈرە تۇر]

★[ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن غەپلەتتىدۇر [7] سۈرە رۇم]

[مەن مۇشۇنچىلىك يازدىم، قۇرئاندا بۇ توغرۇلۇق بەك جىق.......]

※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※

[كاپىرلارنىڭ سۆزىنى پەس قىلدى، اللّٰه نىڭ سۆزى ئۈستۈندۇر [40] سۈرە تەۋبە][بىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق [98] سۈرە ساففات][(اللّٰه تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشلىرى، دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر [54] سۈرە ھەج][شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اللّٰه نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئالامەت بار

[49] ئال ئىمران]  [ئۇلار (كالامۇللا ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ [185] سۈرە ئەئراف][نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر [92] سۈرە يۇنۇس][پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ [43] سۈرە ئەنكەبۇت][اللّٰه نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللّٰهدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ [28] سۈرە فاتىر]

## ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئالامەتلەر

[ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى [1] سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى [2] (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ [3] پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ [4] سۈرە نەجم][كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، اللّٰه ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە ( اللّٰهدىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (اللّٰه نىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار [6] سۈرە يۇنۇس][زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا اللّٰه قا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (  اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر [20-21] سۈرە زارىيات][ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن ( اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار [3] سۈرە جاسىيە][ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي! [27] سۈرە ساد][(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر [29] سۈرە ساد][تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن اللّٰه ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ [219] سۈرە بەقەر]

## ئىسلام دىنى

[بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم [3] سۈرە مائىدە]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلام دىنى بەش ئەركان ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرىنچىسى: ‹ئاللاتائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىش. ئىككىنچىسى: ناماز ئوقۇش. ئۈچىنچىسى: زاكات بېرىش. تۆتىنچىسى: ھەج قىلىش. بەشىنچىسى: روزا تۇتۇش» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[ھەقىقەتەن ئاللانىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر [19] سۈرە ئال ئىمران][اللّٰه نىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار،  اللّٰه نىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ [138] سۈرە بەقەر][ئۇلار اللّٰه نىڭ دىنىدىن باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ [83] سۈرە ئال ئىمران] [ئۇلارنىڭ اللّٰه رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ [21] سۈرە شۇرا][كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر [85] سۈرە ئال ئىمران]

## دىندا زورلاش يوق

[ئېيتقىنكى:« ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارغا مەن چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان اللّٰهغا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم  [104] يەنە (ماڭا):« باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن [105] اللّٰهنى قويۇپ، ساڭا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن [106] سۈرە يۇنۇس][باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن،  اللّٰه نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللّٰه ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللّٰه نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ  [30] سۈرە رۇم][دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى  اللّٰه دىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ،  اللّٰه غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ،  اللّٰه (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [256] سۈرە  بەقەر]

## پىرقىلەرگە بۆلۈنىش

[(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار [92] ئۇلار (دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ) پىرقە - پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر [93] سۈرە ئەنبىيا][سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن

قورقۇڭلار [52] ئۇلار (يەنى ئۈممەتلەر) دىنىي جەھەتتە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر [53] ئۇلارنى ئۆلگەنلىرىگە قەدەر گۇمراھلىقتا تەرك ئەتكىن [54] سۈرە مۆئمىنۇن][ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. اللّٰه ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ:« مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى [118-119] سۈرە ھۇد]

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شەك- شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلار 71 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. خرىستىئانلار 72 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. كەلگۈسىدە بۇ ئۈممەت 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت بىر پىرقىدىن باشقا ھەممىسى دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى. ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان ئۇ بىر پىرقە كىملەر؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىنى تۇتقانلار» دېدى [بۇنى ھاكىممۇ رىۋايەت قىلغان]

[دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا - جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت اللّٰەغىلا خاستۇر، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) اللّٰه ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ [159] سۈرە ئەنئام]

## تەۋرات ۋە ئىنجىل كىتابلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئەھلى كىتاب تەۋراتنى ئىبرانى تىلى بىلەن ئوقۇپ، ئۇنى ئىسلام ئەھلىگە ئەرەب تىلى بىلەن تەپسىر قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:« ئەھلى كىتابنى تەستىق قىلماڭلار، ئۇلارنى ئىنكارمۇ قىلماڭلار، ئېيتىڭلاركى: بىز ئاللاتائالاغا، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر. بىز ئاللاتائالاغا بويسۇنغۇچىلارمىز» [بۇخارى]

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سىلەرگە نازىل قىلىنغان سىلەرنىڭ كىتابىڭلار ئەڭ يېڭى تۇرسا، سىلەر ئۇنى ھېچ نەرسە ئارىلىشىپ قالمىغان ساپ ھالەتتە ئوقۇيدىغان تۇرساڭلار، قانداقمۇ ئەھلى كىتابتىن مەسىلە سورايسىلەر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققەتەن سىلەرگە ئەھلى كىتاب توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن، ئۇلار ئاللاتائالانىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ئۇلار كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئازغىنا پۇلغا سېتىش ئۈچۈن بۇ ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب دېيىشتى. بىلىڭلاركى، سىلەرگە كەلگەن ئىلىم سىلەرنى ئۇلاردىن مەسىلە سوراشتىن توسمىدىمۇ؟ ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەمنىڭ سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابتىن مەسىلە سورىغانلىقىنى كۆرمىدۇق» [بۇخارى]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا تەۋراتنىڭ بىر پارچە نۇسخىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! بۇ تەۋرات نۇسخىسى ئىكەن دېدى. رەسۇلۇللا جىم تۇرىۋېدى، ئۇ ئوقۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللانىڭ يۈزى غەزەپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئۆمەر! سېنى ئۇرۇق تۇققانلىرىڭ يوقىتىپ قويسۇن، سەن رەسۇلۇللانىڭ يۈزىنىڭ غەزەپتىن ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللانىڭ يۈزىگە قاراپ: ئاللاغا سېغىنىپ ئاللانىڭ غەزىپىدىن، ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ غەزىپىدىن پاناھ تىلەيمەن. بىز ئاللانىڭ پەرۋەردىگارىمىز بولغانلىقىدىن، ئىسلامنىڭ دىنىمىز بولغانلىقىدىن، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇق دېگەندە، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: مۇھەممەدنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەرگە مۇسا ئاشكارا بولۇپ، سىلەر مېنى قويۇپ مۇساغا ئەگەششەڭلار ئەلۋەتتە توپتوغرا ھەق يولدىن ئازغان بولاتتىڭلار. ئەگەر مۇسا ھايات بولۇپ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى تاپقان بولسا، چوقۇم ئۇمۇ ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى» [دارىمى ھەسەن]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: بىز يەھۇدىيلاردىن نۇرغۇن ھەدىس سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يېزىۋېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلاملا؟ دېگەندە، رەسۇلۇللا: سىلەر خۇددى يەھۇدىي ناسارالار ھەيران قالغاندەك ھەيران قېلىپ (ئۆز كىتابىڭلاردىن باشقا نەرسىنى خاتىرلەمسىلەر؟) ھەققەتەن مەن سىلەرگە بۇ دىننى كىتابنى ئوپئۇچۇق نۇرلۇق، روشەن ھالەتتە ئېلىپ كەلدىم، ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات بولغان بولسىمۇ چوقۇم ماڭا ئەگىششەتتى، ئۇنىڭغىمۇ ماڭا ئەگىشىشتىن باشقىسى دۇرۇس بولمايتتى» دېدى [ئەھمەد ۋە بەيھەقى ھەسەن]

[پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللّٰەدىن قورقۇڭلار، ھەققەتەن اللّٰەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [7] سۈرە ھەشر][(بۇ مۇناپىقلار)« اللّٰەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر [63] سۈرە تەۋبە]

## يەھۇدىي ۋە ناسارا

[يەھۇدىيلار: «ئۇزەير اللّٰه نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىسا) اللّٰه نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر اللّٰه نىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. اللّٰه ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ( اللّٰه نىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ ( اللّٰه نىڭ بالىسى بار دەپ) اللّٰه قا يالغان چاپلايدۇ [30] سۈرە تەۋبە][يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز اللّٰه نىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز اللّٰه نىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) اللّٰه نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش اللّٰه ياراتقان ئىنسانسىلەر، اللّٰه خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى اللّٰه قا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي اللّٰه نىڭ دەرگاھىدۇر [18] ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار) بىزگە (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى (ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى). اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر [19] سۈرە مائىدە][سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت اللّٰه نىڭ يولىدۇر» . ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشىدىغان بولساڭ، (سېنى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ [120] سۈرە بەقەرە][ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن [111] ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللّٰه قا تاپشۇرىدىكەن (يەنى اللّٰه نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس اللّٰه ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ [112] يەھۇدىيلار: «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىنىدا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىنىدا ئەمەس)» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ، بىلمىسىز ئادەملەر (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى) مۇ ئۇلار دېگەندەك دېدى، اللّٰه قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ [113] سۈرە بەقەرە][ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن [135] ئېيتىڭلاركى، « اللّٰه قا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز اللّٰه قا بويسۇنغۇچىلارمىز [136] ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (سەن بىلەن) ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ، ئۇلارغا قارشى اللّٰه ساڭا كۇپايىدۇر. اللّٰه (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە ـ مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [137] سۈرە بەقەرە][ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ [130] ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى [131] سۈرە بەقەرە]

## ئاللانىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەر

[(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ، اللّٰه بىردۇر [1] ھەممە اللّٰه قا موھتاجدۇر [2] اللّٰه بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3] ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4] سۈرە ئىخلاس][ئۇلار (يەنى شەيتانلار) غا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ كۆرسەتكىنىم يوق (يەنى مەزكۇرلارنى خەلق ئەتكەن چېغىمدا ئۇلارنى ھازىر قىلغىنىم يوق)، (كىشىلەرنى) ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق [51] سۈرە كەھف][ئۇلار: « اللّٰه نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى [88] سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار [89] بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى [90] بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللّٰه نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى [91] بالىسى بولۇش اللّٰه قا لايىق ئەمەستۇر [92] ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا اللّٰه قا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر [93] شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۆكەممەل بىلدى

[94] سۈرە مەريەم][جىنلارنى  اللّٰه ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) جىنلارنى  اللّٰه قا (مۇشرىكلار ئىختىرا قىلغان نەرسىلەردىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر [100] اللّٰه ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر،  اللّٰه نىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى  اللّٰه ياراتقان، ھەممە نەرسىنى اللّٰه ئوبدان بىلگۈچىدۇر [101] ئەنە شۇ اللّٰه سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، اللّٰه تىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر  [102] سۈرە ئەنئام][ئۇلار مەرھەمەتلىك اللّٰه نىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى،  اللّٰه پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، ئۇلار ئۈستىدە بارمىدى؟ (يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىدۇ؟) ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا) يېزىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ [19] ئۇلار: «مەرھەمەتلىك  اللّٰه خالىسا، بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتىلەرگە) چوقۇنمايتتۇق» دېدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ بىلىمى (يەنى ئاساسى) يوق، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ» [20] سۈرە زۇخرۇف][ئۇلار (يەنى كاپىرلار): « اللّٰه نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى، اللّٰه (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، بىھاجەتتۇر (يەنى بالا قىلىۋېلىش ئېھتىياج ئۈچۈن بولىدۇ،  اللّٰه بولسا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر)، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللّٰه نىڭ مۈلكىدۇر، ( اللّٰه نىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى يالغاندىن اللّٰه قا چاپلامسىلەر؟  [68] سۈرە يۇنۇس][كاپىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشقا بولىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ بىز جەھەننەمنى كاپىرلارغا ھەقىقەتەن مەنزىلگاھ قىلىپ تەييارلىدۇق  [102] سۈرە كەھف][ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى  اللّٰه قا خاستۇر، اللّٰه نىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر،  اللّٰه ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى  [2] سۈرە فۇرقان][(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ اللّٰه قا تۆھمەت چاپلاۋاتقانلىقىغا قارىغىن! بۇ ئوپئوچۇق گۇناھتۇر [50] سۈرە نىسا][ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار [21] اللّٰه سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى  اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر(اللّٰه نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر  [22] سۈرە بەقەرە][اللّٰه ھەقىقەتەن اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ  [48] سۈرە نىسا][اللّٰه نىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ [4] ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇ بوھتانلىرىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ  [5] سۈرە كەھف][ئەگەر مېھرىبان اللّٰه نىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن (ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم ، دېگىن [81] ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پاكتۇر  [82] سۈرە زۇخرۇف][ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا بىز ھەق سۆزنى ئېلىپ كەلدۇق، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر [90]  اللّٰه نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى،  اللّٰه ئۇلارنىڭ  اللّٰه قا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر [91]  اللّٰه غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر [92] سۈرە مۆئمىنۇن][زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟ [22] سۈرە مۈلك][ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)  [46] سۈرە ھەج]

## بۇتقا چوقۇنغۇچىلار

[ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى. چۈنكى بىر تۈركۈم مۆمىنلەردىن باشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگەشتى [20] ئىبلىسنىڭ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئۈستىدىن (ۋەسۋەسە قىلىش بىلەن) ھۆكۈمرانلىق قىلىش پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر، پەرۋەردىگارىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزەتكۈچىدۇر [21] ئېيتقىنكى، «سىلەر  اللّٰه نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا اللّٰه قا) ھېچ شېرىكچىلىگى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە  اللّٰه قا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق  [22] سۈرە سەبەئـ][ئۇلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، اللّٰه نى قويۇپ باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى [74] ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. بۇلار شۇ مەبۇدلار ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن) ھازىرلانغان قوشۇندۇر  [75] سۈرە ياسىن][ئۇلار اللّٰه نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ھېچقانداق رىزىق چۈشۈرۈپ ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق چىقىرىپ (يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە يەردىن زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ) بېرەلمەيدىغان، (شۇنداق قىلىشقا) قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامدۇ؟  [73] سۈرە نەھل][راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە

زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللّٰه نىڭدۇر (يەنى اللّٰه نىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). اللّٰه نى قويۇپ، بۇتلارغا
چوقۇنىدىغانلار پەقەت يوقىلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ [66] سۈرە يۇنۇس][ئۇنداق ئەمەس (يەنى اللّٰه قا
شېرىك كەلتۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق)، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار بىلىمسىزلىكتىن نەپسى خاھىشىغا
ئەگەشتى. اللّٰه گۇمراھ قىلغان ئادەمنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ [29] سۈرە
رۇم][ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار (نېمە بىلەن چوقۇنۇشقا لايىق بولدى؟)
ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلاركى، ئۇلار زېمىندىن نېمىلەرنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى اللّٰه بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟ يا ئۇلارغا بىز
بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابتىكى روشەن دەلىللەرگە ئاساسلىنامدۇ؟» ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، زالىملار بىر ـ بىرىگە
پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ [40] سۈرە فاتىر][(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر اللّٰه نى قويۇپ
چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ (ئەھۋالىنى) ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلار زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىڭلار،
ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ اللّٰه بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ بۇ (قۇرئان) دىن ئىلگىرى (سىلەرگە نازىل قىلىنغان)
كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار [4] اللّٰه نى قويۇپ
قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار
ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر [5] سۈرە ئەھقاف][اللّٰه سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى
قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ،
اللّٰه پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر [40] سۈرە رۇم][اللّٰه كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى
كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)،
اللّٰه كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى
قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ اللّٰه سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، اللّٰه نى قويۇپ
چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس [13] ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى
ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاپ قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ( اللّٰه قا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى
ئىنكار قىلىدۇ، (مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالىنى ھېچ ئەھەدى) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردا ر
زاتتەك (يەنى اللّٰه دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ [14] سۈرە فاتىر][(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر اللّٰه
سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى سىلەرنى ھېچ نەرسىنى
چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى اللّٰه تىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» قارىغىنكى، بىز
(قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلغانىمىز، ئەمما ئۇلار (شۇ ئايەتلەردىن) يۈز ئۆرۈيدۇ (يەنى
ئىمان ئېيتمايدۇ) [46] سۈرە ئەنئام][ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر اللّٰه كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان
بولسا، اللّٰه تىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟ ، دېگىن
[72] سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) اللّٰه نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە ( اللّٰه
نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىندۇر [73] سۈرە
قەسەس][(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن
يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، « اللّٰه مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن
يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. نېمىشقا (ھەقتىن باتىل تەرەپكە) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ [34] ئېيتقىنكى،
«سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، « اللّٰه گۇمراھنى ھەق
يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى
باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان (بۇتلاغا) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل)
ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟ [35] ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى
ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر [36] سۈرە
يۇنۇس][اللّٰه ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز
قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جانىدارلارنى تاراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ
بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق [10] مانا بۇلار اللّٰه نىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا
كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، اللّٰه تىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ بەلكى زالىملار ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر [11]
سۈرە لوقمان][ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى،
سىلەر اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم
قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا
سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا)
چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر [73] ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى اللّٰه قا شېرىك قىلىۋېلىپ) اللّٰه نى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى،
شۈبھىسىزكى، اللّٰه ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [74] سۈرە ھەج][ئۇلارنىڭ اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى

بۇتلىرى) ھېچ شەيئىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر (يەنى ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالغاندۇر) [20] ئۇلار (يەنى بۇتلار) تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر ، ئۇلار (چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ [21] سىلەرنى (ئىبادەت قىلىشقا لايىق) ئىلاھىڭلار بىردۇر، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى ( اللّٰه نىڭ بىرلىكىنى) ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ، (ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلاردۇر [22] سۈرە نەھل] [ھەقىقىي قىلىنغان دۇئا اللّٰه قا قارىتىلىدۇ، (يەنى ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئانى اللّٰه ئىجابەت قىلىدۇ). كۇففارلارنىڭ اللّٰه نى قويۇپ، دۇئالىرىنى قاراتقان مەبۇدلىرى كۇففارلارنىڭ ھېچقانداق دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئاغزىمىزغا سۇ چۈشسۇن دەپ (نېرىدىن) ئىككى ئالقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرىدۇ، (ئەمەلىيەتتە سۇ ئاڭلىمايدىغان، ھېس ـ تۇيغۇسىز نەرسە بولغاچقا) سۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا چۈشمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر [14] سۈرە رەئد][اللّٰه نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى) [41] سۈرە ئەنكەبۇت][اللّٰه ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلار اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىر ئەمەس، اللّٰه ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [20] سۈرە غافر][بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، اللّٰه بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك ـ شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ [23] ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ [24] ئاخىرەت ۋە دۇنيا اللّٰه نىڭ ئىلكىدىدۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه نىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ) [25] سۈرە نەجم][(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان اللّٰه بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر [17] سۈرە نەھل][اللّٰه سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ، اللّٰه پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر [40] سۈرە رۇم][ ئى ئىنسانلار! اللّٰه نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، اللّٰه تىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ( اللّٰه نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟ [3] سۈرە فاتىر][ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق (سۆز) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (كۇفرىدە) ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر [32] سۈرە تۇر][سىلەر (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلامدۇق؟ [5] سۈرە زۇخرۇف]

## ھەممە نەرسىنى ئاللانىڭ ياراتقانلىقى

[(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى:« سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن):« اللّٰه» دەيدۇ، ئېيتقىنكى:« (اللّٰهدىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن اللّٰهنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ [31] (يۇقىرىقى چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ اللّٰهدۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ [32] سۈرە يۇنۇس][(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنى مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا) « ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟» دېگىن، « (ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى) اللّٰه » دېگىن. (ئۇلارغا) « سىلەر اللّٰهنى قويۇپ ئۆزەڭلارغا پەيدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان مەبۇدلارنى (اللّٰهغا شېرىك) قىلىۋالدىڭلارمۇ؟» دېگىن. « كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇق بىلەن نۇر باراۋەر بولامدۇ؟» دېگىن، ئۇلار اللّٰه ياراتقانغا ئوخشاش قانداقتۇر مەخلۇقاتلارنى ياراتقان مەبۇدلارنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان اللّٰهغا شېرىك قىلىۋېلىپ، اللّٰهنىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىنىڭ ياراتقىنىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟ اللّٰه ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، اللّٰه بىردۇر، ھەممىگە غالىبتۇر [16] سۈرە رەئد][ئېيتقىنكى:« زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار) [84] ئۇلار:« اللّٰهنىڭ» دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟ [85] ئېيتقىنكى:« يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟» [86] ئۇلار:« اللّٰه » دەيدۇ. ئېيتقىنكى:« ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟» [87] ئېيتقىنكى:« ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار [88] ئۇلار:« اللّٰه» دەيدۇ. ئېيتقىنكى:« سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟ [89] ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا بىز ھەق سۆزنى ئېلىپ كەلدۇق، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر [90]سۈرە مۆئمىنۇن][اللّٰه ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟ [59] ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل

باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، اللّٰەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر [60] زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ اللّٰەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ [61] بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ اللّٰەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر [62] قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بىشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ اللّٰەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) اللّٰە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر [63] (ئىنساننى) دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ اللّٰەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى:« (ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار [64] سۈرە نەمل][ئەگەر سەن ئۇلاردىن:« ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم:« ئاللا» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (ئاللانىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ! [61] ....« ئەگەر سەن ئۇلاردىن:« بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم:« ئاللا» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئېيتقىنكى:« جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر» بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى چۈشەنمەيدۇ [63] سۈرە ئەنكەبۇت][ئەگەر سەن ئۇلاردىن:« ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللا» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، ئېيتقىنكى:« جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر!» بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ [25] سۈرە لوقمان][ئەگەر ئاللا رىزقىنى تۇتۇپ قالسا، سىلەرگە كىم رىزىق بېرىدۇ، ئۇلار تەكەببۇرلۇقتا ھەقتىن يىراقلىششتا ئەزۋەيلەپ كەتكەندۇر[21] سۈرە مۇلك]
[(ئۇلارغا):« ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۈيىڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن [30] سۈرە مۇلك][ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللانىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار (كالامۇللا ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ [185] سۈرە ئەئراف][سىلەر نېمىشقا ئاللاغا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ، ئاللا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالدى، ئەگەر ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلساڭلار (ئىمانغا ئالدىراڭلار) [8] سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئاللا بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى، ئاللا شەك- شۈبھىسىز سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [9] سۈرە ھەدىد][ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)[46] سۈرە ھەج]

## ئاللانىڭ بەندىلىرىنى ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى

[سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار [54] سىلەرنىڭ تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار [55] ھەرقانداق ئادەم:« اللّٰە نىڭ تائىتىدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (اللّٰە نىڭ شەرئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن [56] سۈرە زۇمەر][كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر [46] سۈرە فۇسسىلەت][ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، اللّٰە (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى، ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ [53] سۈرە ئەنكەبۇت][ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا كىمنىڭ ياردەمچىسى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ [24] سۈرە][ئۇلار (اللّٰە نىڭ) قاتتىق ئازابىنى كۆرمىگىچە قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ [201] سۈرە شۇئەرا][ئەگەر اللّٰە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن (چاپسان) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن اللّٰە ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ [61] سۈرە نەھل][ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئازابنى ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈشكە) قىلىشقا ھۆكمى ۋە ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغان ۋاقتى بولمىسا ئىدى، ئۇ چاغدا (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى) چوقۇم ئىدى [129] سۈرە تاھا] [ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن، (ئۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالغان بولۇپ) ئۇنى بىز ساناپ تۇرىمىز [84] سۈرە مەريەم][ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ قوشۇنلىرى اللّٰە نىڭدۇر [7]سۈرە فەتىھ][پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ [31] سۈرە مۇددەسسىر][ئى

ئىنسانلار! سىلەر ئاللاغا موهتاجسىلەر، اللّٰه (هەممىدىن) بىهاجەتتۇر، مەدهىيەگە لايىقتۇر [15] ئەگەر اللّٰه خالىسا، سىلەرنى هالاك قىلىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى خەلقنى پەيدا قىلىدۇ [16]بۇ اللّٰه غا قىيىن ئەمەس [17] سۈرە فاتىر][شۈبهىسىزكى، اللّٰه ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ [44] سۈرە يۇنۇس][ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى)نى تېتىتىمىز [21] پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز- نەسىهەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز گۇناهكارلارنى چوقۇم جازالايمىز [22] سۈرە سەجدە][بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز [17] سۈرە سەبەئ][اللّٰه بىرەر قەۋمنى هالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان اللّٰهدىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ [11] سۈرە رەئد] [(ئى مۇهەممەد!) ئېيتقىنكى:« يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار، ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىك ئىدى [42] سۈرە رۇم][شەك- شۈبهىسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە (نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق ئۇلارنى (اللّٰه غا تەۋبە قىلىپ) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق- سىلاق بىلەن جازالىدۇق [42] ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قەساۋەتلەشتى، (ئىمانغا يۇمشىمىدى) شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى [43] ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىهەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ هەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال- خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار هەسرەتتە قالدى [44] زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى، جىمى هەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا خاستۇر! [45] سۈرە ئەنئام][بىز مەيلى قايسى شەهەرگە بولسۇن، بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق (شەهەر ئەهلى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا)، ئۇلارنىڭ اللّٰه غا يالۋۇرۇشلىرى (تەۋبە قىلىشلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارنى نامراتلىققا، كېسەللىككە گىرىپتار قىلدۇق [94] ئاندىن (ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن) كۈلپەتنى نېمەتكە ئايلاندۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپەيدى، ئۇلار:« بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغا هەقىقەتەن كۈلپەتلەر، نېئمەتلەر كەلگەن ئىدى (بۇ- زاماننىڭ ئادىتى؛ اللّٰه تەرىپىدىن كەلگەن ئۇقۇبەت ئەمەس)» دېدى. ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت هالاك قىلدۇق [95] شەهەرلەرنىڭ ئاهالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناهلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان- زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن هالاك قىلدۇق [96] سۈرە ئەئراف][ئەشۇ شەهەرلەر (ئاهالىسى)نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى (ئى مۇهەممەد!) ساڭا هېكايە قىلىپ بېرىمىز، شەك- شۈبهىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار ئىلگىرى (هەقنى) ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇ مۆجىزىلەرگە) ئىمان ئېيتمىدى. اللّٰه كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيدۇ [101] سۈرە ئەئراف][ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ بۇلاردىن ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى، زېمىندا كۈچ- قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي- ئىمارەت) جەهەتتە بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى [82] ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە، ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى) ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان (ۋە كەلسە دەپ ئالدىرىغان) ئازاب نازىل بولدى [83] ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا:« بىز بىر اللّٰه غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (اللّٰه غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى [84] بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىماننىڭ پەيدىلىق بولماسلىقى) اللّٰه نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇ، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى [85] سۈرە غافىر][مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاهلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن! [16] سۈرە قەمەر][پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاهالىسى) نى هالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق هالاك قىلىدۇ، اللّٰه نىڭ ئازابى هەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر [102 ] ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ (قىسسە) دىن، ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق(هېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن هەممە هازىر بولىدىغان كۈندۇر [103] سۈرە هۇد][ئاندىن كاپىرلارنى جازالىدىم (ئۇلارغا بەرگەن) ئازابىم قانداق ئىكەن؟ [26] سۈرە فاتىر][ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەر (يەنى هالاك بولغان ئۈممەتلەر)نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) بۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى هېچ نەرسە اللّٰه نى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدۇ. اللّٰه هەقىقەتەن هەممىنى بىلگۈچىدۇر، هەممىگە قادىردۇر [44] سۈرە فاتىر][ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا زېمىندا كۈچ- قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي- ئىمارەت قۇرۇش) جەهەتتە بۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ كاپىرلىرى)دىن ئۈستۈن ئىدى، گۇناهى تۈپەيلىدىن اللّٰه ئۇلارنى جازالىدى، ئۇلارنى هېچ ئەهەدى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى [21] بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار ئىشەنمىدى، شۇنىڭ بىلەن اللّٰه ئۇلارنى جازالىدى. اللّٰه هەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر (اللّٰه نىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر [22] سۈرە غافىر][بىز ئۇلارنى (يەنى ئاد قەۋمىنى) (پۇل- مال، كۈچ- قۇۋۋەت جەهەتتە) سىلەرنى قادىر قىلمىغان نەرسىلەرگە قادىر قىلدۇق. (ئۇلارنىڭ شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى اللّٰه نى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق، ئۇلار اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار

قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلاردىن (اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى [26] سۈرە ئەھقاف] [بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق [27] سۈرە ئەھقاف][ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە ئادەملەر:« اللّٰه ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېدى. ئۇلار (يەنى ۋەز- نەسىھەت قىلغۇچىلار):« پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ اللّٰه دىن قورقۇپ (گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق)» دېدى [164] ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز- نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، اللّٰه نىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق [165] سۈرە ئەئراف][ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا مېڭىپ يۈرىدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار [128] سۈرە تاھا][ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ئۇلار (يەنى ھالاك بولغانلار)نىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار، ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ [26] سۈرە سەجدە][ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنلەر) قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلار (يەنى قۇرەيشلەر)دىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى) اللّٰه ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى (يەنى اللّٰه ئۇلارنى گۇناھسىز ھالاك قىلغىنى يوق) لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى [9] سۈرە رۇم][خۇشال ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياساپسىلەر [149] سۈرە شۇئەرا][پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد ــ كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [6-7]بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى [8] شۇنىڭدەك ۋادىقۇرادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇدنى ئاللا قانداق جازالىدى [9] سۈرە فەجر][ئەيكەلىكلەر، شۈبھىسىزكى، زالىم ئىدى (يەنى كۇفرىدە ھەددىدىن ئاشقانلار ئىدى) [78] (شۇئەيبنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار (يەنى بۇ ئىككى شەھەر)نىڭ ھەر ئىككىسى، شۈبھىسىزكى، ئاشكارا يول ئۈستىدىدۇر (ئى مەككە ئاھالىسى! ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمامسىلەر؟) [79] ھىجرلىكلەر ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى (يەنى ئۇلارنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئىنكار قىلغانلىقىدۇر) [80] ئۇلارغا مۆجىزىلىرىمىزنى كەلتۈردۇق، ئۇلار بۇ (مۆجىزە)لەردىن يۈز ئۆرۈدى [81] ئۇلار (ئازابتىن ئەمىن بولغان ھالدا تاغلارنى تېشىپ (بۇ بىزنى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ساقلايدۇ دەپ) ئۆي سالاتتى [82] لېكىن قاتتىق چۇقان سەھەردىلا ئۇلارنى ھالاك قىلدى [83] ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگەكلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى (يەنى سالغان بىنالىرى ئۇلارنى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى) [84] سۈرە ھىجر][ئاد بولسا زېمىندا (اللّٰه نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار:« كۈچ- قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان اللّٰه نىڭ كۈچ- قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى [15] ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ [16] سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى [17] سۈرە فۇسسىلەت][كۈن چىقار ۋاقتىدا ئۇلارغا قاتتىق چۇقان يۈزلەندى [73] بىز ئۇ شەھەرنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاش ياغدۇردۇق [74] سۈرە ھىجر][ئادنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۈرلۈك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا يامان بوراننى ئەۋەتتۇق [41] ئۇ (يەنى بوران) ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما-تالاڭ) قىلىۋېتەتتى [42] سۈرە زارىيات][نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان، نۇرغۇن تاشلاردۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان [45] سۈرە ھەج][بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيپ- ساپالىق تۇرمۇش كۆچۈرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدۇر، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن (ئۇ جايلاردا) ئازغىنا ۋاقىتتىن تاشقىرى ئادەم تۇرغان ئەمەس، ئۇلار (نىڭ مال- مۈلكى ۋە يۇرتىغا) بىز ۋارىسلىق قىلدۇق [58] سۈرە قەسەس][ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، اللّٰه ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىدىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى [41] سۈرە رۇم] [ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (ئۈممەت)لەر (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارغا ئازاب كەلدى [25] اللّٰه ئۇلارغا بۇ دۇنيادا خارلىقنىڭ (تەمىنى) تېتىتتى، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ بۈيۈكتۇر، ئۇلار (ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى) بىلسە ئىدى [26] سۈرە زۇمەر][ئەگەر ئۇلارغا رەھىم قىلساق، ئۇلارغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرىۋەتسەك، چوقۇم گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى [75] ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى [76] تاكى ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان چېغىمىزدا ناگاھان ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ [77] سۈرە مۆئمىنۇن]

## خىلمۇ - خىل ئازاب

[ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ قوشۇنلىرى  اللّٰه نىڭدۇر [7] سۈرە فەتىھ]  [(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى:« اللّٰه سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر» ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن [65] سۈرە ئەنئام][شۇنىڭغا ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز [129] سۈرە ئەنئام][قانداقلىكى شەھەر بولمىسۇن، ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمىگىچە، ئۇنى ھالاك قىلمىدۇق، (ئۇلارنى جازالاشتا) بىز زالىم بولمىدۇق [208-209] سۈرە شۇئەرا][پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتمىگىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق، شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق [59 ] سۈرە قەسەس] [شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ  [97] شەھەرلەر ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا ــ ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ [98] سۈرە ئەئراف][اللّٰه نىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن، ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىشىدىن، ئاندىن سىلەرنى (اللّٰه نىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچ ھامىي تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقامسىلەر؟ [68] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا (گۇناھى) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان (ھالاك قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان) لايدىن پىشۇرۇلغان تاش ياغدۇرىمىز [33-34] سۈرە زارىيات][(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى:« قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (يەنى بالايى - ئاپەتلىرى)دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ اللّٰه غا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر [63] ئېيتقىنكى:« (ياللغۇز) اللّٰه سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە بارلىق غەمدىن قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (بۇنى) تونۇغۇنۇڭلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتماي اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرىسىلەر [64] سۈرە ئەنئام][ئۇلار اللّٰه نىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا اللّٰه نىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا اللّٰه نىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ [99] سۈرە ئەئراف] [ياكى  اللّٰه نىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ (دېڭىزدىكى چېغىڭلاردا) قارا بوران چىقىرىپ، كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەر بىزدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ ئەھەدى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقامسىلەر؟ [69] سۈرە بەنى ئىسرائىل][اللّٰه سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ) ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ)« ئى اللّٰه! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ  [22] اللّٰه ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزەڭلارغا بولىدۇ، بۇ دۇنيا (نىڭ باقاسى يوق شەھۋەتلىرى)دىن بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ) ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمىز [23] سۈرە يۇنۇس][ئېيتقىنكى:« ئېيتىڭلارچۇ! ئەگەر اللّٰه نىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە ( بۇنىڭدىن سىلەرگە نېمە پايدا؟) گۇناھكارلار ئازابتىن قايسى نەرسىگە ئالدىرايدۇ؟ [50] سۈرە يۇنۇس][ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ يامان ئىش قىلغانلار اللّٰه نىڭ ئۆزلىرىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۆزلىرىگە ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن قورقامدۇ؟  [45] ياكى ئۆزلىرىنى سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا يولۇقتۇرۇشىدىن قورقامدۇ؟ (بۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ  [46] ياكى (اللّٰەنىڭ) ئۆزلىرىنى قەدەممۇقەدەم جازالىشىدىن قورقامدۇ؟ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەلۋەتتە مەرھەمەتلىكتۇر، مېھرىباندۇر [47] سۈرە نەھل][ئازاب ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان! [177] ئۇلاردىن ۋاقىتلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن  [178] ئۇلارنى (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغان چاغدا) كۆرگىن، ئۇلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ [179] سۈرە ساففات][(اللّٰەغا ئاسىيلىق قىلغان) قانداق بىر شەھەر بولمىسۇن، ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز، ياكى ئۇنى قاتتىق ئازابلايمىز، بۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەن (ھۆكۈم) دۇر [58] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئېيتقىنكى:« اللّٰه خالىمىسىلا، مەن ئۆزەمدىن زىياننى دەپئى قىلىشقا، پايدا قازىنىشقا قادىر ئەمەسمەن، ھەر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ [49] سۈرە يۇنۇس] [ھەر قانداق ئۈممەت ھالاك بولۇش ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھالاك بولمايدۇ، ھالاك بولۇش ۋاقتىدىن ئۆتۈپمۇ كەتمەيدۇ [43] سۈرە مۆئمىنۇن][بىز قانداق بىر شەھەرنى ھالاك قىلمايلى، پەقەت ئۇنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ  [4] ھەرقانداق ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ، ھەم كېچىكتۈرۈلمەيدۇ [5] سۈرە ھىجر][بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلا ئىتائەت قىلماي، پىسقى - پاسات قىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ،

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز [16] سۈرە بەنى ئىسرائىل][بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى اللّٰەنىڭ ئەتائەتىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز [34] چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئىبرەت قىلىپ) ئۇنىڭدىن (يەنى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزلىرىدىن) روشەن نىشانىنى ھەقىقەتەن قالدۇردۇق [35] سۈرە ئەنكەبۇت][(اللّٰەنىڭ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەربىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر [67] سۈرە ئەنئام][(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى:« ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە اللّٰەنىڭ ئازابى ئۇشتۇمتۇت ياكى ئاشكارا كەلسە، زالىم قەۋمدىن باشقا يەنە كىملەر ھالاك قىلىنىدۇ؟ [47] سۈرە ئەنئام][ئۇ ئازاب ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ (كەلگەنلىكىنى) تۇيماي قالىدۇ [202] سۈرە شۇئەرا][بىز نۇرغۇن شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى [4] بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككە پەريادى: بىز ھەقىقەتەن زالىم ئىدۇق، دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى [5] سۈرە ئەئراف][(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسنى قاتتىق تاۋۇش ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسنى (مال- مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق، اللّٰە ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى [40] سۈرە ئەنكەبۇت][قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى:« كۆرەڭلەپ كەتمە، اللّٰە ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ [76] اللّٰە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، اللّٰە ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللّٰەنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىقنى تىلىمىگىن، اللّٰە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ [77] قارۇن « مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى اللّٰەنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (اللّٰە بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر [78] قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار:« كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى [79] ئىلىملىك كىشىلەر:« ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە اللّٰەنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى [80] قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى [81] تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى،« پاھ، كۆردۈڭمۇ؟ اللّٰە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تارقىلىدىكەن، اللّٰە بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئارزۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى، ۋاي كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ [82] سۈرە قەسەس][بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى [90] (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اللّٰە قا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ [91] سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». نۇرغۇن كىشىلەر، شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر [92] سۈرە يۇنۇس][نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى) ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ) [48] سۈرە ھەج][شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا مۇئەييەن ۋاقىتنى بەلگىلىدۇق [59] سۈرە كەھف][سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىندى. كاپىرلارغا بېرىدىغان ئازابنى بىر مۇددەت كېچىكتۈردۈم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن [32] سۈرە رەئد][سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنا كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر [116] سۈرە ھۇد][پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، اللّٰەنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر [102] سۈرە ھۇد][بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى (ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇرماستىن) غەپلەتتىكى ۋاقىتلىرىدا زۇلۇم قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلغىنى يوق [131] سۈرە ئەنئام][بىز ھالاك قىلغان شەھەر (ئاھالىسى)نىڭ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس [95] سۈرە ئەنبىيا][ئۇلاردىن بۇرۇن (بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، بۇلار مەيلى مال - مۈلۈك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلاردىن ئارتۇق ئىدى [74] (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «كىمكى گۇمراھلىقتا بولىدىكەن،

مەرھەمەتلىك  اللّٰه ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ، تاكى ئۇلار ئازاب ۋە قىيامەتتىن ئىبارەت اللّٰه ئۇلارغا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئاندىن كىمنىڭ ئورنى يامان ۋە كىمنىڭ لەشكىرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ [75]سۈرە مەريەم][سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر زۇلۇم قىلغاندا (يەنى كاپىر بولغاندا، گۇمراھلىقتا ھەددىدىن ئاشقاندا) ھەقىقەتەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرگە) ئىمان كەلتۈرمىدى. گۇناھكار قەۋمنى شۇنىڭغا ئوخشاش جازالايمىز  [13] سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى (يەنى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى) (ھالاك قىلغان)دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق [14] سۈرە يۇنۇس] [ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى (يەنى كۇفرى ۋە گۇناھلىرى) تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر ئازاب كەلسە،« پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) [47] سۈرە قەسەس][پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى يۇرتلارنى زۇلۇم سىلىپ ھالاك قىلمايدۇ [117] سۈرە ھۇد][ئېيتقىنكى:« پەرۋەردىگارىم! ئەگەر ماڭا ئۇلارغا (دۇنيادا) ۋەدە قىلغان ئازابنى كۆرسەتمەكچى بولساڭ  [93] پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋملەر ئىچىدە قىلمىغىن [94] سۈرە مۆئمىنۇن][سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) اللّٰه ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا  اللّٰه ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ [33] سۈرە ئەنفال][كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ [178] سۈرە ئال ئىمران][كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھامان تۈرلۈك بالالارغا دۇچار بولىدۇ، ياكى بالا ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ، اللّٰه ۋەدىسىگە ئەلۋەتتە خىلاپلىق قىلمايدۇ [31] سۈرە رەئد][(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى [167] سۈرە ئەئراف][ئۇلارنىڭ يېرىنى چۆرىسىدىن تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلاركۆرمەيۋاتامدۇ؟  [41] سۈرە رەئد][بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق  [27] سۈرە ئەھقاف][نۇرغۇن شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى، ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق [8] ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن ئىبارەت بولدى [9] سۈرە تەلاق][(بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلىكلىرىدىندۇر. ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان ( اللّٰه نىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولنىلا كۈتىدۇ،  اللّٰه نىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن،  اللّٰه يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن [43] سۈرە فاتىر] [اللّٰەنىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار [231] سۈرە بەقەر][اللّٰه (خالىغانچە) ھۆكۈم قىلىدۇ، اللّٰه نىڭ ھۆكمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ.  اللّٰه تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [41] سۈرە رەئد][اللّٰه ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ [26] سۈرە كەھف] [اللّٰه نىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ [47] سۈرە نىسا][نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر [92] سۈرە يۇنۇس]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:« ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ يۇرتلىرىغا كىرمەڭلاركى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن (مۇسىبەت)لەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمىسۇن. ئۇ يەردىن يىغلىغان ھالدا ئۆتۈڭلار!» دېدى. ئاندىن بېشىنى ئېگىپ، ۋادىدىن ئۆتۈپ بولغىچە ناھايىتى تېز ماڭدى»[بۇخارى]

نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە سەمۇد قەۋمى ياشىغان زېمىن ھىجردە قوندى، ئۇ يەردىكى قۇدۇقلاردىن سۇ تارتىپ، خېمىر يۇغۇرغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى (ئۇ قۇدۇقلاردىن ئالغان) سۇلارنى تۆكۈپ، خېمىرنى تۆگىگە بېرىۋېتىشكە ۋە چىشى تۆگە (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى) سۇ ئىچكەن قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ئىچىشكە بۇيرىدى»[مۇسلىم]

## مەككە توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام  مۇنداق دېگەن :« شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى «ھەرەم» (چەكلەنگەن رايون) دەپ جاكارلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا مەككىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:« سەن مەن ياخشى كۆرگەن ئەڭ گۈزەل يۇرت سەن. قەۋمىم مېنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا، مەن سەندىن باشقا شەھەردە ياشىمىغان بولاتتىم» دېدى [تىرمىزى ۋە ئىبنى ھەببان ۋە سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،  پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت

قىلغۇچىسى بولغىنىم ئۈچۈن، ئۆز يېنىمغا چاقىرىپ قويدۇم. ئاللا ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلىدۇ. ئاللاتائالا ئۇنى قىيامەت كۈنى شاھىت قىلىپ مۇنداق دېگەن: « ئاللا بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن ئاللانىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، (ماڭا ۋە) ئاللانىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، ئەگەر مەن سەندىن قوغلاپ چىقىرىلمىغان بولسام، ھەرگىز چىقىپ كەتمەيتتىم» [ئەھمەد ۋە ترمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلام غېرىب باشلانغان، يەنە غېرىب ھالىتىگە قايتىدۇ. يىلان ئۆزىنىڭ تۆشۈكىگە قايتقاندەك، دىن ئىككى مەسجىد ئارىسىغا (يەنى مەككە بىلەن مەدىنىگە) قايتىدۇ» [مۇسلىم]

## قۇرەيش توغرىسىدا

زۇبەير ئىبنى ئاۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا قۇرەيشلەرنى يەتتە خىل ئىشلار بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى:

1 - ئۇلارنىڭ ئاللاغا 10 يىل ئىبادەت قىلىشى. بۇ جەرياندا پەقەت ئاللاغا قۇرەيشلەرلا ئىبادەت قىلغان ئىدى.
2 - ئۇلار مۇشرىك ھالەتتە تۇرسىمۇ پىل كۈنى(ئاللانىڭ) ياردەم بېرىشى بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى.
3 - قۇرەيشلەر ھەققىدە قۇرئاندىن بىر سۈرە چۈشتى، بۇ سۈرە ئىچىگە پۈتۈن ئالەملەردىن قۇرەيشتىن باشقا ھېچكىشى يوقتۇر. ئۇ بولسا، سۈرە قۇرەيش.
4 - پەيغەمبەرلىكنى قۇرەيشلەر ئىچىدە قىلدى.
5 - خەلىپىلىكنى يەنىلا قۇرەيشلەر ئىچىدە قىلدى.
6 - كەئبىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇش، باشقۇرۇش، ئاچقۇچ يەنىلا قۇرەيشلەر قولىدا قىلدى.
7 - ھاجىلارنى سۇغۇرۇش، زەمزەم سۈيىنى باشقۇرۇش قۇرەيشلەر قولىدا بولۇشتەك يەتتە خىسلەت ئىشلار بىلەن باشقىلاردىن پەزىلەتلىك قىلدى» [تەبرانى ئەۋسەتتە ھەسەن]

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن قۇرەيشلەردىن ھەربىر كىشىگە باشقىلاردىن ئىككى ئەرنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلگەن»[ ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

سەھلى ئىبنى ئەبۇ خەيسەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« دىننى قۇرەيشلەردىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلارغا سىلەر ئۆگەتمەڭلار »[ ئەبۇ شەيبە سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر جەھەتتىن قۇرەيشلەرنى ئىلگىرى قىلىڭلار، ئۇلاردىن سىلەر ئىلگىرى بولۇۋالماڭلار. سىلەر قۇرەيشلەردىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلارغا ئۆگەتمەڭلار. ئەگەر قۇرەيشلەر كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدىكى ياخشى تەرەپلىرىنى خەۋەر قىلغان بولاتتىم» [تەبرانى سەھىھ]

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى قۇرەيشنىڭ ئابرۇيىنى تۆكسە، ئاللا ئۇنى خار قىلىدۇ» [ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەمىرلىك قۇرەيشتە» [ترمىزى ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرەيشلەر تا قىيامەتكىچە ياخشىلىق ھەم يامانلىقتىمۇ كىشىلەرگە باش بولىدۇ» [ئەھمەد ۋە ترمىزى سەھىھ]

ئەبۇ بەكرى ۋە سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ ئىشنىڭ باش بولغۇچى ئەمر (ئىمامى) قۇرەيشلەردۇر. كىشلەرنىڭ ياخشىلىرى (قۇرەيشنىڭ) ياخشىلىرىغا ئەگىشىدۇ. كىشلەرنىڭ يامانلىرى (قۇرەيشنىڭ) يامانلىرىغا ئەگىشىدۇ» [ئەھمەد سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشلەر ياخشىلىقتىمۇ، يامانلىقتىمۇ قۇرەيشلەرگە ئەگىشىدۇ»[مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

جابىر روپائەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن قۇرەيش خەلقى، ئامانەت ئەھلى. بىرەر كىشى ئۇلارغا ھالاكەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ بۇرنىچە دۈم تاشلاپ، ھالاك قىلىدۇ»[ ئىبنى ئەساكىر ۋە تەبرانى ۋە بۇخارى ئەدەپتە ھەسەن]

## مەدىنە توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن يەسرىپ دەپ ئاتىلىدىغان، بارلىق شەھەرلەردىن ئۈستۈن كېلىدىغان، ئىنسانلارنى خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى تۆمۈرنىڭ دېتىنى

تازىلىغاندەك تازىلايدىغان شەھەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇ مەدىنە شەھىرىدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« ھەقىقەتەن، ئاللا مەدىنىنى « تابە» (پاك شەھەر) دەپ ئاتىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» [مۇسلىم]

بەرا ئىبنى ئازىب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمكى مەدىنىنى « يەسرىب» دەپ ئاتىسا، ئاللادىن كەچۈرۈم سورىسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمى « تابە» دۇر. ئۇنىڭ ئىسمى «تابە» دۇر» دېدى [ئەھمەد ۋە مەۋسلى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەدىنە ئىسلامنىڭ گۇمبىزى، ئىماننىڭ ۋەتىنى، ھىجرەت يۇرتى، ھالال ۋە ھارام ئېنىق بېكىتىلگەن جايدۇر» [ئەلئەۋسەت]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئى ئاللا! مەككىگە ئاتا قىلغان بەرىكەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى مەدىنىگە ئاتا قىلغىن!» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئى ئاللا! سەن بىزنى مەدىنىنى، مەككىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان قىلغىن ياكى بىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان قىلغىن! مەدىنىدىكى تەپ كېسىلىنى جۇھفە (يەھۇدىيلارنىڭ ماكانى)گە يۆتكىۋەتكىن، ئى ئاللا! سەن بىزنىڭ جىلك- تارازىلىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ۋە بىزنى باياشات قىلغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى چەكلەنگەن رايون (جىمجەت رايون) قىلىپ بېكىتكەن ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلغان، مەنمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك مەدىنىنى چەكلەنگەن رايون قىلدىم ھەم مەدىنە ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ كەمچەكلىرى ۋە تارازىلىرىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلدىم» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەدىنىنىڭ ھەربىر كىرىش ئېغىزلىرىنى قوغدايدىغان پەرىشتىلەر بار، مەدىنىگە ۋابا كېسىلى بىلەن دەججال كىرمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەدىنە ئەھلىگە سۇيىقەست پىلانلىغان ئادەم تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىپ كېتىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم مەدىنە ئەھلىنى قورقۇتسا، ئاللا ئۇنى قورقۇتىدۇ» [ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئى ئاللا! كىم مەدىنە خەلقىگە زۇلۇم قىلسا ۋە قورقۇتسا، سەنمۇ ئۇنى قورقۇتقىن! ئۇنىڭغا ئاللانىڭ، مالائىكىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنەتلىرى بولسۇن! ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ» [ئەلئەۋسەت ۋە ئەلكەبىر]

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەدىنە بىر پاك زېمىن (تۇپراق) ئوت كۈمۈشنىڭ داشقاللىرىنى چىقىرىپ تاشلىغاندەك پاسكىنچىلىقنى چىقىرىپ تاشلايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم مەدىنىدە ئۆلۈشكە ئامال قىلالىسا، مەدىنىدە ئۆلسۇن (يەنى مەدىنىدە ياشىسۇن) چۈنكى مەن ئۇ شەھەردە ئۆلگەن كىشىگە شاپائەت قىلىمەن» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەككە بىلەن مەدىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەججالنىڭ قەدىمى يەتمىگەن شەھەر بولمايدۇ. مەدىنىنىڭ ھەربىر يوچۇقلىرىدا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان سەپ- سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر بولىدۇ. ئاندىن مەدىنە ئۆز ئاھالىسىنى ئۈچ قېتىم قاتتىق سىلكىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللا مەدىنىدىكى ھەربىر دىنسىز ۋە مۇناپىقنى چىقىرىۋېتىدۇ»[مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلام غېرىب باشلانغان، يەنە غېرىب ھالىتىگە قايتىدۇ. يىلان ئۆزىنىڭ تۆشۈكىگە قايتقاندەك، دىن ئىككى مەسجىد ئارىسىغا (يەنى مەككە بىلەن مەدىنىگە) قايتىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خۇددى يىلان ئۇۋىسىغا يىغىلغاندەك، ئىمانمۇ مەدىنىگە يىغىلىدۇ» [بۇخاى]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدە تۇرغان ۋاقتى

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 يېشىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى ۋە مەككىدە 13 يىلنى ئۆتكۈزدى، بۇ جەرياندا ۋەھيى نازىل بولۇپ تۇردى. ئاندىن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ۋە مەدىنىدە 10 يىل تۇرۇپ، 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى» [بۇخارى]

## يەمەن توغرىسىدا

ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللا قولى بىلەن يەمەن تەرەپنى كۆرسىتىپ:« ئىمان ئاشۇ يەمەندە » دېگەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرگە يەمەن ئەھلى كەلدى، ئۇلارنىڭ قەلبى نازۇك، دىللىرى يۇمشاق، دىنىي بىلىم يەمەنلىكلەردە، ھېكمەت يەمەندە» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىمان يەمەنلىكتە، ھېكمەتمۇ يەمەندە» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەمەن ئەھلى قەلبى يۇمشاق، دىللىرى مۇلايىم، ھەقىقەتنى ئاسان قوبۇل قىلىپ، ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر»[ تەبرانى ھەسەن]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى رەببىم! بىزنىڭ يەمەنگە بەرىكەت بەرگىن! - دەپ دۇئا قىلدى » [بۇخارى]

## شام (سۇرىيە) توغرىسىدا

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شامغا خۇش مۇبارەك دېگەن. بىز: نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېسەك، رەسۇلۇللا: چۈنكى رەھمانتائالانىڭ پەرىشتىلىرى شام ئۈستىگە قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ» دېدى [ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شام دىيارىنى لازىم تۇتۇڭلار» [تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شام زېمىنى كىشىلەر ھېساب ئۈچۈن توپلىنىدىغان (قەبرىلىرىدىن قوپۇرۇلۇپ)، ھەيدەپ ئاپىرىلىدىغان مەھشەر مەنشەر زېمىندۇر »[ ئەبۇلھەسەن سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئاللاھنىڭ ئەڭ تاللانغان زېمىنى شام زېمىنىدۇر ، ئاللا ئۇ يەرگە بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللايدۇ»[تەبرانى سەھىھ]

(ئابدۇللا) ئىبنى ھاۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللا شام ۋە ئەھلىنى (پىتنىدىن قوغداش ئۈچۈن) ماڭا ۋەدە بەردى - دېدى» [ ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ ]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن نۇردىن بولغان بىر تۈۋرۈكنىڭ بېشىمنىڭ ئاستىدىن نۇر چاچقان ھالدا چىقىپ شامدا قارار ئالغىنىنى كۆردۈم» [بەيھەقى ]

قۇررەت ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شام ئەھلى بۇزۇلسا، سىلەرگە ياخشىلىق يوق »[ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شۇنىڭدەك شام (سۇرىيە)مۇ ئۆزىنىڭ ئاشلىقى ۋە تىللاسىنى سىلەردىن توسىدۇ، سىلەر ئاۋۋال ماڭغان ئىزىڭلار بىلەن قايتىسىلەر» دېگەن[مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## مىسىر توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شۇنىڭدەك مىسىرمۇ ئۆزىنىڭ تىللاسىنى ۋە چوڭ ئاشلىق كەمچىنى سىلەردىن مەنئى قىلىدۇ، سىلەر ئاۋۋال ماڭغان ئىزىڭلار بىلەن قايتىسىلەر» دېگەن [مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## ئىراق توغرىسىدا

بىر ئادەم ئىبنى ھۇنەيفەدىن مۇنداق دەپ سورىغان: سەن رەسۇلۇللانىڭ خاۋارىجلار توغرىسىدا بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئىبنى ھۇنەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇ تەرەپتىن بىر توپ ئادەملەر پەيدا بولىدۇ. ئېغىزىدا قۇرئاننى زىكرى قىلىسىمۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ بوغۇزىغىمۇ يېتىپ بارمايدۇ، يا ئۇقى ئوۋ ھايۋىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن يىۈز ئۆرۈيدۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلىۋېتىپ، ئىراق تەرەپنى كۆرسەتكەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراققا بارماقچى بولغانىدى، كەئىبۇل ئەھبار ئۇنىڭغا: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ يەرگە بارمىغىن، چۈنكى ئۇ يەردە سېھىرنىڭ ئوندىن توققۇزى، جىننىڭ پاسىقلىرى ۋە ھالاك قىلغۇچى كېسەللىك بار - دېدى» [مالىك]

سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى، ئى ئىراق ئەھلى! سىلەر دېگەن چوڭ گۇناھلارنى تەپ تارتماي قىلىدىغان، كىچىك گۇناھلارنىڭ ھۆكمىنى سوراپ يۈرىدىغان خەلقسىلەر! دادام (ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر)نىڭ ئېيتىشىچە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشرىققە يەنى كۈن چىقىش تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:« پىتنە ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن چىقىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىكەن. مانا سىلەر بىر- بىرىڭلارنىڭ بويىنىنى چېپىۋاتىسىلەر. ھەزرىتى مۇسا پىرئەۋن ئائىلىسىدىن بولغان ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئاللاتائالا:« سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغانىدى» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىراق ئۆزىنىڭ پۇلىنى ۋە ئاشلىقىنى سىلەردىن توسۇپ قويىدۇ، سىلەر ئاۋۋال ماڭغان ئىزىڭلار بىلەن قايتىسىلەر» دېگەن [مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## نەدە تۇرۇش توغرىسىدا

(ئابدۇللا) ئىبنى ھاۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەر ئۈچ چوڭ قوشۇنغا بۆلۈنىسىلەر. بىر قوشۇن شامدا، بىر قوشۇن يەمەندە، بىر قوشۇن ئىراقتا بولىدۇ- دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! مەن شۇن زامانغىچە ياشاپ قالسام، (قايسى قوشۇنغا قوشۇلىمەن) بىرنى تاللاپ بەرگىن!- دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شامدىكى قوشۇن بىلەن بىرگە بولغىن. چۈنكى ئۇ، ئاللا تاللىغان يەر بولۇپ، ئاللا ئۇ يەرگە بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللايدۇ. ئەگەر ئۇ يەرگە بارالمىساڭلار، يەمەندىن ئايرىلماڭلار ۋە كۆللىرىڭلاردىن سۇ ئىچىڭلار. ئاللا شام ۋە ئەھلىنى (پىتنىدىن قوغداش ئۈچۈن) ماڭا ۋەدە بەردى- دېدى» [ ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## فارسلار(ئىران) توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى:[ئەگەر سىلەر (ئاللانىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ(بەلكى ئاللاغا ئىتائەت قىلىدۇ)][38سۈرە مۇھەممەد] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللار! بىزنىڭ ئورنىمىزغا كىمنى ئالماشتۇرىدۇ؟-دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلمان(فارىسى)نىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: بۇنى ۋە قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى»[تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ ئوسماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:« مەن (ئىراننىڭ) رامە ھۇرمۇز دېگەن يۇرتتىن- دېگەن»[بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئىمان ھۆكەر يۇلتۇزدا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پارىسلىقلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرى كىشى بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلەتتى» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئىمان يۇلتۇزلارغا باغلاقلىق بولسا ئىدى، فارىسلاردىن بىر تۈركۈم كىشى (بېرىپ) ئۇنى ئالغان بولاتتى»[تىرمىزى ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر قىزىل يۈزلۈك، بۇرنى پاناق، كۆزى كىچىك، يۈزلىرى كەڭ ۋە يۇمىلاق، چۇپۇردىن توقۇلغان ئاياق كىيىدىغان خوز ۋە كەرمان ئەجەملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ» [بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« ئۇلار بازىر (يەنى فارس) ئەھلىدۇر» [بۇخارى]

## يەھۇدىيلار توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇللا ئىبنى سالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: مەن سەندىن پەيغەمبەردىن باشقا كىشى بىلمەيدىغان ئۈچ مەسىلە توغرىسىدا سورىماقچى. قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى قايسى؟ جەننەت ئەھلى دەسلەپتە يەيدىغان تائام قايسى؟ نېمە سەۋەبتىن بالا ئاتىسىغا ئوخشايدۇ ۋە بەزىدە ئانا تەرەپ تاغىلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تېخى بايىلا جىبرىئىل بۇ سوئاللانىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى- دېدى. ئابدۇللا ئىبنى سالام: ئۇ (يەنە جىبرىئىل) يەھۇدىيلار دۈشمەن كۆرىدىغان پەرىشتىدۇر،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«قىيامەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامىتى شۇكى، پۈتۈن ئىنسانلارنى شەرقتىن غەربكە سۈرىدىغان بىر پارچە ئوت پەيدا بولىدۇ؛ جەننەت ئەھلى دەسلەپ يەيدىغان تائام بېلىق جىگىرىدۇر؛ بالىنىڭ كىمگە ئوخشىشىغا كەلسەك، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن بىللە بولغاندا، مەنىيسى ئايالنىڭكىدىن بۇرۇن كەلسە، بالا ئەرگە ئوخشايدۇ. ئايالنىڭ بۇرۇن كەلسە، بالا ئايالغا ئوخشايدۇ،- دېدى. ئابدۇللا ئىبنى

سالام بۇنى ئاڭلاپ: مەن سىنىڭ ئاللانىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، - دېدى. ئاندىن: ئى رەسۇلۇللا! يەھۇدىيلار بەكمۇ يالغانچى ۋە بوھتانچى مىللەت. سەن ئۇلاردىن مېنىڭ كىملىكىمنى سوراپ بولغىچە، مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلدۈرمىگىن. بولمىسا ئۇلار مېنى سىنىڭ ھۇزۇرىڭدا قارىلايدۇ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلماقچى بولدى. كۆپ ئۆتمەي، يەھۇدىيلار يېتىپ كەلدى، ئابدۇللا ئىبنى سالام يوشۇرۇنۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلاردىن: ئابدۇللا ئىبنى سالام قانداقراق كىشى؟ - دەپ سورىدى، ئۇلار: ئۇ بىزنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىمىز ھەم ئەڭ بىلىملىك كىشىمىزنىڭ ئوغلى. شۇنداقلا ئەڭ ئېسىل كىشىمىز ۋە ئەڭ ئېسىل كىشىمىزنىڭ ئوغلى - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا، بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: ئاللا ئۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغاي! - دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللا ئىبنى سالام (يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن) چىقىپ:« گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، گۇۋھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ شاھادەت ئېيتتۇدى، ئۇلا: بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەڭ ئوسال كىشى ۋە ئەڭ ئوسال كىشىنىڭ ئوغلى - دەپ تىللاشقا باشلىدى»[بۇخارى]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار ئۆزلىرى بىر كىتاب يېزىپ شۇ كىتابقا ئەگىشىپ كەتتى، تەۋراتنى بولسا، تاشلاپ قويدى»[ تەبرانى ھەسەن ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ماڭا يەھۇدىيلاردىن ئون كىشى ئىمان ئېيتقان بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا بارلىق يەھۇدىيلار ئىمان ئېيتقان بولاتتى» [بۇخارى]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئەلۋەتتە، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن. ئۇ يەردە مۇسۇلماندىن باشقىسىنى قويمايمەن»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## ئەرەب ئاراللىرىدىن دىنسىز ۋە مۇشرىكلارنى قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇشرىك، دىنسىزلارنى ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. ئەلچىلەرگە مەن رۇخسەت بەرگەندەك بېرىڭلار»[ بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد]

## شەرق توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرىق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:« ئاگاھ بولۇڭلاركى، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى شۇ تەرەپتە پەيدا بولىدۇ، بالايىئاپەتمۇ شۇ تەرەپتىن كېلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بارلىق پىتنە - پاسادلار مۇشۇ تەرەپتىن (يەنى كۈن چىقىش) تەرەپتىن كېلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىمانسىزلىقنىڭ بېشى شەرق تەرەپتە» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەرق ئەھلى تاشيۈرەك، قوپال كېلىدۇ » [مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

## تۈركلەر توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسۇلمانلار يۈزلىرى كەڭ ۋە يۇمىلاق، يۇڭ كىيىم ۋە چۇپۇردىن توقۇلغان ئاياق كىيىدىغان تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ» [مۇسلىم]

## رۇملۇقلار توغرىسىدا

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«.... ئەسفەر ئوغۇللىرى (رۇملۇقلار) بىلەن ئاراڭلاردا بولىدىغان تىنچلىق كېلىشىمى. كېيىن ئۇلار كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، ئالدىڭلارغا 80 بايراق ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. ھەر بىر بايراق ئاستىدا 12 مىڭ ئەسكەر بولىدۇ» [بۇخارى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رۇملۇقلار ئەئماق (ياكى دابىق) دېگەن يەرگە چۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ چاغدا مەدىنىدىن يەر يۈزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنى چىقىدۇ. ئۇلار قارىمۇ قارشى كېلىپ، سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، رۇملۇقلار: بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار. بىز ئادىمىمىزنى ئەسىر ئالغانلار بىلەن ئۇرۇشىمىز - دەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىمىزنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمىز - دەپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ

قاچىدۇ. ئاللا ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇچتىن بىر قىسمى شېھىد بولىدۇ. بۇلار ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ شېھىد ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۇچتىن بىر قىسمى غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەيدۇ» [مۇسلىم]

## يەجۇج -مەجۇج توغرىسىدا

زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى رەسۇلۇللا ئۆيگە ناھايىتى ئالاقزادە بولغان ھالدا كىرىپ:« ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئەرەبلەر ئۈچۈن ۋاي، چوڭ بالا- قازا كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يەجۇج- مەجۇجلەرنىڭ توساق تېمى مۇنچىلىك ئېچىلىپ كېتىپتۇ» دەپ رەسۇلۇللا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى. زەينەپ: ئى رەسۇلۇللا، ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر بار، ئەجەبا بىزمۇ بۇ بالا- قازاغا دۇچار بولامدۇق؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللا:« شۇنداق يامان ئىشلار بەك كۆپىيىپ كەتسە، شۇنداق بولىدۇ» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا يەجۇج- مەجۇجلەرنىڭ توساق تېمىنى مۇنچىلىك ئېچىۋەتتى» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ھەرمەلەنىڭ ھاماچىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم چايان چېقىۋالغانلىقتىن تېڭىپ قويغان ھالىتىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:« سىلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى يوق دەيسىلەر، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان ۋاقتىڭلاردا يۈزلىرى تۈپتۈز قىلىنغان، قالقاندەك كەڭرى، كۆزلىرى كىچىك، چېچىنىڭ رەڭگى ساغۇچ بولغان يەجۇج- مەجۇجلار ھەممە تۆپىلىكلەردىن ئالدىراش چۈشۈپ كېلىدۇ» [ئەھمەد]

## گۇناھ توغرىسىدا

ئىبنى ئەبۇھاتەم نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن گۇناھ توغرۇلۇق سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« گۇناھ بولسا، سېنىڭ دىلىڭدا، شۈبھى پەيدا قىلغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغان نەرسىدۇر» دېدى [مۇسلىم]

سۇفيان سەۋرى ئېيتىدۇ:« ئارزۇ- ھەۋەستىن كېلىپ چىققان گۇناھنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىن ئۈمىد بار. لېكىن، مۇتەكەببىرلىكتىن كېلىپ چىققان گۇناھنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىن ئۈمىد يوق. چۈنكى، مۇتەكەببىرلىك بولسا، ئىبلىسنىڭ گۇناھكار بولۇشىنىڭ مەنبەسى. ئارزۇ- ھەۋەسكە ئەگىشىش بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى»[ئەخلاق نامە]

[سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ [5] سۈرە ئەھزاب]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« قەلەم ئۈچ خىل كىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكۈچە. ئىككىنچىسى: ئۇخلاپ قالغان كىشى ئويغانغىچە. ئۈچىنچىسى: ئېلىشىپ قالغان كىشى ئۆڭشالغۇچە» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مەن ئۈچۈن ئۈممىتىمنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەن ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە قىلىپ سالمىغان ياكى سۆزلەپ يۈرمىگەن بولسىلا كەچۈرۈۋەتتى» [بۇخارى]

ئەبۇزەر، ئىبنى ئابباس، سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ سەۋەنلىكتىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ۋە ياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈۋېتىلدى» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە تەبرانى ۋە ھاكىم سەھىھ]

يەنە بىر رىۋايەتتە:« غالىب ۋە يۈكسەك ئاللا:« مەن جەزمەن ئەپۇ قىلىمەن (يەنى ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىكتىن قىلىپ قالغان گۇناھنى ئەپۇ قىلىمەن) دېدى»[مۇسلىم]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن سول تەرەپتىكى گۇناھلارنى يازىدىغان پەرىشتە، بەندە گۇناھ قىلغاندا قەلەمنى خاتالاشقان مۇسۇلمان بەندىدىن ئالتە سائەت يازماي تۇرىدۇ. ئەگەر شۇ ۋاقىت ئىچىدە تەۋبە قىلىپ شۇ گۇناھىغا ئاللادىن مەغپىرەت سورىسا، پەرىشتە ئۇ گۇناھنى يازماي قەلەمنى ئۆز جايىغا تاشلاپ قويىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا، بىر گۇناھنى بىر يازىدۇ»[تەبرانى ھەسەن]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر كىشى ئىسلامنى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ھەرقانداق ياخشىلىقىنى يازىدۇ، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن جىنايەت سادىر قىلسا، قىلمىشىغا كۆرە جازا بېرىلىدۇ. ھەر بىر ياخشىلىققا ئەڭ ئاز دېگەندە ئوندىن يەتتە يۈزگىچە ساۋاب يېزىلىدۇ. ھەر بىر يامانلىق كۆپەيتىلمەستىن ئۆز ئەينى يېزىلىدۇ،

ئەمما ئاللا ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشنى خالىسا، ھېچ گۇناھ يېزىلمايدۇ» [نەسەئى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۆيىدىن چىققان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىككى بايرىقى بولىدۇ. ئۇ بايراقنىڭ بىرسى پەرىشتىنىڭ، يەنە بىرسى شەيتاننىڭ قولىدا تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆيىدىن ئاللا ياخشى كۆرىدىغان ئىش ئۈچۈن چىققان بولسا، پەرىشتە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئۇ ئادەم تاكى ئۆيىگە قايتقىچە پەرىشتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا بولىدۇ. ئەگەر ئاللا ياقتۇرمايدىغان ئىش ئۈچۈن چىققان بولسا، شەيتان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئۇ ئادەم تاكى ئۆيىگە قايتقىچە شەيتاننىڭ بايرىقى ئاستىدا بولىدۇ»[ئەلكەبىر]

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ خەزىنىسى ئاللاھنىڭ نەزلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچلىرى كىشىلەردۇر، ئاللاھتائالا ياخشىلىققا ئاچقۇچ، يامانلىققا قۇلۇپ قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك. ئاللاھتائالا يامانلىققا ئاچقۇچ، ياخشىلىققا قۇلۇپ قىلىپ قويغان كىشىگە ۋايدۇر»[تەبرانى ۋە زىيائۇلمەقدەسى ھەسەن]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قومۇشنى بورا توقۇش ئۈچۈن بىر- بىرىگە رەتلەپ تىزغانغا ئوخشاش گۇناھلار (كىشىلەرنىڭ) دىللىرىغا بىر- بىرلەپ تىزىلىپ كېلىدۇ. قايسى دىل ئۇ گۇناھلارنى قوبۇل قىلسا (يەنى ئۇ كىشى گۇناھ ئىشلارنى قىلسا) ئۇ دىلغا قارا چېكىتتىن بىرسى ئۇرۇلىدۇ. قايسى دىل ئۇ گۇناھلارنى قوبۇل قىلمىسا ئۇنىڭغا ئاق چېكىتتىن بىرسى ئۇرۇلىدۇ. دىللار مۇشۇ ئاساستا ئىككىگە بۆلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئاق پېتى ساقلىنىپ تۇرىدىغان دىل، بۇ ئاسمان- زېمىنلا بولىدىكەن (قىيامەتكىچىلىك) ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان ئىش تەسىر قىلالمايدىغان دىلدۇر. ئىككىنچىسى، (كىشىلەر پايدىلىنالمايدىغان) مايماق كوزىغا ئوخشاش ياخشى- ياماننى تونۇيالمايدىغان قارا دىلدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا پەرىشتىلەرگە، بەندەم بىر يامان ئىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنى يازماڭلار، ئەگەر بەندەم ئۇ يامان ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا بىرلا يامانلىق يېزىڭلار. ئەگەر ئۇ بەندەم بىر ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىرلا ياخشىلىق يېزىڭلار. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىشنى قىلسا ئۇنى ئون قىلىپ يېزىڭلار دېدى»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۆمىن ئادەم ئۆزىنى گۇناھلىرى ئالدىدا گويا تاغنىڭ ئاستىدا تاغ يىقىلىپ چۈشەرمىكىن دەپ قورقۇپ ئولتۇرغان ئادەمدەك ھېس قىلىدۇ، پاسىق ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىغا بۇرنىغا قونۇۋالغان چىۋىننى قورۇۋەتكەندەك ئاددى قارايدۇ. ئەبۇ شىھاب قولى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۈستىنى قورۇپ كۆرسەتكەن»[بۇخارى]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئوقۇغان نامىزى يامان ۋە ناچار ئىشلاردىن توسۇپ قالالمىغان كىشى ئاللادىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ» [ئەلكەبىر]

رىۋايەتتە: ئاللا ئۇزەيرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:« ئى ئۇزەير! سەن بىر كىچىك گۇناھ ئۆتكۈزسەڭ، ئۇنى كىچىك سانىمىغىن. بەلكى، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھى تۆپەيلىدىن، ساڭا جازا بېرىدىغان ئاللانى ئويلىغىن. سەن يەڭگىل بىر ئىشقا دۈچ كەلسەڭ، ئۇنى ئەرزىمەس ھېسابلىمىغىن. بەلكى، ساڭا رىزىق بېرىۋاتقان ئاللانى ئەسلىگىن. سەن بەختسىزلىككە يولۇققاندا، مېنىڭ بەندىلىرىم ئالدىدا مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمىگىن. سېنىڭ يامانلىقىڭ ماڭا ئۆرلىگەندە، مەنمۇ پەرىشتىلىرىمگە سەن توغرىلىق ئاغرىنمىغىنىمغا ئوخشاش»[ئەخلاق نامە]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:« ئۇممىتىمنىڭ ھەر بىرىنىڭ گۇناھى كەچۈرىلىدۇ. گۇناھنى ئاپئاشكارا قىلغۇچىلارنىڭكى بولسا كەچۈرۈلمەيدۇ. ئاشكارىلاش دېگەن بىر ئادەم كېچىسى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلغان ۋە ئاللاتائالا ئۇنى يوشۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىگىنى تۇرۇپ:« ھوي پالانى، ئاخشام مۇنداق- مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم» دەپ ئاللا يوشۇرغان بۇ ئىشنى ئاشكارىلىشىدۇر»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر بەندە بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىپ قالسا. ئۇنىڭ دىلىغا بىر قارا چېكىت چۈشىدۇ. مۇبادا ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ دىلى (ئۇ قارا چېكىتتىن) تازىلىنىۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئۇنىڭ دىلىغا قويۇلىدىغان چېكىتمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئاللاتائالانىڭ: [ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن [14] سۈرە مۇتەففىفىن] دېگەن ئايىتىدە قىلغان قارىيىپ كەتكەن دىللاردۇر» [ئىبنى جەرىر ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ھەسەن]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر بەندىنىڭ گۇناھلىرى كۆپىيىپ كېتىپ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدىغان ياخشى ئەمەلى بولمىسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى كۆڭۈلسىزلىكنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق سىنايدۇ» [ئەھمەد]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئەگەر ئاللا بەندىگە بىرەر

ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئىشلىتىدۇ.- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ رەسۇلى! ئۇنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟- دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئاللا ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى مۇۋەپپەق قىلىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى» [تىرمىزى]

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن ئالدى بىلەن يامان ئەمەللەرنى قىلىپ، ئاندىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىنىڭ ئوخشىشى، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئۇستىدە ئۇنى سىقىپ تۇرىدىغان ناھايىتى تار تۆمۈر كىيىم بار، ئاندىن بىر ياخشى ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىيىمنىڭ بىر ھالقىسى يېشىلىدۇ، يەنە بىر ياخشىلىق قىلسا، يەنە بىر ھالقىسى يېشىلىدۇ، تاكى ئۇ كىشى يەر – زېمىنغا ئازادە چىققانغا قەدەر شۇنداق»[ تەبرانى ھەسەن]

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر مۆئمىن بەندە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئادەت قىلىۋالغان بىر گۇناھى بولىدۇ. ئۇ بۇنى بىر چاغدىن كېيىن يەنە بىر چاغدا، بىر سائەتتىن كېيىن يەنە بىر سائەتتە قىلىپ سالىدۇ، ياكى ئۇنىڭ دائىم قىلىپ تۇرىدىغان بىر گۇناھى بولۇپ، ئۇ گۇناھىدىن تا بۇ دۇنيادىن ئايرىلمىغىچە ئايرىلالمايدۇ. ھەقىقەتەن مۆئمىنمۇ دائىم پىتنىگە قىلىپ، گۇناھ قىلىدىغان ئاندىن تەۋبە قىلىدىغان ھەم ئۇنۇتتاق يارىتىلدى. ئۇمۇ ئىسىگە كەلگەندە ئەسلەيدۇ» [تەبرانى سەھىھ]

ھەسەن بەسرى ئېيتىدۇ:« مەلۇم بىر كۈنى باغداتنىڭ كوچىسىدا مەن بىر تەقۋادار ياش بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتىم، تۇساتتىن بىر تېۋىپقا يولۇقتۇق. تېۋىپ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئۇنى ئورىۋالغانىكەن. ئەر- ئايال، قېرى- ياش، كۆپچىلىك قولىغا بىر سۇ تولدۇرۇلغان ئەينەك شىشىنى ئېلىپ تېۋىپنىڭ كۆرۈپ قويۇشىنى ئۈتۈنەتتى.

بۇ تەقۋادار ياش ئالدىغا بېرىپ، تېۋىپتىن سورىدى:

ـــــ سىلىدە گۇناھنى يۇيۇپ قەلب كېسىلىنى داۋالايدىغان دورا بارمىدۇ؟

ــــ بار!

ــــ ئۇنداقتا ئىچىپ كۆرۈپ باقايلىمۇ؟

ــــ نامراتلىق بىلەن كەمتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن ئېلىپ، ئىچىگە توۋا قىلىشنىڭ مېۋىسىنى قوشۇپ، ئاندىن بۇ ئۈچ دورىنى ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىدىشىغا سېلىپ، قانائەت كالتىكى بىلەن ئۇنى ئېزىپ، مۇتتەقىيلەر قازىنىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە شەرم- ھايا سۈيىنى قۇيۇپ، ئاللاغا ياخشى كۆرۈنۈش ئوتىدا دورىنى قاينىتىپ، پىشقان دورىنى تەشەككۇر ئىستاكانىغا سېلىپ، ئاللاغا ئۈمىد باغلاش يەلپۈگۈچىدە يەلپۈپ سوۋۇتۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاللانى مەدھىيىلەش قوشۇقىدا بۇ دورىنى ئىچ. ئەگەر سەن تېۋىپ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلالىساڭ بۇ دورا مەيلى بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە پۈتۈنلەي ساقا پايدىلىق بولۇپ، تۈرلۈك كېسەللەرنى داۋالاپ، تۈرلۈك ئاپەتلەرنى يوقىتىدۇ»[ئەخلاق نامە]

## شەيتاننىڭ ئادەم باللىرىنى ئازدۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك- شۈبھىسىزكى، شەيتان ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بەندىلىرىڭنىڭ جانلىرى تەنلىرىدە بولىدىغان بولسا، مەن ئۇلارنى داۋاملىق ئازدۇرۇپ تۇرىمەن، دېدى. پەرۋەردىگارىم مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا داۋاملىق ئىستىغپار ئېيتىپلا تۇرسا، مەن ئۇلارنى ھەمىشە مەغپىرەت قىلىمەن » [ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە ئەبۇ يەئلا ھەسەن]

## مەغپىرەت ۋە تەۋبە

[پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر [90] سۈرە ھۇد][ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار [51] سۈرە ھۇد]

## ئاللانىڭ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكى

[(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى:« (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللا ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [53] سۈرە زۇمەر][(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن [49] سۈرە ھىجر][ھېچ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، ئاللا يا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ[128] سۈرە ئال ئىمران][ئاللا خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، ئاللا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [14] سۈرە فەتىھ][ئاللانىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى،

پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ [87] سۈرە يۇسۇف]
جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر كىشى: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللا پالانچى ئادەمنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ- دېگەنىدى، ئاللاتائالا: مېنىڭ پالانچىنى كەچۈرمەسلىكىمگە قەسەم ئىچكەن كىشى كىم؟ ئەلۋەتتە، مەن پالانچىنىڭ گۇناھىنى كەچۈردۈم ۋە سېنىڭ قىلغان ئەمەلىڭنى بىكار قىلدىم- دېدى» [مۇسلىم]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بىر بىرىنى قېرىنداش تۇتقان ئىككى كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى گۇناھكار، يەنە بىرى ناھايىتى دىندار ئىدى. دىندار كىشى قېرىندىشىنى ھەر دائىم گۇناھ قىلىۋاتقان ھالەتتە ئۇچرىتاتتى ۋە ئۇنىڭغا: بۇ ئىشنى قىلمىغىن!- دەيتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ يەنە گۇناھ قىلغىنىنى كۆرۈپ: بۇ ئىشنى قىلمىغىن!- دېدى. قېرىندىشى: مېنى رەببىم بىلەن يالغۇز قويغىن ۋە مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشمىغىن! چۈنكى سەن ماڭا كۆزەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتىلمىدىڭ- دېدى. دىندار: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللا سېنى مەغپىرەت قىلمايدۇ (ياكى ئاللا سېنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ)- دېدى. شۇ ئەسنادا، ئاللا ئۇلارنىڭ روھىنى قەبزى قىلدى. ئۇ ئىككىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئاللا دىندارغا: سەن مېنىڭ نېمە قىلىشىمنى بىلەمتىڭ ۋە ياكى مېنىڭ ئىلكىمدىكىگە كۈچۈڭ يېتەمتى؟- دېدى. ئاندىن گۇناھكارغا: ماڭ! رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرگىن!- دېدى. ئاندىن دىندارغا بۇرۇلۇپ: بۇنى جەھەننەمگە تاشلاڭلار!- دېدى» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:« ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دىندار كىشى شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىكى، بۇ سۆزى بىلەن ھەم دۇنياسىنى ھەم ئاخىرىتىنى ۋەيران قىلدى» [ئەبۇ داۋۇد]
جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رەھىم قىلمايدىغان كىشىگە رەھمەت قىلىنمايدۇ، كەچۈرمەيدىغان كىشى كەچۈرۈلمەيدۇ»[ئەھمەد سەھىھ]
[ئاللا (مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر [14]سۈرە بۇرۇج]
[ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر، ئاللا سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقىتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزەڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، ئاللا تەقۋادار ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ [32] سۈرە نەجم]
ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[32]سۈرە نەجم] دېگەن سۆز توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:« ئى ئاللا! سېلى مەغپىرەت قىلسىلا، بەكلا مەغپىرەت قىلىلا، يەنى قويماي كەچۈرۈم قىلىلا، قايسى بىر بەندە سىلىگە كىچىك گۇناھ قىلماي قالسۇن؟ » [تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]
[ئاللا (بەندىلىرى) قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىنى) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر [56]سۈرە مۇددەسسىر]
ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« شەك- شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! پەقەت مەن گۇناھتىن سالامەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار گۇناھ قىلغۇچىدۇر، سىلەر مەندىن مەغپىرەت تىلەڭلار، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىمەن»[ئەھمەد]
سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەبىئە ئىبنى يەزىددىن، ئۇ دادىسى ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانىدىن، ئۇ دادىسى ئەبۇ زەر جۇندۇب ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە- كۈندۈز خاتالىششىسىلەر، مەن ھەممە گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىمەن، مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى مەغفىرەت قىلىمەن» [مۇسلىم]

## ئاللادىن مەغپىرەت تىلەش

[ئاللادىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر [61] سۈرە ھۇد][ئاللادىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاللا ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [20] سۈرە مۇززەممىل][شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر:« پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن» دەيتتى [109] سۈرە مۆئمىنۇن][ئۇلار ئاللادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ ئاللا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [74] سۈرە مائىدە][سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا ئاللادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟ [46]سۈرە نەمل]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇياش مەغرىبتىن چىققانغا قەدەر، ئاللاتائالا كۈندۈزى گۇناھ قىلغانلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن كېچىسى قولىنى ئاچىدۇ. كېچىسى گۇناھ قىلغانلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى ئاچىدۇ» [مۇسلىم]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رەببىمىز ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمى قالغان چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە:« كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى

قوبۇل قىلىمەن. كىم مەندىن سورايدۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ ئۇنى ئەپۇ قىلىمەن» دەيدۇ» [بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« ئاللاتائالا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، تاكى تاڭ ئاتقىچە:« ئىستىغفار ئېيتقۇچى بارمۇ؟ تەۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ هاجىتىنى تىلىگۈچى بارمۇ؟ دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟» دەپ نىدا قىلىدۇ» [مۇسلىم]

ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن بىر نەرسىنى ئاڭلىسام، ئاللاتائالا ئۇ نەرسىدىن ئۆزى خالىغان بويىچە مەنپەئەت بېرىدۇ. ئەبۇ بەكرى ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ بەردى:« مۇسۇلمان گۇناهتىن بىرنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن تاهارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئاللاتائالا گۇناهىنى كەچۈرۈشنى تىلىسە، ئاللاتائالا ئۇنىڭ گۇناهىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ» دەپ، بۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇدى:« كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا...»« تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللانى ياد ئېتىدۇ، گۇناهلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناهنى كەچۈرىدىغان ئاللادىن باشقا كىم بار؟»[ئەهمەد]

ئەبۇ هۈرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەردىن هېچقانداق بىر كىشى: ئى رەببىم! ئەگەر سەن خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەهىم قىلغىن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلمىسۇن، بەلكى ئىلتىجالىرىنى ئېنىق سۆزلىسۇن. چۈنكى، ئاللانى هېچكىم زورلىيالمايدۇ»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىم مېنىڭ بارلىق گۇناهلارنى مەغفىرەت قىلالايدىغانلىقىمنى بىلسە، ئۇ ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسىلا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق گۇناهلىرىنى مەغفىرەت قىلىمەن، هېچ پەرۋا قىلمايمەن» [شەرهسۇننە ۋە هاكىم هەسەن]

ئەبۇ هۈرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر بەندە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناهلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن،دېسە، ئاللاتائالا:« مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناهىنى مەغفىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناهى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە قايتا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ:« ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناهىمنى مەغفىرەت قىلغىن» دېسە، ئاللاتائالا:« مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناهىنى مەغفىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناهى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى» دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندە قايتا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ:« ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناهىمنى مەغفىرەت قىلغىن» دېسە، ئاللاتائالا:« مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناهىنى مەغفىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناهى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، ھەقىقەتەن مەن بەندەمنى مەغفىرەت قىلدىم، خالىغىنىنى قىلسۇن» دەيدۇ [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا: ئى ئادەم ئەۋلادى! سەن قاچان ماڭا دۇئا قىلساڭ ۋە مەندىن بىر نەرسىنى ئۈمىد قىلساڭ، سەندىن سادىر بولغان گۇناهلارنى ئەپۇ قىلىمەن. هېچ پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم ئەۋلادى! گۇناهلىرىڭ ئاسمانغا تاقاشسىمۇ، كېيىن مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭ، گۇناهىڭنى كەچۈرىمەن. هېچ پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم ئەۋلادى! مېنىڭ ئالدىمغا ناهايىتى كۆپ گۇناھ قىلغان، لېكىن ماڭا هېچنىمنى شېرىك قىلمىغان هالدا كەلسەڭ، مەنمۇ ساڭا بەكمۇ كۆپ مەغپىرەت بىلەن كېلىمەن - دېدى» [تىرمىزى]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاتائالا بەندىسىگە، پەردە هىجاب چۈشۈپ قالمىسىلا مەغفىرەت قىلىدۇ، ئۇلار: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! پەردە هىجاب چۈشۈپ قېلىش دېگەن نېمە؟ دېدى. رەسۇلۇللا: ئۇ بولسىمۇ كىشىنىڭ ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگەن هالدا ئۆلۈشىدۇر» [بەيهەقى]

[ پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، هەمدى ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ، بىلىڭلاركى، ئاللا ھەقىقەتەن ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر [5] سۈرە شۇرا][گۇناهىڭغا ئىستىغفار ئېيتقىن [55] سۈرە غافىر]

ئەبۇ هۈرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ:« ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن كۈنىگە چوقۇم ئاللاتائالادىن 70 قېتىمدىن كۆپرەك مەغفىرەت تىلەيمەن ۋە تەۋبە قىلىمەن »[بۇخارى]

ئەغەررىل مۇزەننى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ قەلبىممۇ پەردە باغلانغاندەك بولۇپ قالىدۇ. مەن كۈنىگە ئەلۋەتتە 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىمەن»[مۇسلىم]

[سىلەرگە - ئاللانى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر [21] سۈرە ئەهزاب]

شەدداد ئىبنى ئەۋسى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:«[ اَللَّهُمَّ أَنْتَ

رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَأَبُوءُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ](ئى ئاللا! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن، ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن) دېگەن كىشى كاتتا ئىستىغفار ئېيتقان بولىدۇ. كىمكى، بۇ دۇئانى ئىخلاس بىلەن كۈندۈزى ئوقۇپ، ئاندىن كەچ كىرگۈچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ. كىمكى، ئۇنى ئىخلاس بىلەن كېچىسى ئوقۇپ، ئاندىن تاڭ ئاتقۇچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ» [بۇخارى]

ئابدۇللا ئىبنى بۇسرى، ئائىشە، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەپتەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئىستىغفار تاپقان كىشىگە ۋە كۆپ ئىستىغفار ئېيتقان كىشىگە خۇش مۇبارەك»[ئىبنى ماجە ئەبۇ نۇئەيىم ئەھمەد سەھىھ]

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم ئۆزىنىڭ سەھىپىسى (يەنى نامە- ئەمەل) خاتىرىسىدىكىگە خۇرسەن بولۇشنى ياخشى كۆرسە ئۇ خاتىرىسىگە ئىستىغفار ئېيتىشنى كۆپ قىلسۇن» [بەيھەقى ۋە زىيائۇلمەقدەسى ھەسەن ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېيىت پەقەت قەبرىسىدە، خۇددى دېڭىزغا غەرىق بولۇپ، پەرياد چېكىپ، ياردەم تەلەپ قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئاتا- ئانىسىدىن، ياكى قېرىندىشىدىن، ياكى يېقىن دوستىدىن يېتىپ بارىدىغان دۇئاغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ، دۇئا ئىستىغفار ئۇنىڭغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ دۇئالار ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيادىن ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاتائالا قەبرە ئەھلىگە، زېمىن ئەھلىنىڭ دۇئالىرىدىن تاغدەك- تاغدەك كىرگۈزىدۇ، تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە قىلىدىغان ھەدىيىسى ئۇلارغا مەغفىرەت سوراشتۇر» [بەيھەقى]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا جەننەتتە ياخشى بەندىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ دەرىجە ماڭا نەدىن كەلدى؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللا: سېنىڭ پەرزەنتىڭنىڭ ساڭا تىلىگەن مەغپىرىتىدىن كەلدى، دەيدۇ»[ئەھمەد]

## گۇناھ قىلمىسا باشقا قەۋم كەلتۈرۈش

[ئىنسانلار زۇلۇم قىلسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ [6] سۈرە رەئد][كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ ئاللانىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ [110]سۈرە نىسا]

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر نەرسىنى سىلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاللا ئورنۇڭلارغا گۇناھ قىلىدىغان بىرەر قەۋمنى يارىتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ» [مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئەھمەد]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر گۇناھ ئۆتكۈزمىسەڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرنى ئاللاتائالا بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىپ، گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان بىر قەۋمنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئاللاتائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلغان، ئاللاتائالا ئۇلارنى مەغفىرەت قىلغان بولاتتى» [مۇسلىم]

## ئەر ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەش

[بىلگىنكى، ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر- ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن [19] سۈرە مۇھەممەد][پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا- ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن [28] سۈرە نۇھ]

ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت سورىسا، ئاللا ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەربىر مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارنىڭ باراۋىرىدە بىردىن ياخشىلىق يازىدۇ» [تەبرانى ھەسەن]

## سەھەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلار

[ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار):« پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ [16] ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (ئاللاغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل- ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر [17] سۈرە ئال ئىمران][ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى [17] ئۇلار سەھەرلەردە ( پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى [18] سۈرە زارىيات]

## تەقۋادارلار بىرەر گۇناھ قىلسا مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقى

[تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللانى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللادىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ [135] سۈرە ئال ئىمران]

## مۇناپىق ۋە مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلىمەسلىك

[( ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش) ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللا ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللانى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللا پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [80] سۈرە تەۋبە][پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس [113] ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاللانىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا - جۇدا بولدى [114] سۈرە تەۋبە]

ئىبنى جەرىر سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدەدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەندە بىر قەبرە ئىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مۇناجات قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن ئىنتايىن غەمكىن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. بىز: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! بىز سىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭىزنى كۆردۇق، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئانامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئىزنى سوردۇم، ئۇ ماڭا ئىزنى بەردى ۋە ئۇنىڭدىن ئانامغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا ئىزنى سوردۇم، ئۇ ماڭا ئىزنى بەرمىدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈندىكىدەك كۆپ يىغلاپ باققان ئەمەس ئىدى»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن ئاللادىن ئانامغا ئىستىغفار ئېيتىشنى سورىدىم، ماڭا رۇخسەت بەرمىدى. قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت سورىسام، ماڭا رۇخسەت بەردى» دېدى [مۇسلىم]

## تەۋبە توغرىسىدا

## تەۋبە دەرۋازا

سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەغرىب تەرەپتە بىر دەرۋازا بار بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكىنى ئاتلىق كىشى قىرىق (ياكى يەتمىش) يىلدا بېسىپ ئۆتىدۇ. ئاللا ئاسمان بىلەن زېمىننى ياراتقان كۈندە شۇ دەرۋازىنىمۇ ياراتقان بولۇپ، تەۋبە ئۈچۈن داۋاملىق ئېچىپ قويغان. قۇياش ئۇنىڭدىن چىقمىغىچە، ئۇ دەرۋازا تاقالمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، بۇ دەرۋازا تاقىلىدۇ، ئەنە شۇ ئاللانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر:[ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ[158] سۈرە ئەنئام]» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى كۈن غەربتىن چىقىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» [مۇسلىم]

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغۇچە تەۋبە قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## ئاللانىڭ كىشىلەرنى تەۋبە قىلىۋالسۇن دەپ قولىنى ئېچىپ تۇرىدىغانلىقى

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا كۈندۈزدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشىلىشى ئۈچۈن كېچىدە قولىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ ۋە كېچىدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشىلىشى ئۈچۈن كۈندۈزدە قولىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە»[مۇسلىم]

## ئاللاتائالا بەندىسىنىڭ قىلغان تەۋبىسىدىن بەك خۇشال بولىدىغانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ ھەمزە ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا بەندىسىنىڭ قىلغان تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار دالادا تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ تېپىۋالغان ۋاقتىدىكى خۇشاللىقىدىنمۇ ئارتۇق خۇشال بولىدۇ»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرنىڭ بىرىڭلار قۇملۇقتا ئۈستىدە يېمەك-ئىچمىكى بولغان ئۆلىگى بىلەن كېتىۋاتقاندا ئۆلىگى شۇ قۇملۇقتا يۈتۈپ كېتىپ، نائۈمىد ھالدا بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا ياتقان چېغىدا، تۇساتتىنلا ئۆلىگى كېلىپ قالسا، شۇ چاغدا شۇنداق چاپسان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ، قاتتىق خۇشاللىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۆزىنى يوقىتىپ، خاتا ھالدا:« ئى ئاللا! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ» دەپ سالىدۇ. ئاللاتائالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن ئاشۇ كىشىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ» [مۇسلىم]

## ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى بەك قوبۇل قىلىدىغانلىقى

[ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابىنى) تېتىتىمىز [21] سۈرە سەجدە][تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ، دېگىن [27]سۈرە رەئد][ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللانىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ [104] سۈرە تەۋبە][جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ ئاللا قوبۇل قىلدى، شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاغا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللا تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [118] سۈرە تەۋبە][ئاللا سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ [27] سۈرە نىسا][ئۇلار ئاللاغا تەۋبە قىلمامدۇ؟ [74] سۈرە مائىدە][ئاللا بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، يامان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، قىلغۇاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ [25] سۈرە شۇرا]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلار ئاسمانغا يەتكۈدەك بولۇپ، ئاندىن چىن قەلبىڭلاردىن تەۋبە قىلساڭلار، ئاللا چوقۇم تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئەمما خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن بەندە گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەكھۇلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قېرىلىقتىن ئىككى قاپىقى ئىككى كۆزىگە چۈشۈپ قالغان ناھايىتى قېرى بىر كىشى كېلىپ: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! چوڭ-كىچىك ئىشنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەممىسنى قىلغان، خىيانەتچى ۋە ئەسكى ئىش قىلغۇچى، ئەگەر خاتالىقلىرى جاھاندىكى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بىر ئادەمگە تەۋبە بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىمان ئېيتامسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن شېرىكى يوق يالغۇز ئاللاتائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا سېنىڭ يۇقىرىقىدەك گۇناھلىرىڭنى كەچۈرىدۇ، سېنىڭ يامانلىقلىرىڭنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ خىيانەتلىرىم ۋە ئەسكىلىكلىرىممۇ؟ كەچۈرۈلۈپ ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇلۇپ بېرىلەمدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سېنىڭ خىيانەتلىرىڭ ۋە ئەسكىلىكلىرىڭمۇ (شۇنداق قىلىنىدۇ) دېدى. ئۇ ئادەم" بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق" ئاللاھۇ ئەكبەر" دېگەن ھالدا كەينىگە قايتىپ كەتتى»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

## ئاللاتائالا بەندىگە تەۋبە قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا ئۆمرىنى ئۇزۇن

قىلغان بەندىگە ھەقىقەتەن گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت بەردى. تاكى ئۇ ئاتمىش ياكى يەتمىش ياشقا كىرگۈچە ياشىدى. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن پۇرسەت بەردى» [بۇخارى ۋە ئەھمەد]

### ئاللاتائالا خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە نېسىپ قىلىدىغانلىقى

[شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللا خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ [27] سۈرە تەۋبە][ ئاللا خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ [15] سۈرە تەۋبە]

### قوبۇل بولىدىغان تەۋبە ۋە قوبۇل بولمايدىغان تەۋبە

[ ئاللا قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇززۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ ئاللا ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [17] داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق [18] سۈرە نىسا][شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانلارنىڭ تەۋبىسىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار گۇمراھلاردۇر [90] شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ (تەۋبە قىلماستىن) كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئۇلارغا (ئۇلارنى ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ [91] سۈرە ئال ئىمران]

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندە سەكراتقا چۈشۈپ قالمىغانلا بولسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» [تىرمىزى ھەسەن]

بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم قىلغان گۇناھلىرىدىن ئاللاغا جان ھەلقۇمىغا كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» [ھاكىم سەھىھ]

ئىمام ئەھمەد، ئۇسامە سالامىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇزەر كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى:« بىر بەندىنىڭ جېنى مۇشرىكلىك ھالىتىدە چىقىپ كەتمىسە، ئاللاتائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ (گۇناھلىرىنى) كەچۈرىدۇ»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن:« ئى ئائىشە!:« دىنىڭدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلار» بىدئەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەس ئىگىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، مەن ئۇلاردىن ئادا - جۇدادۇرمەن؛ ئۇلارمۇ مەندىن ئادا - جۇدادۇر» [ئەلىسەغىر]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللا ھەر قانداق بىدئەت ئىگىسىگە، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشنى چەكلىۋەتتى»  [ئىبنى پىل ۋە ئەۋسەت ۋە بەيھەقى ۋە زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

### سەممىي تەۋبە قىلىش

[ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاغا تەۋبە قىلىڭلار [31] سۈرە نۇر][ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ [8] سۈرە تەھرىم]

ھەر قانداق گۇناھقا تەۋبە قىلىش زۆرۈردۇر. ئەگەر گۇناھ ئاللاتائالا بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ئىش بولۇپ، بەندىنىڭ ھەققى بىلەن چېتىشلىقى بولمىسا، ئۇنىڭغا ئۈچ شەرت لازىم بولىدۇ:

1 - گۇناھتىن يېنىش.

2 - گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش.

3 - شۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش.

ئەگەر بۇ ئۈچ شەرتنىڭ بىرى ھازىرلانمىسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر گۇناھ بەندىنىڭ ھەققىگە چېتىشلىق بولسا، ئۇنىڭ شەرتلىرى تۆتتۇر، يۇقىرىقى ئۈچ شەرتتىن باشقا تۆتىنچى شەرتنى ئورۇنداش، يەنى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش. ئەگەر مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسا، ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش، ئەگەر بوھتان چاپلىغان، دەررە ئۇردۇرغان بولسا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىشلار بولسا، ھەق ئىگىسىنىڭ ئەنتىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ياكى ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىش، ئەگەر غەيۋەت قىلغان بولسا ئاشۇ كىشىدىن ئەپۇ سوراش كېرەك. تەۋبە قىلغۇچى بارلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى كېرەك!

[بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا:« سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە)

رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، ئاللا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ» دېگىن [54] سۈرە ئەنئام][يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەممىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ [153] سۈرە ئەئراف][تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن [82] سۈرە تاھا][شۈبھىسىزكى، بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [119] سۈرە نەھل][ كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ ئاللاغا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى ئاللا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ) [71] سۈرە فۇرقان][يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، ئاللانىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، ئاللا ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [102] سۈرە تەۋبە][ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [25] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [222] سۈرە بەقەرە][ ئاللاغا تەۋبە بىلەن قايتىڭلار، ئاللادىن قورقۇڭلار، نامازنى ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلاردىن بولماڭلار [31] سۈرە رۇم]

ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: « گۇناھتىن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچى، گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشايدۇ» [ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى ۋەھەكىيم ھەسەن]

ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« (گۇناھىغا)پۇشايمان قىلىشنىڭ ئۆزى تەۋبىدۇر» [ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى ۋە بۇخارى تارىخىدا سەھىھ]

ئەبۇ سەئىدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« پۇشايماننىڭ ئۆزى تەۋبىدۇر، گۇناھىدىن تەۋبە قىلغۇچى خۇددى گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشاشتۇر» [تەبرانى ۋە ئەبۇ نۇئەيم ھەسەن]

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر ئىنساننىڭ تېنى ئاللا قورقۇنچىسىدىن شۈركۈنسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى خۇددى قۇرۇپ قالغان دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ» [بەززار]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« ھاياتىدا ھېچقانداق ياخشىلىق قىلمىغان بىر كىشى ئائىلىسىگە:« ئەگەر ئۆلسەم، مېنى كۆيدۈرۈڭلار، ئاندىن (كۈلىنىڭ) يېرىمىنى قۇرۇغلۇققا، يېرىمىنى دېڭىزغا سورۇۋېتىڭلار! ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللا مېنى تېرىلدۈرۈپ قالسا، ماڭا ھېچكىمگە بەرمىگەن ئازابنى بېرىدۇ- دېدى. ئۇ كىشى ئۆلگەندە (ئائىلىسى) ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى بىجا كەلتۈردى. ئاللا زېمىنغا ئەمر قىلغانىدى، (زېمىن) ئۇنىڭ كۈلىنى يىغدى. ئاندىن دېڭىزغا ئەمر قىلغانىدى، (دېڭىزمۇ) ئۇنىڭ كۈلىنى يىغدى. ئاللا ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟- دەپ سورىغانىدى، ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن قورققىنىم ئۈچۈن قىلدىم، سەن بۇنى بىلگۈچىسەن- دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلدى» [مۇسلىم]

[كىمكى مېھرىبان ئاللانى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە، (ئۇلارغا):« جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ) [33-34] سۈرە قاف]

ئەغەر ئىبنى يەسارى مۇزەننى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« ئى خالايىقلار! ئاللاتائالاغا تەۋبە قىلىڭلار ۋە ئاللاتائالادىن مەغفىرەت تىلەڭلار، ھەقىقەتەن مەن كۈندە 100 قېتىم تەۋبە قىلىمەن» [مۇسلىم]

[ سىلەرگە ـــ ئاللانى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـــ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر [21]سۈرە ئەھزاب]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللانىڭ بىر ئولتۇرۇشىدا 100 قېتىم: [رَبِّ اغْفِرْ لِي وَتُبْ عَلَيَّ إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ]( پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبان زاتتۇرسەن) دېگەنلىكىنى سانايتتۇق [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى: [سُبْحَانِ اللهِ وَبِحَمْدِهِ أَسْتَغْفِرُ اللهَ وَأَتُوبُ إِلَيهِ]( ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاتائالانى مەدھىيىلەيمەن، ئاللاتائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن، ئاللاتائالاغا تەۋبە قىلىمەن) دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇيتتى »[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى[أَسْتَغْفِرُ اللهَ الَّذِي لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ وَأَتُوبُ إِلَيهِ](ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەنكى، ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاغا تەۋبە قىلىمەن) دېسە، گەرچە ئۇ جەڭدىن قاچقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ»[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى سەھىھ]

## دائىم پىتنىگە قىلىپ تەۋبە قىلىدىغان مۆمىننى ئاللا ياخشى كۆرىدىغانلىقى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاتائالا دائىم پىتنىگە قالىدىغان، كۆپ سىنىلىدىغان، ئاندىن تەۋبە قىلىدىغان مۆمىن بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ»[ئەھمەد]

ئىبنى ئابىبا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر قانداق بىر مۆمىن بەندە بولىدىكەن ئۇنىڭ ئادەت قىلىۋالغان بىر گۇناھى بولىدۇ، ئۇ بۇ گۇناھنى بىر چاغدىن كېيىن يەنە بىر چاغدا، بىر سائەتتىن كېيىن يەنە بىر سائەتتە قىلىپ سالىدۇ، ياكى ئۇنىڭ دائىم قىلىپ تۇرىدىغان، مۇقىم تۇرىدىغان بىر گۇناھى بولۇپ، بۇ مۆمىن بەندە ئۇ گۇناھدىن تا بۇ دۇنيادىن ئايرىلمىغىچە ئايرىلالمايدۇ، ھەقىقەتەن مۆئمىنمۇ دائىم پىتنىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، پىتنىگە قالىدىغان، گۇناھ قىلىدىغان ئاندىن تەۋبە قىلىدىغان ھەم ئۇنۇتقاق يارىتىلدى، ئۇمۇ ئىسىگە كەلگەندە ئەسلەيدۇ»[تەبرانى سەھىھ]

## گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تەۋبە قىلمىغانلار زالىملار

[(گۇناھ ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر [11] سۈرە ھۇجۇرات]

## ئىبلىس بەش ئىش سەۋەبىدىن لەنەتكە ئۇچرىغان

1- جىنايىتىنى تونۇماسلىق! 2- تەۋبە قىلماسلىق! 3- ئۆزىنى ئەيىبلىمەسلىك! 4- رەزىللىكنى تىزەپ ياخشىلىنىشقا ئىرادە باغلىماسلىق! 5- ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش![ئەخلاق نامە]

## ئادەم ئەلەيھىسسالام بەش تۈرلۈك ئىش بىلەن بەختلىك بولغان

1- گۇناھىنى تونۇش. 2- تەۋبە قىلىش. 3- ئۆزىنى ئەيىبلەش. 4- ئۆز خاتالىقىنى ئۆزگەرتىش. 5- ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك![ئەخلاق نامە]

## ئاللانى ياد ئېتىش

[ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ [24] سۈرە ھەشر][يەتتە ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللانى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللانى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ) لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر [44] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللانىڭ دەرگاھىدىكىلەر ئاللانىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ [19] ئۇلار كېچە- كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ [20] سۈرە ئەنبىيا][(دىندا) كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى [17] بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى- ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى [18] قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ (تەرەپ- تەرەپتىن) توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى، (تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ) ھەممىسى ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر [19] سۈرە ساد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن:« پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى چۈمۈلە چېقىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىلىرىغا ئوت قويۇۋېتىش ئەمرىنى بەردى. نەتىجىدە، چۈمۈلە ئۇۋىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇ چاغدا ئاللا ئۇنىڭغا:« سېنى بىر چۈمۈلە چاقسا، سەن ئاللاغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان بىر ئۈممەتنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتىڭ» دەپ ۋەھيى نازىل قىلدى» [بۇخارى]

[سىلەرگە ــ ئاللانى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللا ئەلۇەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر [21] سۈرە ئەھزاب]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانى ھەرقانداق ۋاقىتتا ياد ئېتىپ تۇراتتى» [مۇسلىم]

[ئاللانىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن- ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ

تۇرىدۇ [36] سۈرە نۇر][ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللانى ئەسلەپ تۇرىدۇ [191] سۈرە ئال ئىمران][ئاللانى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر [45] سۈرە ئەنكەبۇت][ مېنى (تائەت- ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار [152]سۈرە بەقەر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: بەندەم مېنىڭ قانداق بولۇشۇمنى ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن، ئۇ مېنى ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ياد ئېتىمەن، ئەگەر ئۇ مېنى مەخپىي ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى مەخپىي ياد ئېتىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى جامائەت بار يەردە ياد ئەتسە مەن ئۇنى ئۇ جامائەدىنمۇ ياخشىراق جامائە بار يەردە ياد ئېتىمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا بەندەم قەيەردە بولمىسۇن، مېنى زىكرى قىلىپ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ تۇرىدىكەن، مەن شۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن» [بۇخارى ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە ئىبنى ماجە]

[پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە- ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن [205] سۈرە ئەئراف]

سەئد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زىكرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەخپىي قىلىنغىنى» [ئەھمەد]

[سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاغا تەسبىھ ئېيتىڭلار [17] سۈرە رۇم][ئى مۆمىنلەر! ئاللانى كۆپ ياد قىلىڭلار [41] ئۇنىڭغا ئەتىگەن- ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەللى ھېسابلىنىدۇ) [42] ئاللا سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا (يەنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە) چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللا مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر [43] سۈرە ئەھزاب]

ئەمرۇ ئىبنى ئەسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندە رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقىت، كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدۇر. شۇ ۋاقىتلاردا ئاللانى ياد ئېيتىدىغان كىشىلەردىن بولۇشۇڭغا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق بول» [تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ھاكىم]

[(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ [28] سۈرە رەئد][مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار [10] سۈرە جۇمۇئە]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانى شۇنداق كۆپ زىكرى قىلىڭلاركى، ئىنسانلار سىلەرنى ساراڭكەن دەپ قالسۇن» [ئەھمەد]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەم باللىرى (ئۆزلىرىنى) ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا، ئاللانى ياد ئېيتىشتىن ياخشىراق بىرەر ئەمەلنى قىلالمايدۇ» [ئەھمەد ۋە مالىك ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

[ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نامى مۇبارەكتۇر [78] سۈرە رەھمان]

ئىمام ئەھمەد، رەبىيئ ئىبنى ئامىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئاللانى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار» [نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان]

[ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى [35] سۈرە ئەھزاب]

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالانىڭ نەزىرىدە، (ئاللاغا) تەكبىر ، ھەمدۇسانا، تەسبىھ، تەھلىيل ئېيتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىچىدە ياشاپ، ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان مۆئمىندىنمۇ ئەۋزەل كىشى يوقتۇر»[ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە (قاراپ) كېتىۋېتىپ، جۇمدان دېگەن تاغدىن ئۆتۈۋاتقاندا: يۈرۈڭلار! بۇ يەر جۇمداندۇر. مۇفەررىدلەر نۇرغۇن ساۋاب ئېلىپ كەتتى- دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا! مۇفەررىدلەر كىم؟- دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (ئۇلار) ئاللانى كۆپ زىكر قىلغان ئەر ۋە ئاياللار- دېدى» [مۇسلىم]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رەببىڭلارنىڭ نەزىرىدە دەرىجەڭلارنى يۇقىرى قىلىدىغان، ئالتۇن- كۈمۈش سەدىقە قىلىشتىنمۇ، ئاللا يولىدا جىھادقا چىقىپ، دۈشمەنلەر بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟- دېگەن ئىدى. ساھابىلەر: ئېيتىپ بەرگىن- دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللانى زىكرى قىلىش- دەپ جاۋاب بەردى» [مالىك ۋە ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ھاكىم ۋەئىبنى

ماجە]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « جەننەت باغچىلىرىدىن ئۆتكەن چېغىڭلاردا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار! - دېدى. ساھابىلەر: جەننەت باغچىلىرى نېمىدۇر؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « زىكىر» سورۇنى - دەپ جاۋاب بەردى» [تىرمىزى ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قايسى بىر قەۋم ئاللانىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىرەر جايدا ئولتۇرسا ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئورىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاللانىڭ رەھمىتى ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك ئورۇنلىشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە بايان قىلىدۇ» [مۇسلىم]

سەھلى ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىر قەۋم ئاللانى ياد ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرسا، ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! ۋەھالەنكى ئاللاتائالا سىلەر ئۈچۈن گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلدى، يامانلىقىڭلار، ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇلدى - دەيدۇ» [تەبرانى ۋە بەيھەقى ۋە زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىرەر قەۋم ئاللانى ياد ئېيتىپ ئولتۇرسا، ئۇلارغا ئاسماندىن بىر نىدا قىلغۇچى سىلەر ئەمدى مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا قوپۇڭلار! دەپ توۋلايدۇ» [ ئەھمەد ۋەزىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئاللانى زىكىر قىلىدىغان بىر جامائەت بىلەن بىرگە تاكى قۇياش چىققىچە ئولتۇرۇش، مەن ئۈچۈن ئىسمائىل نەسلىدىن تۆت نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىشتىنمۇ ياخشىراق،ئەسىر نامىزىدىن كېيىن، شام نامىزىغىچە ئاللانى زىكىر قىلىدىغان بىر جامائەت بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشمۇ، مەن ئۈچۈن تۆت نەپەر قۇلنى ئازاد قىلغاندىن ياخشىراق» [ئەبۇ داۋۇد ھەسەن]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئىنسانلار ئىچىدىن زىكرىنىڭ ئاچقۇچى بولىدىغان كىشىلەر بار، باشقىلار ئۇلارنى كۆرگەندە، دەرھال ئاللانى زىكىر قىلىدۇ» [ھەكىيم ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ھەقىقەتەن دۇنيا لەنەت قىلىنغاندۇر، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرگىمۇ لەنەت قىلىنغاندۇر، پەقەت ئاللانى ياد ئېيتىش، مانا مۇشۇنىڭغا يېقىن ياكى ئوخشاپ كەتكەن ئىشلار مۇستەسنادۇر» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ھەسەن]

## ياخشى سۆزنىڭ ئاسمانغا ئۆرلەيدىغانلىقى

[ياخشى سۆز ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ [10] سۈرە فاتىر]

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللانى تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە تەھلىل ئېيتىش (يەنى ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق) دېيىش بىلەن ئۇلۇغلاپ ياد ئەتكۈچىلەرنىڭ سۆزلىرى ئەرشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئاۋازىدەك غۇڭۇلدىغان ئاۋازلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىرىنى (يەنى ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن ئاللاتائالانى ياد ئەتكەنلەرنى) ياد ئېتىشىدۇ. بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنى ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا ياد ئېتىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ ھەمىشە بولۇشىنى ياقتۇرمامدۇ؟» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بەندە چىن قەلبىدىن [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق )دېسە، چوڭ گۇناھلارغا يېقىن كەلمىگەن بولسىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، بۇ سۆزى ئەرشكىچە يېتىپ بارىدۇ» [تىرمىزى ھەسەن]

ئابدۇللا ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا! ماڭا كۆرە ئىسلام شەرىئەتلىرى (ساۋابنىڭ يوللىرى) ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ماڭا (شۇلاردىن) بىرنى ئېيتىپ بەرگىن، مەن ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشاي - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلىڭ ئاللانىڭ زىكرىدىن توختاپ قالمىسۇن! - دېدى» [تىرمىزى سەھىھ]

## ئاللانى ياد ئېتىدىغان ۋە ياد ئېتمايدىغان كىشى

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « پەرۋەردىگارىغا زىكىر ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم تىرىك ئادەمگە ئوخشايدۇ. زىكىر ئېيتىپ تۇرمايدىغان ئادەم ئۆلۈك ئادەمگە ئوخشايدۇ» [بۇخارى]

## ئاللانى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالماسلىق

مالىك رەھمەتۇللا ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« غاپىللار ئارىسىدا ئاللانى زىكىر قىلغان كىشى باشقىلار ئۇرۇشتىن قېچىۋاتسىمۇ قاچماي ئۇرۇشقان كىشىگە ئوخشايدۇ. غاپىللار ئارىسىدا ئاللانى زىكىر قىلغان كىشى قۇرۇپ قالغان دەرەختىكى ياپ- يېشىل شاخقا ئوخشايدۇ. غاپىللار ئارىسىدا ئاللانى زىكىر قىلغان كىشى قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغقا ئوخشايدۇ. ئاللاتائالا غاپىللار ئارىسىدا ئاللانى زىكىر قىلغان كىشىنى قەبرىدە روھ قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا غاپىللار ئارىسىدا ئاللانى زىكىر قىلغان كىشىنىڭ تىللىق ۋە تىلسىز بارلىق جانلىقنىڭ ساندەك (كۆپ) گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» [رەزىن]

ئەمرۇ ئىبنى ئەسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇياش نۇر چاچقان ھەرقانداق نەرسە، ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ھەربىر نەرسە ھايات قالسىلا ئاللاغا ھەمدۇسانا بىلەن تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. پەقەت شەيتانلاردىن بولغان نەرسە ۋە ئادەم باللىرىنىڭ دۆت، غاپىللىرى تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتمايدۇ» [ئىبنى سەنا ۋە ئەبۇ نۇئەيم سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالانى ياد ئېتىشتىن باشقا سۆزلەرنى كۆپ سۆزلىمەڭلار. چۈنكى، ئاللاتائالانى ياد ئېتىشتىن باشقا سۆزلەرنى تولا قىلىش دىلنى قاساۋەتلەشتۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاتائالادىن ئەڭ يىراق كىشى بولسا دىلى قاساۋەتلىشىپ كەتكەن كىشىدۇر» [تىرمىزى]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا ۋە جابىر ئىبنى ئۆمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا ياد ئېتىلمايدىغان ھەرقانداق نەرسە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان ئويۇن تاماشادۇر. پەقەت تۆت ئىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر: كىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئوينىشى. كىشىنىڭ جەڭ ئېتىنى ياخشى كۆندۈرۈشى. كىشىنىڭ قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلىشى. كىشىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى مەشق قىلىشى» [نەسەئى سەھىھ]

دەسلەپكى مۇھاجىر ئاياللاردىن يۇسەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن:« ئى ئاياللار! ئاللاتائالاغا تەسبىھ تەھلىل ۋە تەقدىس (ئۇلۇغلاش) ئېيتىشىڭلار لازىم. بۇلارنى بارمىقىڭلاردا ساناپ ئېيتىڭلار، چۈنكى بارماقلاردىن سورىلىدۇ ۋە ئۇلار سۆزلىتىلىدۇ. شۇڭا ھەرگىز غەپلەتتە قالماڭلار! بولمىسا، رەھمەتنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر» [تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى ھېچ نەرسىگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، پەقەت ئۇلار (دۇنيادا)ئاللانى ئەسلىمەي ئۆتۈپ كەتكەن سائەتلەرگە ھەسرەت چېكىدۇ» [تەبرانى ۋە بەيھەقى ھەسەن]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەم بالىسىغا ئۇ ئاللانى ياد ئەتمەي بىر سائەت ئۆتۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللانى ياد ئېيتمىغان ئاشۇ بىر سائەتكە قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ» [ئەبۇ نۇئەيم ۋە بەيھەقى ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئولتۇرغان جايىدا ئاللانى زىكىر قىلمىسا، ئاللانىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. كىمكى ياتقان جايىدا ئاللانى زىكىر قىلمىسا، ئاللانىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قانداق بىر جامائەت ئولتۇرغان سورۇندىن ئاللانى زىكىر قىلماستىن قوپۇپ كەتسە، ئېشەكنىڭ تېپى (ئۆلۈكى) بار جايدا ئولتۇرۇپ قوپقاندەك بولىدۇ. بۇ، ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## تەسبىھ ، تەكبىر، ھەمدۇسانا، تەھلىل

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى رەببىم! ماڭا سېنى ئەسلەيدىغان ۋە سېنى چاقىرىدىغان بىر دۇئا ئۆگەتكىن!- دېگەنىدى، ئاللاتائالا: ئى مۇسا! [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)» دېگىن!- دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: بۇنى ھەممە بەندەڭ دەيدۇ- دېگەنىدى. ئاللاتائالا: [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ] (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)» دېگىن!- دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى ئاللا! سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. مەن سەندىن خاس بىر دۇئا خالايمەن- دېگەنىدى. ئاللاتائالا: ئى مۇسا! يەتتە قەۋەت ئاسمان، مەندىن باشقا ئۇ (يەتتە قەۋەت ئاسمان)نى ئاۋات قىلغۇچى بارلىق مەخلۇقات ۋە يەتتە قات زېمىن مىزاننىڭ بىر تەرىپىگە، [لاَ إِلَهَ إِلاَّ

اللهُ] (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)» كەلىمىسى يەنە بىر تەرىپكە قويۇلسا، شۈبھىسىزكى، [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ] (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)» كەلىمىسى ئۇلاردىن ئېغىر كېلىدۇ - دېدى» [مەۋسىلى]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى:[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)»[تىرمىزى ھەسەن]

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (تەقۋا كەلىمىسى) [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ] (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) دېگەن [تىرمىزى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىمانىڭلارنى يېڭىلاڭلار! - دېۋىدى، بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللا! ئىمانىمىزنى قانداق يېڭىلايمىز؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ] ( بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ) دېگەن كەلىمىنى كۆپ دەڭلار! - دېدى» [ئەھمەد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندە چىن قەلبىدىن [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)» دېسە، گۇناھى كەبىيرلەرگە يېقىن كەلمىسىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، شۇ سۆزى ئەرشكىچە يېتىپ بارىدۇ» [تىرمىزى ھەسەن]

ئوسمان ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر بەندە قىيامەت كۈنىگە ئاللانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغان ھالدا [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ) دەپ ئۇچراشسا، ئاللا ئۇ كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىم چىن قەلبىدىن [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ] (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق )دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ» [بەززار سەھىھ]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمنىڭ ئاخىرقى سۆزى [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ] ( بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ) دېيىش بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تىلغا يەڭگىل كېلىدىغان، مىزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ نامە - ئەمالىنى تارتىدىغان تارازادا) ئېغىر كېلىدىغان، ئاللاتائالاغا ياقىدىغان ئىككى سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ [سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ]( ئۇلۇغ ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)[ سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ]( ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاتائالانى مەدھىيىلەيمەن) دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« قايسى سۆز ئەڭ ئەۋزەل؟ - دەپ سورالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللا پەرىشتىلىرى ۋە بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان:[سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ](ئاللا پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر) دېگەن سۆزدۇر - دەپ جاۋاب بەردى»[مۇسلىم]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى[سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ وَبِحَمْدِهِ](ئاللا پاك ۋە ئۇلۇغدۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر) دېسە جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ»[تىرمىزى سەھىھ]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئەتىگەن- ئاخشامدا:«[سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ](ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاتائالانى مەدھىيىلەيمەن)نى 100 قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى شۇ كىشىنىڭ دېگىنىنى دېگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋراق دېگەن ئادەمدىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەلنى ئەكىلەلمەيدۇ»[مۇسلىم]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:« ئاللاتائالاغا ئەڭ يېقىملىق بولغان سۆزنى ساڭا ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاللاتائالاغا ئەڭ يېقىملىق بولغان سۆز:[ سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ](ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاتائالانى مەدھىيىلەيمەن) دېگەن سۆزدۇر- دېدى»[مۇسلىم]

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەتىگىنى بامداتنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەندە جۇۋەيرىيە ئۆزى ناماز ئوقۇغان جايدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاشكاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كىرسە، ئۇ يەنە شۇ جايدا ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن چىقىپ كەتكەندىن تا ھازىرغىچە مۇشۇ ھالدا ئولتۇردىڭمۇ؟» دېۋىدى، ئۇ:« ھەئە » دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندىن كېيىن تۆت كەلىمە سۆزنى ئۈچ قېتىم ئوقۇدۇم. ئۇنى سېنىڭ بۈگۈن كەچكىچە ئوقۇغانلىرىڭ بىلەن ئۆلچەپ قارالسا، بۇ تۆت كەلىمە چوقۇم ئېغىر كېلىدۇ، ئۇلار: [سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ وَرِضَاءَ نَفْسِهِ وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ]( ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاتائالاغا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ سانىدەك كۆپ ھەمدە ئېيتىمەن، ئاللاتائالا رازى بولغۇدەك ھەمدە ئېيتىمەن، ئاللاتائالانىڭ ئەرشىگە توغرا كەلگۈدەك ھەمدە ئېيتىمەن، ئاللاتائالانىڭ كالامى يېزىلغان سىياھتەك كۆپ ھەمدە ئېيتىمەن» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: [سُبْحَانَ اللهِ وَ الْحَمْدُ لِـلَّهِ وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ]( ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاتائالاغا خاستۇر، بىر ئاللاتائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاتائالا ئەڭ ئۇلۇغدۇر) دەپ ئېيتىشىم مەن ئۈچۈن جاھاندىكى بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكرەكتۇر» [مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوپۇرمىقى قۇرۇپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاسىسى بىلەن ئۇرغان ئىدى، غازاڭلار يەرگە تۆكۈلۈپ چۈشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:[اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ وَسُبْحَانَ اللهِ وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ](ھەمدۇسانا ئاللا خاستۇر، ئاللا پاكتۇر، ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا بۈيۈكتۇر) دېگەن كەلىمىلەر بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى مۇشۇ دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋېتىدۇ»[تىرمىزى ھەسەن]

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەر كۈنىگە مىڭ ياخشىلىق قىلىشقا قادىر بولالامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنداشلىرىدىن بىرى بىر ئادەم قانداقمۇ بىر كۈندە مىڭ ياخشىلىق قىلالىسۇن دەپ سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىشى يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتسا ئۇنىڭغا مىڭ ياخشىلىق بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن مىڭ خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ» دېگەن [مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە نەسەئى سەھىھ]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى دەيدۇ:« سېنى جەننەتنىڭ غەزىنىلىرىدىن بىرىگە دالالەت قىلايمۇ؟ مەن، ئى رەسۇلۇللا بولىدۇ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ: [لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ]( ئاللانىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ- قۇۋۋەت يوقتۇر) سۆزىدۇر دېدى»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ قايسى بىرى:[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ ](ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللا بۈيۈكتۇر، ئاللانىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ- قۇۋۋەت يوقتۇر) دېسە، دېڭىز كۆپۈكىدە كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ»[تىرمىزى ھەسەن]

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئون

قېتىم:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ ، لَهُ الْـمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ](يالغۇز ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دېسە، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن ئون قۇلنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ»[مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى كۈندە يۈز قېتىم[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ ، لَهُ الْـمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ](يالغۇز ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دېسە، ئون قۇل ئازاد قىلغان ۋە يۈز ياخشىلىق قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، يۈز گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ، (شۇ كۈنى) كەچ كىرگىچە شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىدۇ. ئۇ كەلىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ زىكرى قىلغانلاردىن باشقا ھېچكىم (شۇ كۈن ئىچىدە) ئۇنىڭچىلىك ساۋابلىق ئىش قىلالمىغان بولىدۇ. كىمكى:[سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ](ئاللا پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر) دېگەن سۆزنى يۈز قېتىم ئېيتسا، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ»[مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ ، لَهُ الْـمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ](يالغۇز بىر ئاللاتائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاتائالاغا خاستۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دېگەن كەلىمىنى بىر كۈندە 100 قېتىم ئوقۇسا، ئون قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە 100 ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن 100 خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ. بۇ دۇئا شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇ كىشىنى شەيتاندىن ساقلايدۇ، ئۇ ئادەم ئەڭ ئەۋزەل بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭدىن ئارتۇق دېگەن كىشىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:« ماڭا مەن ئوقۇيدىغان سۆز ئۆگىتىپ قويغىن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ ، اَللهُ أَكْبَرُ كَبِيراً ، وَالْحَمْدُ لله كَثِيراً ، وَسُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَالَـمِينَ ، وَلاَ حَولَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ](يالغۇز بىر ئاللاتائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، ئاللاتائالا ناھايىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاتائالاغا كۆپ مەدھىيە بولسۇن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاتائالاغا خاستۇر) دېگىن - دېدى[مۇسلىم]

رىفائە ئىبنى رافىئ زۇرەقى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:[ رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ] (ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا نۇرغۇنلىغان پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن!) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: باياتىنقى سۆزنى دېگەن كىم؟- دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى: مەن- دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن 30 نەچچە پەرىشتىنىڭ ئۇ سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال يېزىۋېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بەس- بەستە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم- دېدى»[بۇخارى]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، بىرى ھاسىراپ- ھۆمۈدىگە ھالدا كېلىپ، مەسجىدكە كىرىپلا:[ اَللهُ أَكْبَرُ الْحَمْدُلِـلَّهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ ](ئاللا بۈيۈكتۇر، ئاللاغا نۇرغۇنلىغان پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن)- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن: باياتىنقى كەلىمىلەرنى دېگەن كىم؟- دەپ سورىدى. جامائەتتىن ئۈن چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ دېگەنلىرى خاتا ئەمەس- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، جامائەتتىن بىرى: ئى رەسۇلۇللا! ئۇنى دېگەن مەن، كەلگىچە نەپسىم قىستاپ كەتتى، شۇڭا مەسجىدكە كىرىپلا شۇ سۆزنى دېگەنىدىم،- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ئۇ سۆزنى ئاسمانغا ئەڭ ئاۋۋال ئېلىپ چىقىش شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 12 پەرىشتىنىڭ بەس- بەستە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم- دېدى»[نەسەئى سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نامازدا تۇرغاندا، جامائەتتىن بىرەيلەن:[اَللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا وَالْحَمْدُ لِـلَّهِ كَثِيرًا وَسُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وَأَصِيلاً ] (ئاللا ناھايىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاغا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسۇن، مەن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئاللاغا تەسبىھ ئېيتىمەن) دېدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: باياتىنقى سۆزنى دېگەن كىم؟- دەپ سورىدى. جامائەتتىن بىرەيلەن: ئى رەسۇلۇللا! مەن دېدىم- دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ئۇ سۆزۈڭگە بەك ھەيران قالدىم، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ دەرۋازلىرى ئېچىلىپ كەتتى- دېدى. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۇ كەلىمىنى دېيىشنى تەرك ئەتمىدىم»[مۇسلىم]

ئىكرەمە ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاببىاس ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپكە:« ئى ئاببىاس! ئى تاغا! ئەجەبا مەن ساڭا (ياخشى ئىشلارنى ئېيتىپ) بەرمەمدىمەن، ئەجەبا مەن ساڭا نەپ يەتكۈزمەمدىمەن، ئەجەبا مەن سېنى ياخشى كۆرمەمدىمەن؟ مەن ساڭا مۇنداق ئون تۈرلۈك خىسلەتنى ئېيتىپ بېرەي، ئەگەر سەن ئۇنى ئۆزلەشتۈرسەڭ ئاللا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى، كونا- يېڭى، سەھۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ۋە قەستەن قىلىپ تاشلىغان چوڭ-كىچىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇ ئون تۈرلۈك خىسلەت بولسا: سەن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن، ھەر بىر رەكئەتتە سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇپ قىرائەتنى تاماملىغاندا قىيامدا تۇرغان ھالىتىڭدە [سُبْحَانَ اللهِ والحَمْدُ للهِ وَلاَ إلهَ إِلاَّ اللهُ واللهُ أَكْبَرُ] (ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، بىر ئاللا دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا ئەڭ ئۇلۇغدۇر) دېگەن كەلىمىنى 15 قېتىم دەيسەن، ئاندىن رۇكۇ قىلىسەن ۋە رۇكۇدا تۇرۇپ يەنە شۇ كەلىمىنى 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن كېيىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن كېيىن سەجدىگە باش قويىسەندە يەنە 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرسەڭدە يەنە 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن كېيىن يەنە سەجدىگە باش قويۇپ 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن سەجدىدىن باش كۆتۈرسەڭ-دە يەنە 10 قېتىم دەيسەن، ئەنە ئاشۇ ھەر بىر رەكئەت نامازدا 75 قېتىم تەكرارلانغان بولىدۇ، سەن تۆت رەكئەت نامازنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق قىل. سەن ئەگەر قادىر بولالىساڭ بۇ نامازنى كۈندە بىر ئوقۇغىن، ئەگەر كۈندە بىر ئوقۇشقا قادىر بولالمىساڭ ھەر جۈمە كۈنى بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ ھەر يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىساڭ ئۆمرۈڭدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇغىن»دېدى[ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى خۇزەيمە ھەسەن]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

[اللّٰه ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر) [56]سۈرە ئەھزاب]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، ئاللا ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايدۇ، ئون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى ئون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[نەسەئى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال- خۇرام يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا:« ئى رەسۇلۇللا! يۈزۈڭدىن خۇشاللىق ئىپادىسى چىقىپ تۇرىدۇ- دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: يېنىمغا بىر پەرىشتە كېلىپ مۇنداق دېدى" ئى مۇھەممەد! رەببىڭ ساڭا سالام يوللىدى ۋە: كىمكى ساڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. ساڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايمەن. بۇ سېنى خۇرسەن قىلمامدۇ؟- دېدى»[نەسەئى ھەسەن]

ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ يەر يۈزىدە ئايلىنىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئۈممىتىمنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ»[نەسەئى سەھىھ]

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم ماڭا دۇرۇد ۋە سالام يوللاشنى ئۇنۇتسا، جەننەت يولىدىن ئاداشقان بولىدۇ»[ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئىسمىم زىكىر قىلىنغاندا، ماڭا دۇرۇد ۋە سالام يوللىمىغان كىشى ھەقىقي بېخىلدۇر»[تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ نامىم تىلغا ئېلىنغاندا، ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغان كىشى خار- زار بولسۇن!» [تىرمىزى]

كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقماقچى بولۇپ، بىرىنچى پەشتاققا پۇتىنى قويغاندا:« ئامىن!» دېدى. ئاندىن ئىككىنچىسىگە چىققاندا يەنە:« ئامىن!» دېدى. ئاندىن ئۈچىنچىسىگە چىققاندىمۇ:« ئامىن!» دېدى. ئۇ مۇنبەردىن چۈشكەندىن كېيىن، بىز: ئى رەسۇللا! بۈگۈن بىز سەندىن بىر سۆز ئاڭلىدۇق- دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاڭلىدىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، ئاڭلىدۇق- دېۋىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:« بىرىنچى پەشتاققا ئاياغ باسقىنىمدا، جىبرىئىل يېنىمغا كېلىپ:« ئاتا- ئانىسىنىڭ بىرى ياكى

ھەر ئىككىلىسى ھايات تۇرۇپ، ئۇلار تۇپەيلى (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي) جەننەتكە كىرمىگەنلەر بەدبەخت بولسۇن!» دېگەنىدى، مەن ئۇنى تەستىقلاپ:« ئامىن!» دېدىم. ئاندىن ئىككىنچى پەشتاققا ئاياغ باسقىنىمدا، جىبرىئىل:« ئىسمىڭنىڭ تىلغا ئېلىنغىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ساڭا سالام يوللىمىغان كىشى بەدبەخت بولسۇن!» دېگەنىدى، مەن:« ئامىن!» دېدىم. ئۈچىنچى پەشتاقتا:« رامىزان ئېيى يېتىپ كىرسىمۇ، گۇناھلىرى مەغپىرەت بولمىغان كىشى بەدبەخت بولسۇن!» دېگەنىدى، مەن يەنە:« ئامىن!» دېدىم »[ئەلكەبىر]

ئەبۇ مۇھەممەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا چىققانىدى. بىز:«ئى رەسۇلۇللا! ساڭا قانداق سالام بېرىشنى ئۆگەندۇق. ئەمدى قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام[اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيْدٌ](ئى ئاللا! مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن. ئى ئاللا! مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغانىدەك بەخت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن) دەڭلار - دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇمەيد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەر:«ئى رەسۇلۇللا! ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:[ اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى أَزْوَاجِهِ وَذُرِّيَّتِهِ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ وَبَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى أَزْوَاجِهِ وَذُرِّيَّتِهِ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ](ئى ئاللا! مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرى، ئەۋلادلىرىغا (خۇددى) ئىبراھىمغا رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن. ئى ئاللا! مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرى، ئەۋلادلىرىغا (خۇددى) ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغانىدەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن) دەڭلار - دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## دۇئا

[ بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللا ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ [255] سۈرە بەقەرە][ھەممە ئاللاغا مۇھتاجدۇر [2] سۈرە ئىخلاس][ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاغا مۇھتاجسىلەر، ئاللا (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر [15] سۈرە فاتىر][بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز [16] سۈرە قاف][ سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللا سىلەر بىلەن بىرگە، ئاللا قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [4] سۈرە ھەدىد][ئاللانىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئاللا ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئاللا ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، ئاللا ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر [7] سۈرە مۇجادەلە][كۆزلەر ئاللانى كۆرمەيدۇ، ئاللا كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللا (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [103] سۈرە ئەنئام]

## دۇئا قىلىش ئىبادەت

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىبادەتتۇر»[ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ نەزىرىدە دۇئادىن ھۆرمەتلىك نەرسە يوق» [تىرمىزى]

[ئاللا ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار [65] سۈرە غافىر][ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى [5] سۈرە بەيىنە][شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالمايسەن [52] سۈرە رۇم][ سەن قەبرىلەردىكىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن [22] سۈرە فاتىر][مەسجىدلەر ئاللاغا خاستۇر، ئاللاغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار [18] سۈرە جىن][ ھەقىقىي قىلىنغان دۇئا ئاللاغا قارىتىلىدۇ. كۇففارلارنىڭ ئاللانى قويۇپ، دۇئالىرىنى قاراتقان مەبۇدلىرى كۇففارلارنىڭ ھېچقانداق دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. ئۇلار شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئاغزىمغا سۇ چۈشسۇن دەپ (نېرىدىن) ئىككى ئالقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرىدۇ، سۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا چۈشمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر [14] سۈرە رەئد]

## ئاللا دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدىغانلىقى

[مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن) ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن» {186} سۈرە بەقەرە][بىشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئاللادىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر [62]سۈرە نەمل]

ئىمام ئەھمەد، بەلھەمەجەملىك بىر ئادەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، مەن: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! كىمدىن سوراپ دۇئا قىلىسەن؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن ئەگەر ساڭا مۇسىبەت يەتسە، سەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ، ئۇ مۇسىبەتنى سەندىن كۆتۈرۈۋېتىدىغان، ئەگەر سەن چۆلدە مىنىدىغان بىر ئۇلۇغىڭنى يوقىتىپ قويۇپ ئاندىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغان. ئەگەر ساڭا قەھەتچىلىك يەتسە ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئاللادىنلا تىلەيمەن» دېدى.

## ئاللا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى

[ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئاللا ئىجابەت قىلىدۇ [26] سۈرە شۇرا] [پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر [39] سۈرە ئىبراھىم][ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز [88] سۈرە ئەنبىيا][ئاللا ئېيتتى:« ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار [89] سۈرە يۇنۇس] [سۇلەيمان ئېيتتى:« ئى ئۇلۇغلار! ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ [38] جىندىن بولغان ئىفرىت ئېيتتى:« مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمە» [39] (نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبنى بۇرخىيا):« ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋىدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى) سۇلەيمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە:« بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى» [40] سۈرە نەمل]

مەئبەد ئىبنى خالىد قەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ:« سىلەرگە ئەھلى جەننەتتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ كەمتەر، نامسىز ئادەمنىڭ ھەر قانداقى ئەھلى جەننەت بولىدۇ، بۇنداق ئادەم دۇئا قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ» [بۇخارى]

## دۇئا قىلغاندا ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى چاقىرىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش

[ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار [8] سۈرە تاھا][ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللانى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار [180]سۈرە ئەئراف][ئاللا دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر) چۈنكى ئاللانىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن [110]سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## ئاللادىن بىر نەرسە تىلەش

ئىبنى ئاببار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئا قىلغاندا ئالقىنىڭلارنىڭ ئالدى بىلەن دۇئا قىلىڭلار كەينى بىلەن دۇئا قىلماڭلار» [ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى]

خەللاد ئىبنى سائىب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە تىلەپ دۇئا قىلسا، قولىنىڭ ئالقىنىنى ئۆزىگە قارىتاتتى. بىر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلسا، قولىنىڭ دۈمبىسىنى ئۆزىگە قارىتاتتى» [ئەھمەد]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندا ئىككى قولىنى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۆتۈرەتتى» [بەيھەقى]

ئىبنى ئابىبا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ھاجىتىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندا، قولنى مۈرىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىسەن» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۇئادا قوللىرىڭلارنى بەك ئېگىز كۆتۈرۈشۈڭلار بىدئەتتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللا قولىنى مۆشۈنىڭدىن يەنى كۆكسىدىن زىيادە ئارتۇق كۆتۈرمەيتتى» [ئەھمەد ھەسەن]

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندا، ئۆزىدىن باشلايتتى »[ھاكى مىۋە ئىبنى ھەببان]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رەببىڭلاردىن بارلىق كەم-كۇتاڭلارنى سوراڭلار. ھەتتا ئاياقىنىڭ شوينىسى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ سوراڭلار» [تىرمىزى ھەسەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئا قىلغاندا، ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاتائالا قولى دۇئادا، ئەمما قەلبى باشقا يەردە كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ» [تىرمىزى سەھىھ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەردىن كىمكى دۇئا قىلماقچى بولسا، ئىلتىجالىرىنى ئېنىق دېسۇن، ھەرگىز: ئى رەببىم! ئەگەر سەن خالىساڭ ماڭا نېسىپ قىلغىن، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمىسۇن. چۈنكى ئاللانى زورلىيالايدىغان ھېچقانداق كۈچ مەۋجۇت ئەمەس»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئا قىلغاندا ھېچكىم:” ئى رەببىم! خالىساڭ، مېنى ئەپۇ قىلغىن. ئى رەببىم! خالىساڭ، ماڭا رەھىم قىلغىن!“ دېمىسۇن، چۈنكى ھېچكىم ئاللانى زورلىيالمايدۇ، بەلكى ئاللاغا يېلىنىپ دۇئا قىلسۇن»[بۇخارى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:« بىرىڭلار سورىماقچى بولسا، دۇئادا كۆپ سوراۋەرسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللادىن سورايدۇ» {ئىبنى ھەببان سەھىھ}

ئىمام مۇسلىم، ئەبۇزەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: غالىب ۋە بۈيۈك ئاللا مۇنداق دەيدۇ:« ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلار بىر تۈزلەڭلىكتە تۇرۇپ مەندىن تىلىسە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تىلىگىنىنى بەرسەممۇ، خۇددى دېڭىزغا سېلىنغان بىر تال يىڭنە سۇدىن ئېلىپ چىقىلغاندا دېڭىزنىڭ سۇيىدىن ھېچنىمىنى كېمەيتىلمىگەندەك مېنىڭ مۈلكىمدىن ھېچنەرسە كېمىيىپ قالمايدۇ»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزراقى دۇئادىن ئاجىز كەلگەن كىشىدۇر» [بەيھەقى سەھىھ]

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شۈبھىسىزكى، ئاللا بەكمۇ ھايا قىلغۇچىدۇر. بەكمۇ سېخىدۇر. كىشى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرسە، ئاللا ئۇنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## دۇئا قىلغاندا ئالدىراپ كەتمەسلىك

[ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان [37] سۈرە ئەنبىيا][ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر [11] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ:« مېنىڭ بەندەم مېنى ئۆزىگە قارىتا قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن » [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر قانداق ئادەم مەن رەببىمگە دۇئا قىلسام، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلمىدى، دەپ ئالدىراپ كەتمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاغا دۇرۇد ۋە سالام يوللىماي تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:« بۇ كىشى ئالدىراپ كەتتى» دېدى. كېيىن ئۇنى چاقىرىپ:« قاچانكى ناماز ئوقۇساڭلار، ئاندىن نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىدا دۇئا قىلساڭلار، ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار، ئاندىن ئاللانىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان دۇئانى قىلىڭلار!» دېدى[تىرمىزى سەھىھ]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:«دۇئا ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدا ساقلاپ تۇرىدۇ، تاكى پەيغەمبىرىڭگە دۇرۇد ۋە سالام يوللىمىغىچە (دۇئادىن) ھېچبىر نەرسە (ئاللانىڭ ھۇزۇرىغا) كۆتۈرۈلمەيدۇ»[تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندە گۇناھ بولىدىغان ئىش ئۈچۈن ياكى ئۇرۇق- تۇغقانىنىڭ ئارىلىقىنى بۇزۇش ئۈچۈن دۇئا قىلمىغانلىلا بولسا ۋە ئالدىراپ كەتمىسە (ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى) ئىجابەت قىلىنىپ تۇرىدۇ» ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئالدىرىغانلىق قانداق بولىدۇ، دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئالدىرغانلىق دېگەن، دۇئا قىلدىم، دۇئايىمنىڭ ئىجابەت قىلىنغانلىقىنى كۆرمىدىم، دەپ ھېرىپ قېلىپ، دۇئا قىلىشنى تاشلىۋېتىشتۇر» دېدى[مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر مۇسۇلمان گۇناھ بولمايدىغان ۋە ياكى ئۇرۇق- تۇغقانىنىڭ ئارىلىقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن بولمىغان بىر دۇئانى قىلسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ئۇ دۇئانىڭ سەۋەبى بىلەن ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى بېرىدۇ. ياكى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى تېز بېرىدۇ. ياكى ئۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتكە

ساقلاپ قويىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن دۇئا تىلىگىنىگە باراۋەر كېلىدىغان باشقا بىر يامانلىقنى قايتۇرىدۇ» ساھابىلار: ئۇنداق بولسا، بىز دۇئانى كۆپ قىلايلى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللاتائالا دۇئا قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ ئۇنى ئىجابەت قىلىدۇ» دېدى[ئەھمەد]

## بىر نەرسە تىلىسە ئاللادىنلا تىلەش

[ پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ:« ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن) شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ[60] سۈرە غافىر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئاللادىن بىر نەرسە سورىمىسا، ئاللا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ»[تىرمىزى ھەسەن]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى بىرەر نەرسىگە ھاجەتمەن بولۇپ قېلىپ ھاجىتىنىڭ (راۋا بولۇشىنى) كىشىلەردىن ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولمايدۇ، كىمكى ھاجىتىنىڭ (راۋا بولۇشىنى) پەقەت ئاللاتائالادىن ئۈمىد قىلسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا بىھاجەتلىكنى بېرىدۇ، بۇنى بىر مۇددەتتىن كېيىن ياكى تېزلا بېرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە ئەھمەد]

غەزەپ قىلار ئاللا ساڭا، دۇئا قىلماي قويساڭ،
غەزەپ قىلار ئىنسان ساڭا، ئۇنىڭدىن نەرسە تىلەپ تۇرساڭ.

★★★★★★

ھاجىتىڭ بولسا تىلە ئۇل كەڭ كەرەملىك تەڭرىدىن،
قىلمىغىن ھەرگىز كىشىدىن تەلمۈرۈپ ھاجەت تەلەپ.
بەندىدىن نەرسە تەلەپ قىلساڭ، بولۇر سەندىن خاپا،
گەر تەلەپ قىلساڭ ئاللادىن، خۇش بولۇر، قىلماس غەزەپ.

## تۆۋەنچىلىك بىلەن دۇئا قىلىش

[پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللا ياقتۇرمايدۇ [55] ئاللا (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار، (ئاللانىڭ ئازابىدىن) قورقان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللانىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر» [56] سۈرە ئەئراف]

ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە بۇ ئۈممەت ئىچىدە دۇئادا ھەددىدىن ئاشىدىغان قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇ» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پات يېقىندا دۇئادا ھەددىدىن ئاشىدىغان قەۋم مەيدانغا كېلىدۇ» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ھەسەن]

ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا باشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى كىشىلەر! مۇنداق ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر گاس ياكى يىراقتىكى بىر زاتتىن تىلەۋاتمايسىلەر سىلەر تىلەك تىلەۋاتقان ئۇ زات ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە يېنىڭلاردا تۇرغۇچى زاتتۇر» دېدى[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر جەڭدە ئىدۇق، بىز ئېگىزگە ئۆرلىسەك ياكى جىلغا سايلارغا چۈشسەك " ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئاۋازلىرىمىزنى كۆتۈرۈشكە باشلىدۇق، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يېقىن كېلىپ مۇنداق دېدى:« ئى خالايىقلار! (ئازراق) كۆچەڭلار، سىلەر گاس ۋە يوق (بىر زاتنى) چاقىرىۋاتمايسىلەر، سىلەر ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى (زاتنى) چاقىرىۋاتىسىلەر، سىلەر چاقىرىدىغان زات سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۇنىڭ (مىنىپ تۇرغان) ئۇلىغىنىڭ گەدىنىدىن يېقىن» [ئەھمەد]

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ نۇئامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەل بالىسىنىڭ: ئى ئاللا! مەن جەننەتكە كىرسەم جەننەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئاق رەڭلىك سارايدىن بىرنى بەر دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ: ئى ئوغلۇم! ئاللاتائالادىن پەقەت جەننەتكە كىرىشنىلا سورىغىن، دوزاختىن پاناھ تىلىگىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« دۇئا قىلغاندا ۋە تاھارەت ئالغاندا، ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: دادام مېنىڭ:« ئى رەببىم! مەن سەندىن جەننەتنى، ئۇنىڭ نېئمەتنى، شادلىقنى، ئۇنى – بۇنى تىلەيمەن. سەندىن دوزاختىن (ئۇنىڭ) زەنجىرلىرىدىن، تاقاقلىرىدىن ۋە ئۇنىڭدىن –

بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن- دەپ دۇئا قىلغىنىنى ئاڭلاپ: ئى ئوغلۇم! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ:« كېيىنچە، دۇئادا چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان بىر جامائەت كېلىدۇ. سەن ھەرگىز ئۇلادىن بولۇپ قالمىغىن. ئەگەر ساڭا جەننەت بېرىلسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر دوزاختىن قوغۇلساڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە يامانلىقتىن قوغۇلغان بولىسەن» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم- دېدى» [ئەبۇ داۋۇد]

## دۇئا قىلمىسا ئاللانىڭ پەرۋا قىلمايدىغانلىقى

[ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ [77] سۈرە فۇرقان]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى قىيىنچىلىققا دۇچار بولغان، بېشىغا كۈن چۈشكەن كۈنلەردە قىلغان دۇئايىم ئىجابەت قىلىنىش بىلەن خۇشاللىناي دېسە خاتىرجەم باياشات كۈنلەردە دۇئانى كۆپ قىلسۇن» [تىرمىزى]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئانىڭ ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن ۋە كەلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئالدىدا پايدىسى بولىدۇ. ئى ئاللانىڭ بەندىلىرى دۇئادا بولۇڭلار! » [ھاكىم ھەسەن]

## بەتدۇئا قىلىش

[ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان [37] سۈرە ئەنبىيا][ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالا- چاقىلىرىغا) خەيرلىك دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەتدۇئا قىلىدۇ، ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر [11] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئەگەر كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (يەنى ھالاك بولاتتى) [11] سۈرە يۇنۇس]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۆزۈڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، ماللىرىڭلارغا بەددۇئا قىلىپ سالماڭلار، ئاللاتائالادىن سورىسا ئىجابەت قىلىنىدىغان بىر ۋاقىت بولۇپ، دۇئايىڭلار شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قېلىپ ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ» [مۇسلىم]

قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بەك ئاسىيلىق قىلىپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا بەد دۇئا قىلىپ:« ئى ئاللا! ئۇلارنىڭ يەتتە يىلىنى يۇسۇفنىڭ يەتتە يىلىدەك (قەھەتچىلىك قىلىۋېتىش بىلەن) ئۇلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دەپ تىلىگەن. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! مەن سەندىن ئاللاتائالانىڭ نامى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئۆتۈنۈپ سوراي، بىز (قەھەتچىلىكتىن) يوق بىلەن قانىمىز يېدۇق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى:[ ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە نەسەئى]

ئابدۇللا ئىبنى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىتتىپاقداش قوشۇنغا بەتدۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئى كىتاب نازىل قىلغۇچى، تېز ھېساب ئالغۇچى! ئاللا ئىتتىپاقداش قوشۇننى مەغلۇب قىلغىن، ئى ئاللا! ئۇلارنى مەغلۇب قىلغىن، قاتتىق سىلكىپ چۇچۇتىۋەتكىن»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەھۇدىيلارغا: سام، ئەيىب نۇقسان ۋە لەنەت سىلەرگە بولسۇن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:« بىزنىڭ ئۇلارغا قىلغان بەتدۇئالىرىمىز ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان بەتدۇئالىرى ئىجابەت قىلىنمايدۇ» دەيدۇ[بۇخارى]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا غەزەپلىنىپ: ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟- دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:« ئاڭلىدىم، ئاڭلىغاچقا ئۇلارغا جاۋاب قايتۇردۇم. بىز ئۇلارنى قارغىساق، ئىجابەت بولىدۇ. ئەمما ئۇلار بىزنى قارغىسا، ئىجابەت بولمايدۇ- دېدى» [مۇسلىم]

## زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىش

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتىدىغان چاغدا مۇنداق دېگەن:« زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلغىن، چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللانىڭ ئارىسىدا پەردە ھىجاب بولمايدۇ» [بۇخارى]

خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دۇئاسى بۇلۇتلار ئۈستىدىنمۇ ئۆرلەپ كېتىدۇ. ئاللا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەن، شەكسىز مەن ساڭا بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ ياردەم بېرىمەن» [تەبرانى ۋە زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى ئاسمانغا تېز ئۆرلەيدۇ، گوياكى ئۇ ئوت ئۇچقۇندىسى ياكى ئۆتكۈر پىچاق»[ھاكىم سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كاپىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى توسىدىغان پەردە يوقتۇر» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا ۋە زىيائۇلمەقدەسى ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، گەرچە ئۇ پاسىق بولغان تەقدىردىمۇ ئىجابەت بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پاسىقلىقى ئۆزىگىدۇر» [ئەھمەد]

## دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رەببىمىز ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمى قالغان چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە” كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىمەن. كىم مەندىن سورايدۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن“ دەيدۇ»[بۇخارى]

ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئا تىلەك، ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى بولسا، كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدۇر»[تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئى رەسۇلۇللا! قايسى دۇئا بەك ئىجابەت بولىدۇ؟- دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن قىلىنغان دۇئا- دەپ جاۋاب بەردى» [تىرمىزى ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار» [مۇسلىم]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىككى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ. بىرى، ئەزان ۋاقتىدا قىلىنغان؛ يەنە بىرى، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان چاغدا قىلىنغان دۇئا»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈچ دۇئا ئىجاۋەت بولىدۇ: روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى. مۇساپىرنىڭ دۇئاسى» [بەيھەقى ۋە ئۇقەيلى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ: مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، دادىنىڭ بالىغا قىلغان بەد دۇئاسى»[تىرمىزى ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈچ دۇئا شەكسىز ئىجاۋەت بولىدۇ:... ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى»[بۇخارى ۋە ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ھەسەن]

سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىككى چاغدىكى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ: يامغۇرنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ قىلغان دۇئا»[ھاكىم ھەسەن]

يەنە بىر رىۋايەتتە:[ يامغۇر يېغىۋاتقان چاغدا (قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ) دېيىلگەن» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرادىرى ھەققىدە غايىبانە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە بولۇپ، ھەر قاچان ئۇ ئادەم ئۆز بۇرادىرى ھەققىدە خەيرلىك دۇئا قىلسا، مۇئەككەل پەرىشتە:« ئامىن، ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن» دەيدۇ [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى قۇرۇق قايتۇرۇلمايدۇ: ئادىل پادىشاھ (نىڭ قىلغان دۇئاسى...» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە]

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى، مۈشكۈلچىلىكلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى خالىسا، قولى قىسقا قەرزدارغا كەڭچىلىك قىلسۇن!» [ئەھمەد ۋە مەۋسىلى]

## ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى سەۋەبىدىن بۇ ئۈممەتكە ياردەم بېرىدىغانلىقى

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاتائالا بۇ ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرى سەۋەبلىك شۇ ئاجىزلارنىڭ دۇئالىرى، نامازلىرى، ئىخلاسلىرى سەۋەبلىك ياردەم بېرىدۇ» [نەسەئى سەھىھ]

## ئاتىنىڭ قىلغان دۇئاسى

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەرەب نەسلىلىك ئاتقا ھەر كۈنى سەھەردە: ئى ئاللا! شەكسىز سەن مېنى ئادەمنىڭ بالىلىرىغا نېمەت قىلىپ بەردىڭ. سەن مېنى ئۇنىڭغا (ئۇنىڭ) مال-مۈلكى ۋە خوتۇن بالا- چاقىلىرىدىن سۆيۈملۈك كۆرسەتكىن! ياكى مېنى ئۇنىڭ خوتۇن، بالا- چاقىلىرىدىن ۋە مال- مۈلكىدىنمۇ (سۆيۈملۈك قىلغىن) دەپ، ئىككى قېتىم تىلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ»[ئەھمەد]

## دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدىغان ئادەم

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈچ تۈرلۈك كىشى دائىم ئاللاغا دۇئا قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدۇ:

1 - ئاستىدا ئەخلاقى ناچار، يامان خوتۇن بار كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ئۇ خوتۇننى تالاق قىلمايدۇ.

2 - باشقىلاردا مال - مۈلۈك ئېلىشى بار، لېكىن گۇۋاھچى كەلتۈرمىگەن كىشى.

3 - مال- مۈلكىنى نادان، ئەقىلسىز، دۆت كىشىلەرگە بەرگەن كىشى، چۈنكى، ئاللاتائالا قۇرئاندا:« مال- مۈلكۈڭلارنى نادانلارغا بەرمەڭلار» دېگەن مانا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنمايدۇ» [ھاكىم سەھىھ]

ئىبنى ئائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ؛ بىرىسى، سەپەرگە چىقىپ، خارابە ئۆيدە قونغان كىشى. يەنە بىرىسى، ئادەملەر ماڭىدىغان يولغا چۈشكۈن قىلىۋالغان كىشى. ئۈچىنچىسى، ئاللا ساقلايدۇ دەپ ئۇلىغىنى (باغلىماي) قويۇۋەتكەن كىشى» [ئەلكەبىر]

## مۇسۇلمانلارغا خاتا دۇئا قىلىپ سالسا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سەن تېخى مېنىڭ رەببىمگە شەرت قويۇپ دۇئا قىلغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ مەن مۇنداق دەپ دۇئا قىلدىم:« ئى ئاللا ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، ئەگەر مەن قايسى بىر مۇسۇلمانغا لەنەت قىلىپ سالغان بولسام، ياكى تىللاپ سالغان بولسام بۇ ئىشىمنى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇناھىدىن پاكلاش كاپارەت قىلىپ بەرسىلە، ياخشىلىق قىلىپ بەرسىلە»[مۇسلىم]

## قازانى پەقەت دۇئالا قايتۇرىدىغانلىقى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئانىڭ ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن ۋە كەلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئالدىدا پايدىسى بولىدۇ. ئى ئاللانىڭ بەندىلىرى دۇئادا بولۇڭلار! » [ھاكىم ھەسەن]

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قازانى پەقەت دۇئالا قايتۇرىدۇ »[ھاكىم ۋە تىرمىزى سەھىھ]

يەنى بىر رىۋايەتتە:« ھەقىقەتەن دۇئا بىلەن تەقدىر ئاسمان-زېمىننىڭ ئارىسىدا بىر - بىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ»[مۇسلىم]

## مەزمۇنى چوڭقۇر دۇئا قىلىش

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزى ئىخچام، مەزمۇنى چوڭقۇر دۇئالارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنداق بولمىغانلىرىنى تەرك ئېتەتتى» [ئەبۇ داۋۇد]

## قانداق قىلغاندا دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى كىشىلەر! ئاللا پاكتۇر، پاك نەرسىنىلا (ھالالنى) قوبۇل قىلىدۇ، ئاللا پەيغەمبەرلەرگە نېمىنى بۇيرۇغان بولسا، مۆئمىنلەرگىمۇ شۇنى بۇيرۇدى. ئاللاتائالا پەيغەمبەرلەرگە:[ ئى پەيغەمبەرلەر، پاك نەرسىلەرنى يەڭلار ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلىڭلار] دېگەن بولسا، مۆئمىنلەرگە:[ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك نەرسىلەردىن يەڭلار] دېدى. دېگەندىن كېيىن ئۇزۇن سەپەر قىلىپ (ھەج سەپىرىگە ئوخشاش) چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزلىرى توپا - چاڭ باسقان بىر ئادەمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ ئادەم ئىككى

قولىنى كۆتۈرۈپ:« ئى رەببىم! ئى رەببىم!» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېمىكى ھارامدۇر، ئىچمىلىكى ھارامدۇر، كېيىم- كېچەكى ھارامدۇر ۋە ئۇزۇقلىنىشى ھارامدۇر، بۇنداق ئادەمنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ قوبۇل بولىدۇ؟» دېدى [مۇسلىم]

بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمدىن:ئاللا قۇرئان كەرىمدە:[ ماڭا دۇئا قىلىڭلار مەن ئىجابەت قىلىمەن] دېگەن. بىز دۇئا قىلىۋاتىمىز نېمىشقا دۇئايىمىز ئىجابەت بولمايدۇ؟ دەپ سورىغۇچىلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:« سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ئون خىل ئىشتىن ئۆلىدۇ: سىلەر ئاللانى تونۇپ تۇرۇپ ئىتائەت قىلمىدىڭلار، پەيغەمبەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشمىدىڭلار، قۇرئاننى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدىڭلار، ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى يەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلمىدىڭلار، دوزاخنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قاچمىدىڭلار، شەيتاننى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلماي، ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلار، ئۆلۈمنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمىدىڭلار، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەيىبىنى قويۇپ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كولىدىڭلار"»[ئەخلاق نامە]

## دۇئاسى ئىجابەت بولغاندىن كېيىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئادەم

[سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللا بەرگەن، سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، ئاللاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر [53] ئاللا سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم دەرھال ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ [54] سۈرە نەھل][ئىنسانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، بىزگە دۇئا قىلىپ (ئىلتىجا قىلىدۇ) ئاندىن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ بىرەر نېمىتىمىزنى ئاتا قىلساق، ئۇ:« بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن، رىزىق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) كەلدى» دەيدۇ. (ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس) بەلكى ئۇ سىناقتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ [49] سۈرە زۇمەر][ئىنسانغا بىرەر زىيان- زەخمەت يەتسە، پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللا ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان (ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن) چاغدا، ئاللاغا زىيان- زەخمەتنى كۆتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، (باشقىلارنى) ئاللانىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاغا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئېيتقىنكى:« سەن كۇفرىڭ بىلەن تۇرۇپ، (بۇ پانىي دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولغىن، سەن چوقۇم دوزىخىلاردىندۇرسەن [8] سۈرە زۇمەر][ ئىنسانغا بىرەر زىيان- زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ: ئۇلارغا يەتكەن زىيان- زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى [12] سۈرە يۇنۇس] [كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن زىيان- زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مىكىر ئىشلىتىشكە ئالدىرايدۇ، ئېيتقىنكى:« ئاللا ئۇلارنى قىلغان مىكرى ئۈچۈن ئەڭ تېز جازالايدۇ» شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز مىكرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ [21] سۈرە يۇنۇس][ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە (ئاللاغا يۈزلىنىپ) ئۇزۇلۇكسىز دۇئا قىلىدۇ [51] سۈرە فۇسسىلەت][سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت ئاللالا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا ئاللادىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، ئاللا سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان- ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر) ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر [67] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئىنسان ھەقىقەتەن ئاللاغا ئاشكارا ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىدۇر [15]سۈرە زۇخرۇف]

## قۇرئاندىن تاللانغان دۇئالار

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ١ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ٣ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ٤ إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ٥ ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ٧

[ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن [1] جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ قا خاستۇر [2] ﷲ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر [3] قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر [4] (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز [5] بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن [6] غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) [7]سۈرە فاتىھە]

## ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز [23] سۈرە ئەئراف]

## پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَىْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَٱغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا۟ وَٱتَّبَعُوا۟ سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ﴿٧﴾ رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّـٰتِ عَدْنٍ ٱلَّتِى وَعَدتَّهُمْ وَمَن صَلَحَ مِنْ ءَابَآئِهِمْ وَأَزْوَٰجِهِمْ وَذُرِّيَّـٰتِهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٨﴾ وَقِهِمُ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ۚ وَمَن تَقِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُۥ ۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٩﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن [7] پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن [8] پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر [9]سۈرە غافىر]

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ إِنِّىٓ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْـَٔلَكَ مَا لَيْسَ لِى بِهِۦ عِلْمٌ ۖ وَإِلَّا تَغْفِرْ لِى وَتَرْحَمْنِىٓ أَكُن مِّنَ ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٤٧﴾

[پەرۋەردىگارىم!مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن [47] سۈرە ھۇد]

رَّبِّ ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِىَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ ۖ ﴿٢٨﴾

[پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن [28]سۈرە نۇھ]

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾

[پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن [127] سۈرە بەقەر]

رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن [128]سۈرە بەقەر]

رَبِّ ٱجْعَلْنِى مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَآءِ ﴿٤٠﴾

[پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن [40] سۈرە ئىبراھىم]

رَبَّنَا ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ ٱلْحِسَابُ ﴿٤١﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن» [41] سۈرە ئىبراھىم]

رَبِّ هَبۡ لِي حُكۡمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٣﴾ وَٱجۡعَل لِّي لِسَانَ صِدۡقٖ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٨٤﴾ وَٱجۡعَلۡنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨٥﴾

[پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن [83] كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن [84] مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن [85] سۈرە شۇئەرا]

وَلَا تُخۡزِنِي يَوۡمَ يُبۡعَثُونَ ﴿٨٧﴾

[ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن [87] سۈرە شۇئەرا]

رَّبَّنَا عَلَيۡكَ تَوَكَّلۡنَا وَإِلَيۡكَ أَنَبۡنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤﴾

[پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر [4] سۈرە مۇمتەھىنە]

رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ وَٱغۡفِرۡ لَنَا رَبَّنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٥﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ، بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)، پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن [5] سۈرە مۇمتەھىنە]

رَبِّ هَبۡ لِي مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠٠﴾

[پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن [100] سۈرە سافقات]

رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا ٱلۡبَلَدَ ءَامِنٗا وَٱجۡنُبۡنِي وَبَنِيَّ أَن نَّعۡبُدَ ٱلۡأَصۡنَامَ ﴿٣٥﴾

[پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن [35] سۈرە ئىبراھىم]

### لوت ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ ٱنصُرۡنِي عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٣٠﴾

[پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن [30]سۈرە ئەنكەبۇت]

### يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ قَدۡ ءَاتَيۡتَنِي مِنَ ٱلۡمُلۡكِ وَعَلَّمۡتَنِي مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِۚ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ أَنتَ وَلِيِّۦ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ تَوَفَّنِي مُسۡلِمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠١﴾

[پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن [101]سۈرە يۇسۇف]

### ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٨٣﴾

[ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن[83] سۈرە ئەنبىيا]

### مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ ٱشْرَحْ لِى صَدْرِى ﴿٢٥﴾ وَيَسِّرْ لِىٓ أَمْرِى ﴿٢٦﴾ وَٱحْلُلْ عُقْدَةً مِّن لِّسَانِى ﴿٢٧﴾ يَفْقَهُوا۟ قَوْلِى ﴿٢٨﴾

[پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) [25] مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن [26] تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن [27] ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن [28] سۈرە تاھا]

رَبِّ إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى فَٱغْفِرْ لِى ﴿١٦﴾

[پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن [16] سۈرە قەسەس]

رَبِّ إِنِّى لِمَآ أَنزَلْتَ إِلَىَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ ﴿٢٤﴾

[پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج [24] سۈرە قەسەس]

رَبِّ نَجِّنِى مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٢١﴾

[ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن [21] سۈرە قەسەس]

عَسَىٰ رَبِّىٓ أَن يَهْدِيَنِى سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿٢٢﴾

[پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن [22]سۈرە قەسەس]

### مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتقان قەۋمىنىڭ دۇئالىرى

رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٨٥﴾ وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾

[پەرۋەردىگارىمىز، زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن [85] بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن [86] سۈرە يۇنۇس]

### يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

لَّآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبْحَـٰنَكَ إِنِّى كُنتُ مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾

[(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم [87]سۈرە ئەنبىيا]

### سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَـٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَدْخِلْنِى بِرَحْمَتِكَ فِى عِبَادِكَ ٱلصَّـٰلِحِينَ﴿١٩﴾

[پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۇكۇر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن [19] سۈرە نەمل]

### زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ لَا تَذَرْنِى فَرْدًا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْوَٰرِثِينَ﴿٨٩﴾

[ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن) [89] سۈرە ئەنبىيا]

رَبِّ هَبْ لِى مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً ۖ إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٨﴾

[ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشتكۈچىسەن [38] سۈرە ئال ئىمران]

### ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

ٱللَّهُمَّ رَبَّنَآ أَنزِلۡ عَلَيۡنَا مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ تَكُونُ لَنَا عِيدًا لِّأَوَّلِنَا وَءَاخِرِنَا وَءَايَةً مِّنكَۖ وَٱرۡزُقۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١٤﴾

[ئى پەرۋەردىگارىمىز اللە! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرستىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن [114] سۈرە مائىدە]

### ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَآ ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلۡتَ وَٱتَّبَعۡنَا ٱلرَّسُولَ فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٣﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن [53] سۈرە ئال ئىمران]

### ئەسھابۇلكەھفدىكى يىگىتلەرنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةً وَهَيِّئۡ لَنَا مِنۡ أَمۡرِنَا رَشَدًا ﴿١٠﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن [10] سۈرە كەھف]

### پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دۇئاسى

ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٦﴾ تُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَتُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۖ وَتُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَتُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّۖ وَتَرۡزُقُ مَن تَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٢٧﴾

[پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اللە! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن [26] كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، (شۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنسانىنى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابمەنىدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابمەنىنى ) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن [27] سۈرە ئال ئىمران]

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇئاسى

رَّبِّ أَدۡخِلۡنِي مُدۡخَلَ صِدۡقٖ وَأَخۡرِجۡنِي مُخۡرَجَ صِدۡقٖ وَٱجۡعَل لِّي مِن لَّدُنكَ سُلۡطَٰنٗا نَّصِيرٗا ﴿٨٠﴾

[پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن [80] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## ساھابىلارنىڭ دۇئالىرى

سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٢٨٥﴾

[پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر [285] سۈرە بەقەر]

رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَآ إِن نَّسِينَآ أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَآ إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلْنَا
مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦ وَٱعْفُ عَنَّا وَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَآ أَنتَ مَوْلَىٰنَا فَٱنصُرْنَا عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن [286] سۈرە بەقەر]

## ئىلىمدە توشقانلارنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ ٱلْوَهَّابُ ﴿٨﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ جَامِعُ ٱلنَّاسِ لِيَوْمٍ لَّا
رَيْبَ فِيهِ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخْلِفُ ٱلْمِيعَادَ ﴿٩﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن [8] پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈندە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن. شۈبھىسىزكى، اللّٰه ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ [9] سۈرە ئال ئىمران]

## تەقۋادارلارنىڭ دۇئالىرى

رَبَّنَآ إِنَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٦﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن [16] سۈرە ئال ئىمران]

رَبَّنَا ٱصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا ﴿٦٥﴾ إِنَّهَا سَآءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا ﴿٦٦﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ [65] جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر [66] سۈرە فۇرقان]

رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَٰجِنَا وَذُرِّيَّٰتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَٱجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا ﴿٧٤﴾

[ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن [74] سۈرە فۇرقان]

رَبِّ أَوْزِعْنِيٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِيٓ أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِيٓ إِنِّي
تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٥﴾

[پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن [15] سۈرە ئەھقاف]

## سەبىرلىك مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسۡرَافَنَا فِيٓ أَمۡرِنَا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٤٧﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن[147] سۈرە ئال ئىمران]

## ئومۇمىي مۆمىنلەرنىڭ دۇئالىرى

رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨٣﴾

[رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن [83] سۈرە مائىدە]

رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ حَسَنَةٗ وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿٢٠١﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن [201] سۈرە بەقەر]

رَبَّنَا مَا خَلَقۡتَ هَٰذَا بَٰطِلٗا سُبۡحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٩١﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن تُدۡخِلِ ٱلنَّارَ فَقَدۡ أَخۡزَيۡتَهُۥۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ
مِنۡ أَنصَارٖ ﴿١٩٢﴾ رَّبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعۡنَا مُنَادِيٗا يُنَادِي لِلۡإِيمَٰنِ أَنۡ ءَامِنُواْ بِرَبِّكُمۡ فَـَٔامَنَّاۚ رَبَّنَا فَٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرۡ عَنَّا
سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ ٱلۡأَبۡرَارِ ﴿١٩٣﴾ رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَىٰ رُسُلِكَ وَلَا تُخۡزِنَا يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ إِنَّكَ لَا تُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ﴿١٩٤﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن [191] پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاختا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ [192] پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن [193] پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن[194] سۈرە ئال ئىمران]

رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا وَلِإِخۡوَٰنِنَا ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَا تَجۡعَلۡ فِي قُلُوبِنَا غِلّٗا لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٞ رَّحِيمٌ ﴿١٠﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن [10] سۈرە ھەشر]

رَبَّنَآ أَتۡمِمۡ لَنَا نُورَنَا وَٱغۡفِرۡ لَنَآۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٨﴾

[ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن[8] سۈرە تەھرىم]

رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٠٩﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن [109] سۈرە مۆئمىنۇن]

رَّبِّ أَنزِلۡنِي مُنزَلٗا مُّبَارَكٗا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡمُنزِلِينَ ﴿٢٩﴾

[ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن [29] سۈرە مۆئمىنۇن]

رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡحِسَابُ ﴿٤١﴾

[پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن [41] سۈرە ئىبراھىم]

رَبَّنَا لَمَّا جَآءَتۡنَاۚ رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَتَوَفَّنَا مُسۡلِمِينَ ١٢٦

[پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن [126] سۈرە ئەئراف]

رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ٤٧

[ئى پەرۋەردىگارىمىز!بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن [47] سۈرە ئەئراف]

## باشقا دۇئالار

رَّبِّ ٱرۡحَمۡهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرٗا ٢٤

[ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن [24] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

حَسۡبِيَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡعَظِيمِ ١٢٩

[اللّٰه ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى اللّٰه قا يۆلەندىم، اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر [129] سۈرە تەۋبە]

## ئىسمى ئەزەم

ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ

إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٢٦

[پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اللّٰه! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن [26] سۈرە ئال ئىمران]

بۇرەيدە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ:[ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي أَشْهَدُ أَنَّكَ أَنْتَ اللهُ لا إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ الْأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ ]ئى پەرۋەردىگارىم!

(مەن سەندىن) سېنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇدنىڭ (بەرھەق) يوقلۇقىغا، سېنىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىڭگە، ھەممىنىڭ ساڭىلا موھتاج ئىكەنلىكىڭگە، سېنىڭ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىڭگە ۋە ھېچ كىشىنىڭ ساڭا تەڭداش بولالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىمنى شېپى كەلتۈرۈپ (ھاجىتىمنى) تىلەيمەن- دەپ دۇئا قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ:«جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ، ئاللانىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمى (يەنى ئىسمى ئەزەم)نى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى، كىمكى بۇنداق دۇئا قىلسا، ئىجابەت بولىدۇ ۋە تىلىگەن نەرسىسى بېرىلىدۇ- دېدى»[تىرمىزى سەھىھ]

ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمى (يەنى ئىسمى ئەزەم) :[ وَإِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلرَّحۡمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ ] [سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [163] سۈرە بەقەرە] ۋە[الٓمٓ *

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُ] [ئەلىف، لام، مىم [1] اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللّٰه (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر [2] سۈرە ئال ئىمران] دېگەن ئىككى ئايەتتە»[ئەبۇ داۋۇد ھەسەن]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىنسا، ئىجابەت بولىدىغان ئەڭ كاتتا ئىسمى (يەنى ئىسمى ئەزەم) بەقەرە، ئال ئىمران، تاھا قاتارلىق ئۈچ سۈرىدە»[ئىبنى ماجە ھەسەن]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِـمِينَ](ئى ئاللا! سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن كەمچىلىكلەردىن پاكسەن، ھەقىقەتەن مەن زالىملاردىن بولدۇم) دەپ دۇئا قىلغانىدى. قانداق بىر مۇسۇلمان مانا مۇشۇ دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ»[تىرمىزى سەھىھ]

## ھەدىسلەردىن تاللانغان دۇئالار

[اَللَّهُمَّ فَقِّهْنِي فِي الدِّينِ]

(ئى ئاللا! مېنى دىننىي ئىلىملەرگە ئۇستا قىلغىن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ حَاسِبْنِي حِسَابًا يَسِيرًا]

(ئى ئاللا! مېنىڭ ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن)[ئەھمەد ۋە ھاكىم]

[اَللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي]

(ئى ئاللا! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن)[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ أَلْـهِمْنِي رُشْدِي وَأَعِذْنِي مِنْ شَرِّ نَفْسِي]

(ئى ئاللا! ماڭا ھەق يولنى بىلدۈرگىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْـمُعَافَاةَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ]

(ئى ئاللا! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەندىن ئامانلىق تىلەيمەن) [تىرمىزى]

[يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ]

(ئى دىللارنى ئۆزگەرتكۈچى زات! قەلبىمنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا عَلَى طَاعَتِكَ]

(ئى دىللانى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللا! دىللىرىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا ئۆزگەرتكىن)[مۇسلىم]

[رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ أَوْ تَجْمَعُ عِبَادَكَ]

(ئى رەببىم! بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان ياكى مەھشەرگاھقا يىغىلىدىغان كۈندە مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن) [مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ صَلاَةٍ لاَ تَنْفَعُ]

(ئى ئاللا! مەن پايدىسى بولمىغان نامازدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الشِّقَاقِ وَالنِّفَاقِ وَسُوءِ الْأَخْلاَقِ]

(ئى ئاللا! ھەقتىن يۈز ئۆرۈشتىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە يامان ئەخلاقتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي ذَنْبِي وَوَسِّعْ لِي فِي دَارِي وَبَارِكْ لِي فِي رِزْقِي]

(ئى ئاللا! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھويلامنى كەڭ، رىزقىمنى بەرىكەتلىك قىلغىن) [ئەھمەد]

[اَللَّهُمَّ اجْعَلْ أَوْسَعَ رِزْقِكَ عَلَيَّ عِنْدَ كِبَرِ سِنِّي وَانْقِطَاعِ عُمُرِي]

(ئى ئاللا! ماڭا ئەڭ كەڭ رىزقىڭنى يېشىم چوڭىيىپ، ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان چاغدا بەرگىن)[ھاكىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ وَرَحْمَتِكَ فَإِنَّهُ لاَ يَمْلِكُهَا إِلاَّ أَنْتَ]

(ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سېنىڭ پەزلىڭنى ۋە رەھمىتىڭنى سورايمەن، ئۇ پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىدۇر)[تىبرانى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتُّقَى وَالْعَفَافَ وَالْغِنَى]

(ئى ئاللا! سېنىڭ توغرا يولغا يېتەكلىشىڭنى، تەقۋادار قىلىشىڭنى، ھارامدىن پاك قىلىشىڭنى ۋە باي قىلىشىڭنى تىلەيمەن)[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَعَافِنِي وَارْزُقْنِي]

(ئى ئاللا! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى سالامەت قىلغىن، ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن)[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَأَسْتَجِيرُ بِكَ مِنَ النَّارِ]

(ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پانا تىلەيمەن)[تىرمىزى ۋە نەسئى ۋە ئىبنى ماجە]

[رَبِّ اغْفِرْلِي وَتُبْ عَلَيَّ إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الْغَفُورُ]

(پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سەن تەۋبىنى تولىمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مەغپىرەتلىك زاتسەن)[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى]

[اَللَّهُمَّ أَلْهِمْنِي رُشْدِي وَأَعِذْنِي مِنْ شَرِّ نَفْسِي]

(ئى ئاللا! ھەق يولدا چىڭ تۇرۇشۇمنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە سالغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَمِلْتُ وَمِنْ شَرِّ مَا لَمْ أَعْمَلْ]

(ئى ئاللا! قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ أَنْ أُشْرِكَ بِكَ وَأَنَا أَعْلَمُ وَأَسْتَغْفِرُكَ لِـمَا لاَ أَعْلَمُ]

(ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمەن ۋە بىلمەستىن قىلىپ سالغانلىرىمغا سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن)[ئەھمەد]

[يَتعَوَّذُو مِنْ جَهْدِ الْبَلاَءِ وَدَرَكِ الشَّقَاءِ وَسُوءِ الْقَضَاءِ وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ]

(ئېغىر بالادىن، بەختسىزلىكتىن، يامان مۇسىبەتتىن ۋە دۈشمەنىنىڭ سۆيۈنۈشىدىن ئاللاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ أَرِنِي الحَقَّ حَقًّا وَارْزُقْنِي إِتِّبَاعَهُ وَأَرِنِي الْبَاطِلَ بَاطِلاً وَارْزُقْنِي إِجْتِنَابَهُ]

(ئى ئاللا! ماڭا ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن، ماڭا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى نېسىپ ئەتكىن، ماڭا باتىلنى باتىل كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى ماڭا نېسىپ ئەتكىن)[]

[اَللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَاى وَالسَّدَادَ]

(ئى ئاللا! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن. ئى ئاللا! سەندىن ھىدايەت ۋە توغرىلىقنى سورايمەن)[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي ذَنْبِي وَوَسِّعْ لِي فِي دَارِي وَبَارِكْ لِي فِيمَا رَزَقْتَنِي ]

(ئى ئاللا! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۆيۈمنى كەڭ قىلغىن، ماڭا بەرگەن رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگىن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ انْفَعْنِي بِمَا عَلَّمْتَنِي وَعَلِّمْنِي مَايَنْفَعُنِي وَزِدْنِي عِلْمًا]

(ئى ئاللا! ماڭا بىلدۈرگەن نەرسەڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن ۋە ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ مُنْكَرَاتِ الْأَخْلاَقِ وَالْأَعْمَالِ وَالْأَهْوَاءِ]

(ئى ئاللا! سەن بىلەن يامان ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن، يامان ھەۋەسلەردىن پاناھ تىلەيمەن) [تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَرِزْقًا طَيِّبًا وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً]

(ئى ئاللا! سەندىن پايدىلىق ئىلمنى، پاك رىزىقنى، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى سورايمەن)[ئىبنى ماجە]

[اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي أُعْظِمُ شُكْرَكَ وَأَتَّبِعُ نَصِيحَتَكَ وَأُكْثِرُ ذِكْرَكَ وَأَحْفَظُ وَصِيَّتَكَ]

(ئى ئاللا! مېنى ساڭا كۆپ شۈكۈر قىلىدىغان، نەسىھىتىڭگە قۇلاق سالىدىغان، سېنى كۆپ ياد ئېتىدىغان ۋە ۋەسىيىتىڭنى ئەڭ ياخشى ساقلايدىغان كىشى قىلغىن)[ئەھمەد]

[اَللّٰهُمَّ مَتِّعْنِي بِسَمْعِي وَبَصَرِي وَاجْعَلْهُمَا الْوَارِثَ مِنِّي وَانْصُرْنِي عَلَى مَنْ يَظْلِمُنِي وَخُذْ مِنْهُ بِثَأْرِي]

(ئى ئاللا! مېنى قۇلىقىمدىن ۋە كۆزۈمدىن بەھرىمەن قىلغىن، تاكى ئۆلگىچە مېنى كۆز ۋە قۇلىقىمدىن ئايرىۋەتمىگىن. ماڭا زۇلۇم قىلغانىغا قارشى ياردەم بەرگىن ۋە ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بەرگىن)[تىرمىزى]

[اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْهَرَمِ وَالْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بەكمۇ قېرىپ كېتىشتىن، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ، گۆر ئازابىدىن، ھاياتلىقنىڭ پىتنىلىرىدىن ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن)

[وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ]

(ئېغىر قەرزدىن ۋە زۇلۇمدىن پاناھ تىلەيمەن)[مۇسلىم]

[اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ إِيْمَانًا لاَ يَرْتَدُّ وَنَعِيمًا لاَ يَنْفَدُ وَمُرَافَقَةَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي أَعْلَى جَنَّةِ الْخُلْدِ]

(ئى ئاللا! سېنىڭدىن قايتماس ئىمان، تۈگىمەس نېمەت ۋە مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قېتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى تىلەيمەن) [ئەھمەد ۋە نەسەئى]

[اَللّٰهُمَّ أَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِي الْأُمُورِ كُلِّهَا وَأَجِرْنَا مِنْ خِزْيِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْآخِرَةِ]

(ئى ئاللا! بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن، بىزنى دۇنيانىڭ خارلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن)[ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان]

[اَللّٰهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو فَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ]

(ئى ئاللا! رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا قويۇۋەتمىگىن، بارلىق ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، سەندىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر)[ئەبۇ داۋۇد]

[أَعُوذُ بِعِزَّتِكَ الَّذِي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ الَّذِي لاَ يَمُوتُ وَالْجِنُّ وَالْإِنْسُ يَمُوتُونَ]

(سېنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىڭگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەنكى، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا ئۆلمەيدۇ، ئىنسان ۋە جىنلار ئۆلىدۇ)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ وتَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ وفُجَاءةِ نِقْمَتِكَ وَجَمِيعِ سَخَطِكَ]

(ئى ئاللا! سەن بىلەن بەرگەن نېئمەتتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، ئامانلىقىمنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە جىمى غەزەبلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن) [مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النَّارِ وَعَذَابِ النَّارِ وَمِنْ شَرِّ الْغِنَى وَالْفَقْرِ]

(ئى ئاللا! سەن بىلەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، بايلىق ۋە كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ اغْسِلْ خَطَايَايَ بِمَاءِ الثَّلْجِ وَالْبَرَدِ وَنَقِّ قَلْبِي مِنَ الْخَطَايَا كَمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الْأَبْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ]

(ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى قار ۋە مۆلدۈر سۈيى بىلەن يۇغىن، ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغىنىڭدەك، مېنىڭ قەلبىمنى گۇناھلىرىمدىن تازىلىغىن)[نەسەئى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْفَقْرِ وَالْقِلَّةِ وَالذِّلَّةِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ أَظْلِمَ أَوْ أُظْلَمَ]

(ئى ئاللا! مەن پېقىرلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن، خارلىقتىن، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ۋە زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ سَمْعِي وَمِنْ شَرِّ بَصَرِي وَمِنْ شَرِّ لِسَانِي وَمِنْ شَرِّ قَلْبِي وَمِنْ شَرِّ مَنِيِّي]

(ئى ئاللا! سەن بىلەن قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن، تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان يېرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَاهْدِنِي وَرْزُقْنِي وَعَافِنِي أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ ضِيقِ الْـمُقَامِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ]

(ئى ئاللا! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزقى بەرگىن، مېنى ئامان قىلغىن، ئاللاغا سېغىنىپ قىيامەت كۈندە ئورنۇمنىڭ تار بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن)[نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە]

[اَللَّهُمَّ انْفَعْنِي بِمَا عَلَّمْتَنِي وَعَلِّمْنِي مَا يَنْفَعُنِي وَزِدْنِي عِلْمًا اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ وَأَعُوذُ بِاللهِ مِنْ حَالِ أَهْلِ النَّارِ]

(ئى ئاللا! ماڭا پايدىلىق ئىلىمنى ئۆگەتكىن ۋە ئۆگەنگەن ئىلمىمنى مەنپەئەتلىك قىلغىن. بىلىمىمنى زىيادە قىلغىن. ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاغا ھەمدۇسانا بولسۇن. ئاللاتائالاغا سېغىنىپ، دوزاخ ئەھلىنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلەيمەن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ قِنِي شَرَّ نَفْسِي واعْزِمْ لِي عَلَى أَرْشَدِ أَمْرِي اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ وَمَا أَخْطَأْتُ وَمَا عَمَدْتُ وَمَا عَلِمْتُ وَمَا جَهِلْتُ]

(ئى ئاللا! مېنى نەپسىمنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن، ئىشىمنىڭ ئەڭ توغرىسىنى قىلىشقا ماڭا ئىرادە بېغىشلىغىن. ئى ئاللا! مېنىڭ يوشۇرۇن قىلغانلىرىمنى، ئاشكارا قىلغانلىرىمنى، خاتا قىلغانلىرىمنى، قەستەن قىلغانلىرىمنى، بىلىپ قىلغانلىرىمنى، بىلمەي قىلغانلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن)[ئەھمەد ۋە نەسەئى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَأَعُوذُ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ وَأَعُوذُبِكَ مِنْكَ لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ]

(ئى ئاللا! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئارقىلىق غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ سېنىڭ دوزىخىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە سانا ئېيتىشتىن ئاجىزمەن) [مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَأَعُوذُبِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَأَعُوذُبِكَ مِنْ أَنْ أُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ وَأَعُوذُبِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْقَبْرِ]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْـمَسِيحِ الدَّجَالِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْـمَحْيَا وَالْـمَمَاتِ]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن)[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْـمَحْيَا وَالْـمَمَاتِ]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەبرە ئازابىدىن، ھايات - مامات پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُوعِ فَإِنَّهُ بِئْسَ الضَّجِيعُ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخِيَانَةِ فَإِنَّهَا بِئْسَتِ البِطَانَةُ]

(ئى ئاللا! سەن بىلەن ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ئاچ قېلىش نېمىدېگەن يامان، سەن بىلەن خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَتَرْكَ الْـمُنْكَرَاتِ وَحُبَّ الْـمَسَاكِينِ وَإِذَا أَرَدْتَ فِي النَّاسِ فِتْنَةً فَاقْبِضْنِي إِلَيْكَ غَيْرَ مَفْتُونٍ]

(ئى ئاللا! مەن سەندىن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، يامان ئىشلارنى تاشلاشنى، كەمبەغەللەرنى سۆيۈشنى تىلەيمەن، ئىنسانلارغا بىر بالانى ئەۋەتىشنى خالىساڭ، مېنى ئۇنىڭغا مۇپتىلا قىلماستىن، روھىمنى قەبزى قىلغىن) [مالىك]

[اَللّٰهُمَّ حَبِّبْ إِلَيْنَا الْإِيْمَانَ وَزَيِّنْهُ فِي قُلُوبِنَا وَكَرِّهْ إِلَيْنَا الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ وَجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِيْنَ]

(ئى ئاللا! بىزگە ئىماننى قىزغىن سۆيدۈرگىن، ئۇنى دىلىمىزدا كۆركەم قىلغىن. بىزگە كۇفرىنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى توغرا يولدا بولغۇچىلاردىن قىلغىن)[]

[اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي جَسَدِي وَعَافِنِي فِي بَصَرِي وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِنِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ الْحَلِيمُ الْكَرِيمُ سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ]

(ئى ئاللا! تېنىمنى، كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن، تاكى ۋاپات تاپقانغا قەدەر مېنى كۆزۈمدىن ئايرىمىغىن. ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ كۆيۈمچان ۋە كەرەملىك زاتتۇر. بۈيۈك ئەرشىنىڭ رەببى بولغان ئاللا ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر، پۈتۈن ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر)[تىرمىزى]

[اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ سَرِيرَتِي خَيْرًا مِنْ عَلاَنِيَتِي وَاجْعَلْ عَلاَنِيَتِي صَالِحَةً اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ صَالِحِ مَا تُؤْتِي النَّاسَ مِنَ الْمَالِ وَالْأَهْلِ وَالْوَلَدِ غَيْرِ الضَّالِّ وَلاَ الْمُضِلِّ]

(ئى ئاللا! مەخپىي ئىشىمنى ئاشكارا ئىشىمدىن ياخشى قىلغىن، ئاشكارا ئىشىمنى دۇرۇست قىلغىن. ئى ئاللا! ماڭا ئازمايدىغان ۋە ئازدۇرمايدىغان ياخشى مال، ياخشى ئايال ۋە ياخشى بالا بېرىشىڭنى سورايمەن)[تىرمىزى]

[اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ حُبَّكَ وَحُبَّ مَنْ يُحِبُّكَ وَالْعَمَلَ الَّذِى يُبَلِّغُنِي حُبَّكَ اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ حُبَّكَ أَحَبَّ إِلَيَّ مِنْ نَفْسِي وَأَهْلِي وَمِنَ الْمَاءِ الْبَارِدِ]

(ئى ئاللا! مەن سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، ساڭا مۇھەببەت باغلىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى سورايمەن ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى سورايمەن. ئى ئاللا! سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ماڭا مېنىڭ ئۆزۈمدىنمۇ، خىش- ئەقرىبالىرىمدىنمۇ ۋە مۇزدەك سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن) [تىرمىزى]

[اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مُوجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالسَّلاَمَةَ مِنْ كُلِّ إِثْمٍ وَالْغَنِيمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالْفَوْزَ بِالْجَنَّةِ وَالنَّجَاةَ مِنَ النَّارِ ]

(ئى ئاللا! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغپىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمەن، ھەربىر گۇناھتىن ساق بولۇشنى، ھەربىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، جەننەتنىڭ قولغا كېلىشىنى، دوزاختىن نىجات تېپىشنى سورايمەن) [ھاكىم]

[اَللّٰهُمَّ أَصْلِحْ لِي دِينِي الَّذِي هُوَ عِصْمَةُ أَمْرِي وَأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ الَّتِي فِيهَا مَعَاشِي وَأَصْلِحْ لِي آخِرَتِي الَّتِي فِيهَا مَعَادِي وَاجْعَلِ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُلِّ خَيْرٍ وَاجْعَلِ الْمَوْتَ رَاحَةً لِي مِنْ كُلِّ شَرٍّ]

(ئى ئاللا! پۈتۈن ئىشلىرىمنىڭ ھىمايىچىسى بولغان دىيانىتىمنى ئىسلاھ قىلغىن، ياشىشىم ئۈچۈن كېرەك بولغان دۇنيالىقىمنى

تۈزەتكىن، بارار جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشى قىلغىن، ھاياتىمدا ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۆلۈم ئارقىلىق مېنى دۇنيانىڭ پۈتكۈل يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم قىلغىن) [مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ  وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ  وَأَعُوذُبِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْهَرَمِ وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الْعَدُوِّ]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ غەم- ئەندىشىدىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن ۋە ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قەرزدارلىقتىن، دۈشمەنىنىڭ مېنى مەغلۇپ قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ وَبِكَ آمَنْتُ  وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ  وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ  وَبِكَ خَاصَمْتُ  اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِعِزَّتِكَ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَنْ تُضِلَّنِي  أَنْتَ الْحَيُّ الَّذِي لاَ يَمُوتُ  وَالْجِنُّ والْإِنْسُ يَمُوتُونَ]

(ئى ئاللا! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە سەن تەرەپكە قايتتىم. سېنى دەپ (دۈشمەنلىرىڭ بىلەن) جاڭجاللاشىمەن، ئى ئاللا! سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇركى، سېنىڭ سەلتەنىتىڭ بىلەن مېنى ئازدۇرۇۋېتىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھاياتسەنكى، مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىسەن، جىن ۋە ئىنسانلار بولسا ئۆلىدۇ) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمتُ نَفْسِي ظُلْماً كَثِيراً   وَلاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ  فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ   وارْحَمْنِي   إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ]

(ئى ئاللا! مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم. گۇناھلارنى سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھىم قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن ۋە كۆيۈنگۈچىسەن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ زِدْنَا وَلاَ تَنْقُصْنَا  وَأَكْرِمْنَا وَلاَ تُهِنَّا  وَأَعْطِنَا وَلاَ تَحْرِمْنَا  وَآثِرْنَا وَلاَ تُؤْثِرْ عَلَيْنَا  وَأَرْضِنَا وَارْضَ عَنَّا]

(ئى ئاللا! بىزگە بەرگىنىڭنى زىيادە قىلغىن، كېمەيتىۋەتمىگىن، بىزنى ئەزىز قىلغان، خار قىلمىغىن، بىزگە ئاتا قىلغىن، بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن، بىزنى ئۈستۈن قىلغىن، تۆۋەن قىلمىغىن، بىزنى مەمنۇن قىلغىن ۋە بىزدىن رازى بولغىن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ فَالِقَ الْإِصْبَاحِ وَجَاعِلَ اللَّيْلِ سَكَنًا وَالشَّمْسِ وَالْقَمَرِ حُسْبَانًا اقْضِ عَنِّي الدَّيْنَ وَأَغْنِنِي مِنَ الْفَقْرِ  وَأَمْتِعْنِي بِسَمْعِي وَبَصَرِي وَقُوَّتِي فِي سَبِيلِكَ]

(ئى تاڭ ئاتقۇزغۇچى، كېچىنى ئارام ئېلىش ۋاقتى قىلغۇچى، قۇياش بىلەن ئاينى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلاندۇرغۇچى ئاللا! مېنى قەرزىمدىن خالاس قىلغىن، كەمبەغەللىكتىن يىراق قىلغىن. قۇلىقىم، كۆزۈم ۋە قۇۋۋىتىم يەنە پۈتۈن ئەزايىمنى سېنىڭ يولۇڭدا خىزمەت قىلدۇرغىن)[مالىك]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ قَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ  وَ مِنْ دُعَاءٍ لاَ يُسْمَعُ  وَمِنْ نَفْسٍ لاَ تَشْبَعُ   وَمِنْ عِلْمٍ لاَ يَنْفَعُ أَعُوذُبِكَ مِنْ هَؤُلاَءِ الْأَرْبَعِ]

(ئى ئاللا! مەن سەندىن قورقمايدىغان قەلبتىن، قوبۇل بولمايدىغان دۇئادىن، تويمايدىغان نەپستىن ۋە پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن. مۇشۇ تۆتىدىن پاناھ تىلەيمەن) [تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَدْمِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ التَّرَدِّي وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْغَرَقِ وَالْحَرَقِ وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ يَتَخَبَّطَنِي الشَّيْطَانُ عِنْدَ الْـمُوْتِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ فِي سَبِيلِكَ مُدْبِرًا وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ لَدِيغًا]

(ئى ئاللا! تام بېسىۋېلىشتىن، غۇلاپ كېتىشتىن، غەرق بولۇشتىن، كۆيۈپ كېتىشتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، ئۆلۈم ئالدىدا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن، سېنىڭ يولۇڭدىكى جىهاد مەيدانىدا كەينىمنى قىلىپ ئۆلۈشتىن ۋە زەھەرلىك جانلىقلار چېقىۋېلىپ ئۆلۈشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن) [ئەبۇ داۋۇد]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي وَجَهْلِي وَإِسْرَافِي فِي أَمْرِي وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي جِدِّي وَهَزْلِي وَخَطَئِي وَعَمْدِي وَكُلُّ ذَلِكَ عِنْدِي اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي أَنْتَ الْـمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ]

(رەببىم! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى، نادانلىقىمنى، ئىشلىرىمدىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىمنى ۋە سەن مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللا! مېنىڭ قەستەن، بىلمەستىن، بىلىپ تۇرۇپ ۋە چاخچاق يوسۇندا قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ. ئى ئاللا! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۈرىسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۈرىسەن. سەن ھەممىگە قادىرسەن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ العَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ اَللَّهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا أَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلاَهَا اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لاَ يَنْفَعُ وَمِنْ قَلْبٍ لا يَخْشَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لاَ تَشْبَعُ وَمِنْ دَعْوَةٍ لاَ يُسْتَجَابُ لَهَا]

( ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ، ئاجىزلىقتىن ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللا! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن، ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن، ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ، پايدىسىز ئىلىمدىن، بويسۇنماس دىلدىن، تويماس نەپسىدىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن)[مۇسلىم]

[رَبِّ أَعِنِّي وَلاَ تُعِنْ عَلَيَّ وَانْصُرْنِي وَلاَ تَنْصُرْ عَلَيَّ وَامْكُرْ لِي وَلاَ تَـمْكُرْ عَلَيَّ وَاهْدِنِي وَيَسِّرِ الْهُدَى لِي وَانْصُرْنِي عَلَى مَنْ بَغَى عَلَيَّ رَبِّ اجْعَلْنِي لَكَ شَكَّارًا لَكَ ذَكَّارًا لَكَ رَهَّابًا لَكَ مِطْوَاعًا لَكَ مُخْبِتًا إِلَيْكَ أَوَّاهًا مُنِيبًا رَبِّ تَقَبَّلْ تَوْبَتِي وَاغْسِلْ حَوْبَتِي وَ أَجِبْ دَعْوَتِي وَثَبِّتْ حُجَّتِي وَسَدِّدْ لِسَانِي وَاهْدِ قَلْبِي وَاسْلُلْ سَخِيمَةَ صَدْرِي]

(ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا پايدىلىق ئىشلاردا ياردەمچى بولغىن، زىيانلىق ئىشلاردا ياردەمچى بولمىغىن، ماڭا ياردەم بەرگىن، دۈشمەنلىرىمگە ياردەم بەرمىگىن، ماڭا ھىيلە ئىشلەتكەن ئادەملەرگە قارىشى ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگىن ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا قارشى ھىيلە ئىشلىتىشىگە ياردەم بەرمىگىن. مېنى توغرا يولغا باشلىغىن، توغرا يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن. ماڭا تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن. ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى سېنى كۆپ زىكرى قىلىدىغان، ساڭا بەك شۈكۈر ئېيتىدىغان، سەندىن بەك قورقىدىغان، ساڭا بويسۇنىدىغان، ساڭا كەمتەرلىك قىلىدىغان ۋە بەك تەۋبە قىلىدىغان قىلغىن. ئى پەرۋەردىگارىم!

تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، گۇناھلىرىمنى يۇغىن، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن، مېنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، تىلىمنى توغرا سۆزلەيدىغان قىلغىن. قەلبىمنى ھىدايەتكە باشلىغىن، كۆڭلۈمدىكى ئاداۋەتلەرنى چىقىرىپ تاشلىغىن)[تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلِّهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنَ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ (مَا اسْتَعَاذَبِك)(مِنْهُ) عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ وَأَسْأَلُكَ أَنْ تَجْعَلَ كُلَّ قَضَاءٍ قَضَيْتَهُ لِي خَيْرًا]

(ئى ئاللا! مەن سەندىن ھازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممە ياخشىلىقلارنى سورايمەن. ھازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممە يامانلىقلاردىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللا! مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ سەندىن سورىغان ياخشىلىقلارنى سورايمەن. قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ سەندىن پاناھ تىلىگەن يامانلىقلاردىن مەنمۇ پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللا! مەن سەندىن جەننەتنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكلەيدىغان سۆز ۋە ئەمەلنى سورايمەن. جەھەننەم ئوتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەلدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا چىقارغان ھەممە ھۆكۈملىرىڭنى مەن ئۈچۈن خەيرلىك قىلىشىڭنى سورايمەن)[ئىبنى ماجە ]

[أَعُوذُ بِوَجْهِ اللهِ الْكَرِيمِ وَبِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ الَّتِي لاَ يُجَاوِزُهُنَّ بَرٌّ وَلاَ فَاجِرٌ مِنْ شَرِّ مَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَ شَرِّ مَا يَعْرُجُ فِيهَا وَ شَرِّ مَا ذَرَأَ فِي الْأَرْضِ وَ شَرِّ مَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمِنْ فِتَنِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمِنْ طَوَارِقِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ إِلاَّ طَارِقًا يَطْرُقُ بِخَيْرٍ يَا رَحْمَنُ]

(كەرەملىك ئاللانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ۋە مەيلى تەقۋادار ياكى گۇناھكار بولسۇن، ھېچكىم ئېيتالمايدىغان كامىل سۆزلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئاسماندىن بالا بولۇپ چۈشكەن ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يامانلىقلاردىن، يەر يۈزىگە تېرىلغان ۋە يەر ئاستىدىن چىققان يامانلىقلاردىن، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پىتنىلىرىدىن، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ مۇسىبەتلىرىدىن ئاللاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن ھادىسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئى رەھمان!)[مالىك]

[اَللَّهُمَّ اقْسِمْ لَنَا مِنْ خَشْيَتِكَ مَا تَحُولُ بِهِ بَيْنَنَا وَبَيْنَ مَعَاصِيكَ وَمِنْ طَاعَتِكَ مَا تُبَلِّغُنَا بِهِ جَنَّتَكَ وَمِنَ الْيَقِينِ مَا تُهَوِّنُ بِهِ عَلَيْنَا مَصَائِبَ الدُّنْيَا اَللَّهُمَّ مَتِّعْنَا بِأَسْمَاعِنَا وَأَبْصَارِنَا وَقُوَّتِنَا مَا أَحْيَيْتَنَا وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِنَّا وَاجْعَلْ ثَأْرَنَا عَلَى مَنْ ظَلَمَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى مَنْ عَادَانَا وَلاَ تَجْعَلْ مُصِيبَتَنَا فِي دِينِنَا وَلاَ تَجْعَلِ الدُّنْيَا أَكْبَرَ هَمِّنَا وَلاَ مَبْلَغَ عِلْمِنَا وَلاَ تُسَلِّطْ عَلَيْنَا مَنْ لاَ يَرْحَمُنَا]

(ئى ئاللا! بىزگە بىزنى سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇشتىن توسىدىغان قورقۇنچ ئاتا قىلغىن، بىزنى جەننىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان تائەت- ئىبادىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن، بىزگە دۇنيانىڭ بالايىئاپەتلىرىنى مەنسىتمەيدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن. مادامىكى جېنىمىزنى ئېسەن قىلىدىكەنسەن، بىزنى قۇلاقلىرىمىزدىن، كۆزلىرىمىزدىن ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمىزدىن بەھرىمەن قىلغىن. ئۆمرىمىز بويىي بىزنى شۇ ئىشەنچتىن ئايرىمىغىن. بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، بېشىمىزغا كېلىدىغان پېشكەنلىكنى دىنى جەھەتتىن كەلتۈرمىگىن. دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمنى بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن) [تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ بِعِلْمِكَ الْغَيْبَ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ أَحْيِنِي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْرًا لِي وَتَوَفَّنِي إِذَا عَلِمْتَ الْوَفَاةَ خَيْرًا لِي اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ وَأَسْأَلُكَ كَلِمَةَ الْحَقِّ فِي الرِّضَا وَالْغَضَبِ وَأَسْأَلُكَ الْقَصْدَ فِي الْغِنَى وَالْفَقْرِ وَأَسْأَلُكَ نَعِيمًا لاَ يَنْفَدُ وَأَسْأَلُكَ قُرَّةَ عَيْنٍ لاَ تَنْقَطِعُ وَأَسْأَلُكَ الرِّضَا بَعْدَ الْقَضَاءِ وَأَسْأَلُكَ بَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْتِ وَأَسْأَلُكَ لَذَّةَ النَّظَرِ إِلَى وَجْهِكَ وَالشَّوْقَ إِلَى لِقَائِكَ فِي غَيْرِ ضَرَّاءَ مُضِرَّةٍ وَلاَ فِتْنَةٍ مُضِلَّةٍ اَللَّهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَةِ الْإِيْمَانِ وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ]

(ئى ئاللا! سېنىڭ غەيبنى ئىلمىڭ، چەكسىز قۇدرىتىڭگە سېغىنىپ ھاياتلىقىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدىغان بولسا ماڭا ھايات بېغىشلىشىڭنى، ۋاپاتىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ۋاپات قىلدۇرۇشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللا! سېنىڭدىن ئادەم بار - يوق ھەرقانداق جايدا سەندىن قورقىدىغان تەقۋادارلىقنى تىلەيمەن. ئى ئاللا! رازىمەنلىك ۋە غەزەبلىك ھەرقانداق ھالىتىمدە ھەق سۆزنى ئېيتىشىمنى سەندىن سورايمەن. ئى ئاللا! سەندىن ئوتتۇرھال تۇرمۇشنى تىلەيمەن. ئى ئاللا! سېنىڭدىن تۈگىمەس نېمەت سورايمەن. ئى ئاللا! سېنىڭدىن ئۈزۈلمەس خۇرسەنلىك سورايمەن. ئى ئاللا! سېنىڭدىن قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشۇمنى سورايمەن. ئى ئاللا! سېنىڭدىن ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ باياشات تۇرمۇشقا مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللا! سېنىڭدىن زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىماستىن سېنىڭ جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا ئۇچرىشىش ئىشتىياقىنى سورايمەن. ئى ئاللا! بىزنى ئىمانىنىڭ زىننىتى بىلەن بېزىگىن. ئى ئاللا! بىزنى توغرا يولدا يۈرگۈچى ۋە ئۆزگىنى باشلىغۇچىلاردىن قىلغىن) [نەسەئى ۋە ئەھمەد]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ الْمَسْأَلَةِ وَخَيْرَ الدُّعَاءِ وَخَيْرَ النَّجَاحِ وَخَيْرَ الْعَمَلِ وَخَيْرَ الثَّوَابِ وَخَيْرَ الْحَيَاةِ وَخَيْرَ الْمَمَاتِ وَثَبِّتْنِي وَثَقِّلْ مَوَازِينِي وَحَقِّقْ إِيمَانِي وَارْفَعْ دَرَجَاتِي وَتَقَبَّلْ صَلاَتِي وَاغْفِرْ خَطِيئَتِي وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فَوَاتِحَ الْخَيْرِ وَخَوَاتِمَهُ وَجَوَامِعَهُ وَأَوَّلَهُ وَظَاهِرَهُ وَبَاطِنَهُ وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينْ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا آتِي وَخَيْرَ مَا أَفْعَلُ وَخَيْرَ مَا أَعْمَلُ وَخَيْرَ مَا بَطَنَ وَخَيْرَ مَا ظَهَرَ وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينْ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تَرْفَعَ ذِكْرِي وَتَضَعَ وِزْرِي وَتُصْلِحَ أَمْرِي وَتُطَهِّرَ قَلْبِي وَتُحَصِّنَ فَرْجِي وَتُنَوِّرَ قَلْبِي وَتَغْفِرَ لِي ذَنْبِي وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينْ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تُبَارِكَ فِي نَفْسِي وَفِي سَمْعِي وَفِي بَصَرِي وَفِي رُوحِي وَفِي خَلْقِي وَفِي خُلُقِي وَفِي أَهْلِي وَفِي مَحْيَايَ وَفِي مَمَاتِي وَفِي عَمَلِي فَتَقَبَّلْ حَسَنَاتِي وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ آمِينْ]

(ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن ھاجەتنىڭ ياخشىسىنى، دۇئانىڭ ياخشىسىنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ياخشىسىنى، ئىشنىڭ ياخشىسىنى، ئەمەلنىڭ ياخشىسىنى، ساۋابنىڭ ياخشىسىنى، ھاياتنىڭ ياخشىسىنى ۋە ئۆلۈمنىڭ ياخشىسىنى تىلەيمەن. مېنىڭ (ئىمانىمنى) مۇستەھكەم قىلغىن. (ئەمەللىرىمنى تارتىدىغان) تارازىنى ئېغىر قىلغىن، خاتالىقىمنى كەچۈرگىن، سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى سورايمەن. ئى ئاللا! ياخشىلىقلارنىڭ دەسلىپىنى، تۈگەنچىسىنى، غوللۇقلىرىنى، ئىچكى ۋە تاشقىرىلىرىنى، جەننەتنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىنى سورايمەن، ئامىن. ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەندىن قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ ياخشىلىرىنى، ئۇلارنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا بولغانلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى ۋە جەننەتنىڭ ئۈستۈن ماقاملىرىنى تىلەيمەن، ئامىن. ئى ئاللا! مەن ھەقىقەتەن سەندىن نامىمنى يۇقىرى قىلىشىڭنى، گۇناھىمنى تۆۋەن قىلىشىڭنى، ئىشىمنى ياخشىلىشىڭنى، قەلبىمنى پاك قىلىشىڭنى، جان يېرىمنى ئېپپەتلىك قىلىشىڭنى، دىلىمنى نۇرلاندۇرۇشۇڭنى، گۇناھىمنى كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمەن

ۋە جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى تىلەيمەن، ئامىن. مەن ھەققەتەن سەندىن نەپسىمگە، قۇلۇغىمغا، كۆزۈمگە، روھىمغا، يارىتىلىشىمغا، ئەخلاقىمغا، ئەھلى- ئەۋلادلىرىمغا، ھايات- ماماتلىقىمغا ۋە ئەمەللىرىمگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن، مېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمنى قوبۇل قىلغىن، سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى سورايمەن، ئامىن)[ھاكىم]

## كەلىمە تەييىبە

[لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ مُحَمَّدٌ رَّسُولُ اللهِ]

(بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر)[بۇخارى]

## كەلىمە شاھادەت

[أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ]

(گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر)[مۇسلىم]

## تاھارەت ئالغاندا ۋە نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

### ھاجەتخانىغا كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك- چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

### ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[غُفْرَانَكَ]

(ئى ئاللا! مەغپىرىتىڭنى تىلەيمەن)[تىرمىزى]

### ئالدى بىلەن بۇلارنى ئوقۇپ تاھارەت ئېلىشنى باشلايمىز

[أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ]

(ئاللاغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم]

[بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ]

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

### تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِيْنَ وَاجْعَلْنِي مِنَ الْـمُتَطَهِّرِينَ]

(ئى ئاللا! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن، پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن)[تىرمىزى]

### تاھارەتتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ، ئاندىن كېيىن[أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ

وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ  وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ](گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، شېرىكى يوق بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر) دېسە، ئۇنىڭ ئۆچۈن سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، ئۇ كىشى خالىغان ئىشىكىدىن كىرىدۇ» [مۇسلىم]

## ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ئوقۇلۇشى:

### ئەزاننىڭ تېكستى:

اَللهُ أَكْبَرُ – اَللهُ أَكْبَرُ  (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)

اَللهُ أَكْبَرُ – اَللهُ أَكْبَرُ  (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)

أَشْهَدُ أَنْ لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ  ( گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

اَشْهَدُ أَنْ لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ  ( گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُولُ اللهِ  (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد  ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر)

أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُولُ اللهِ  (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد  ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر)

حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ (نامازغا كېلىڭلار!)

حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ (نامازغا كېلىڭلار!)

حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ (نىجادلىققا كېلىڭلار!)

حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ (نىجادلىققا كېلىڭلار!)

اَللهُ أَكْبَرُ – اَللهُ أَكْبَرُ  (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)

لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

يۇقىرىقىلار بامدات نامىزىدىن باشقا پۈتۈن پەرز نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئەزاننىڭ تېكستى. ئەمما بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۈچۈن:[ حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ]( نىجادلىققا كېلىڭلار!)دىن كېيىن ۋە ئاخىرقى:[ اَللهُ أَكْبَرُ]( ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)دىن ئاۋۋال:[اَلصَّلاَةُ خَيْرٌ مِنَ النَّوْمِ  اَلصَّلاَةُ خَيْرٌ مِنَ النَّوْمِ]( ئۇيقۇدىن ناماز ياخشىراق) دېگەن ئىبارىلەر ئوقۇلىدۇ.

### تەكبىرنىڭ تېكستى:

اَللهُ أَكْبَرُ – اَللهُ أَكْبَرُ  (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)

أَشْهَدُ أَنْ لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ  ( گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

أَشْهَدُ أَنْ لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ  ( گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُولُ اللهِ (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر)

أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُولُ اللهِ (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر)

حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ (نامازغا كېلىڭلار!)

حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ (نامازغا كېلىڭلار!)

حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ (نىجادلىققا كېلىڭلار!)

حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ (نىجادلىققا كېلىڭلار!)

قَدْ قَامَتِ الصَّلاَةُ (نامازغا تۇرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى)

قَدْ قَامَتِ الصَّلاَةُ (نامازغا تۇرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى)

اَللهُ أَكْبَرُ – اَللهُ أَكْبَرُ (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)

لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

## ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:[ اَللَّهُمَّ رَبَّ هذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَاماً مَحْمُوداً الَّذِي وَعَدْتَهُ ](ئى كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالىي مەرتىۋىنى بەرگىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا يەتكۈزگىن) دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ» [بۇخارى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئەزان ئاڭلىغان چاغدا[أَشْهَدُ أَنْ لاَإِلَهَ إِلاَّاللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ رَضِيتُ بِاللهِ رَبّاً وَبِمُحَمَّدٍ رَسُولاً وَبِالْإِسْلاَمِ دِيناً](گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، شېرىكى يوق يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاتائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، ئاللاتائالانىڭ پەرۋەردىگارىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىم، ئىسلامنىڭ دىنىم بولغانلىقىغا چىن دىلىمدىن مەمنۇن بولدۇم) دېسە، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» [مۇسلىم]

## نامازنى باشلىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ۋە زىكرلەر:

[اَللهُ أَكْبَرُ]

(ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)[مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە]

[سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ]

( ئى ئاللا! سەن پاكتۇرسەن، جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر، ئەزىمىتىڭ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر) [ئەبۇ داۋۇد]

**[أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيم]**

(ئاللاغا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم]

**[بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيم]**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

**ئاندىن سۈرە فاتىھە بىلەن خالىغان سۈرە ئوقۇلىدۇ!**

سُورَةُ الفَاتِحَة

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ١ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ٢ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ٣ مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ ٤ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ
نَسْتَعِينُ ٥ ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ٧

[ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن [1] جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا خاستۇر [2] اللّٰه ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر [3] قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر [4] (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز [5] بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن [6] غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) [7]

سُورَةُ المَسَدِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

تَبَّتْ يَدَآ أَبِى لَهَبٍ وَتَبَّ ١ مَآ أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُۥ وَمَا كَسَبَ ٢ سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ ٣ وَٱمْرَأَتُهُۥ حَمَّالَةَ ٱلْحَطَبِ
٤ فِى جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍۭ ٥

[ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى [1] ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى [2] ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ [3] ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ [4] ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ [5] سۈرە مەسەد]

سُورَةُ الإِخْلَاصِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ٣ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدٌۢ ٤

[(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ اللّٰه بىردۇر [1] ھەممە اللّٰه قا موھتاجدۇر [2] اللّٰه بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3] ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ[4] سۈرە ئىخلاس]

سُورَةُ الفَلَقِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ ۝١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ۝٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ۝٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِى ٱلْعُقَدِ ۝٤ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ۝٥

[مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ( اللّٰه) غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن[1-5] سۈرە فەلەق]

سُورَةُ النَّاسِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ۝٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ۝٣ مِن شَرِّ ٱلْوَسْوَاسِ ٱلْخَنَّاسِ ۝٤ ٱلَّذِى يُوَسْوِسُ فِى صُدُورِ ٱلنَّاسِ ۝٥ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ۝٦

[ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ( اللّٰه) غا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگىن [1-6] سۈرە ناس]

**رۇكۇدا ئوقۇلىدۇ:**

[سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ]

(ئۇلۇغ رەببىمنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

**رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئوقۇلىدۇ:**

[سَمِعَ اللهُ لِـمَنْ حَمِدَهُ]

(ئاللا! ئۆزىنگغا ھەمدۇسانا ئېيتقاننى ئاڭلىغۇچىدۇر)[بۇخارى]

**ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇلىدۇ:**

[رَبَّنَا وَلَكَ الحَمْدُ]

(پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىمەن)[بۇخارى]

رىفائە ئىبنى رافىئ زۇرەقى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:[ رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ] (ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا نۇرغۇنلىغان پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن!) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: باياتىنقى سۆزنى دېگەن كىم؟- دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى: مەن- دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن 30 نەچچە پەرىشتىنىڭ ئۇ سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال يېزىۋېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بەس- بەستە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم- دېدى»[بۇخارى]

**سەجدىدە ئوقۇلىدۇ:**

[سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى]

(ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

### ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَاجْبُرْنِي وَعَافِنِي وَارْزُقْنِي وَارْفَعْنِي]

(ئى ئاللا! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن، مېنى ياخشى ئىشلارغا مۇيەسسەر قىلغىن، ماڭا ساقلىق ۋە كەڭ رىزىق ئاتا قىلغىن، مەرتىبەمنى يۇقىرى قىلغىن) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

### تەشەھھۇدتا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

[أَلتَّحِيَّاتُ لِـلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِـحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ]

(بارلىق سالاملار، رەھمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار ئاللاغا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئاللانىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن. شۇنداقلا، بىزگە ۋە ئاللانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە ئاللانىڭ سالامى بولسۇن. بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ]

(ئى ئاللا! مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن. ئى ئاللا! مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغاندەك بەخت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ]

(پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن)[201]سۈرە بەقەر]

[ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ]

(ئاللانىڭ ئامانلىقى ۋە رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن)[مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندا ئۈچ قېتىم ئىستىغفار[أَسْتَغْفِرُ اللهَ](ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەن) ئېيتاتتى ۋە:«[ اَللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلاَمُ وَمِنْكَ السَّلاَمُ تَبَارَكْتَ يَاذَا الْجَلاَلِ وَالْإِكْرَامِ](ئى ئاللا! سەن نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن،سەن مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىكزات! سەن بۈيۈكتۇرسە) دەيتتى [مۇسلىم]

نامازدىن كېيىن[اَللهُ أَكْبَرُ](ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ)33 -قېتىم[سُبْحَانَ اللهِ](ئاللا پاكتۇر)33 - قېتىم[اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ] (جىمى ھەمدۇسانا

ئاللاغا خاستۇر)33 -قېتىم[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ  لَهُ الْـمُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ] (يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت ئاللاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر)1 -قېتىم[ مۇسلىم]

(ھەر نامازنىڭ كەينىدە:[ اللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ   وَشُكْرِكَ  وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ] (ئى ئاللا! سېنى زىكىر قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا قۇلچىلىق قىلىشىمغا يار- يۆلەك بولغايسەن) دېيىشنى تەرك ئەتمىگىن- دېدى [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى]

## سەجدە ۋە رۇكۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى:[ سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وبِحَمْدِكَ  اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي](ئى پەرۋەردىگارىم ئاللا! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ئى ئاللا! مېنى مەغپىرەت قىلغىن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە:[ سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْـمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ](ئى ئاللا! سەن نۇقسانلاردىن خالىي، پاكتۇرسەن، بارلىق مەلائىكە ۋە جىبرىئىلنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن) دەيتتى[مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە:[ اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّهُ  دِقَّهُ وَجِلَّهُ  وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ  وَعَلاَنِيَتَهُ وَسِرَّهُ](ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناھلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلغىن، كىچىكلىرىنى ۋە چوڭلىرىنى، ئالدىنقىلىرىنى ۋە كېيىنكىلىرىنى، ئاشكارىلىرىنى ۋە يوشۇرۇنلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن) دەيتتى[مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپالماي ئىزدەپ قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ ياكى سەجدىدە بولۇپ، مۇنداق دەۋاتقانىكەن:[ سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ](ئى ئاللا! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق) [مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە:«مېنىڭ قولۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپىنىغا تەگدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە بولۇپ، ئىككى پۇتى تىكلەكلىك ئىكەن، ئۇ مۇنداق دۇئا قىلىۋېتىپتىكەن:[ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ   وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ  وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ  لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ](ئى ئاللا! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئارقىلىق غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن بىلەن سېنىڭ دوزىخىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە سانا ئېيتىشتىن ئاجىزدۇرمەن)[مۇسلىم]

## نامازنىڭ كەينىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ   لَهُ الْـمُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ  اَللَّهُمَّ لاَ مَانِعَ لِـمَا أَعْطَيْتَ وَلاَ مُعْطِيَ لِـمَا مَنَعْتَ وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الجَدِّ مِنْكَ الجَدُّ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللانىڭ شېرىكى يوق، بارچە مەخلۇقات ئاللانىڭ ئىلكىدە، جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ. ئاللانىڭ ھەممە نەرسىگە تولۇق قۇدرىتى يېتىدۇ. ئى ئاللا! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ) دەيتتى[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازلارنىڭ كەينىدە بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ پاناھ تىلەيتتى:[ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَالْبُخْلِ  وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ أُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ  وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا  وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ فِتْنَةِ الْقَبْرِ](ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، سەن بىلەن دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە سەن بىلەن گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«سىلەرنىڭ بىرىڭلار تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئاللاتائالادىن تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلىسۇن. يەنى ئۇ كىشى:[ اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ](ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. قەبرىنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە ساڭا سېغىنىپ كەززاب دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېسۇن[مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئولتۇرغاندا تەشەھھۇد بىلەن سالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەيدىغان ئاخىرقى سۆزى بولسا:[ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ وَمَا أَسْرَفْتُ وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ](ئى ئاللا! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، سەن خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۈرىسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۈرىسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلا ھ يوق)[مۇسلىم]

[ئەسكەرتىش: نامازنىڭ ئىچىدە ئوقۇيدىغان دۇئالار بەك جىق مەن مۇشۇنچىلىك يازدىم]

## تىلاۋەت سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[سَجَدَ وَجْهِي لِلَّذِي خَلَقَهُ وَصُوَّرَهُ وَشَقَّ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ تَبَارَكَ اللهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ]

(مېنىڭ يۈزۈم ئۇنى ياراتقان، چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەن ۋە كۆزۈم بىلەن قۇلىقىمنى ساغلام قىلغان زات- ئاللاغا سەجدە قىلدى. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللا ھەممە جەھەتتىن ئەلۋەتتە ئۇلۇغدۇر)[مۇسلىم]

## بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

ھارىس ئىبنى مۇسلىمتتەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:« بامدات نامىزى ئوقۇپ بولساڭ، گەپ- سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى[اَللّٰهُمَّ أَجِرْنِي مِنَ النَّارِ](ئى ئاللا! مېنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن) دەپ 7 قېتىم دېگىن، ئەگەر سەن شۇ كۈنى ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ، ئاللا ساڭا دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىشنى پۈتۈۋېتىدۇ، شام نامىزى ئوقۇپ بولساڭ، گەپ- سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى: [اَللّٰهُمَّ أَجِرْنِي مِنَ النَّارِ](ئى ئاللا! مېنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن) دەپ 7 قېتىم دېگىن، ئەگەر سەن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ، ئاللا ساڭا دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىشنى پۈتۈۋېتىدۇ»[نەسەئى]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم ئاللادىن جەننەتنى ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت:" ئى ئاللا! ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن!" دەيدۇ. كىم دوزاختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسە، دوزاخ:" ئى ئاللا! ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!" دەيدۇ» [تىرمىزى سەھىھ]

## قۇنۇت دۇئاسى

[اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ وَنَشْكُرُكَ وَلاَ نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ اَللّٰهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَكَ نُصَلِّي وَنَسْجُدُ وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ وَنَخْشَى عَذَابَكَ إِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ]

(ئى ئاللا! سەندىن ياردەم تىلەيمىز، سەندىن كەچۈرۈم سورايمىز، ساڭا ئىشىنىمىز، ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، سېنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىڭگە شۈكرى ئېيتىمىزكى، نا شۈكۈرلۈك قىلمايمىز، ساڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى كۆزىمىزدىن سىلىپ تاشلايمىز، ئى ئاللا! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز، سەن تەرەپكە ئالدىرايمىز، سېنىڭلا خىزمىتىڭنى قىلىمىز، رەھمىتىڭدىن ئۈمىدۋارمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز، سېنىڭ ئازابىڭ چوقۇمكى كاپىرلارغا لايىقتۇر)[]

## مەسچىتكە ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُورًا وَفِي بَصَرِي نُورًا وَفِي سَمْعِي نُورًا وَعَنْ يَمِينِي نُورًا وَعَنْ يَسَارِي نُورًا وَفَوْقِي نُورًا وَتَحْتِي نُورًا وَأَمَامِي نُورًا وَخَلْفِي نُورًا وَأَعْظِمْ لِي نُورًا]

(ئى ئاللا! قەلبىمنى نۇر قىلغىن، كۆزۈمنى نۇر قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇر قىلغىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمنى نۇر قىلغىن، ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىمنى نۇر قىلغىن، ئالدى ۋە كەينى تەرىپىمنى نۇر قىلغىن، ۋە ماڭا ئاتا قىلغان نۇرۇڭنى كاتتا قىلغىن)[بۇخارى]

### مەسچىتكە كىرىۋېتىپ ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ]

( ئى ئاللا! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن)[مۇسلىم]

[ "بِسْمِ اللهِ وَالسَّلَامُ عَلَى رَسُولِ اللهِ" رَبِّ اغْفِرْلِي ذُنُوبِي وَافْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ]

(ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللانىڭ رەسۇلى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) سالام، پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت دەرۋازىلىرىڭنى ئېچىۋەتكىن)[تىرمىزى]

### مەسچىتتىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ]

(ئى ئاللا! پەزلى - مەرھەمىتىڭنى تىلەيمەن)[مۇسلىم]

[ "بِسْمِ اللهِ وَالسَّلَامُ عَلَى رَسُولِ اللهِ" رَبِّ اغْفِرْلِي ذُنُوبِي وَافْتَحْ لِي أَبْوَابَ فَضْلِكَ ]

(ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللانىڭ رەسۇلى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) سالام، پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا پەزلىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن )[تىرمىزى]

## روزىدار ۋە ئىپتار قىلغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسى

### روزا تۇتقان كىشى ئىپتار قىلغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

[اَللّٰهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلَى رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ]

(ئى ئاللا! سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، سېنىڭ بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ئىپتار قىلدىم)[ئەبۇ داۋۇد]

### ئىپتار ئاياغلاشقاندا ئىپتار بەرگۈچى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

[أَفْطَرَ عِنْدَكُمُ الصَّائِمُونَ وَأَكَلَ طَعَامَكُمُ الْأَبْرَارُ وَصَلَّتْ عَلَيْكُمُ الْـمَلَائِكَةُ]

(روزا تۇتقۇچىلار سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلاردا ئىپتار قىلدى، تامىقىڭلارنى ياخشىلار يېدى پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلدى)[ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە نەسەئى]

### روزا تۇتقان ئادەم كۆڭلىگە كەلگۈدەك گەپ ئاڭلىغاندا دەيدىغان سۆز

[إِنِّي أَنَا صَائِمٌ إِنِّي أَنَا صَائِمٌ]

(مەن روزىدۇرمەن، مەن روزىدۇرمەن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## شەبى قەدر كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: ئى رەسۇلۇللا! مەن شەبى قەدرى كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئۇ كېچىسى نېمە دەيدىغانلىقىمنى دەپ بەرسەڭ؟» دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«[ اَللَّهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ كَرِيمٌ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي](ئى ئاللا! سەن كەچۈرگۈچى كەرەملىك زاتسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرسەن، مېنى كەچۈرگىن!) دېگىن - دېدى»[تىرمىزى]

## يېڭى چىققان ئاينى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[ اَللَّهُمَّ أَهْلِلْهُ عَلَيْنَا بِالْيُمْنِ وَالْإِيْمَانِ وَالسَّلاَمَةِ وَالْإِسْلاَمِ رَبِّي وَرَبُّكَ اللهُ ]

(ئى ئاللا! بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت، ئىمان، سالامەتلىك ۋە ئىسلام ئىبىي قىلغىن.(ئى ئاي!) مېنىڭمۇ، سېنىڭمۇ رەببىڭ ئاللادۇر) [تىرمىزى]

## ھەج مەۋسۇمىگە خاس دۇئالار

## ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىش دۇئاسى

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أُرِيْدُ الْحَجَّ فَيَسِّرْهُ لِي وَتَقَبَّلْهُ مِنِّي]

(ئى ئاللا! مەن ھەجنى ئىرادە قىلدىم، ھەجنى ماڭا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن)[]

## تەلبىيە دۇئاسى

[لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ لَبَّيْكَ لاَشَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْـمُلْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ]

(مەن ھازىر بولدۇم، ئى ئاللا! مەن ھازىر بولدۇم، مەن ھازىر بولدۇم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىك يوقتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭىلا خاستۇر، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىك يوقتۇر) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## مەككە ۋە مەسجىدى ھەرەمنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلاَمُ وَمِنْكَ السَّلاَمُ فَحَيِّنَا رَبَّنَا بِالسَّلاَمِ، اَللَّهُمَّ زِدْ هَذَا الْبَيْتَ تَشْرِيفًا وَتَعْظِيمًا وَتَكْرِيمًا وَمَهَابَةً وَزِدْ مَنْ حَجَّهُ أَوِ اعْتَمَرَهُ تَكْرِيمًا وَتَشْرِيفًا وَتَعْظِيمًا وَبِرًّا]

(ئى ئاللا! سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىنچلىق- ئامانلىق زادى سەندىن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! تىنچلىق ئىچىدە ياشاتقىن. ئى ئاللا! بۇ ئۇلۇغ ھەرەمنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك قىلغىن، بۇ جايدا ھەق ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ شەرىپىنى، ھۆرمىتىنى، ياخشىلىقىنى ۋە ساۋابلىرىنى زىيادە قىلغىن)[بەيھەقى]

## رۇكنى يەمانى بىلەن ھەجەرى ئەسۋەد ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ]

(پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن)[201]سۈرە بەقەر]

## كەئبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ قَنِّعْنِي بِمَا رَزَقْتَنِي وَبَارِكْ فِيْهِ وَاخْلُفْ عَلَيَّ كُلِّ غَائِبَةٍ لِي بِخَيْرٍ]

(ئى ئاللا! ماڭا بەرگەن رىزقىڭغا مېنى قانائەت ھاسىل قىلدۇرغىن، رىزقىمدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، قولۇمدىن كېتىپ ئېرىشىشىم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئورنىنى ماڭا ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن)[ئىبنى خۇزەيمە]

### تاۋاب قۇدۇم (قەدەم كەلتۈرۈش تاۋابى)دىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْـمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيْتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَيَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَلاَ نَعْبُدُ إِلاَّ إِيَّاهُ مُخْلِصِيْنَ لَهُ الدِّيْنَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ]

(يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت ئاللاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، ئاللا مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئاللا ھەمىشە تىرىكتۇر، ئۇنىڭغا ئۆلۈم يۈزلەنمەيدۇ، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دىنىمىزنى شېرىكتىن ساپ قىلغان ھالدا ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىمىز، كۇپپارلار بۇنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ) بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللا ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، (قارشى كەلگەن جامائەلەرنى) يالغۇز مەغلۇپ قىلدى)[مۇسلىم]

### سەفا –مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلغاندا ئىككى يېشىل چىراغ ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ أَنْتَ الْأَعَزُّ الْأَكْرَمُ]

(پەرۋەردىگارىم، مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ غالىب، ئەڭ ھۆرمەتلىكسەن)[]

### ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ اجْعَلْ فِي بَصَرِى نورًا وَفِي سَمْعِي نَورًا واجْعَلْنِي مِمَّنْ تُبَاهِي بِهِ مَلآئِكَتَكَ اَللَّهُمَّ اشْرَحْ لِي صَدْرِى وَيَسِّرْلِي أَمْرِي اَللَّهُمَّ إِنَّكَ تَسْمَعُ كَلاَمِي وَتَرَى مَكَانِي وَتَعْلَمُ سِرِّي وَعَلاَنِيَتِي لاَيَخْفَى عَلَيْكَ شَيْءٌ مِنْ أَمْرِي أَنَا الْبَائِسُ الْفَقِيْرُ الْـمُسْتَغِيْثُ الْـمُسْتَجِيْرُ الْـمَعْرُورُ أَسْأَلُكَ مَسْأَلَةَ الْـمِسْكِيْنِ وَأَبْتَهِلُ إِلَيْكَ ابْتِهَالَ الْـمُذْنِبِ الذَّلِيْلِ وَأَدْعُوكَ دُعَاءَ الْخَائِفِ الْحَقِيْرِ مَنْ خَضَعَتْ لَكَ رَقَبَتُهُ وَفَاضَتْ لَكَ عَيْنَاهُ وَرَغِمُ لَكَ أَنْفُهُ لاَتَجْعَلْنِي بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا وَكُنْ بِي رَؤُوْفًا رَحِيمًا يَاخَيْرَ مَسْئُولٍ وَيَا أَكْرَمَ مَأْمُولٍ]

(ئى ئاللا! مېنىڭ كۆزۈمنى ۋە قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى سېنىڭ پەرىشتىلىرىڭگە ئۆزۈڭ پەخرىي قىلىدىغانلارنىڭ قاتارىدا قىلغىن، ئى ئاللا! مېنىڭ كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن، ئىشىمنى ئاسان قىل، ئى ئاللا! سەن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇرىسەن، تۇرغان يېرىمنى كۆرۈپ تۇرىسەن، مېنىڭ ئىچ - تېشىمنى بىلىسەن، مېنىڭ ھېچبىر ئىشىم سەندىن يوشۇرۇن ئەمەس، مەن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان موھتاج بەندىمەن. مەن ساڭا پەرياد قىلغۇچى، پاناھىڭغا ئۆزىنى ئالغۇچى ئالدانغان قولۇڭمەن، مىسكىن بەندەڭگە ئوخشاش سەندىن تىلەيمەن، ساڭا خار گۇناھكار بەندەڭگە ئوخشاش نالە قىلىمەن، مەن ساڭا قورقۇمسىراپ تۇرغان ئەرزىمەس بەندەڭگە ئوخشاش دۇئا قىلىمەن، ئۇ شۇنداق بەندەڭكى، ئۇنىڭ بويىنى ساڭا ئېگىلگەن، ئىككى كۆزى سەن ئۈچۈن ئاققان، سېنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرنى توپىغا مىلەنگەن. ئى ئاللا! مېنى بۇ تەلىپىمدە مەھرۇملاردىن قىلمىغىن، سەن ئۆزۈڭ ماڭا مېھرىبان، مەرھەمەتلىك بولغىن، ئى ئەڭ ياخشى ھاجەت راۋا قىلغۇچى ۋە كەرەملىك زات!)[]

### شەيتانغا تاش ئاتقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللهُ أَكْبَرُ اَللَّهُمَّ اجْعَلْهُ حَجًّا مَبْرُورًا أَوْ ذَنْبًا مَغْفُوْرًا]

(ئاللا ئۇلۇغدۇر، ئى ئاللا! ھەجىمنى مەقبۇل ھەج قىلغايسەن، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن)[]

### زەمزەم سۈيى ئىچكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَ رِزْقًا وَاسِعًا وَشِفَاءً مِنْ كُلِّ دَاءٍ]

(ئى ئاللا! مەن سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى، كەڭ رىزقنى ۋە ھەر كېسەلدىن شىپالىقنى تىلەيمەن)[]

## مال بوغۇزلىغاندا ئېيتىلىدىغان تەكبىر

[بِسْمِ اللهِ وَاللهُ أَكْبَرُ]

(ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن، ئاللا ئەڭ ئۇلۇغدۇر) [ئەھمەد]

## تۈرلۈك ھاللاردا ۋە چاغلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالار

### توينى مۇبارەكلىگەندە ۋە قىزنى كۆچۈرۈپ ئەپ ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[بَارَكَ اللهُ لَكَ وَبَارَكَ عَلَيْكَ وَجَمَعَ بَيْنَكُمَا فِي خَيْرٍ]

(سىزگە مۇبارەك بولسۇن، ئاللا سىلەرگە تەۋە نەرسىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن ۋە ئىككىڭلارنى ياخشىلىق ئىچىدە بىرلەشتۈرسۇن)[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ اجْعَلْ هَذِهِ الوُصْلَةُ الْـمُبَارَكَ ذَرِيْعَةَ إِلَى السَّعَادَةِ الدَّارَيْنِ وَوَسِيْلَةُ إِلَى مُوَافِقَةِ الزَّوْجَيْنِ وَأَلِّفْ بَيْنَهُمْ كَمَا أَلَّفْتَ بَيْنَ عَائِشَةُ وَمُحَمَّدٌ سَيِّدِنَا وَفَاطِمَةُ وَعَلِي اَلْكَرَامُ يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ]

(ئى ئاللا! بۇ بىر جۈپنىڭ مۇبارەك باغلىنىشىنى ئىككى دۇنيا سائادەت بولۇشنىڭ باشلىنىشى قىلغايسەن! بۇ بىر جۈپنى خۇددى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، سەييىدەتۇ فاتىمە بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئىناق، ئىتتىپاق، بىر نىيەت بىر مەقسەتلىك قىلغايسەن، ئى ئەڭ مەرھەمەتلىك ئەڭ مېھرىبان رەھىمدىل ئاللا!)[]

### خوتۇن ياكى خىزمەتچى ياكى ئۇلاغ ئالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ وَأَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّهَا وَمِنْ شَرِّمَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ]

(ئى ئاللا! سەندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سەن ئۇنىڭ خاراكتېرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە سەن ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

### ئەر - ئايال يېقىنچىلىقىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولسا:[ بِسْمِ اللهِ اَللَّهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا](ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئى ئاللا! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، سەن بىزگە ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتىنمۇ شەيتاندىن يىراق قىلغىن) دېگەن دۇئانى ئوقۇسۇن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بالا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا شەيتان ھەرگىزمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

### يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا ئىسىم قويغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ طَوِّلْ عُمْرَهُ وَصَحِّحْ جَسَدَهُ وَوَسِّعْ رِزْقَهُ وَأَحْسِنْ خُلْقَهُ وَأُنْبُتْهُ نَبَاتًا حَسَنًا وَعَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ]

(ئى ئاللا! ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغايسەن، تېنىنى ساغلام قىلغايسەن، رىزقىنى كەڭ قىلغايسەن، خۇلقىنى، ئىستىلىنى ئېسىل قىلىپ، خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، ئۇنىڭ ئەسھابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ چوڭ قىلغايسەن)[]

### كىچىك بالىلارغا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لامَّةٍ]

( ئاللانىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن ئاللاغا سېغىنىپ ھەرقانداق شەيتاندىن، زەھەرلىك ھاشارەتتىن ۋە يامان كۆزدىن سىلەرنى ساقلىشىنى تىلەيمەن)[بۇخارى]

## چۈشكۈرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىرىڭلار چۈشكۈرسە [اَلْحَمْدُلله] (جىمى ھەمدۇسانا ئاللا خاستۇر)دېسۇن، چۈشكۈرگەن كىشىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى ياكى ھەمراھى[يَرْحَمُكَ اللهُ](ئاللا ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېيىلسە، چۈشكۈرگەن قېرىندىشى[يَهْدِيكُمُ اللهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ](ئاللا سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن)دېسۇن [بۇخارى]

## سالام قىلىش

[اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ]

( ئاللانىڭ ئامانلىقى سىلەرگە بولسۇن)

[ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ]

( ئاللانىڭ ئامانلىقى ۋە رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن)

[ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ]

( ئاللانىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى سىلەرگە بولسۇن) [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

## غەيرى دىندىكىلەرنىڭ سالامىنى قانداق قايتۇرۇش كېرەك؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«سىلەرگە ئەھلى كىتاب(يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار)سالام قىلسا "وَعَلَيْكُمْ (سىلەرگىمۇ شۇنداق بولسۇن) دەڭلار» [بۇخارى]

## يېڭى كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچانكى يېڭى كىيىم كىيسە، مەيلى سەللە بولسۇن مەيلى كۆينەك، مەيلى تون بولسۇن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:[ اَللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ كَسَوْتَنِيهِ أَسْأَلُكَ خَيْرَهُ وَخَيْرَ مَا صُنِعَ لَهُ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ](ئى ئاللا! بارلىق مەدھىيە ساڭا خاستۇركى، ئۇ كىيىمنى ماڭا سەن كىيدۈردۈڭ، بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كىيىمنىڭ ياخشى ئىشلار ئۈچۈن تىكىلگەن بولۇشىنى سورايمەن ۋە بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇ كىيىمنىڭ يامان ئىشلارغا تىكىلگەن بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن) [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد]

## كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي كَسَانِي هَذَا الثَّوْبَ وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ]

(بۇ كىيىمنى ماڭا كىيگۈزگەن ۋە ئۇنى مېنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتىمسىز رىزىق قىلىپ بەرگەن ئاللاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن)[ئەبۇ داۋۇد]

## يېڭى كىيىم كىيگەن ئادەمگە قارىتا يېنىدىكى ئادەم ئوقۇيدىغان دۇئا

[إِلْبِسْ جَدِيْدًا وَعِشْ حَمِيْدًا وَمُتْ شَهِيْدًا]

(يېگىنى كىيگىن، ئابرۇيلۇق ياشىغىن ۋە ئۆلگەندە شېھىتلىك بولغىن)[ئىبنى ماجە]

## ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ أَحْسَنْتَ خَلْقِي فَأَحْسِنْ خُلُقِي]

(ئى ئاللا! مېنى چىرايلىق ياراتقىنىڭدەك ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن)[ئەھمەد]

## تائامدىن ئاۋۋال ئېيتىلىدىغان زىكىر

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:« تاماق يېگەندە ئالدى بىلەن[بِسْمِ اللهِ](ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەپ ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېگىن»دېدى[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر تائام يېيىش ئالدىدا:[بِسْمِ اللهِ](ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەڭلار، ئەگەر تائامدىن ئاۋۋال ئۇنۇتقان بولساڭلار، ئېسىڭلارغا كەلگەن ھامان:[بِسْمِ اللهِ فِي أَوَّلَهُ وَآخِرَهُ](ئاۋۋال ۋە ئاخىر ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەڭلار»[تىرمىزى]

## تائامدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

[ اَلْحَمْدُ للهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هَذَا، وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ]

(مېنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن ئاللاغا شۈكۈر)[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

[اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْـمُسْلِمِينَ]

(بىزنى ئوزۇقلاندۇرغا، بىزگە ئۇسسۇزلۇق بەرگەن، بىزنى مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن قىلغان ئاللاغا شۈكۈر)[ئەبۇ داۋۇد]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داستىخان يىغىلغاندا:[ اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ حَمْداً كَثِيراً طَيِّباً مُبَارَكاً فِيهِ غَيْرَ مَكْفِيٍّ وَلاَ مُوَدَّعٍ وَلاَ مُسْتَغْنَى عَنْهُ رَبَّنَا]

(كۆپ، پاك، بەرىكەتلىك بولغان ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، كىشىلەر شۇ ھەمدۇسانادىن نە كۆپايىلەنسۇن، نە بىھاجەت بولسۇن، ئى پەرۋەردىگارىمىز) دەيتتى[بۇخارى]

## مېھمانلارنىڭ ساھىبخانىغا قىلىدىغان دۇئاسى

[اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَـهُمْ فِيمَا رَزَقْتَهُمْ وَاغْفِرْ لَـهُمْ وَارْحَمْهُمْ]

(ئى ئاللا! ئۇلارغا ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ئۇلارغا رەھىم قىلغىن)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ أَطْعِمْ مَنْ أَطْعَمَنِي وَأَسْقِ مَنْ سَقَانِي]

(ئى ئاللا! مېنى غىزالاندۇرغاننى غىزالاندۇرغىن ۋە مېنى سۇغارغاننى سۇغارغىن)[مۇسلىم]

## كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ٤

[(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ اللّٰه بىردۇر [1] ھەممە اللّٰه قا موھتاجدۇر [2] اللّٰه بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3] ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4] سۈرە ئىخلاس] سۈرە ئىخلاس]

قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ ٤ وَمِن
شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ٥

[مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ( اللّٰه) غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن[1ـ5]سۈرە فەلەق] سۈرە فەلەق]

قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ٣ مِن شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ ٤ ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ
ٱلنَّاسِ ٥ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ٦

[ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ( اللّٰه) غا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن [1ـ6]سۈرە ناس] سۈرە ناس]

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ
عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ٢٥٥

[بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللّٰه نىڭ (مۈلكى) دۇر؛ اللّٰه نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللّٰه نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ اللّٰه ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللّٰه نىڭ مەلۇماتىدىن ( اللّٰه) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللّٰه نىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر [255]سۈرە بەقەر]

ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ
مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ٢٨٥ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ
وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ
مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ
ٱلۡكَٰفِرِينَ ٢٨٦

[پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه قا ۋە اللّٰه نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) « اللّٰه نىڭ

پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ [285] اللّٰه ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى) مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ [286] سۈرە بەقەر

## ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[ اَلْحَمْدُ لله الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَكَفَانَا وآوَانَا فَكَمْ مِمَّنْ لاَ كَافِيَ لَهُ وَلاَ مُؤْوِيَ]

(بىزنى ئوزۇقلاندۇرغان، ئۇسسۇزلۇق بەرگەن، بىزگە كۇپايە قىلغان، بىزگە ئورۇن بەرگەن ئاللاتائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. دۇنيادا نۇرغۇن ئىنسانلار باركى، ئۇلارنىڭ غەمخورلۇق قىلغۇچىسىمۇ يوق، پاشپاناسىمۇ يوق) [مۇسلىم]

[سُبْحَانَ الله ]

(ئاللا پاكتۇر) 33 - قېتىم

[ اَلْحَمْدُلِـلَّهِ]

(جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر) 33 -قېتىم

[ اَللهُ أَكْبَرُ]

(ئاللا ئەڭ بۈيۈكتۇر) 33 -قېتىم[بۇخارى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنىغا كەلگەندە:[ بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ أَحْيَا وَأَمُوتُ](ئى ئاللا! ياشايدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ياشايمەن، ئۆلىدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ئۆلىمەن) دەيتتى[بۇخارى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچ كىرگەندە:[ اَللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا وَبِكَ أَمْسَيْنَا وَبِكَ نَحْيَا وَبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ النُّشُورُ](ئى ئاللا! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، قىيامەت كۈنى سەن تىرىلدۈرىسە) دەيتتى [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنىغا كەلگەن ۋاقتتا كۆرپىسىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچى تەرىپى بىلەن قېقىۋەتسۇن، چۈنكى كىشى ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا نېمىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇ كىشى :[بِاسْمِكَ رَبِّي وَضَعْتُ جَنْبِي وَبِكَ أَرْفَعُهُ إنْ أَمْسَكْتَ نَفْسِي فَارْحَمْهَا وَإِنْ أَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبَادَكَ الصَّالِـحِينَ](ئى رەببىم! سېنىڭ نامىڭ بىلەن يانپىشىمنى يەرگە قويدۇم، سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۇنى يەردىن كۆتۈرىمەن، ئەگەر سەن مېنى قەبزى روھ قىلساڭ، ماڭا رەھىم قىلغىن، ئەگەر مېنى ھايات قالدۇرساڭ، ياخشى بەندىلىرىڭنى ساقلايدىغان نەرسە بىلەن ساقلىغىن) دېسۇن[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنَّكَ خَلَقْتَ نَفْسِي وَأَنْتَ تَوَفَّاهَا لَكَ مَمَاتُهَا وَمَحْيَاهَا إِنْ أَحْيَيْتَهَا فَا حْفَظْهَا وَإِنْ أَمَتَّهَا فَاغْفِرْلَـهَا اَللَّهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ الْعَافِيَةَ]

(ئى ئاللا! جېنىمنى سەن ياراتتىڭ، ئۇنى يەنە سەن ئالىسەن. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى ساڭا ئائىتتۇر. ئەگەر جېنىمنى ھايات قويماقچى بولساڭ ئۇنى ساقلىغىن، ئەگەر ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللا! مەن سېنىڭدىن ئامانلىق

تىلەيمەن) [مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلىماقچى بولسا ئوڭ قولىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ: [ اَللَّهُمَّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ ](ئى ئاللا! مېنى، بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان كۈندىكى ئازابىڭدىن ساقلىغىن)دەيتتى[تىرمىزى]

( ئى پالانچى! سەن ياتىدىغان چېغىڭدا: [ اَللَّهُمَّ أَسْلَمتُ نَفْسِي إِلَيْكَ وَفَوَّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ وَوَجَّهْتُ وَجهِي إِلَيْكَ وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ لاَ مَلْجَأَ وَلاَ مَنْجَا مِنْكَ إِلاَّ إِلَيْكَ آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ وَنَبِيِّكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ] (ئى ئاللا! ئۆزۈمنى سېنىڭ ھۆكمىڭگە بويسۇندىغان قىلدىم. ئۆزۈمنى ۋە جىمى ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. سېنىڭ ئازابىڭدىن قورقۇپ، ساۋابىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ساڭا ئىلتىجا قىلىپ يۈلەندىم. سېنىڭ نازىل قىلغان كىتابىڭغا ۋە سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئۇيقۇ قاچقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇيقۇسىزلىقتىن شىكايەت قىلسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: [ اَللَّهُمَّ غَارَتِ النُّجُومُ وَهَدَأَتِ الْعُيُونُ وَأَنْتَ حَيٌّ قَيُّومٌ لاَ تَأْخُذُكَ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ يَاحَيُّ يَاقَيُّومُ أَهْدِيءْ لَيْلِي وَأَنِمْ عَيْنِي](ئى ئاللا! يۇلتۇزلار تارىدى، كۆزلەر ئۇيقۇغا كەتتى، سەن بولساڭ ھەمىشە تىرىك تۇرىسەن، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىسەن، سەن مۈگدەپ قالمايسەن، سېنى ئۇيقا باسمايدۇ، ئى ھەمىشە تىرىك زات! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات! كېچىدە مېنى جىمجىت قىلغىن، كۆزۈمنى ئۇيقۇغا كەتكۈزگىن) دېگىن،- دېدى. زەيد ئىبنى سابىت: مەن شۇنداق قىلغۇدىم ئاللاتائالا مەندىن ئۇيقۇسىزلىقنى كەتكۈزدى - دېدى» [ئىبنى سۇننى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدكە ئۇيقۇسىزلىق بىئارام قىلغاندا مۇنداق دېيىشنى ئۆگىتىپ قويىقان: [ اَللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَوَاتِ السَّبْعِ وَمَا أَظَلَّتْ وَرَبَّ الْأَرْضِيْنَ وَمَا أَقَلَّتْ وَرَبَّ الشَّيَاطِيْنِ وَمَا أَضَلَّتْ كُنْ لِي جَارًا مِنْ شَرِّ خَلْقِكَ كُلِّهُمْ جَمِيعًا أَنْ يَفْرُطَ عَلَيَّ أَحَدٌ مِنْهُمْ أَوْ أَنْ يَطْغَى عَزَّ جَارُكَ وَجَلَّ ثَنَاءُكَ](ئى سايە تاشلاپ تۇرغان يەتتە قات ئاسماننىڭ، ئۆز قوينىغا ئالىدىغان زېمىننىڭ، (كىشىلەرنى) ئازدۇرىدىغان شەيتانلارنىڭ) پەرۋەردىگارى ماڭا، بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇلاردىن بىرەر سېنىڭ ماڭا يولسۇزلۇق قىلىشى ۋە ھەددىدىن ئېشىشىغا قارىتا ئۆزۈڭ باش پاناھ بولغىن، سېنىڭ پاناھلىقىڭ بۈيۈكدۇر ۋە ساڭا (ئېيتىلىدىغان) سانالار ئۇلۇغدۇر][تىرمىزى ۋە تىبرانى]

## قارا بېسىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَةِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونَ]

(ئاللانىڭ نۇقسانسىز كالامى قۇرئانغا سېغىنىپ ئاللانىڭ غەزىپىدىن، بەندىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن) [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

## ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇخلاپ)(يەنى ئەتىگەن ياكى كەچتە)ئويغانغاندا: [ اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَمَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ ](جىمى مەدھىيە بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان ئاللاغا مەنسۇپ، ھەممە ئاللا تەرەپكە قايتىدۇ)دەيتتى[بۇخارى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقاندا: [ اَللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا وَبِكَ أَمْسَيْنَا وَبِكَ نَحْيَا وَبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ

النُّشُورُ](ئى ئاللا! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، قىيامەت كۈنى سەن تىرىلدۈرىسە) دەيتتى[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

[اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ الَّذِى عَافَانِي فِي جَسَدِي وَرَدَّ عَلَيَّ رُوحِي وَأَذِنَ لِي بِذِكْرِهِ]

(تېنىمنى ساق قىلغان، جېنىمنى ماڭا قايتا ئاتا قىلغان ۋە ئۆزىنى ياد ئېتىشىم ئۈچۈن ماڭا پۇرسەت بەرگەن ئاللاغا شۈكۈر ئېيتىمەن) [تىرمىزى]

[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ لَهَ الْـمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ سُبْحَانَ اللهِ وَ الْحَمْدُ لِـلَّهِ وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ]

(يالغۇز ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاغا مەنسۇپ، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئاللا پاكتۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا ئەڭ ئۇلۇغدۇر، ئاللانىڭ مەددىتى بولمىسا، ھېچقانداق كۈچ - قۇۋۋەت، چارە - تەدبىر كارغا كەلمەيدۇ، ئى ئاللا! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن)[بۇخارى]

### ”تىچ قوپۇپسىزمۇ؟“ دېيىلگەندە، دېيىلىدىغان دۇئا

[أَصْبَحْتُ بِخَيْرٍ أَحْمَدُاللهَ]

(ياخشى تۇردۇم، ئاللاتائالاغا شۈكۈر قىلىمەن)[ئىبنى ماجە]

### كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«[ اَللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَأَبُوءُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ](ئى ئاللا! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن، ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن) دېگەن كىشى كاتتا ئىستىغفار ئېيتقان بولىدۇ. كىمكى، بۇ دۇئانى ئىخلاس بىلەن كۈندۈزى ئوقۇپ، ئاندىن كەچ كىرگۈچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ. كىمكى، ئۇنى ئىخلاس بىلەن كېچىسى ئوقۇپ، ئاندىن تاڭ ئاتقۇچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ» [بۇخارى]

### ئەتىگەندە ۋە ئاخشىمى ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

[ اَللَّهُمَّ عَالِـمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَّرِّ نَفْسِي وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكِهِ وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ]

( ئى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، ھەممە شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى ئاللا! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ قاپقىنىدىن، ئۆز نەپسىمگە بىرەر يامانلىق كەلتۈرۈپ قويۇشۇمدىن ياكى بىر مۇسۇلمانغا بىرەر يامانلىق كەلتۈرۈپ قويۇشۇمدىن پاناھ تىلەيمەن )[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«بىرەر بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە ھەر كۈنى ئاخشامدا:[ بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ](ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئاللانىڭ ئىسمى بار يەردە زېمىن ۋە ئاسماندىكى ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاتائالا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر) دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

[اَللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي مِنْ نِعْمَةٍ أَوْ بِأَحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ فَمِنْكَ وَحْدَكَ لاَشَرِيكَ لَكَ فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ ]

(ئى ئاللا! ماڭا ياكى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىگە بېرىلگەن ھەرقانداق نېمەت يالغۇز سەن تەرەپتىن بېرىلگەن بولىدۇ. شېرىك يوق، بەرگەن نېمىتىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز)[ئەبۇ داۋۇد]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئەتىگەن - ئاخشامدا:«[سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ](ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاتائالانى مەدھىيىلەيمەن)نى 100 قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى شۇ كىشىنىڭ دېگىنىنى دېگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق دېگەن ئادەمدىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەلنى ئەكېلەلمەيدۇ»[مۇسلىم]

## ئۆيدىن تالاغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[ بِسْمِ اللهِ تَوَكَّلتُ عَلَى اللهِ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَضِلَّ أَوْ أُضَلَّ أَوْ أَزِلَّ أَوْ أُزَلَّ أَوْ أَظْلِمَ أَوْ أُظْلَمَ أَوْ أَجْهَلَ أَوْ يُجْهَلَ عَلَيَّ]

(ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاتائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئى ئاللا! ئېزىپ كېتىشىمدىن، ئازدۇرۇلۇپ كېتىشىمدىن، تېيىلىپ كېتىشىمدىن ياكى تېيىلدۇرۇلۇشىمدىن، زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇم قىلىنىشتىن، نادانلىق قىلىشىمدىن ياكى ماڭا باشقىلارنىڭ نادانلىق قىلىپ قويۇشىدىن سېنىڭ بىلەن پاناھ تىلەيمەن) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[بِسْمِ اللهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ اَللَّهُمَّ إِنَّا نَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ نَزِلَّ أَوْ نَضِلَّ أَوْ نَظْلِمَ أَوْ نَجْهَلَ أَوْ يُجْهَلَ عَلَيْنَا]

(ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن ۋە ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا چىقىمەن. ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن، زۇلۇمغا ئۇچراشتىن، نادانلىق قىلىشتىن ۋە نادانلار قاتارىدا كۆرۈلۈشتىن پاناھ تىلەيمىز! ساڭا سېغىنىپ ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن)[تىرمىزى]

(كىمكى ئۆيدىن چىققاندا:[ بِسْمِ اللهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ](ئاللاتائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاتائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاتائالانىڭ مەددىتى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ) دېسە، ئۇ كىشىگە:« ھىدايەت قىلىندىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ ۋە قوغدالدىڭ» دېيىلىدۇ. شەيتان ئۇنىڭدىن يىراق بولىدۇ[ئەبۇ داۋۇد]

يەنە بىر رىۋايەتتە:(شەيتان يەنە بىر شەيتانغا: ھىدايەت قىلىنغان، كۇپايە قىلىنغان ۋە قوغدالغان ئادەمگە قانداقمۇ كۈچۈڭ يەتسۇن) دېيىلگەن

## بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْـمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ]

(يالغۇز ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر. بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ئۆلتۈرىدۇ ۋە تىرىلدۈرىدۇ. ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دېسە، ئاللا ئۇنىڭغا بىر مىليون ساۋاب يېزىپ، بىر مىليون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى بىر

مىليون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» [تىرمىزى]

## ئۆيگە كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[بِسْمِ اللهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللهِ خَرَجْنَا وَعَلَى اللهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا]

(ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن كىردۇق، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چىقتۇق ۋە پەرۋەردىگارىمىز ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدۇق)[ئەبۇ داۋۇد]

## كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ]

(نېئمەتى بىلەن ياخشى ئىشلار تاماملىنىدىغان ئاللاغا ھەمدۇسانا بولسۇن)[ئىبنى ماجە]

## ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[ اَلْحَمْدُ لِلَّهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ]

(ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاغا ھەمدۇسانا بولسۇن)[ئىبنى ماجە]

## شۇم پال ئاڭلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا شۇم پال ئېلىنغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ياخشى ئويدا بولۇش پالنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. يامان پال مۇسۇلماننى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن يالتايتقۇزمىسۇن. ئەگەر بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە:[ اَللَّهُمَّ لاَ يَأْتِي بِالْحَسَنَاتِ إِلاَّ أَنْتَ وَلاَ يَدْفَعُ السَّيِّئَاتِ إِلاَّ أَنْتَ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِكَ](ئى ئاللا! ياخشىلىقلارنى پەقەت سەنلا بېرىسەن ۋە يامانلىقلارنى پەقەت سەنلا دەپئى قىلىسەن. سېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭ ۋە مەددىتىڭسىز ھېچقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ) دېسۇن - دېدى»[ئەبۇ داۋۇد]

## غەزىپى قوزغالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

سۇلايمان ئىبنى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم. ئىككى ئادەم تىللىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەقىقەتەن مەن بىر سۆز بىلىمەنكى، ئۇ ئادەم ئۇنى ئېيتسا ئاچچىقى يانىدۇ. ئۇ بولسىمۇ:[ أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيطَانِ الرَّجِيمِ] (ئاللاغا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېگەندىن ئىبارەت»دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي ذَنْبِي وَأَذْهِبْ غَيْظَ قَلْبِي وَأَجِرْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ]

(ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئاچچىقىمنى ياندۇرغىن ۋە مېنى شەيتاندىن قۇتقۇزغىن)[]

## بىرەر مۇسۇلماننىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[أَضْحَكَ اللهُ سِنَّكَ]

(ئاللا سىزنى ھەمىشە مۇشۇنداق خوشال قىلسۇن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## بىراۋ"سىزنى ئاللا ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن" دېگەندە دېيىلىدىغان دۇئا

[أَحَبَّكَ الَّذِي أَحْبَبْتَنِي لَهُ]

(سىز مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن زات (ئاللا)سىزنىمۇ ياخشى كۆرگەي)[ئەھمەد]

### بىرەر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لَنَا وَلَهُ]

(ئى ئاللا! بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن)[مشكات]

### ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:«قانداق كىشىگە ياخشىلىق قىلىنسا، ئۇ كىشى ياخشىلىق قىلغۇچىغا[جَزَاكَ اللهُ خَيرًا](ئاللاتائالا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن) دىسە، ئاشۇرۇپ رەھمەت ئېيتقان بولىدۇ» [ترمىزى]

### بىرەر سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:« كىمكى بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ، ئۇ سورۇندا پايدىسىز سۆزنى كۆپ قىلغان بولسا، ئۇ سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن:[ سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ](ئى ئاللا! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، سېنى مەدھىيىلەيمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن) دىسە، ئۇنىڭ شۇ سورۇندىكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ [ترمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد]

### ئىماندا شەك پەيدا بولۇپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«ئاللاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەيدۇ»[بۇخارى]

رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَٰتِ ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٩٧﴾ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن يَحْضُرُونِ ﴿٩٨﴾

[پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن [97] پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن [98] سۈرە مۆئمىنۇن]

[أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ]

(ئاللاغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

[آمَنْتُ بِاللهِ وَرُسُلِهِ]

(ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردۇم) دەپ ئىمان يېڭىلايدۇ[مۇسلىم]
«شەك قىلغان نەرسىسىدىن توختايدۇ»[بۇخارى]

### مېۋە دەسلىۋىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِي ثَمَرِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِي مَدِيْنَتِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِي مُدِّنَا]

(ئى ئاللا! بىزگە مېۋىلىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، بىزگە يۇرتىمىزنى باياشات قىلىپ بەرگىن، بىزگە سالىرىمىز (ئۆلچەم بىرلىكىمىز)دا بەرىكەت بەرگىن، بىزگە مۇدلىرىمىز (ئۆلچەم بىرلىكىمىز)دا بەرىكەت بەرگىن) [مۇسلىم]

### قەرزدارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ يېنىغا بىر مۇكاتەب (يەنى خوجايىنىغا مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىپ، ئازاد بولۇشقا پۈتۈشكەن قۇل) كېلىپ: مېنىڭ ئازادلىققا چىقىشىمغا ياردەم بەرگىن! - دېگەنىدى، ئەلى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن دۇئاسىنى ئۆگىتىپ قوياي، شۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، سىر تېغىدەك قەرزىڭ بولسىمۇ، ئاللا ساڭا ياردەم بېرىپ، قەرزىڭنى ئادا قىلىدۇ. مانا مۇنداق دۇئا قىلغىن:[ اَللَّهُمَّ اكْفِنِي بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ وَأَغْنِنِي بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ](ئى ئاللا! ھارامدىن ساقلاپ، ھالال رىزىق بىلەن مېنى قانائەتلەندۈرگىن. پەزلى كەرەمىڭ بىلەن مېنى ھېچكىمگە موھتاج قىلمىغىن!) [تىرمىزى]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى مېنى كۆرمىگىنى ئۈچۈن، نامازدىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ: ئى مۇئاز! بۈگۈن سېنى كۆرمىدىمغۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن: ئى ئاللانىڭ رەسۇلى! بىر يەھۇدىيغا بىر ئۇقىيە ئالتۇن قەرزىم بار ئىدى، سېنىڭ يېنىڭغا ماڭسام، ئۇ كېلىپ مېنى مەشغۇل قىلىپ قويىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چىقالمىدىم- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى مۇئاز! ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي، ئەگەر ئۇ دۇئانى قىلساڭ، سۇبەير (يەمەندىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى) تېغىدەك قەرزىڭ بولسىمۇ، ئاللا ئۇنى تۆلىشىڭگە ياردەم قىلىدۇ. ئى مۇئاز! مۇنداق دۇئا قىل:[ اَللَّهُمَّ مَالِكَ الْـمُلْكِ تُؤْتِي الْـمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْـمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ تُولِجُ اللَّيْلَ فِي الْنَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْـمَيِّتِ وَتُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَنْ تَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ رَحْمَنَ الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَرَحِيمَهُمَا تُعْطِي مَنْ تَشَاءُ مِنْهُمَا وَتَـمْنَعُ مَنْ تَشَاءُ اِرْحَمْنِي رَحْمَةً تُغْنِينِي بِهَا عَنْ رَحْمَةِ مَنْ سِوَاكَ](ئى ئاللا! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن. خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن. جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن. ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن. ئى ئاللا! دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ رەھمان ۋە رەھىمى سەن. بۇ ئىككىسىدىن خالىغىنىڭنى بېرىسەن، خالىغىنىڭنى بەرمەيسەن. ماڭا باشقىلارنىڭ مەرھەمىتىگە موھتاج قىلمايدىغان رەھمەت ئاتا قىلغىن) [ئەلكەبىر ۋە تىبرانى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قېشىمغا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ، مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ماڭا ئۆگۈتۈپ قويغان بىر دۇئاسىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى. مەن: ئۇ قايسى دۇئا؟ دېسەم، ئەبۇ بەكرى: ئۇ ئىسا ئىبنى مەريەم ئۆز ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن دۇئا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئەگەر بىرەرىسىڭلارنىڭ تاغدەك ئالتۇن قەرزى بولسىمۇ شۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىتىپ بېرىدۇ» دېگەن. ئۇ:[ اَللَّهُمَّ فَارِجَ الْهَمِّ كَاشِفَ الْغَمِّ مُجِيْبَ دَعْوَةِ الْـمُضْطَرِّيْنَ رَحْمَنَ الدُّنْيَا وَالْأَخِرَةِ وَرَحِيْمَهُمَا أَنْتَ تَرْحَمُنِي فَارْحَمْنِي بِرَحْمَةٍ تُغْنِينِي بِهَا عَنْ رَحْمَةِ مَنْ سِوَاكَ](ئى غەم- قايغۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى ئاللا! بېشىغا كۈن كەلگەنلەر دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەپقەت قىلغۇچى، مېھرىبان زات، سەن ماڭا رەھىم قىلغۇچىسەن، ماڭا شۇنداق رەھىم قىلغىنكى، سېنىڭ قىلغان رەھمىتىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ رەھىم قىلىشىغا ھاجىتىم چۈشمىگەي)دېگەن دۇئا. مەن شۇ دۇئا بىلەن ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىۋىدىم، ئاللاتائالا ماڭا كۆپلىگەن مەنپەئەتلەرنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن قەرزلىرىم تۆگىدى، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى؛ مەن شۇ دۇئا بىلەن ئاللاغا دۇئا قىلدىم، ئۇزاق ئۆتمەي ئاللاتائالا رىزىق ئاتا قىلدى، ئۇ ماڭا بىرىلگەن سەدىقىمۇ ئەمەس ۋە مەن ۋارىسلىق قىلغان مىراسمۇ ئەمەس ئىدى. ئاللاتائالا مېنىڭ قەرزلىرىمنى تۆگىتىۋەتتى، ئائىلەمدىكىلەرگە (ئاللا بەرگەن شۇ رىزىقتىن) خېلى ئوبدان تەقسىملەپ بەردىم، ئابدۇراھماننىڭ قىزىغا كۈمۈشتىن ئۈچ ئۇقى (120 دەرھەم) ئەۋەتىپ بەردىم، بىزگىمۇ خېلى جىق ئاشتى»[بەزار ۋە ھاكىم]

[اَللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَوَاتِ السَّبْعِ وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ مُنْزِلَ التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ فَالِقَ الْحَبِّ

وَالنَّوى أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ أَنْتَ آخِذُ بِنَاصِيَتِهِ أَنْتَ الْأَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ وَأَنْتَ الْآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ وَأَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ وَأَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ اِقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ وَأَغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ]

(يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ئى ئاللا! تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئانلارنى نازىل قىلغۇچى ساڭا سېغىنىپ، سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ئەۋۋەلسەن، سەندىن بۇرۇن ھېچ نەرسە بولغان ئەمەس، سەن ئاخىرسەن، سەندىن كېيىن بىر نەرسە بولمايدۇ، سەن ئاشكارادۇرسەن، سېنىڭدىن ئۈچۈق شەيئىي يوق، سەن مەخپىيدۇرسەن، سېنىڭدىن مەخپى شەيئىي يوق، مېنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، مېنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزۇپ باي قىلغىن)[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ غەم- قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قەرزنىڭ بېسۋېلىشىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ خورلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الْعَدُوِّ وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ]

(ئى ئاللا! مەن قەرزىمنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن، دۈشمىنىمنىڭ ئۈستۈن كېلىشىدىن ۋە دۈشمىنىمنىڭ سۆيۈنۈشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)[نەسەئى]

### ھاجەت دۇئاسى

[لاإِلَهَ إِلاَّ اللهُ الْحَلِيْمُ الْكَرِيْمُ سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ أَسْأَلُكَ مُوجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالْعِصْمَةَ مِنْ كُلِّ ذَنْبٍ وَالْغَنِيمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالسَّلاَمَةَ مِنْ كُلِّ إِثْمٍ اَللَّهُمَّ لاَ تَدَعْ لَنَا ذَنْبًا إِلاَّ غَفَرْتَهُ وَلاَ هَمًّا إِلاَّ فَرَّجْتَهُ وَلاَ حَاجَةً هِيَ لَكَ رِضًا إِلاَّ فَرَّجْتَهَا يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ ]

(بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ تولىمۇ ھەلىمدۇر، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللا بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاغا خاستۇر. ئى ئاللا! سېنىڭدىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى، مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان تەۋبىنى، مېنى ھەر قانداق گۇناھتىن ساقلىشىڭنى، پۈتۈن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرىشىڭنى ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ئامان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللا! مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بارلىق قىينچىلىقلىرىمنى ھەل قىلىپ بەرگىن ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىشىم ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان ھەرقانداق ھاجەتلىرىمنى رازا قىلىپ بەرگىن ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى بولغان ئاللا!)ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئائىت خالىغان ھاجەتلىرىنى سورايدۇ[تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە]

### ئىستىخارە دۇئاسى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىخارە قىلىشنى بىزگە خۇددى «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: سىلەردىن بىر كىم بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، پەرزدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن:[ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيْمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلاَ أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ اَللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الْأَمْرَ خَيْرٌ لِي فِي دِيْنِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ وَإِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ

هَذَا الْأَمْرَ شَرٌّ لِي فِي دِيْنِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ أَرْضِنِي بِهِ](ئى ئاللا! ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن. شۇنى قىلىشقا ماڭا قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ - قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن. سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. چۈنكى، ھەممىگە سەن قادىرسەن. مەن قادىر ئەمەسمەن. ھەممىنى سەن بىلىسەن. مەن بىلمەيمەن. ھەممە غەيب ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ. ئى ئاللا! ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئىشمىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن. ماڭا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئاندىن شۇ ئىشتا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن. ياخشىلىق قەيەردە بولسۇن، ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن مېنى مەمنۇن قىلغىن) [بۇخارى]

سەئد ئىبنى ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالاغا ئىستىخارە سالىدىغان كىشى ئادەم بالىلىرىنىڭ بەختلىكلىرىدىندۇر» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا ۋە ھاكىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئاللاغا ئىستىخارە سېلىشنى تەرك ئەتكەن كىشى ئادەم بالىلىرىنىڭ بەختسىزلىرىدۇر» دېيىلگەن.

## سەپەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوَى وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَى اَللَّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذَا وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَه اَللَّهُمَّ أَنْتَ الصَّاحِبُ فِي السَّفَرِ وَالْخَلِيفَةُ فِي الْأَهْلِ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ وَكَابَةِ الْـمُنْقَلَبِ وَسُوءِ الْـمَنْظَرِ فِي الْأَهْلِ وَالْـمَالِ]

(ئى ئاللا! بۇ سەپىرىمىزدە سېنىڭدىن ياخشىلىق بىلەن تەقۋالىقنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەلنى تىلەيمىز. ئى ئاللا! بىزگە بۇ سەپىرىمىزنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ مۇساپىسىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللا! سەن سەپەردە ھەمراھ، ئەھلىمىزدە ئورۇنباسارسەن. ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ سەپىرىمىزنىڭ زورلۇقىدىن، چىرايىمىنىڭ سارغىيىشىدىن، ئائىلەمگە ۋە پۇل - مېلىمغا زىيان - زەخمەت يېتىشىدىن پاناھ تىلەيمەن)[مۇسلىم]

## سەپەرگە چىققۇچىنى ئۇزاتقۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا

[أَسْتَوْدِعُ اللهَ دِينَكَ وَأَمَانَتَكَ وَخَوَاتِيمَ عَمَلِكَ]

(دىنىڭنى، ئىشەنچىڭنى ۋە ئىشىڭنىڭ تۈگەنچىسىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم)[تىرمىزى]

## سەپەرگە چىققۇچى ئۇزاتقۇچىلارغا قارىتا ئوقۇيدىغان دۇئا

[أَسْتَوْدِعُكُمُ اللهَ الَّذِي لَا تَضِيعُ وَدَائِعُهُ]

(تاپشۇرۇلغان شەيئىلەر زايە بولۇپ كەتمەيدىغان ئاللاغا سىلەرنى تاپشۇردۇم)[ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد]

## يۇقىرىغا چىققاندا ۋە تۆۋەنگە چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان زىكىر

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللا ۋە قوشۇنلىرى ئېگىزلىكلەرگە چىققان چاغدا[اَللهُ أَكْبَرُ](ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ)دەيتتۇق. پەسكە چۈشسەك [سُبْحَانَ اللهِ](ئاللا پاكتۇر) دەيتتۇق[بۇخارى]

## سەپەردىن قايتىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەردىن قايتىپ، مەدىنىگە

يېقىن كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:[ آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ](بىز قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلارمىز) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى مەدىنىگە كىرگۈچە ئوقۇپ تۇردى» [مۇسلىم]

## ئۇلاغقا مىنگەندە، ماشىنا ۋە ئايروپىلان قاتارلىقلارغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَـمُنْقَلِبُونَ]

( بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز) [12 -14] سۈرەزۇخرۇف]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقىپ تۆگىسىگە مىنگەندە، ئۈچ قېتىم تەكبىر [اَللهُ أَكْبَرُ]( ئاللا ئەڭ بۈيۈكتۇر) ئېيتاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى:[ سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَـمُنْقَلِبُونَ اَللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوَى وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَى اَللَّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذَا وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَهُ اَللَّهُمَّ أَنْتَ الصَّاحِبُ فِي السَّفَرِ وَالْخَلِيفَةُ فِي الْأَهْلِ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ وَكَآبَةِ الْـمَنْظَرِ وَسُوءِ الْـمُنْقَلَبِ فِي الْـمَالِ وَالْأَهْلِ وَالْوَلَدِ](بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. ئى ئاللا! سەندىن مۇشۇ سەپىرىمىزدە ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق سورايمىز ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى سورايمىز. ئى ئاللا! بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىزنى ئاسان قىلغايسەن ۋە ئۇنىڭ يىراقلىقىنى يېقىن قىلغايسەن. ئى ئاللا! بۇ سەپىرىمىزنىڭ ئىگىسى ۋە ئەھلىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى سەندۇرسەن. ئى ئاللا! سەن بىلەن سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن ۋە سەپەردىن قايتقاندا مال، ئەھلى - ئايال، باللىرىمىزنىڭ يامان كۆرۈنۈشىدىن، يامان ھالىتىدىن پاناھ تىلەيمەن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا يۇقىرىقى دۇئالارنى ئوقۇپ، بولۇپ، ئارقىدىن يەنە:[ آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ](بىز قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇ ئېيتقۇچىلارمىز) دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياتتى»[مۇسلىم]

[اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ اَللهُ اَكْبَرُ اَللهُ اَكْبَرُ اَللهُ اَكْبَرُ سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْلِي فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ]

(جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، ئاللا ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ئاللا ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ئاللا ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ئى ئاللا! سەن پاكتۇرسەن، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، شۈبھىسىزكى، گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوق)[تىرمىزى]

## دېڭىزدا قاتنىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

بِسۡمِ ٱللَّهِ مَجۡرٜىٰهَا وَمُرۡسَىٰهَآۚ إِنَّ رَبِّي لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٤١﴾ : وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦ وَٱلۡأَرۡضُ جَمِيعٗا قَبۡضَتُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُ مَطۡوِيَّٰتُۢ بِيَمِينِهِۦۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٦٧﴾

[كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [41] سۈرە ھۇد][ئۇلار اللّٰه نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللّٰه نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللّٰه نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، اللّٰه ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر [67] سۈرە زۇمەر]

## سەپەردە كېتىۋېتىپ كەچ كىرىپ قالسا، ئوقۇلىدىغان دۇئا

[يَا أَرْضُ رَبِّي وَرَبُّكِ اللهُ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شَرِّكِ وَشَرِّ مَا فِيكِ وَشَرِّ مَا خُلِقَ فِيكِ وَشَرِّ مَا يَدِبُّ عَلَيْكِ وَأَعُوذُ بِكَ

مِنْ شَرِّ أَسَدٍ وَأَسْوَدٍ وَمِنَ الْحَيَّةِ وَالْعَقْرَبِ وَمِنْ سَاكِنِ الْبَلَدِ وَمِنْ وَالِدٍ وَمَا وَلَدَ]

(ئى زېمىن، سېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئاللادۇر. ئاللانىڭ نامى بىلەن سېنىڭ ۋە سەندىكى نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن، سەندىن يارىتىلغان نەرسىنىڭ ۋە سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئۆمىلىگۈچىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. يولۋاسنىڭ، چوڭ قارا يىلاننىڭ، بارلىق يىلان- چايانلاردىن، شەھەردە ماكانلاشقۇچىلاردىن، ئىبلىس ۋە بارلىق شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

## سەپەردە ۋە باشقا ۋاقىتتا ئۆيگە ۋە بىر يەرگە چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:« ئى رەسۇلۇللا! كېچە مېنى چايان چېقىۋالدى» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:[ أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ](ئاللاتائالانىڭ نۇقسانسىز مۇكەممەل كالامى بولغان قۇرئانغا سېغىنىپ، ئاللاتائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېگەن دۇئانى ئوقۇغان بولساڭ، ئۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى، ئەمەسمۇ؟- دېدى»[مۇسلىم ۋە مالىك ۋە تىرمىزى]

خەۋلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:«كىمكى بىرەر ئورۇنغا چۈشۈپ[أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ](نۇقسانسىز، مۇكەممەل كالامۇللاھقا سېغىنىپ، ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېسە، ئۇ كىشى مۇشۇ جايدىن كەتكۈچە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان- زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ» [مۇسلىم]

## دېشۋارچىلىقتا (ئېغىرچىلىقتا) يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىشۋارلىقتا يولۇققاندا مۇنداق دەيتتى:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ رَبُّ السَّمَاوَاتِ، وَرَبُّ الْأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ](ئۇلۇغ مەرھەمەتلىك بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاسمان- زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللاتائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِيْنَ]

((پەرۋەردىگارىم!) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم)[تىرمىزى]

## غەم قايغۇ باسقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ اِبْنُ عَبْدِكَ اِبْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَلَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي وَنُورَ صَدْرِي وَجَلاَءَ حُزْنِي وَذَهَابَ هَمِّي]

(ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، سېنىڭ بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، سېنىڭ ئايال بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سېنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى ھۆكۈمىڭ ئىجرا بولغۇچىدۇر، مېنىڭ توغرامدىكى تەقدىرىڭ ئادىلدۇر. سەن ئۆزەڭنى ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى سېنىڭ ياراتقانلىرىڭدىن بىرەر نەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۇنى دەرگاھىڭدىكى غەيب ئىلمىڭغا خاس قىلغان ھەربىر ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەنكى، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى، كۆكرىكىمنىڭ نۇرى ۋە بېشىمدىكى غەم- قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان يورۇقلۇق قىلغايسەن)[ئەھمەد]

## قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ لاَسَهْلَ إِلاَّ مَا جَعَلْتَهُ سَهْلاً وَأَنْتَ تَجْعَلُ الْحُزْنَ سَهْلاً إِذَا شِئْتَ]

(ئى ئاللا! سەن ئاسان قىلمىغىچە ئاسانلىق يوق، سەن خالىساڭ قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا ئۆرۈپ بېرىسەن)[ئىبنى ھەببان]

## دۈشمەنگە يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ إِنَّا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ]

(ئى ئاللا! بىز ئۇلارنى ساڭا ھاۋالە قىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز) [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى]

ئۆمەيسنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:« ساڭا بىرەر قىيىنچىلىق يولۇققاندا ئوقۇيدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي[اَللهُ اللهُ رَبِّي لاَ أُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا](ئاللا بىردۇر، ئاللا مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

## خەۋپ ياكى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ]

(ئاللا بىزگە كۇپايە، ئۇ ئەڭ ياخشى مەدەتكاردۇر)[بۇخارى]

## دۈشمەنگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ وَمُجْرِيَ السَّحَابِ وَهَازِمَ الْأَحْزَابِ اِهْزِمْهُمْ وَانصُرْنَا عَلَيْهِمْ]

(ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرۇپ بەرگۈچى، قوشۇنلارنى ھالاك قىلغۇچى ئاللا! ئۇلارنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ سَرِيعَ الْحِسَابِ اِهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ]

(ئى كىتابنى چۈشۈرگۈچى، ھېسابنى تېز ئالغۇچى ئاللا! دۈشمەنلىرىمىزنى مەغلۇب قىلغىن ۋە ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكىن)[مۇسلىم]

## مېيىپ بولغان ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى بالاغا يولۇققان كىشىنى كۆرگەندە:[ اَلْحَمْدُ لِـلَّهِ الَّذِي عَافَانِي مِمَّا ابْتَلاَكَ بِهِ وَفَضَّلَنِي عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِيلاً](سېنى يولۇقتۇرغان بۇ بالادىن مېنى ساقلىغان ۋە مېنى (خاتىرجەملىكتە) بىر مۇنچە مەخلۇقلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان ئاللاغا ھەمدۇسانا بولسۇن) دېسە، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ بالادىن ساقلىنىپ قالىدۇ» [تىرمىزى]

## بىرەر ئاغرىققا دۇچار بولغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

ئەبۇ ئابدۇللا ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەدىنىدىكى ئاغرىقتىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:«قولۇڭنى بەدىنىڭدىكى ئاغرىۋاتقان جايغا قويۇپ ئۈچ قېتىم:[ بسم اللهِ](ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) ۋە يەتتە قېتىم[ أَعُوذُ بِعِزَّةِ اللهِ وَقُدْرَتِهِ مِنْ شَرِّ مَا أَجِدُ وَأُحَاذِرُ ](ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ۋە قۇدرىتى بىلەن ئۆزۈم سېزىپ، ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ تۇرغان كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېگىن - دېدى [مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْبَرَصِ وَالْجُنُونِ وَالْجُذَامِ وَسَيِّءِ الْأَسْقَامِ]
(ئى ئاللا! سەن بىلەن ئاق كېسەلدىن، روھىي كېسەلدىن، ماخاۋ كېسىلىدىن ۋە يامان ئاغرىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى]

## ئاغرىپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر) دېسە، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ مۇنداق دەيدۇ:«مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئەڭ ئۇلۇغمەن» بەندە:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ](يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر) دېسە، ئاللا:« يالغۇز مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مېنىڭ ھېچ شېرىكىم يوقتۇر»دەيدۇ، بەندە:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ](بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر)دېسە، ئاللا:«مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ماڭا خاستۇر» دەيدۇ. بەندە:[ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ مەدىتى بولمىسا ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ)دېسە، ئاللا:« پەقەت مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ھەرقانداق ئىش پەقەت مېنىڭ مەدەت قىلىشىم بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دەيدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمكى كېسەللىكىدە بۇ دۇئانى ئوقۇپ، ئاندىن ۋاپات بولسا، دوزاختىن نىجات تاپىدۇ» دېگەن[تىرمىزى]

## كېسەل يوقلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ بىرىنى (كېسىلىنى) يوقلاپ بارغاندا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:[ اَللَّهُمَّ رَبَّ النَّاسِ أَذْهِبِ الْبَأْسَ وَاشْفِ أَنْتَ الشَّافِي لاَ شِفَاءَ إِلاَّ شِفَاؤُكَ شِفَاءً لاَ يُغَادِرُ سَقَماً](ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، كېسەللىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، پەقەت سېنىڭ بەرگەن شىپايىڭلا ئۇنۇملۇك بولىدۇ. شۇنداق شىپالىق بەرگىنكى، كېسەللىك قالمىغاي) [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئەجىلى توشمىغان بىر كېسەلنى يوقلىغان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يەتتە قېتىم:[ أَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ أَنْ يَشْفِيَكَ](ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بۈيۈك ئاللاتائالادىن ساڭا شىپالىق بېرىشنى سورايمەن)دېسە، ئاللاتائالا ئۇ كىشىنى مۇشۇ كېسەلدىن خالاس قىلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[بِسْمِ اللهِ أَرْقِيكَ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ يُؤْذِيكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ نَفْسٍ أَوْ عَيْنِ حَاسِدٍ اَللهُ يَشْفِيكَ بِسْمِ اللهِ أَرْقِيكَ]
( ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەر نەرسىدىن، ھەر جان ئىگىسىنىڭ شەررىدىن ياكى ھەسەتخورنىڭ يامان كۆزىدىن ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن ساڭا دەم سالىمەن. ئاللاتائالا ساڭا شىپالىق بەرگەي، ئاللاتائالانىڭ ئىسمى بىلەن دەم سالىمەن)[مۇسلىم]

## مۇسىبەت كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، كۆرگەندە، مۇسىبەت يەتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇئا

[يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللّٰه قا ئاساندۇر [22]. ( اللّٰه تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە اللّٰه بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، اللّٰه مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ [23]سۈرە ھەدىد][كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت اللّٰه نىڭ ئىزنى (يەنى

قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى  اللّٰه قا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت اللّٰه نىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، اللّٰه ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، اللّٰه ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [11]سۈرە تەغابۇن]

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:«بىرەر بەندە قانداقلا بىر مۇسىبەت كەلمىسۇن:[ إِنَّا لِـلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ  اَللَّهُمَّ أْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي وَاخْلُفْ لِي خَيراً مِنْهَا ](بىز ئاللاتائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى ئاللا! مۇسىبىتىمدە ماڭا ساۋاب ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئاتا قىلغىن)دېسە، ئاللاتائالا ئۇنىڭ مۇسىبىتىدە ساۋاب ئاتا قىلىپ، ئۇ يوقاتقان نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئاتا قىلىدۇ». ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ:«ئەبۇ سەلەمە قازا قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە دېگەنىدىم، ئاللا ماڭا ئەبۇ سەلەمەدىن ياخشىراق بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەبۇسەلەمەنىڭ ئورنىغا بەردى» [مۇسلىم]

## ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بىمارنىڭ دۇئاسى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەردىن بىر كىم كېسەل بولۇپ، قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر چوقۇم شۇنداق قىلىدىغان بولسا، مۇنداق دېسۇن:[ اَللَّهُمَّ أَحْيِنِي مَا كَانَتِ الْحَيَاةُ خَيراً لِي وَتَوَفَّنِي إِذَا كَانَتِ الْوَفَاةُ خَيراً لِي] ئى ئاللا! ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولىدىغان بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن، ماڭا ماماتلىق ياخشى بولىدىغان بولسا، مېنى قەبزى روھ قىلغىن] [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَأَلْحِقْنِي بِالرَّفِيقِ الْأَعْلَى]

(ئى ئاللا! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەتكىن)[بۇخارى]

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا قولىنى ھۆل قىلىپ مۇبارەك يۈزىنى سىلىدى ۋە [لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ]( ياللغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئۆلۈمنىڭ سەكراتى باردۇر)[بۇخارى]

## (ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) دېگەن سۆزنى مېيىتقا تەلقىن قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئادىمىڭلارغا[لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ](بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) دېگەن سۆزنى تەلقىن قىلىپ بېرىڭلار»[مۇسلىم]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ دۇنيادىكى ئاخىرقى  سۆزى ” لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ “ بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ»[ئەبۇ داۋۇد]

## مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغان ۋاقىتتا ئېيتىلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْ (مېيىتنىڭ ئىسمىنى دەپ) وَارْفَعْ دَرَجَتَهُ فِي الْـمَهْدِيِّيْنَ، وَاخْلُفْهُ فِي عَقِبِهِ فِي الْغَابِرِيْنَ  وَاغْفِرْلَنَا وَلَهُ يَارَبَّ الْعَالَـمِيْنَ  وَافْسَحْ لَهُ فِي قَبْرِهِ وَنَوِّرْ لَهُ فِيهِ](ئى ئاللا! مەغپىرەت قىلغىن،(مېيىتنىڭ ئىسمىنى دەپ) ئۇنىڭ ياخشىلار قاتارىدىكى دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلغىن، ئۇنىڭ ياخشى نامىنى كېيىنكىلەردە قالدۇرغىن. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا! بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى كەڭ ۋە يورۇق قىلغىن)[مۇسلىم]

## مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[ اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ  وَعَافِهِ وَاعْفُ عَنْهُ  وَأَكْرِمْ نُزُلَهُ  وَوَسِّعْ مُدْخَلَهُ  وَاغْسِلْهُ بِالْـمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ  وَنَقِّهِ مِنَ

الْخَطَايَا كَمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الْأَبْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ وَأَبْدِلْهُ دَاراً خَيْراً مِنْ دَارِهِ وَأَهْلاً خَيراً مِنْ أَهْلِهِ وَزَوْجًا خَيْراً مِنْ زَوْجِهِ وَأَدْخِلْهُ الْجَنَّةَ وَأَعِذْهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ]

(ئى ئاللا! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھمى قىلغىن، ئۇنى ئامان- ئىبسەن قىلغىن، ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، ئاخىرەتتىكى جايىنى جەننەتتە قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى سۇ، قار، مۆلدۈرلەر بىلەن يۇغىن، ئۇنى خاتالىقلىرىدىن ئاق كىيىمنى كىردىن پاكلىغاندەك پاكلىغىن، ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىدىن ياخشى ئۆي، ئۆز ئەھلىدىن ياخشى ئەھلى، ئۆز ئايالىدىن ياخشى ئايال ئاتا قىلغىن، ئۇنى جەننەتكە داخىل قىلغىن، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن) دەپ دۇئا قىلىۋىدى، مەن: «كاشكى، ئاشۇ مىيىت مەن بولۇپ قالسامچۇ؟» دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم[مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا وَصَغِيرِنَا وَكَبِيرِنَا وَذَكَرِنَا وَأُنْثَانَا وَشَاهِدِنَا وَغَائِبِنَا اَللَّهُمَّ مَنْ أَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى الْإِسْلَامِ وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوَفَّهُ عَلَى الْإِيمَانِ اَللَّهُمَّ لاَ تَحْرِمْنَا أَجْرَهُ وَلاَ تَفْتِنَّا بَعْدَهُ]

(ئى ئاللا! بىزنىڭ ئۆلۈك ۋە تىرىكلىرىمىزنى ۋە چوڭ- كىچىكلىرىمىزنى، ئەر- ئاياللىرىمىزنى، بىزنىڭ ھازىر بولغانلىرىمىزنى ۋە ھازىر بولمىغانلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللا! بىزدىن مەيلى كىمنى تىرىك قالدۇرساڭ، ئۇنى ئىسلام ئاستىدا تىرىك قالدۇرغىن، كىمنى ۋاپات قىلدۇرساڭ، ئىسلام ئاستىدا ۋاپات قىلدۇرغىن، ئى ئاللا! بىزنى بۇ مۇسىبەتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى پىتنىلەرگە گىرىپتار قىلمىغىن)[تىرمىزى]

[ اَللَّهُمَّ أَنْتَ رَبُّهَا وَأَنْتَ خَلَقْتَهَا وَأَنْتَ هَدَيْتَهَا لِلْإِسْلَامِ وَأَنْتَ قَبَضْتَ رُوحَهَا وَأَنْتَ أَعْلَمُ بِسِرِّهَا وَعَلاَنِيَتِهَا وَقَدْ جِئْنَاكَ شُفَعَاءَ لَهُ فَاغْفِرْ لَهُ]

(ئى ئاللا! سەن بۇ مىيىتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن، سەن ئۇنى ياراتتىڭ، سەن ئۇنى ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلدىڭ، ئۇنىڭ جېنىنى قەبزى روھ قىلدىڭ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالىتىنى ياخشى بىلىسەن، سىنىڭ ھوزۇرۇڭغا ئۇنىڭغا شاپائەت تىلەپ كەلدۇق، ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن) [ئەبۇ داۋۇد]

[ اَللَّهُمَّ إِن ( ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ) فِي ذِمَّتِكَ وَحَبْلِ جِوَارِكَ فَقِهِ فِتْنَةَ الْقَبْرِ وَعَذَابَ النَّارِ وَأَنْتَ أَهْلُ الْوَفَاءِ وَالْحَمْدِ اَللَّهُمَّ فَاغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ](ئى ئاللا! (ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ) سىنىڭ ئامانلىقىڭدا ۋە سىنىڭ پاناھىڭدىدۇر، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن، سەن ۋاپالىقسەن، ھەمدۇسانا ئىبىتلىغۇچى زاتتۇرسەن، ئى ئاللا! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن ۋە رەھمەت قىلغىن، چۈنكى سەن ئەك مەغپىرەت ۋە مېھرىبان زاتتۇرسەن) [ئەبۇ داۋۇد]

### ھازىدارغا تەسەللىي بەرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[إِنَّ لِـلَّهِ مَا أَخَذَ وَلَهُ مَا أَعْطَى وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى فَلْتَصْبِرْ وَالْتَحْتَسِبْ]

(ئاللا ئۆزى ئالدۇ، ئاللا ئۆزى بېرىدۇ، ھەممە ئاللانىڭ دەرگاھىدا پۈتۈلگەن مۇددەت بويىچە ياشايدۇ، سەۋر قىلغايسەن، ساۋاب تاپقايسەن)[بۇخارى]

[أَعْظَمَ اللهُ أَجْرَكَ وَأَحْسَنَ عَزَاءَكَ وَغَفَرَ لِـمَيِّتِكَ]

( ئاللا ساڭا چوڭ ساۋاب بەرسۇن، ياخشى سەۋر- تاقەت ئاتا قىلسۇن، مېيتىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن)

### مېيىتنى قەبرىگە قويغۇچى مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

[بِسْمِ اللهِ وَعَلَى سُنَّةِ رَسُولِ اللهِ]

(ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن، رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتى بىلەن سىنى قەبرىگە قويدۇم)[ئەبۇ داۋۇد]

### مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ اَللَّهُمَّ ثَبِّتْهُ]

(ئى ئاللا! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللا! ئۇنى ئىمانىدا مۇستەھكەم قىلغىن)[ئەبۇ داۋۇد]

### قەبرە يوقلىغاندا مېيىتلەرگە سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەقى قەبرىستانلىقىغا چىقىپ:[ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ دَارَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ وَأَتَاكُمْ مَا تُوعَدُونَ غَداً مُؤَجَّلُونَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللهُ بِكُمْ لاَحِقُونَ اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِأَهْلِ بَقِيعِ الْغَرْقَدِ](ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە سالام! ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر سىلەرگە كەلدى، ئەتە كۆز ئالدىڭلارغا ھازىر بولىدۇ، ئەگەر ئاللاتائالا خالىسا، بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلىمىز، ئى ئاللا! بەقىدىكىلەرنى مەغپىرەت قىلغىن) دەيتتى [مۇسلىم]

(قاچانكى كىشىلەر قەبرىستانلىققا چىقماقچى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى تەلىم بېرەتتى:[ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدِّيَارِ مِنَ الْـمُؤْمِنِينَ وَالْـمُسْلِمِينَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللهُ بِكُمْ لاَحِقُونَ أَسْأَلُ اللهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ](ئى مۆئمىن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئاھالىسى، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمىز، ئاللا خالىسا بىزمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ، سىلەر ئۈچۈنمۇ ئاللادىن ئامانلىق تىلەيمىز) [مۇسلىم]

[اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ يَا أَهْلَ الْقُبُورِ يَغْفِرُ اللهُ لَنَا وَلَكُمْ أَنْتُمْ سَلَفُنَا وَنَحْنُ بِالْأَثَرِ]

(ئى قەبرە ئەھلى! سىلەرگە سالام! ئاللاتائالا بىزنى ۋە سىلەرنى ئەپۇ قىلغاي، سىلەر بىزدىن بۇرۇن كەلگۈچىلەر، پات يېقىندا بىزمۇ سىلەرگە ئەگىشىپ كېلىمىز)دېدى [تىرمىزى]

### يامغۇر تەلەپ قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ أَغِثْنَا اَللَّهُمَّ أَغِثْنَا اَللَّهُمَّ أَغِثْنَا]

(ئى رەببىم! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئى رەببىم! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئى رەببىم! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن.)[بۇخارى]

[اَللَّهُمَّ اسْقِنَا غَيْثًا مُغِيثًا مَرِيئًا مَرِيعًا نَافِعًا غَيْرَ ضَارٍّ عَاجِلاً غَيْرَ آجِلٍ]

(ئى رەببىم! بىزنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان، سىڭىشلىك، مول، مەنپەئەتلىك، زىيان يەتكۈزمەيدىغان يامغۇر بىلەن كېچىكتۈرمەستىن سۇغارغىن)[ئەبۇ داۋۇد]

[﴿اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ يَفْعَلُ مَا يُرِيدُ اَللَّهُمَّ أَنْتَ اللهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ الْغَنِيُّ وَنَحْنُ الْفُقَرَاءُ أَنْزِلْ عَلَيْنَا الْغَيْثَ وَاجْعَلْ مَا أَنْزَلْتَ لَنَا قُوَّةً وَبَلاَغًا إِلَى حِينٍ]

(جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر، ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر، ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئى رەببىم! سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن ھەممىدىن بىھاجەتسەن. بىز بولساق پېقىر بەندىلىرىڭمىز، ئى ئاللا! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، ياغدۇرغان يامغۇر بىلەن بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن، شۇ يامغۇر بىلەن يەنە بىر پېغىمغا يەتكۈزگىن)[ئەبۇ داۋۇد]

### يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا]

( ئى ئاللا! مەنپەئەتلىك يامغۇر ياغدۇرغىن)[بۇخارى]

### يامغۇر بەك كۆپ يېغىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ حَوَالَيْنَا وَلاَ عَلَيْنَا]

(ئى ئاللا! (يامغۇرنى)بىزگە ئەمەس، بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن)[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[اَللَّهُمَّ حَوَالَيْنَا وَلاَ عَلَيْنَا اَللَّهُمَّ عَلَى الْآكَامِ وَالظِّرَابِ وَبُطُونِ الْأَوْدِيَةِ وَمَنَابِتِ الشَّجَرِ ]

(ئى ئاللا! يامغۇرنى بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن، ئۈستىمىزگە ياغدۇرمىغىن، دۆڭ - دۈمبەللەرگە، جىلغىلارغا ۋە ئورمانلارغا ياغدۇرغىن)[بۇخارى]

### چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما بولغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ لاَ تَقْتُلْنَا بِغَضَبِكَ وَلاَ تُهْلِكْنَا بِعَذَابِكَ وَعَافِنَا قَبْلَ ذَلِكَ]

(ئى ئاللا! بىزنى غەزىپىڭ بىلەن ئۆلتۈرمىگىن، ئازابىڭ بىلەن ھالاك قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىزگە سالامەتلىك بەرگىن)[تىرمىزى]

[سُبْحَانَ الَّذِي يُسَبِّحُ الرَّعْدُ بِحَمْدِهِ وَالْـمَلاَئِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِ]

(گۈلدۈرماما ئاللانى مەدھىيلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدىغان، پەرىشتىلەرمۇ ئاللادىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدىغان ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)[]

### ئاسماندا قارا بۇلۇت كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

[اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّهَا]

(ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)[ئەبۇ داۋۇد]

### شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگە:« شامالنى تىللىماڭلار، شامالدا سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىرەر ھالنى كۆرگەندە:[ اَللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ هذِهِ الرِّيحِ وَخَيْرِ مَا فِيهَا وخَيْرِ مَا أُمِرَتْ بِهِ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ هذِهِ الرِّيحِ وَشَرِّ مَا فِيهَا وَشَرِّ مَا أُمِرَتْ بِهِ](ئى ئاللا! سەندىن مۇشۇ شامالنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە شامالدىكى نەرسىلەرنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە بۇ شامالنىڭ پايدا ئېلىپ كېلىشىنى تىلەيمىز ۋە سەندىن بۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇ شامالدىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ۋە شامالنىڭ يامانلىق ئېلىپ كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمىز) دەڭلار[تىرمىزى]

قاچانكى شامال چىقسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى:[ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا فِيهَا وَخَيْرَ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ وأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَشَرِّ مَا فِيهَا وَشَرِّ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ](ئى ئاللا! سەندىن ئۇنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭ پايدا ئېلىپ كېلىشىنى تىلەيمەن ۋە سەندىن ئۇنىڭ يامانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقى ۋە ئۇنىڭ يامانلىق ئېلىپ كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن) [مۇسلىم]

## تەقدىر توغرىسىدا

### قەلەمنى يارىتىش

[نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى [1] سۈرە قەلەم]

ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا تۇنجى بولۇپ ياراتقان نەرسە قەلەمدۇر، ئاللاتائالا قەلەمگە: ياز، دېدى. قەلەم: نېمىنى يازىمەن؟ دېدى. ئاللاتائالا (بۇنىڭدىن كېيىن) بولماقچى بولغان بارلىق نەرسىلەرنى يازغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەلەم تاكى قىيامەتكىچە بولماقچى بولغان نەرسىلەر ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يازدى» [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

[بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق [49] سۈرە قەمەر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا تەقدىر (يەنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش) توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى:[ ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە،(ئۇلارغا)« دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)[48] بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق[49] سۈرە قەمەر][مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى]

[بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ تەقدىرىدۇر [12] سۈرە فۇسسىلەت][اللّٰه نىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر [38] سۈرە ئەھزاب]

### ئاللا خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقى

[ئاللا خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر [39] سۈرە رەئد][پەرۋەردىگارىڭ، ئەلۋەتتە، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر [107] سۈرە ھۇد][ئاللانىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ[23] سۈرە ئەنبىيا]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تەقدىردىن قېچىش مەنپەئەت قىلمايدۇ، تەقدىرگە قارشى دۇئا قىلىش مەنپەئەت قىلىدۇ (ئىبسمدە قېلىشچە ئۇ، تەقدىر ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى دۇئا قىلىش مەنپەئەت قىلىدۇ، دېگەن) شەك- شۈبھىسىزكى، دۇئا بالا- قازا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنىگىچە بىر- بىرى بىلەن تالاش- تارتىش قىلىشىدۇ» [ھاكىم ھەسەن]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئانىڭ ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن ۋە كەلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئالدىدا پايدىسى بولىدۇ. ئى ئاللانىڭ بەندىلىرى دۇئادا بولۇڭلار! » [ھاكىم ھەسەن]

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قازانى پەقەت دۇئالا قايتۇرىدۇ »[ھاكىم ۋە تىرمىزى سەھىھ]

يەنى بىر رىۋايەتتە:« ھەقىقەتەن دۇئا بىلەن تەقدىر ئاسمان-زېمىننىڭ ئارىسىدا بىر- بىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ»[مۇسلىم]

ئىبنى جەرىر، ئەئمەشتىن شەقىق ئىبنى سەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇۋائىل بۇ دۇئانى ھەقىقەتەن كۆپ قىلاتتى:« ئى ئاللا! ئەگەر بىزنى بەختسىزلەرنىڭ قاتارىغا يېزىۋەتكەن بولساڭ ئۇنى ئۆچۈرۈپ بىزنى بەختلىكلەر قاتارىغا يېزىپ قويغىن. ئەگەر بىزنى بەختلىكلەر قاتارىغا يازغان بولساڭ، ئۇنى ئۆز پېتى قالدۇرغىن. ھەقىقەتەن سەن خالىغان نەرسىنى ئۆچۈرىسەن ۋە خالىغان نەرسىنى ئۆز پېتى قالدۇرىسەن.(ھەممە نەرسىلەر يېزىلىدىغان) لەۋھۇلمەھپۇز سېنىڭ دەرگاھىڭدىدۇر » ئىبنى جەرىر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئىبنى مەسئۇدنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش دۇئانى قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى[ تەپسىر ئىبنى كەسىر]

### تەقدىر توغرىسىدىكى ھەدىسلەر

[ھەممە نەرسىنى اللّٰه ياراتقان، ھەممە نەرسىنى اللّٰه ئوبدان بىلگۈچىدۇر [101] سۈرە ئەنئام] [ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ[24]سۈرە نەجم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر سىلەردىن بىرەرسى بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە قاراپ باقسۇن، ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىدىن ئۆزىگە نېمىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ»[ئەھمەد]

[ھېچ ئىش سىنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس [128] سۈرە ئال ئىمران][بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر [21] سۈرە مەريەم][ئېيتقىنكى: بىزگە پەقەت ئاللانىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ [51] سۈرە تەۋبە]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:« ئاللا مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن پۈتۈۋەتكەن. ئۇ چاغدا ئاللانىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسا ئەلەيھىسسالام:"(ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەن ئاللا ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ئاندىن ئۆز روھىدىن پۈۋلىگەن، ئاندىن پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇرغان، ئاندىن جەننىتىگە يەرلەشتۈرگەن ئادەمسەن. ئەمما سەن خاتالىقىڭ تۈپەيلى ئىنسانلارنى يەر يۈزىگە چۈشۈرۈۋەتتىڭ" دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام:" سەن ئاللا پەيغەمبەرلىككە ۋە ئۆزى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشكە تاللىغان، ھەرقانداق نەرسە روشەن يېزىلغان تاختىلار بېرىلگەن، ئاللا ساڭا يېقىن كېلىپ پىچىرلىغان مۇساسەن. سېنىڭچە ئاللا تەۋراتنى مەن يارىتىلىشتىن قانچە يىل ئىلگىرى يازغاندۇ؟" دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام:" 40 يىل بۇرۇن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام:" ئۇنىڭدا : ئادەم پەرۋەردىگارىغا خىلاپلىق قىلىپ ئېزىپ كەتتى- دەپ يېزىلغانلىقىنى ئۇچراتتىڭمۇ؟" دەپ سورايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام:" ھەئە" دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام:" ئۇنداقتا، ئاللا مېنى يارىتىشتىن 40 يىل ئىلگىرى يېزىۋەتكەن ئەمەلنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەمسەن؟" دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىۋالىدۇ» [بۇخارى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: بىر كىچىك بالا ئۆلۈپ كەتكەندە، مەن: ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك- ھە؟ ئۇ جەننەت قۇشلىرىدىن بىرى بولىدۇ- دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللانىڭ ھەم جەننەتنى ھەم دوزاخنى ياراتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئاللا ئۇنىڭغىمۇ بىر مۇنچە ئىنسانلارنى، بۇنىڭغىمۇ بىر مۇنچە ئىنسانلارنى ياراتتى، دېدى» [مۇسلىم]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلەت توغرىسىدا ( يەنى مەنىي سۈيىنى تۆكۈۋېتىش، يەنى ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا مۇنداق دەپ قويغان ئىدى) ئاللاتائالا يارىتىشنى تەقدىر قىلغان جان ئىگىسى چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» [ئەھمەد ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدا 40 كۈن ئىچىدە شەكىللىنىدۇ، ئاشۇ كۈنلەردە ئۇيۇل قانغا، ئاندىن بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللا ئۇنىڭغا تۆت ئىشنى پۈتۈش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭ ئەمەلىنى، ئەجىلىنىڭ قاچان توگەيدىغانلىقىنى، رىزقىنى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىنى پۈتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا قان كىرگۈزۈلىدۇ. شەك- شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، تاكى ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسى بىر گەز قالغان چاغدا، ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئالدىغا چىقىدۇ- دە، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. بىر ئادەم جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ. تاكى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسى بىر گەز قالغان چاغدا، ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئالدىغا چىقىدۇ- دە، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:« ئاللا ھەرقانداق بەندىنىڭ ئەجىلى، رىزقى، ئىش- ئىزلىرى، بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بەش ئىشنى ئاللىبۇرۇن تەقدىر قىلىۋەتكەن» [ئەھمەد ۋە بەززار ۋە ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت]

ئەبۇ سەئىد زورقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئانا رەھمىدە تەقدىر قىلىنغان نەرسىلەر چوقۇم شۇ پېتى بولىدۇ» [نەسەئى ھەسەن]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا زەكەرىيە ئوغلى يەھيانى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا مۆئمىن ياراتقان، فىرئەۋننى بولسا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا كاپىر ياراتقاندۇر» [ئىبنى ئەدى ۋە تەبرانى سەھىھ]

ئۆبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىچىك بالا بولسا، ئۇنىڭ تەقدىرى پۈتۈلگەن كۈنىلا ئۇنى كاپىر دەپ مۆھۈر بېسىلىپ كەتكەن. ئەگەر ئۇ بالا ياشاپ قالغان بولسا، ئەلۋەتتە زۇمىگەرلىك ۋە كۇفرىلىقىدىن ئاتا- ئانىسىنىڭمۇ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار (قىلىشقا سەۋەب) بولاتتى» [مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سائادەتمەن كىشى دېگەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا سائادەتمەن دەپ يېزىلغان كىشىدۇر. شەقى كىشى دېگەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا شەقى دەپ

يېزىلغان كىشىدۇر» [تەبرانى سەغىيردا توپلىغان سەھىھ]

مەتەر ئىبنى ئۇكامىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئاللا بەندىنى مەلۇم بىر جايدا ئۆلۈشكە تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇنى شۇ جايغا بېرىشقا مۇھتاج قىلىپ قويىدۇ» [تىرمىزى]

[اللّٰه سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى تەلەپ قىلىڭلار [187] سۈرە بەقەر](ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر توپ ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلاردىن سىلەر نېمە ئادەملەر دەپ سورىغانىدى، ئۇلار بىز تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا:" سىلەر يۆلۈنۈۋالغۇچىلار، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغۇچى ئالدى بىلەن يەرگە ئۇرۇقىنى تېرىپ قويۇپ ئاندىن ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم دەيدۇ" دېگەن)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ بىزگە: ھەممىڭلارنىڭ جەننەتتىكى ۋە دوزاختىكى ئورنى پۈتۈلۈپ بولدى، دېدى. بىز: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداق بولسا، بىز شۇنىڭغا تايانساق بولمامدۇ؟ دېگەنىدۇق. ئۇ: ياق، ئەمەل - ئىبادەت قىلىڭلار. ھەر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئۆزىگە مۇيەسسەر قىلىنىدۇ - دېدى. ئاندىن:[ پۇ- مېلىنى ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللانىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز[5-10] سۈرە لەيل] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى [بۇخارى ]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەركىم تەقدىردە قىلىشى پۈتۈلگەن ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ» [ئەھمەد ۋە تەبرانى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا (جەننەت ۋە دوزاختىن) ئىبارەت ئىككى ئورۇننىڭ بىرىگە ياراتقان بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ ئورۇننىڭ ئەمىلىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» [تەبرانى سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز تەقدىردە پۈتۈلۈپ بولۇنغان ئىشمۇ ياكى يېڭىدىن بولۇنىدىغان ئىشمۇ؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (سەن قىلىۋاتقان ئىشلار) ساڭا پۈتۈلۈپ بولغان ئىشتۇر. ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! ئەمەل-ئىبادەت قىلغىن. چۈنكى ھەركىم ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. بەختلىكلەر بەختلىك بولۇشنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى. بەد-بەختلەر بەتبەخت بولۇشنىڭ ئىش ئەمەللىرىنى قىلىدۇ» دېدى[ئەھمەد ۋە تىرمىزى]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! بىز تەقدىردە پۈتۈلۈپ بولغان ئىشنى قىلامدۇق ياكى تېخى پۈتۈلمىگەن ئىشنىمۇ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« پۈتۈلۈپ بولغان ئىشنى» دەپ جاۋاپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان سۇراقە: ئۇنداقتا نېمىشقا ئەمەل ئىبادەت قىلىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ھەربىر كىشى پەقەت ئۆزىگە پۈتۈلگەن ئەمەللەرنى قىلىشقىلا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى[مۇسلىم ۋە ئىبنى جەرىر]

يەزىد ئىبنى مۇرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خۇددى تىكەنلىك دەرەختىن ئۈزۈم (يەنى مېۋە) ئۈزگىلى بولمىغاندەك، ئەنە شۇنداق يامان كىشىلەر، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەنزىل جايلىرىغا چۈشەلمەيدۇ، قايسى يولنى خالساڭلار شۇ يولغا مېڭىڭلار شۇ يولنىڭ ئەھلىگە چۈشىسىلەر، ياخشى يول بولسا، ياخشىلارغا، يامان يول بولسا، يامانلارغا ، ئاندىن شۇلاردىن بولىسىلەر» [ئەبۇ نۇئەيم ھەسەن]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تىكەنلىك (دەرەختىن) ئۈزۈم ئۈزگىلى بولمىغاندەك، يامان كىشىلەر ياخشىلارنىڭ مەنزىل ئورۇنلىرىغا چۈشەلمەيدۇ؛ ئۇ ئىككىسى ئىككى يولدۇر. قايسى يولنى تاللاپ ئالساڭلار شۇ يولغا يول تاپالايسىلەر» [ئىبنى ئەساكىر سەھىھ]

ئۇممۇ ھەبىبەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئاللاتائالاغا:" ئى ئاللا! ئېرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دادام ئەبۇ سۇفيان ۋە ئاكام مۇئاۋىيە بىلەن ئۇزۇن مەزگىل بىرگە ياشاشنى نېسىپ قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سەن ھەقىقەتەن ئاللادىن تەقدىر قىلىنغان ئەجەلنى، بەلگىلەنگە كۈنلەرنى، تەقسىم قىلىنغان رىزىقنى سورىدىڭ. چۈنكى بۇلار ۋاقتىدىن بۇرۇنمۇ كەلمەيدۇ، كېيىنمۇ قالمايدۇ. ئاللادىن دوزاخ ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلىگەن بولساڭ، ياخشى ۋە ئەۋزەل بولار ئىدى» دېدى[مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەرقانداق نەرسە ھەتتا ئەقىللىق بولۇش ۋە ھاماقەت بولۇشمۇ ياكى ھاماقەت بولۇش ۋە ئەقىللىق بولۇشمۇ تەقدىر بىلەن بولىدۇ» دېگەن [مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەممە نەرسە ھەتتاكى ئاجىزلىق بىلەن كۈچ-قۇۋۋەتمۇ ئۆلچەملىك قىلىپ يارىتىلدى»[مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇشلارمۇ تەقدىر بىلەن ماڭىدۇ»[هاكىم ھەسەن]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« داۋالىنىشمۇ تەقدىردىندۇر، داۋالىنىش ئاللا خالىغان نەرسە بىلەن ئاللاتائالا خالىغان كىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ» [ئىبنى سەنا ھەسەن]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئۇ ئىش قازايى-قەدەردە پۈتۈلگەن بولسا، چوقۇم يۈز بېرەتتى» [دارىقۇتنى ۋە ئەبۇ نۇئەيىم سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغانىدىم. ئۇ:« ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا بىر قانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي. ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرىغا چىڭ يېپىشقىنىڭكى، ئاللا سېنى قوغدايدۇ. ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرىغان ئىزچىل ئەمەل قىلغىنىڭكى، ئاللانى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. بىر نەرسە سورىساڭ، ئاللادىن سورىغىن. ياردەم تىلىسەڭ، ئاللادىن تىلىگىن. بىلىپ قويغىنىكى، بارلىق ئۇممەت ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، ئاللا ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر بارلىق ئۇممەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، ئاللا ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى» [تىرمىزى]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:« سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ چوغنى سوۋۇغىچە تۇتۇپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئاللا تەقدىر قىلغان بىرەر ئىشقا:" كاشكى بۇ ئىش بولمىغان بولسا" دېگىنىدىن ياخشىدۇر» [ئەلكەبىر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاغا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. لېكىن ھەر ئىككىلىسى ياخشىدۇر. ساڭا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىن، ئاللادىن ياردەم تىلىگىن، ئۆزەڭنى ئاجىز ھېس قىلمىغىن (ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈمىتۋار بولغىن!) ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە:" كاشكى مۇنداق قىلغان بولسام، بۇ ئىش ئۇنداق بولمايتتى" دېمەستىن، ئەكسىچە:" ئاللانىڭ تەقدىرى شۇنداقكەن. ئاللا خالىغىنىنى قىلىدۇ" دېگىن! چۈنكى " كاشكى" دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئەمەلىگە ئىشىك ئاچىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندە تەقدىرگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرمىگىچە، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن نەرسىنىڭ چوقۇم يەتمەي قالمايدىغانلىقىنى، پۈتۈلمىگىنىنىڭ ھەرگىزمۇ خاتا يېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ» [ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ]

ئىبنى دەيلەمىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ قېشىغا بېرىپ: كۆڭلۈمگە تەقدىر ھەققىدە بىر نەرسە كېلىۋالدى. شۇڭا سەن ماڭا بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگىنكى، مۇشۇ ۋەسلە بىلەن ئاللا قەلبىمدىكى ۋەسۋەسىنى يوققا چىقىرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس، دېگەنىدىم، ئۇ مۇنۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى:« ئەگەر ئاللا ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنى ئازابلىماقچى بولسا (ئازابلاۋېرىدۇكى)، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولمايدۇ. ئەگەر ئاللا ئۇلارغا رەھمەت قىلماقچى بولسا، ئاللانىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن كۆپ ئەۋزەلدۇر. ئەگەر ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇننى ئاللا يولىدا سەرپ قىلساڭمۇ، تاكى سەن تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە، ئاللا ئۇنى سەندىن قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، پېشانەڭگە پۈتۈلگەن نەرسە ساڭا چوقۇم يەتمەي قالمايدۇ، پۈتۈلمىگەن نەرسە ساڭا ھەرگىزمۇ خاتا يېتىپ قالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېتىقاد ئۈستىدە ئۆلسەڭ، ئەلۋەتتە دوزاخقا كىرىسەن» [ئەبۇ داۋۇد]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋراتنى نازىل قىلغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى توپلاپ: تەقدىر ئاللانىڭ سىرىدۇر، شۇڭا ئۇنى بىلىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار، دېدى» [ئەلكەبىر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز تەقدىر ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشىپ تۇرساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ قېلىپ، قاتتىق ئاچچىقلاندى. ھەتتا ئاچچىقىدىن يۈزى قىزىرىپ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:« سىلەر مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمۇ ياكى مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىممۇ؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن. مەن سىلەرنىڭ تەقدىر ھەققىدە تالاشماسلىقىڭلارنى قاتتىق تەۋسىيەت قىلىمەن» [تىرمىزى]

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تەقدىر(توغرۇلۇق سۆز) تىلغا ئېلىنىسا سۆز قىلماي جىم تۇرۇڭلار» [تەبرانى سەھىھ]

جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ئۈممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان ئۈچ ئىش بار.... تەقدىرنى ئىنكار قىلىش» [ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن مەن زاماننىڭ ئاخىرىدا ئۈممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ قورقۇنۇشلۇقى تەقدىرنى ئىنكار قىلىش» [تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تەقدىر توغرىلىق سۆز

قىلىش مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئاخىر زامانىدىكى يامان كىشىلىرىگە قالدۇرۇلدى» [ھاكىم ۋە تەبرانى ئەۋسەتتە ھەسەن]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« كەلگۈسىدە مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان بىر مۇنچە قەۋملەر پەيدا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم- دەيدۇ» [ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

نافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« بۇ ئۈممەتتىن تەقدىر ھەققىدە تالاش- تارتىش قىلغانلار ئىچىدە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ياكى تاش يېغىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم- دېدى [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قەدەرىيە گۇرۇھى (تەقدىرگە ئىشەنمەيدىغان گۇرۇھ) بۇ ئۈممەتنىڭ مەجۇسىيلىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇلارنى يوقلىماڭلار. ئۆلۈپ قالسا، جىنازىسىغا قاتناشماڭلار» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم ھەسەن]

ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈچ كىشىدىن ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى، نەپلە ئىبادەتلىرىنى، پەرز ئىبادەتلىرىنى، فىدىيەسىنى قوبۇل قىلمايدۇ: 1- ئاتا- ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان. 2- سۇخەنچى. 3- تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچى كىشى» [تەبرانى ھەسەن]

## ئاللانىڭ دوستلىرى توغرىسىدا

[راستلا اللّٰه نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر [62] ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر [63] ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، اللّٰه نىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ-نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)، اللّٰه ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر [64]سۈرە يۇنۇس][اللّٰه نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن [86]يۇسۇف]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ:« پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت بېشارەتلا قالدى» ساھابىلەر:« ئى رەسۇلۇللا! بېشارەت دېگەن نېمە؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ياخشى چۈش» دېدى»[بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زامان ئاخىر يېقىنلاشقاندا مۆئمىننىڭ كۆرگەن چۈشى ئاسانلىقچە يالغان چىقمايدۇ. مۆئمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر»

يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئاراڭلاردىكى چۈشى راست چىقىدىغانلار سىلەرنىڭ راست سۆزلەيدىغانلىرىڭلاردۇر» دېيىلگەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:« ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاتائالا كۆڭلىگە سېلىش بىلەن سۆزلەيدىغان كىشىلەر بار ئىدى. ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە بىرەر ئادەم مۇشۇنداق بولسا، ئۇ شەكسىز ئۆمەردۇر» [بۇخارى]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، كىشىلەرنى پاراسەت بىلەن تونۇۋالىدۇ» [بەززار ۋە ھەكىيم ھەسەن]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۆئمىننىڭ پاراستىدىن ساقلانغىن! چۈنكى ئۇ ئاللانىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ» [ئەلكەبىر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا تاجاۋۇز قىلىدىكەن ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا ئۇرۇش ئاچقان بولىدۇ، مەن پەرز قىلغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق بەندەمنىڭ ماڭا يېقىنلاشقانلىقىدىنمۇ ئارتۇق يېقىنلىششى بولمايدۇ. بەندەم نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ماڭا ھەمىشە يېقىنلىشىپلا تۇرىدۇ. تاكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. ئەگەر مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن. ئۇ مەندىن بىرەر نەرسە سورىسا، مەن ئۇنى چوقۇم ئۇنىڭغا بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىرەر نەرسىدىن سېغىنىپ پاناھ تىلىسە، مەن ئۇنىڭغا چوقۇم پاناھلىق بېرىمەن. مەن ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدىغان مۆمىن بەندەمنىڭ جېنىنى ئېلىشتا ئىككىلىنىشتىن باشقا، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ ھېچقايسىدا ئىككىلىنىپ قالمايمەن. ئۆلۈم ئارقىلىق مەن ئۇنى يامان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنى ياقتۇرمايمەن، بىراق ئۇنىڭغا ئۆلۈم چوقۇم كېلىدۇ»[بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندە ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالانىڭ دوستلىرى بولغان ئەۋلىيالار، دائىم ئاللانى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ ياكى ئۇلارنى باشقىلار كۆرگەن ھامان ئاللا ئەسلىنىدۇ»[ھەكىيم سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن دوستىنى ھەرگىز دوزاخقا تاشلىمايدۇ»[ ھاكىم سەھىھ]

## چۈش توغرىسىدا

ياخشى، راست چۈش. يامان. يالغان چۈشنى ئاللاتائالا قۇرئاندا، بىر نەچچە جايدا تىلغان ئالىدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرۈشى، رەسۇلۇللانىڭ مەككىگە خاتىرجەم كىرىپ چۈش كۆرۈشى، بەدرى ئۇرۇشىدا دىنسىز كاپىرلارنى ئاز كۆرۈشى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى، پادىشاھنىڭ چۈشى، زىنداندا قامالغان ئىككى كىشىنىڭ چۈشى قاتارلىقلار. ۋەھيىمۇ رەسۇلۇللاغا ئالتە ئاي چۈش ئارقىلىق كەلگەن، رەسۇلۇللا مۆئمىننىڭ راست چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ **1/46** پارچىسى دېگەن. چۈنكى، ئالتە ئاي **23** يىلنىڭ **1/46** رەسۇلۇللا يەنە پەيغەمبەرلىك مەن بىلەن ئاياغلاشتى، ئەمدى چۈش ئارقىلىق بىشارەت بېرىدىغانلار قالدى دېگەن. بۇ ئەھۋاللار چۈش دېگەن بابدا بار، پۈتۈن ھەدىس كىتابلىرىدا بار، چۈشنى بىز ئەمدى بىر نەچچە قىسىمغا تەقسىم قىلىمىز.

بىرىنچى خىل : يۆل، ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن تولا قايماق، ھالۋا، قوي يېغىدەك نەرسىنى يەپ چۈشىدە بۇرنى قاناپ، ئالدۇرۇپ، ھەرخىل چۈشلەرنى كۆرىدۇ.

ئىككىنچى خىل: قۇرۇق ئىسسىق ھەسەل، پاقلان گۆشى، گۆلە (قاق) قاتارلىق ئىسسىقلىق نەرسىنى تولا يەپ تەبىئىتى قالايمىقان بولۇپ چۈشىدە قۇياشنى، جەڭنى چۈشەيدۇ، دائىم غەمنى كۆرىدۇ.

ئۈچىنچى خىل: ھۆللۈك، سوغۇق نەرسىنى تولا يەپ، مېۋە- چېۋە، دوغ قاتارلىق بەلغەم كۆپىيىدۇ، مەفسەللەر ئاجىزلايدۇ، جىسىم سۇيۇلىدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ، تائام يېگىسى كەلمەيدۇ، ئاشقازان ئاجىزلايدۇ، تولا ئۇخلايدىغان ئاندىن ئۇنتىقاق بولىدۇ، بۇنداق كىشى تولا ۋاقىتتا يامغۇر، سۇ كۆل، يۇيۇنۇشنى چۈشەيدۇ.

تۆتىنچى خىل: غىزانى كۆپ يېيىشدىن زەھەرلىك نەرسىنى چېكىشدىن ھەرخىل كېسەللىكدىن بۇ كىشى چۈشىدە ھەرخىل خىياللارنى، قورقۇنۇشلۇق كۆرۈنۈشلەرنى، جەڭنى، ئۇرۇشنى، ئۆلۈمنى چۈشەيدۇ

بەشىنچى خىل: مىڭىدىكى خىيالى تۇيغۇ، ئېشىپ كەتكەن ئارزۇ، پىلانلار تولا ئويلاپمۇ شۇ ئىشنى چۈشەيدۇ.

ئالتىنچى خىل: شەھۋەت، تائام شەھۋىتى، جىنسىي نەسىل شەھۋىتى قاتارلىق ئىشلارمۇ نىرىۋىغا تەسىر كۆرسىتىپ ھەرخىل چۈشلەر كۆرسىتىدۇ.

يەتتىنچى خىل: غەزەپ- نەپرەت، بىرەرسىنى دائىم ئۆچ كۆرۈش، ئاداۋەت تۇتۇش، خىيالىدا ئۆلتۈرۈشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ياكى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ تولا ئويلاپ ياكى ئايرىلىپ كېتىپ ئۇنتالماسلىق، ھەسرەتتىن خىيال سۈرۈش، ياكى بىرەر ۋەقە ھادىسە تەسىر كۆرسىتىش، قورقۇپ قارا بېسىش، ياكى بىرەر خۇشاللىق كۆرۈنۈش، ساياھەتلەر تەسىر قىلىدۇ، ياكى شەيتان ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلار بۇخىل يەتتە تۈردىكى چۈش، كەسپى چۈشكە ئوخشاش، بىرەر كەسپىنى قىلىۋاتقان بولسا، بۇنداق چۈشلەرگە تەبىر كەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ تولىسى يالغان. يامان چۈشلەر بولىدۇ. كىشى بۇنىڭغا غەم قىلىپ ئولتۇرمىسىمۇ بولىدۇ، يامان چۈش كۆرگەندە بىرەرسىگە دېمەي ئۇنتۇپ كەتسۇن.

سەككىزىنچى خىل: راست، ياخشى چۈش بولۇپ، يۇقىرقى ئەھۋاللار يوق، ھېچ سەۋەبى يوق، بەزىسى ئۆز ئەينى راست بولىدۇ، شۇ ئىش كۆرۈلىدۇ ياكى بولۇپ بولغان بولىدۇ، بۇنىڭغىمۇ تەبىر كەتمەيدۇ، بۇنىڭ تولىسى بىشارەت، خۇددى رەسۇلۇللانى چۈشىدە كۆرۈشتەك، ياكى تەجرىبىدىن چۈشكە دائىم راست ئەھۋال كەلگەندەك، بەزىسىگە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدەك، تەبىر كېتىدۇ. ۋەقەلىكى مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇنى ھەقىقىي ئالىملار بىلىدۇ، بىر نەچچە كۈن بەلكى بىر ھەپتە ياكى بىر نەچچە ئاي بۇرۇن چۈش كۆرسە، بۇ چۈش ئۆز ئەينى يۈز بېرىدۇ. ئادەم تەبىئىتى، مىجەزى بىر خىل تۇرمايدۇ. شۇڭا، بۇ چۈشنى ئالدى بىلەن ياخشى- يامان، راست، يالغانغا ئايرىش لازىم. پەرىق ئېتىش بەكمۇ مۇھىم، بولمىسا قالايمىقانلىشىدۇ، بولۇپمۇ چۈشنى سىرلىقلاشتۇرۇپ يالغان سۆزلىمەسلىك لازىم، بولمىسا ۋابالى ئۆزىگە، گەرچە دىنسىز بولسىمۇ، ئالىم بولسا، مۇتەپەككۇر بولسا، يۇرت، خەلق غېمىنى يېسە، بۇنداق كىشىمۇ بەزىدە راست چۈش كۆرىدۇ، ياكى مەنىلىك، تەبىرلىك چۈش كۆرىدۇ. دەلىل: سۈرە يۈسۈفدىكى پادىشاھ دىنسىزدۇر.[تەپسىر تەنتاۋى]

## پەيغەمبەرلىكنىڭ بېشارەتلىرىدىن پەقەت ياخشى چۈشلا قالغانلىقى

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ئى خالايىق! پەيغەمبەرلىكنىڭ بېشارەتلىرىدىن پەقەت ياخشى چۈشلا قالدى، ئۇنى مۇسۇلمان كىشى يا ئۆزى كۆرىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار كۆرىدۇ» دېدى [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم،

دەيدۇ:« پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت بىشارەتلا قالدى» ساھابىلار:« ئى رەسۇلۇللا! بىشارەت دېگەن نىمە؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ياخشى چۈش» دېدى[بۇخارى]

مىسىرلىق بىر كىشىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاللاتائالانىڭ: [ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ، ئاللا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر[64] سۈرە يۇنۇس] دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورىغان ئىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇ ئايەت ھەققىدە سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:« بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن بۇيان، سەندىن باشقا بىرىسى مەندىن بۇ ئايەت ھەققىدە سوراپ باقمىغان. ئۇ دېگەن مۇسۇلمان كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان ياخشى چۈشتىن ئىبارەت» دېگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى، مەندىن بۇ ئايەت ھەققىدە سەندىن باشقا پەقەت بىر كىشىلا سوراپ باقتى» [تىرمىزى سەھىھ]

ئىبنى جەرىر ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ» دېگەن ئايەتتىن ئاخىرەتتىن بېرىلگەن خۇش بىشارەتنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق، ئۇنداقتا «دۇنيادا بېرىلىدىغان خۇش بىشارەت نىمە» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مۆمىننىڭ كۆرگەن ياخشى چۈشى بۇ دۇنيادىن بېرىلگەن خۇش خەۋەر، ئۇ ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىقتىن بىرى ياكى يەتمىشتىن بىردۇر» دېدى.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ» يەنى ياخشى چۈش مۆمىنگە بېرىلگەن خۇش بىشارەتتۇر» [ئەھمەد]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ دۇنيادىكى خۇش بىشارەت" راست چۈشتۇر"» [تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ياخشى چۈش، مۆمىن كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان خۇش بىشارەتتۇر» [ئىبنى جەرىر سەھىھ]

## مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىدىغان ۋەھيي دەسلىۋىدە راست چۈشلەردىن باشلانغان، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زامان ئاخىر يېقىنلاشقاندا مۆئمىننىڭ كۆرگەن چۈشى ئاسانلىقچە يالغان چىقمايدۇ. مۆئمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر»

يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئاراڭلاردىكى چۈشى راست چىقىدىغانلار سىلەرنىڭ راست سۆزلەيدىغانلىرىڭلاردۇر» دېيىلگەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت يېقىنلاشقان چاغدا، مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى يالغان بولمايدۇ، مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر» ئەبۇ ھۇرەيرە بويۇنغا تاقاق سېلىنىپ چۈشگەننى ياخشى ھېسابلىمايتتى، چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەر پۇتىغا ئىشكەل سېلىنىپ كۆرگەن چۈشنى ياخشى ھېسابلايتتى، ئۇنىڭغا دىندا مۇستەھكەم تۇرغانلىقنى كۆرستىدۇ، دەپ تەبىر بېرەتتى» [بۇخارى]

## ياخشى چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 25، 46، 70 پارچىسى

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 25 پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر» [ئىبنى نەججار سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر » [بۇخارى ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 70 پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

## چۈش تەبىرنى بىلدۈرۈش

[پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەققەتەن... چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ [101]سۈرە يۇسۇف]

## چۈشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى كىشى ئويغاق ۋاقتىدا شۇغۇللانغان ئىشلىرىنىڭ ئىنكاسى بىلەن كۆرگەن چۈش. ئىككىنچىسى شەيتاندىن بولغان قورقۇنچلۇق چۈش. ئۈچىنچىسى ئاللا تەرىپىدىن بولغان بىشارەتلىك چۈش. كىمكى يامان چۈش كۆرىدىكەن، ئۇنى ھېچ ئادەمگە ئېيتمىسۇن، تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن» [بۇخارى]

## چۈشكە تەبىر بەرسە راستقا ئايلىنىدىغانلىقى

ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«چۈش تەبىر بېرىلمىسىلا كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ، تەبىر بېرىلگەن ھامان يۈز بېرىدۇ چۈشنى پەقەت يېقىن دوستقا، ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ياكى دانا ئالىمغا سۆزلەپ بېرىڭلار. باشقىلارغا قالايمىقان سۆزلەپ بەرمەڭلار» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن چۈش شۇ چۈشكە بېرىلگەن تەبىرگە ئاساسەن يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى: پۇتنى كۆتۈرگەن كىشىگە ئوخشايدۇكى، پۇتىنى قاچان قويۇشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. بېرىڭلار چۈش كۆرسە چۈشنى پەقەت نەسىھەت قىلغۇچى دوستىغا ياكى دانا ئالىمغا سۆزلەپ بەرسۇن. باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرمىسۇن» [ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بېرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە ئۇنى تەبىر بېرىپ خەۋەر قىلسا بولىدۇ. ئەگەر يامان ، قەبىھ چۈش كۆرسە، ئۇنى خەۋەر قىلمىسۇن، تەبىر قىلمىسۇن» [تىرمىزى سەھىھ]

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار مۇئاۋىيە ھەيدە قۇشەيرىدىن رىۋايەت قىلغان باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ كۆرگەن چۈش تەبىر بېرىلمىسە، ئۇ چۈش رېئاللىققا ئايلانمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا تەبىر بېرىلسە، ئۇ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ»

## ياخشى ۋە يامان چۈش كۆرگەندە

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« توغرا چۈش (يەنە بىر رىۋايەتتە ياخشى چۈش) ئاللاتائالا تەرىپىدىندۇر. يامان چۈش شەيتاندىندۇر. كىمكى يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم سۈف دەۋەتسۇن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈش زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قاچانكى سىلەردىن بىرەرسى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن، ئاللاتائالاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئۈچ قېتىم پاناھلىق تىلىسۇن، بېسىپ ياتقان تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋالسۇن»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

بىر رىۋايەتتە:« ئەگەر سىلەرنىڭ بېرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، ئۇنى سۆزلەپ بەرسۇن. ئەگەر يامان چۈش كۆرسە، يەنە بىر تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ ياتسۇن، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن، ئاللاتائالاغا سېغىنىپ شۇ چۈشنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن. ئۇ چۈشنى ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمىسۇن. شۇنداق قىلسا، ئۇ چۈش ئۇنىڭغا ھەرگىز زىيان سالمايدۇ»[مۇسلىم]

## كىشىنىڭ كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېيىشى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن كىشى چۈشىدە كۆزى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دېيىشى، كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېيىشى ئەڭ چوڭ بۆھتاندۇر» [ئەھمەد سەھىھ]

بىر رىۋايەتتە:« كىمكى كۆرمىگەن چۈشنى كۆرگەن بولۇۋالغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىككى دانە تېرىقنى باغلاشقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇ ئۇنى ھەرگىز باغلىيالمايدۇ»[بۇخارى]

## چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنى چۈشىدە كۆرگەن ئادەم ئويغىدا كۆرىدۇ ياكى مېنى گويا ئويغىدا كۆرگەندەك بولىدۇ. شەيتان مېنىڭ شەكلىمگەن كىرەلمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشى

[ پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن [100] بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق [101] ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش- كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم:« ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى:« ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن [102] ئىككىسى

(ئاللانىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى [103] بىز ئۇنىڭغا:« ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ) دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [104-105] بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر [106] بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق [107] كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق [108] ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! [109] سۈرە سافافات]

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشى

[ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈف ئۆز ئاتىسىغا:« ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى [4] ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام):« ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ سالمىسۇن، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» دېدى [5] سۈرە يۈسۈف][ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۈسۈف ئاتا - ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە:« ئاللا خالىسا، مىسىرغا ئامان - ئېسەن كىرىڭلار» دېدى [99] ئاتا - ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۈسۈفكە سەجدە قىلىشتى. ئۇ (يەنى يۈسۈف):« ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى» [100] .....پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ [101] سۈرە يۈسۈف

## زىنداندىكى ئىككى كىشىنىڭ چۈشى

[زىندانغا يۈسۈف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى:« مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى ھەقىقەتەن (ئۈزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى:« مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى ھەقىقەتەن بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان، نانني قۇشلار يەۋاتقان كۆرۈپتىمەن، تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز» دېدى [36] يۈسۈف ئېيتتى:« ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەردىندۇر» [37] ......« تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ) يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ، سىلەر سورىغان ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى» [41] سۈرە يۈسۈف]

## پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشى

[پادىشاھ ئېيتتى:« مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار» [43] ئۇلار ئېيتتى:« بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۇقمايمىز [44] ھېلىقى ئىككىسىدىن (تۈرمىدىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۈسۈفنى) ئەسلىگەن بىرىسى:« مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، مېنى (يۈسۈفنىڭ يېنىغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى [45] (ئۇنى ئەۋەتىشتى، ئۇ تۈرمىگە بېرىپ يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىردى-دە،)« ئى راستچىل يۈسۈف! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى) بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ئۇنى كىشىلەرگە (يەنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا) خەۋەر قىلسام، ئۇلار (سېنىڭ پەزلىڭنى، بىلىمىڭنى) بىلسۇن» دېدى [46] يۈسۈف ئېيتتى:« يەتتە يىل ئۇزۇلدۇرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خاماندا تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشقى بىلەن قويۇڭلار [47] شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى تويلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويۇلىدىغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىسىلەر [48] شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) يىللار كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ [49] سۈرە يۈسۈف]

## ئاللانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن چۈشى

[ئاللا پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) ئاللا خالىسا (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر [27] سۈرە فەتىھ][(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، ئاللا چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (يەنى دۈشمەنلىرىڭنى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا، سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم دەتالاش قىلاتتىڭلار، لېكىن ئاللا (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. ئاللا دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇغۇچىدۇر

[43] سۈرە ئەنفال]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى

ئەبۇ مەريەم غەسسانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئانام بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئىككى پۇتى ئارىلىقىدىن بىر نۇر چىقىپ شامنىڭ (يەنى سۈرىيە) ئەتراپىنىڭ قەسىرلىرىنى يورىتىۋېتىپتۇ» [تەبرانى ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە نۇئەيم ۋە ئىبنى مەردۇۋييە ھەسەن]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئانام چۈشىدە گوياكى، ئۆزىنىڭدىن بىر نۇر چىقىپ شۇ نۇردىن شامنىڭ قەسىرلىرىمۇ نۇرلىنىپ يورۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپتۇ» [ئىبنى سەئد سەھىھ]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمىزغا چىقىپ بىزگە مۇنداق دېدى:« مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باش تەرىپىمدە، مىكائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغ تەرىپىمدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ئۇ ئىككىسىدىن بىرى- يەنە بىرىگە: مۇھەممەدكە سەن مىسال بايان قىلغىن، دېدى. ئىككىسىدىن بىرى: ئى مۇھەممەد! قۇلاق سالغىن، قۇلاقلىرىڭ ئاڭلايدۇ، ئەقلىڭنى ئىشلەتكىن، قەلبىڭ چۈشىنىدۇ، ھەقىقەتەن سېنىڭ مىسالىڭ بىلەن سېنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ مىسالى: قەسىر بىنا قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇ ئۆيگە زىياپەت تەييارلىغان، ئاندىن زىياپەتكە كېلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى چاقىرىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن بىر پادىشاھنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. چاقىرغانلار ئىچىدىن ئەلچىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىمۇ ۋە ئۇنى رەت قىلىدىغان كىشىمۇ بار. ئاللاتائالا شۇ پادىشاھتۇر، قەسىر بولسا ئىسلامدۇر، قەسىردىكى ئۆي بولسا جەننەتتۇر. ئى مۇھەممەد! سەن ئەلچىدۇرسەن. كىمكى سېنىڭ ئەلچىلىكىڭنى قوبۇل قىلسا، ئىسلامغا كىرگەن بولىدۇ، كىمكى ئىسلامغا كىرسە جەننەتكە كىرىدۇ، كىمكى جەننەتكە كىرسە ئۇنىڭ زىياپەتلىرىدىن يەيدۇ» دېدى[ئىبنى جەرىر]

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىر چۈش كۆرگەن ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىدا، يەنە بىرى بېشىدا ئولتۇرىدۇ. ئايىغىدا ئولتۇرغان پەرىشتە بېشىدا ئولتۇرغىنىغا: بۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرمەمسەن؟ دەيدۇ. بېشىدا ئولتۇرغان پەرىشتە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ مىسالى سەپەر ئۈستىدىكى بىر قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر. ئۇلار (سەپەر قىلىپ) بىپايان كەتكەن بىر چۆلگە بېرىپ قالىدۇ. ئۇ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ۋە ياكى ئۇ يەردىن ئارقىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوزۇقى يېتەرلىك ئەمەستۇر. ئۇلار شۇنداق تۇرغان بىر پەيتتە يوللۇق پاختا رەختىن چىرايلىق كىيىم كىيگەن بىر كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا: ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر مەن سىلەرنى ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان بىر باغقا ۋە تاتلىق سۇيى بار بىر كۆلگە باشلاپ ئاپارسام ماڭا ئەگىشەمسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: ئەگىشىمىز، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇلارنى ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان بىر باغقا ۋە تاتلىق سۇيى بار بىر كۆلگە باشلاپ ئاپىرىدۇ. ئۇلار (ئۇ يەردە) يەپ- ئىچىپ سەمىرىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى ئۇلارغا: مەن سىلەرگە سىلەر ئاشۇ ھالەتلەردا تۇرغاندا ئۇچرىشىپ سىلەرنى ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان بىر باغقا ۋە تاتلىق سۇيى بار بىر كۆلگە باشلاپ ئېلىپ بارسام ماڭا ئەگىشەمسىلەر؟ دېسەم، سىلەر ماڭا ئەگىشىپ كەلمىدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: شۇنداق قىلدۇق، دەيدۇ. ئۇ كىشى: ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مېۋىسى بۇنىڭدىنمۇ مول بولغان بىر باغ، سۇيى بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق بولغان بىر كۆل بار، (مەن سىلەرنى شۇ يەرگە باشلاپ ئېلىپ باراي) ماڭا ئەگىشىڭلار، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىملىرى: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ راست سۆزلەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئەگىشىمىز، دەيدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى: بىز مۇشۇنىڭغا رازى بولدۇق. بىز مۇشۇ يەردە قېلىپ قالىمىز، دەيدۇ[ئەھمەد]

ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ماڭا چۈشۈمدە ئۈممىتىمنىڭ مەندىن كېيىن يولۇقىدىغان ئىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى قېنىنى چېچىشلىرى كۆرسىتىلدى. بۇ ئىشلار ئاللا تەرەپتىن خۇددى ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارغا بۇرۇنلا پۈتۈلگەندەك (ئاللا ئالدىن بەلگىلەپ) بۇرۇنلا پۈتۈلگەن» [ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە ئەۋسەت سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن چۈشۈمدە ئىككى قولۇمغا سالغان ئالتۇن بىلەيزۈك توغرىسىدا ئويغا چۆكۈپتىمەن. ماڭا: ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنى پۈۋلە دەپ ۋەھيي قىلىنىدى، پۈۋلىۋىدىم، ئۇچۇپ كەتتى. مەن بۇ چۈشكە مۇنداق تەبىر بەردىم: مەندىن كېيىن ئىككى يالغانچى (پەيغەمبەر) دۇنياغا كېلىدىكەن. بىرى: ئەنسىي، يەنە بىرى مۇسەيلىمە» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر كېچىسى كەئبىنىڭ ئالدىدا چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر قوڭۇر تەنلىك ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ مەن كۆرگەن بارلىق قوڭۇر تەنلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى. ئۇنىڭ چېچى ئىككى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ناھايىتى يۇمران، ئۇ قولىدا ئىككى كىشىنىڭ مۈرىسىنى تۇتقان ھالدا كەئبىنى ئايلىنىۋاتقان ئىكەن، مەن كۆڭلۈمدە بۇ كىمدۇ؟ دەپ ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن

بىرىسى: مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا، دېدى. مەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قىسقا بۇدۇر چاچلىق، ئۇ ئىككى قولى بىلەن بىرىنىڭ مۈرىسىنى تۇتقان بولۇپ، ئۇمۇ كەئبىنى ئايلىنىۋاتاتتى. مەن يەنە كۆڭلۈمدە بۇ كىمدۇ؟ دەپ ئويلىدىم. بىرىسى ماڭا: ئۇ ئالدامچى دەججال» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن چۈشۈمدە مەككىدىكى بىر خورمىزارلىققا بېرىپتىمەن، مەن يەمامە ياكى ھەجەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم، ئۇ مەدىنە شەھرىكەن. چۈشۈمدە شەمشىرىمنى ئوينىتىپتىمەن، شەمشىرىمنىڭ سېپى سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئوھۇد غازىتىدا بىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمىز ئىكەن. مەن يەنە شەمشىرىمنى ئوينىتىپتىمەن، شەمشىرىم ئەسلىدىكىدىن ياخشى بولۇپ قاپتۇ. بۇ مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈرۈشىنىڭ غەلىبە قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ جەم بولۇشىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قېلىشى ئىكەن. چۈشۈمدە كالا كۆرۈپتىمەن، بۇ ئوھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللا يولىدا شېھىد بولىدىغانلىقى ۋە ئاللانىڭ ئەڭ ياخشى جايغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى، ئاللا بىزگە بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقى، بەدىر غازىتىدىن كېيىنكى ھەر قانداق غازاتتا غەلىبە قىلىدىغانلىمىزنىڭ بېشارىتى ئىكەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئۇممە هارام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن چۈشۈمدە مۇشۇ دېڭىزنىڭ يۈزىدە خۇددى پادىشاھلار تەختىدە ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم كەڭ- تاشا سەپەر قىلىدىغان جىهاد قىلىدىغان قەۋمىلەرنى كۆردۈم» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن چۈشۈمدە خۇددى چاچلىرى چۇۋۇق، قارا تەنلىك بىر ئايالنىڭ مەدىنىدىن چىقىپ مۇھەيئەتكە چۈشكىنىنى كۆردۈم. ئاندىن مەن بۇ چۈشۈمگە ھەقىقەتەن مەدىنىنىڭ ۋاباسى شۇ جايغا يوتكىلىپتۇ دەپ تەبىر بەردىم» [بۇخارى ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى جەننەتتە كۆردۈم. تۇساتتىن بىر ئايالنىڭ بىر قەسىر يېنىدا تاھارەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: بۇ ساراي كىمنىڭ؟ دەپ سورىدىم. پەرشتىلەر جاۋاب بېرىپ: ئۆمەرنىڭ، دېدى. مەن ئۆمەرنىڭ كۈنلەيدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ قايتىپ كەلدىم» دېدى. ئۆمەر ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئى رەسۇلۇللا! ئەجەبا مەن ساڭىمۇ كۈندەشلىك قىلارمەنمۇ، دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« چۈشۈمدە بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۇرۇپتىمەن. بۇ چاغدا قۇدۇقتىن بىر - ئىككى چېلەك سۇ تارتتىم. ئاندىن ئۇ چېلەكنى ئەبۇ بەكرى قولىغا ئالدى. ئۇمۇ بىر ياكى ئىككى چېلەك سۇنى تەسلىكتە تارتتى. ئاللا ئۇنى ئەپۇ قىلغاي. ئاندىن كېيىن ئۆمەر قولىغان ئالغان ئىدى. ئۇ چېلەك چوڭىيىپ كەتتى. سۇنى ئۆمەردەك تارتىدىغان قابىل ئادەمنى كۆرمىدىم ئۇ سۇنى شۇنداق قالتىس تارتتىكى، كىشىلەر قۇدۇق بويىغا ئۆتەك (ماللارنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان جايلار) لەرنى سالدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« چۈشۈمدە تۆگىنى سۇغىرىدىغان بىر چېلەكتە قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتاتتىم، ئەبۇ بەكرى كەلدى. ئۇ تەسلىكتە بىر ياكى ئىككى چېلەك سۇ تارتتى. ئاللا ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغاي. ئاندىن ئۆمەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوغان بىر چېلەككە ئۆزگەردى. سۇنى ئۆمەردەك تارتىدىغان ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم، كىشىلەر سۇدىن قېنىپ ئىچتى، ئارام ئالدى ۋە ئۆتەڭلەرنى سالدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« چۈشۈمدە بىرىسى ماڭا بىر چىنە سۈت بەردى. مەن ئىچىۋاتقىنىمدا بارمىقىمدىن سۈت ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئاشقىنىنى ئۆمەرگە سۇندۇم» دېدى. ساھابىلەر: بۇ سۈتنى قانداق چۈشىنىمىز؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بىلىم» دەپ جاۋاب بەردى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە بىر توپ جامائەت ئاشكارا بولدى، ھەتتا ئۇلارنى تونۇدۇم، ئاندىن مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى چىقىپ بۇياققا كېلىڭلار! دېدى. مەن قەيەرگە بارىدۇ دىسەم، ئۇ: دوزاخقا دېدى. ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلار نېمە ئىش قىلغان دېسەم؟ ئۇ كىشى ھەقىقەتەن ئۇلار سەن كەتكەندىن كېيىن كەينىگە چېكىنىپ، مۇرتەد بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن دېدى. ئاندىن يەنە بىر توپ جامائەت ئاشكارا بولدى بۇلارنىمۇ تونۇدۇم، يەنە بىر كىشى ئارىمىزنى توسۇپ بۇياققا كېلىڭلار دېدى. مەن نەگە بارىدۇ؟ دېسەم، دوزاخقا دېدى. بۇلار نېمە ئىش قىلغان دېسەم بۇلارمۇ سەندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ ئارقىسىغا چېكىنىپ دىنىدىن قايتىۋالدى دېدى. مەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ دوزاخدىن قۇتۇلىدىغان كۆرمىدىم، پەقەت پادىچى يوق ئازغۇن تۆگە ئېزىپ قالغاندەك ئۇلارنىڭ دوزاخدىن قۇتۇلىدىغىنى ناھايىتى بەك ئازدۇر» [بۇخارى]

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىنىدۇ:« مەن كېچىدە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن (چۈشۈمدە) بىز رافىئنىڭ ئوغلى ئۇقبەنىڭ ھويلىسىدا ئىكەنمىز، بىزگە ئىبنى تابىنىڭ ھۆل خورمىلىرىدىن كەلتۈرۈلۈپتۇ، مەن بىزگە بۇ چۈشتە ئىشارەت قىلىنغاندەك ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى بېرىلىدىكەن، بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ھۆكۈملىرى تولۇق ئورۇنلىنىپتۇ دەپ، تەبىر بەردىم»

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« چۈشۈمدە بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۇم، ئۇلار ئۇزۇن- قىسقىلىقى ئوخشىمايدىغان كىيىملەرنى كىيىۋاپتۇ، بەزىسىنىڭ ئۇزۇن بولۇپ، كۆكرىكىنى يۆگەپتۇ. بەزىسىنىڭ قىسقا بولۇپ كۆكرىكىنى يۆگىيەلمەپتۇ. ئۆمەر كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇ ئۇزۇن كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، يەرگىچە سۆرىلىپ تۇراتتى» ساھابىلەر: بۇ كىيىمنى قانداق چۈشۈنىمىز؟» دېگەندە، رەسۇلۇللا:« ئىسلام دىنى» دېگەن[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

بىر رىۋايەتتە:« چۈشۈمدە ھىجرەت قىلىدىغان يۇرتۇڭلارنى كۆردۈم، ئۇ ئىككى سايىنىڭ ئارىسىدىكى بىر يەر ئىكەن، مەن ئۇ يەرنى ھەجەر دېگەن شەھەرمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ يەسرەب ئىكەن» يەنە بىر رىۋايەتتە"يەسرىب" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "مەدىنە" دېيىلگەن[بۇخارى]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن چۈشۈمدە گوياكى مەن پۇختا قورغان ئىچىدە تۇرىمەن، ۋە بىر كالىنىڭ بوغۇزلانغانلىقىنى كۆردۈم، ھەقىقەتەن پۇختا قورغان مەدىنە، كالا بولسا بىر نەچچە مۇئمىن دەپ چۈشەندىم، ئاللا بىلەن قەسەمكى ئۇ ياخشىلىقتۇر» [ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە زىيائۇلمەدەسى سەھىھ]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:« سىلەردىن چۈش كۆرگەن ئادەم بارمۇ؟» دەپ كۆپ ئېيتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا خالىغان ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشلىرىنى بايان قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە بىزگە مۇنداق دەپ بەرگەن:« كېچىسى ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى تۇرغۇزۇپ ماڭدى:« يۈر» دېدى. مەن ئۇلار بىلەن يۈردۈم. بىز ئۇڭدىسىغا ياتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم تاشنى تۇتۇپ ۋە تاش بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ كاللىسىنى يەنجىيتتى. تاش دومىلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. ئۇرغۇچى ئادەم تاشنى ئېلىپ، ئۇرۇلغۇچىنىڭ كاللىسى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگۈچە كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ كاللىسىنى يانجىيتتى» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:« مەن پەرىشتىلەرگە: بۇ ئىككى ئادەم نېمە ئادەم؟» دېسەم، پەرىشتىلەر ماڭدا:«يۈر، يۈر» دېدى. بىز يۈرۈپ ئۇڭدىسىغا ياتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يۈزىنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ كانارە بىلەن ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن، بۇرنىدىن ۋە كۆزىدىن بوينىغىچە تىلاتتى (ئەبۇ رەجانىنىڭ رىۋايىتىدە « تىلاتتى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا « ياراتتى» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم) ئاندىن يۈزىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىنمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇ تەرىپىنى تىلىپ بولغۇچە ئاۋۋالقى تىلغان تەرىپى ساقىيىپ ئەسلىگە كېلەتتى. ئەسلىگە كەلگەن تەرىپىدىن يەنە ئاۋۋالقىدەك تىلاتتى. مەن:« بۇ ئىككى ئادەم نېمە ئادەم» دېسەم. پەرىشتىلەر ماڭدا:« يۈر، يۈر» دېدى. بىز يۈرۈپ تونۇرغا ئوخشايدىغان بىر گوداڭغا كەلدۇق» سەمۇرە جۇندۇبنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« گوداڭدىن قىيا- چىيا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گوداڭغا قارىساق، قىپيالىڭاچ ئەر- ئاياللار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئوتنىڭ يالقۇنى كېلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ يالقۇن ئۇلارغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ۋارقىرىشىپ كېتەتتى. مەن پەرىشتىلەردىن:« بۇلار كىم؟» دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭدا:« يۈر، يۈر» دېدى. بىز يۈرۈپ بىر ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق» سەمۇرە جۇندۇب ئېيتىدۇكى، ئېسىمدە قېلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۆستەڭ قاندەك قىزىل ئىدى. ئۆستەڭدە بىر ئادەم ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ يېنىغا نۇرغۇن تاش يىغىۋالغانىدى. ھېلىقى ئۆستەڭدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئادەم تاش يىغىۋالغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى ئاچاتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تاش سېلىپ قوياتتى. ئۇ بېرىپ ئۆستەڭدە يەنە ئۈزەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە قايتىپ كېلەتتى. ھەر قايتىپ كەلگەندە ئاغزىنى ئاچاتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا تاش سېلىپ قوياتتى. مەن پەرىشتىلەردىن:« بۇلار كىم؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار ماڭدا:« يۈر، يۈر» دېدى. بىز يۈرۈپ ناھايىتى قەبىھ سۈرەتلىك بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئوت بولۇپ، ئۇ ئوتنى قوچۇيتتى ۋە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. پەرىشتىلەردىن:« بۇ نېمە ئادەم؟» دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭدا:« يۈر، يۈر» دېدى. بىز يۈرۈپ ئۆسۈملۈكلىرى ئېگىز ئۆسكەن، باھارنىڭ خىلمۇخىل گۈل- چېچەكلىرى بىلەن تولغان بىر باغچىغا كەلدۇق. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئېگىز بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن باللار تۇرۇپتۇكى، بۇنداق كۆپ باللارنى زادى كۆرمىگەنىدىم. پەرىشتىلەردىن:« بۇ كىم؟ ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭدا:« يۈر، يۈر» دېدى. بىز يۈرۈپ شۇنداق چوڭ باغقا يېتىپ كەلدۇقكى، بۇنداق چوڭ ۋە چىرايلىق باغنى زادى كۆرمىگەنىدىم. پەرىشتىلەر مېنى:« باغقا كىرگىن» دېدى. بىز باغقا كىرىپ ئالتۇن كېسەك بىلەن كۈمۈش كېسەكتىن سېلىنغان بىر شەھەرگە يېتىپ باردۇق. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. بىزگە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىپ بېرىلدى. شەھەرگە كىردۇق. بۇ يەردە بىزنى بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى ئەڭ چىرايلىق، يېرىمى ئەڭ قەبىھ بولغان كىشىلەر كۈتۈۋالدى. پەرىشتىلەر ئۇلارغا:« بېرىڭلار، ئاشۇ ئۆستەڭگە چۈشۈڭلار» دېدى. قارىساق، توغرىسىغا ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ تۇرۇپتۇ، ئاقلىقتا ئۇنىڭ سۈيى گويا سۈتتەك ئىدى. ئۇلار ئۆستەڭگە بېرىپ چۈشتى. ئاندىن بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى قەبىھلىك يوقىلىپ، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرگەنىدى. پەرىشتىلەر ماڭدا:« بۇ سېنىڭ مەنزىلگاھىڭ ئەدنى جەننىتى بولىدۇ» دېدى. كۆزۈمنى يۇقىرىغا تىكىپ قارىسام، ئاق بۇلۇتتەك بىر ساراي تۇرۇپتۇ. پەرىشتىلەر ماڭدا:« مانا بۇ سېنىڭ ئورنۇڭ» دېدى. مەن پەرىشتىلەرگە:« سىلەرگە ئاللاتائالا بەخت ئاتا قىلسۇنكى، مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭغا كىرىمەن»

دېدىم. پەرشتىلەر ماڭا:« هازىر كىرىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كېلەچەكتە كىرىسەن» دېدى. مەن پەرشتىلەرگە:« كېچىدىن بۇيان ئاجايىپ ئەھۋاللارنى كۆردۈم، ئۇلارنى دەپ بەرسەڭلار» دېدىم. پەرشتىلەر ماڭا:« ئۇلاردىن سېنى خەۋەردار قىلىپ قويايلى، سەن ئالدىدا كۆرگەن كاللىسى تاش بىلەن يانجىلىۋاتقان ئادەم قۇرئاننى ئۆگىنىپ تاشلىۋەتكەن ۋە پەرز نامازنىڭ ۋاقتىدا ئۇخلايدىغان ئادەمدۇر. سەن كۆرگەن جاۋغاي، بۇرۇن ۋە كۆزلىرىدىن تارتىپ بويىنىغىچە تىلىنىۋاتقان ئادەم ئەتىگەندە ئۆيدىن سىرتقا يالغان- ياۋىداقلارنى تارقىتىدىغان ئادەمدۇر. تونۇرغا ئوخشايدىغان گوداڭدا تۇرغان ئەر- ئاياللا بولسا پاھىشىۋازلاردۇر. سەن كۆرگەن ئۆستەڭدە ئۈزۈۋاتقان، ئاغزىغا تاش سېلىنىۋاتقان ئادەم بولسا جازانىخوردۇر. ئوتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى قوچۇۋاتقان ۋە ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغان ئادەم دوزاخقا مەسئۇل پەرشتە مالىكتۇر. باغدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى باللار ئىسلام تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلغانلاردۇر» دېدى. سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلاردىن بىرى:« ئى رەسۇلۇللا مۇشرىكلارنىڭ باللىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مۇشرىكلارنىڭ باللىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاندىن مۇنداق دېدى:« پەرشتىلەر: بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى قەبىھ كەلگەن كىشىلەر ياخشى ئىشلارغا يامان ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغانلاردۇر، ئاللاتائالا ئۇلارنى كەچۈرسۇن» دېدى[بۇخارى]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« چۈشۈمدە مسۋاك بىلەن چىشىمغا مسۋاك قىلىپتىمەن. بىرى كىچىك ئىككى ئادەم يېنىمغا كېلىپتۇ. مەن مسۋاكنى كىچىكىگە سۇنسام، بىرىسى ماڭا: مسۋاكنى چوڭىغا بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى چوڭىغا بېرىپتىمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغانىدى، 20- كۈننى ئۆتكۈزۈپ 21- كۈنى كەلگەندە ئۆيگە قايتتى، رەسۇلۇللا بىلەن بىللە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆيگە قايتتى، رەسۇلۇللا ئېتىكاپتىن قايتقان كېچىسى ناماز ئوقۇپ كىشىلەرگە ئاللانىڭ چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزدى. رەسۇلۇللا:« مەن ئەسلىدە مۇشۇ ئاينىڭ ئولتۇرسىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغانىدىم، ئەمدى ئاي ئاخىرىدىكى ئون كۈندە ئولتۇرۇشقا ئۆزگەرتتىم، شۇڭا مەن بىلەن ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار ئېتىكاپخانىسىدا مۇستەھكەم ئولتۇرسۇن، قەدىر كېچىسىنى چۈشۈمدە كۆردۈم، كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، سىلەر مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈننىڭ تاق كۈنلىرىدە ئۇنى ئىزدەڭلار، مەن چۈشۈمدە لاي ئۈستىگە سەجدە قىلغانلىقىمنى كۆردۈم» 21- كۈنى كېچىسى كەچتە ئاسماندا بۇلۇتلار يىغىلىپ يامغۇر مەسجىدنىڭ ئۆگزىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، رەسۇلۇللا ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇنغا يامغۇر چۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈنى رەسۇلۇللانىڭ بامدات نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆپچىلىككە بۇرالغاندا يۈزىنىڭ لاي بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلھۇلەيفىدە ئارام ئالغاندا چۈشىدە بىر كىشى رەسۇلۇللاغا:« سەن بەرىكەتلىك بىر ساھىلدا تۇرۇۋاتىسەن» دېگەنىكەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:« مەن ئۇدا ئۈچ كېچە چۈشۈمدە سېنى كۆردۈم. (چۈشۈمدە) پەرشتە سېنى بىر پارچە يىپەكنىڭ ئىچىدە يېنىمغا ئېلىپ كېلىپ:« بۇ سېنىڭ ئايالىڭ» دەيتتى مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى ئاچاتتىم، قارىسام (ئىچىدىكى ئايال) سەن بولۇپ چىقاتتىڭ. شۇنىڭ بىلەن مەن:« ئەگەر بۇ چۈش ئاللا تەرىپىدىن بولسا، ئاللا بۇ چۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دەيتتىم [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۇنبىرىگە ھەكەمنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چىقىپ- چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەھەردە ئاچچىقلانغان ھالدا ئويغىنىپ: مەن نېمىشقا ھەكەم ئوغۇللىرىنىڭ مۇنبىرىمگە خۇددى مايمۇنلار دەرەخكە چىقىپ- چۈشكەندەك چىقىپ- چۈشۈۋاتقانىقىنى كۆرگەندىمەن؟» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاكى ۋاپات بولغانىغا قەدەر كۈلگىنىنى كۆرمىدىم» [مەۋسىلى]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن چۈشۈمدە كىتابنىڭ بېشىمنىڭ ئاستىدىن ئېلىنغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ باشقا يەرگە ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقىنى پەملەپ، كۆزۈتىشكە باشلىدىم، ئۇ شامغا ئېلىپ كېتىلدى. بىلىڭلاركى، پىتنە تۇغۇلغاندا، ئىمان شامدا بولىدۇ» [ئەھمەد]

رىۋايەتتە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كۈنى چۈش كۆردى، ئاسماندىن بىر ئاي كېلىپ ئۇنىڭ قوينىغا كىردى، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئەتىسى تۇغقىنى نەۋفەل ئىبنى ۋەرەقەنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى. نەۋفەل ئۇ چۈشكە تەبىر بېرىپ مۇنداق دېدى:

__ ئى خەدىچە، سەن ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىنىڭ خوتۇنى بولىدىكەنسەن، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن ئىككى دۇنيادا ئەزىز بولىدىكەنسەن. ئۇ كىشىنىڭ تەرىپ ۋە تەۋسىپلىرى« تەۋرات » تا مەشھۇردۇر.

## باشقىلارنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى

ئەۋفى ئىبنى مالىكنىڭ ئەبۇ بەكرىگە: مەن چۈشۈمدە ئاسماندىن بىر ئارغامچىنىڭ تاشلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تارتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇ ئارغامچا قايتا تاشلىنىپ سېنى تارتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن

كېيىن مۇنبەرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ بويىنىڭ مېتىرلانغانلىقىنى، ئۆمەرنىڭ مۇنبەر ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۈچ گەز ئارتۇق چىققانلىقىنى كۆردۈم، دېدى. (بۇ يەردە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر بار ئىدى) ئۆمەر: ئۇ چۈشۈڭنى قوي! بىز بۇنداق چۈشلەرگە ھاجەت ئەمەس، دېدى. ئۆمەر خەلىپە بولغاندا: ئى ئەۋف! سەن كۆرگەن چۈشىڭنى قايتا بايان قىلغىن، دېدى. ئەۋف: مېنىڭ چۈشۈمگە ھاجىتىڭ يوق ئەمەسمىدى؟ دېدى. ئۆمەر؛ ساڭا ۋاي، مەن ساڭا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىگە ئۆلۈم خەۋىرىنى بېرىشىڭنى يامان كۆرگەچكە شۇنداق دېگەن، دېدى. ئەۋف كۆرگەن چۈشىنى ئۆمەرگە قايتا بايان قىلىپ" ئۆمەر مۇنبەر ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۈچ گەز ئارتۇق كەلدى" دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۆمەر مۇنداق دېدى. ئۈچ گەزنىڭ بىرى، ماڭا بېرىلگەن خەلىپىلىكتۇر. ئىككىنچىسى، مېنىڭ ئاللا يولىدا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىقىمدۇر. ئۈچىنچىسى، مېنىڭ شېھىد بولۇشىمدۇر»[ئىبنى جەرىر]

ئىمام ئەھمەد، سابىتتىن ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈلگەن چۈشلەرگە قىزىقاتتى. بىرەر ئادەم چۈش كۆرۈپ قالسا، بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى. ئۇنىڭ چۈشىگە ياخشى تەبىر بېرىلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ چۈشىگە تېخىمۇ قىزىقىپ قالاتتى. بىر كۈنى بىر ئايال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:« ئى ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە مەدىنىدىن چىقىرىلىپ جەننەتكە ئېلىپ كىرىلدىم، ئاندىن جەننەت تىترەپ كەتكەندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، قارىسام پالانى - پالانى ئادەملەر تۇرۇپتۇ- دەپ. 12 ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇرۇشقا بىر قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئايال چۈشىنى داۋام قىلىپ: ئۇ ئادەملەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى توپىغا مىلەنگەن، تومۇرلىرىدىن قان چاچراپ چىقىۋاتقان ھالەتتە ئېلىپ كېلىندى. پەرىشتىلەرگە: بۇ ئادەملەرنى بەيدەق دېگەن ئۆستەڭگە ئېلىپ بېرىڭلار، دېيىلدى. ئۇلار ئۇ ئۆستەڭدە چۆمۈلۈپ چىقتى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تولۇق ئايدەك نۇرلۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارغا بىر ئالتۇن پەتنۇستا توك خورمىلاردىن ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار ئۇنىڭدىن خالىغىنىچە ئېلىپ يېدى. ئۇلار پەتنۇسنى ئۇياق - بۇياقلارغا ئۆرىسە ھەر يۈزىدىن ئۇلار خالىغان مېۋىلەر چىقاتتى، ئۇلار ئۇنىڭدىن خالىغىنىچە يەيتتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ مېۋىلەردىن يېدىم، دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن قوشۇندىن خەۋەرچى كېلىپ: ئۇرۇشتا مۇنداق، مۇنداق ئىشلار بولۇپ- ئۆتتى، پالانى، پالانىلار شېھىت بولدى دەپ 12 ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى چۈش كۆرگەن ئايالنى چاقىرتىپ كېلىپ:« چۈشىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ» دېدى. ئۇ ئايال چۈشنى قايتا سۆزلەپ بېرىپ، خەۋەرچى دېگەن ئادەملەرنى بىر - بىرلەپ ساناپ بەردى[ئەھمەد]

ئىمام ئەھمەد، خارىجە ئىبنى زەيتتىن ئۇممۇئەلانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلار مۇھاجىرلارنى ئۆي بىلەن تەمىنلەشتە چەك تاشلىغان چاغدا، بىزگە ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆي بىلەن تەمىنلەشكە تەقسىم بولغان ئىدى. كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ قېشىمىزدا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بىز ئۇنى داۋالىدۇق، ئاخىرى ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى. بىز ئۇنى كېپەنلىدۇق، يېنىمىزغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىردى، مەن: ئى ئوسمان! ئاللاتائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن! غالىب ۋە بۈيۈك ئاللا جەزمەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلىدۇ، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللاتائالانىڭ ئۇنى چوقۇم ھۆرمەتلىك قىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟» دېدى. مەن: ئاتام- ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! مەن بىلمەي شۇنداق دەپ ساپتىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئوسمانغا كەلسەك، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ئۆلۈم كەلدى، مەن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشىلىق ئۈمىد قىلىمەن، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللانىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇپ ماڭا نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى. ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھېچ ئادەمنى ئاقلىمايمەن، دېدى. ئۇ ئىش مېنى قايغۇغا سالغان ئىدى. مەن ئۇخلىدىم، چۈشۈمدە بىر بۇلاقنىڭ ئوسمان تەرەپكە ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشۈمنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئەنە شۇ بولسا ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىدۇر» دېدى[بۇخارى]

ئىمام ئەھمەد، قەيس ئىبنى ئۇبادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەسچىتتە ئىدىم (ئۇ يەرگە) يۈزىدىن تەقۋالىقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بىر كىشى كېلىپ (مەسچىتكە) كىرىپ يەڭگىللىگىنە ئىككى راكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كىشىلەر: بۇ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىسى بولسا كېرەك دېيىشتى. ئۇ (مەسچىتتىن) چىقىپ ئۆيىگە كىرگىچىلىك مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم ئاندىن مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۇنىڭ ئۆيىگە) كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ (مەندىن) قورۇنمىغندەك بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا: سەن مەسچىت تەرەپكە كېلىۋاتقىنىڭدا كىشىلەر سەن توغرۇلۇق مۇنداق- مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتى، دېدىم. ئۇ: سۇبھانەللا! بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە سۆزلىشى ياخشى ئەمەس. مەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر چۈش كۆرۈپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ بەرگەن ئىدىم: (مەن چۈشۈمدە) ئۆزەمنى بىر يېشىل بوستانلىقتا كۆردۈم دەپ، ئۇ بوستانلىقنىڭ يېشىللىقىنى، ئۇنىڭ كەڭرىلىكىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆمۈر تۈۋرۈكنىڭ بارلىقىنى ئۇ تۈۋرۈكنىڭ تېگى يەردە، ئۈچى ئاسماندا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىدا بىر تۇتقىنىڭ بارلىقىنى سۈپەتلەپ بېرىپ، ئاندىن ماڭا: تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىققىن، دېيىلدى. مەن: چىقالمايمەن، دېدىم. ئاندىن مېنىڭ قېشىمغا بىر ياخشى كىشى كەلدى. ئۇ (ياخشى كىشى) خىزمەتكار ئىدى. ئۇ: مېنىڭ ئارقامدىن كىيىممنى كۆتۈرۈپ (ماڭا تۈۋرۈككە) چىققىن دېدى. ئاندىن مەن چىقتىم ھەتتا

تۇتقىنىمۇ تۇتتۇم. ئاندىن ئۇ (ماڭا): تۇتقىنى چىڭ تۇتقىن، دېدى. مەن شۇنىڭ بىلەن ئويغاندىم، قارىغۇدەك بولسام، ئۇ تۇتقا مېنىڭ قولۇمدا تۇرىدۇ. ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇ (چۈشنى) سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ بوستان ئىسلامدۇر، تۈۋرۈك ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىدۇر، تۇتقا ناھايىتى مەھكەم تۇتقىدۇر، (يەنى ئايەتتىكى مەھكەم تۇتقىنى دېمەكچى) سەن ئۆلۈپ كەتكۈچە ئىسلامنىڭ ئۈستىدە بولىسەن» دېدى قەيس ئىبنى ئاباد: ئۇ (چۈش كۆرگەن كىشى) ئابدۇللا ئىبنى سالامدۇر، دېدى[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن بۈگۈن ئاخشام چۈشۈمدە بىر بۇلۇتنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ بۇلۇتتىن ياغ بىلەن ھەسەل تامچىۋاتقۇدەك، كىشىلەر ئالىقىنىنى سوزۇشۇپ، ياغ بىلەن ھەسەلنى سۈزۈشۈۋېلىۋاتقۇدەك، بەزىلەر ئاز، بەزىلەر كۆپ سۈزگۈدەك، ئاسمان - زېمىننى تۇتاشتۇرغان بىر ئارغامچا بارمىش، سەن شۇ ئارغامچىنى تۇتۇپسەنده، يۇقىرىغا چىقىپ كېتىپسەن، ئاندىن ئارغامچىنى بىر ئادەم تۇتۇپ، ئۇمۇ چىقىپ كېتىپتۇ، ئاندىن يەنە بىرىسى تۇتۇپ، چىقىپ كېتىپتۇ. ئاندىن يەنە بىر ئادەم تۇتۇشىغا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. كېيىن يەنە ئۇ ئارغامچا ئۇلىنىپ قاپتۇدەك، دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى رەسۇلۇللا دادام سىلىگە پىدا بولسۇن، ... ماڭا قويۇۋاتسىلە، ئۇ چۈشكە مەن تەبىر بېرىپ باقاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« تەبىر بەر» دېۋىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلۇت ئىسلامدۇر، ئۇنىڭدىن تامچىغان ھەسەل بىلەن ياغ قۇرئاندۇر، قۇرئاننىڭ ھالاۋىتى يېغىپ تۇرىدۇ. قۇرئاننى بەزىلەر كۆپ بىلىدۇ، بەزىلەر ئاز بىلىدۇ، ئاسمان - زېمىننى باغلاپ تۇرىدىغان ئارغامچا بولسا سەن ئۈستىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەقىقەتتۇر. سەن شۇ ئارغامچىنى تۇتىسەن، ئاللا سېنى ئۈستۈن قىلىدۇ. سەندىن كېيىن يەنە بىرەيلەن تۇتىدۇ، ئۇمۇ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ. يەنە بىرەيلەن تۇتىدۇ، ئۇمۇ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ. ئارقىدىن يەنە بىرەيلەن تۇتسا، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىگە ئارغامچا ئۇلاپ بېرىلىدۇ - دە، ئۇ كىشى شۇ ئارغامچا بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ. دادام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى رەسۇلۇللا، مېنىڭ توغرا ياكى خاتا دېگىنىمنى دەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بەزىسىنى خاتا، بەزىسىنى توغرا ئېيتتىڭ» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ خاتا دېگىنىمنى ماڭا دەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قەسەم قىلما» دېدى[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم بولۇپ رەسۇلۇللا ھايات ۋاقتىدا بىرەر چۈش كۆرسە، رەسۇلۇللاغا سۆزلەپ بېرەتتى. مەن بىر چۈش كۆرۈپ رەسۇلۇللاغا سۆزلەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم. مەن ياش بالا ئىدىم. رەسۇلۇللانىڭ ۋاقتىدا مەسچىتتە ئۇخلايتتىم. چۈشۈمدە ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى دوزاخقا ئېلىپ باردى. قارىسام دوزاخ قۇدۇققا ئوخشاش قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقى بار ئىكەن. ئۇ يەردە تۇرغان كىشىلەرنى مەن تونىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن: ئاللاغا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن، دېيىشكە باشلىدىم. ماڭا ئىككىنچى بىر پەرىشتە يولۇقۇپ: ساڭا قورقۇنچ يوق، دېدى. بۇ چۈشنى ئاچام ھەفسىگە سۆزلەپ بەردىم. ھەفسە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئابدۇللا ئەگەر كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى بالا» دەپتۇ. مەن مۇشۇنىڭدىن كېيىن كېچىسى ئاز ئۇخلايدىغان بولدۇم»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىگە سەجدە قىلىپ چۈش كۆرۈپ، بۇ چۈشنى رەسۇلۇللاغا سۆزلەپ بەرسە، رەسۇلۇللا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوڭدا يېتىپ بېرىپ، چۈشۈڭنى راستقا چىقىرىپ ئەمەلىيلەشتۈرىۋالغىن، دېدى. ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللانىڭ پېشانىسىگە سەجدە قىلدى» [شەرھسۇننى]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەيتان بىرىڭلار بىلەن چۈشىدە ئوينىسا، (يەنى ئېھتىلام بولۇپ قالسا) بۇ چۈشنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن» [مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ياخشى چۈش ئاللا تەرەپتىن بولىدۇ. ئېھتىلام بولۇش (يەنى چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش) شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ. بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە، ئويغانغان چاغدا سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاغا سېغىنىپ كۆرگەن چۈشنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن، شۇنداق قىلسا ئۇ چۈش زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ» [بەيھەقى ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى سەھىھ]

ئۇممە پەزلى بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ: « ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! مەن بۈگۈن كېچە بەكمۇ يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، دېدىم. رەسۇلۇللا: قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟ دېدى. مەن: ئۇ بەكمۇ يامان چۈش دېدىم. يەنە زادى قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟ دېدى. مەن: مەن چۈشۈمدە گوياكى سىلىنىڭ جەسەدلىرىدىن بىر پارچە كېسىلىپ مېنىڭ قۇچىقىمغا قويۇلغىدەك، ئەنە شۇنداق يامان چۈش كۆرۈپتىمەن، دېسەم. رەسۇلۇللا: سەن ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، ئەگەر ئاللا خالىسا پاتىمە بىر ئوغۇل تۇغىدۇ، ئۇ ئوغۇل سېنىڭ قۇچىقىڭدا بولىدۇ، دېدى. ئاندىن پاتىمە ھۈسەيىننى تۇغدى. ئۇ خۇددى رەسۇلۇللا دېگەندەكلا مېنىڭ قۇچىقىمدا بولدى. ئاندىن كېيىن بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كىرىپ، ھۈسەيىننى رەسۇلۇللانىڭ قۇچىقىدا قويدۇم، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاغا قارىسام، ناگاھان رەسۇلۇللانىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈۋېتىپتۇ، مەن: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا - ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، سىلىگە نېمە بولدى، دېسەم. رەسۇلۇللا: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى: ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم مۇشۇ ئوغلۇم ھۈسەيىننى ئۆلتۈرىدىكەن، جىبرىئىل ماڭا قىزىل توپراقنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى، يەنى بۇ تۇپراق ئۇنىڭ شېھىدلىق جايى بولىدىكەن، دېدى.

مەن: مۇشۇ ئوغۇلنىمۇ؟ دېسەم، ھەئە مۇشىنى دېدى[بەيھەقى ۋە ھاكىم مۇستەدرەكتە سەھىھ]

ئەبۇ جەمرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ھەج تەمەتتۇئ قىلغانىدىم، كىشىلەر مېنى توستى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىبنى ئابباستىن سورىسام، ئىبنى ئابباس ماڭا: تەمەتتۇئ قىلىۋەرگىن، دېدى. ئاندىن مەن چۈشۈمدە بىر ئادەمنىڭ قوبۇل قىلىنغان ھەج، قوبۇل قىلىنغان ئۆمرە، دېگەنلىكىنى كۆرۈپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ چۈشۈمنى ئىبنى ئابباسقا دېسەم، ئۇ: بۇ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر، دېدى ۋە يەنە: سەن مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ قالغىن، مەن ساڭا مېلىمدىن بىر ئۈلۈش بېرەي، دېدى. (ھەدىس بايان قىلغۇچىلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ) نېمە ئۈچۈن ئىبنى ئابباس سېنى ئېلىپ قالماقچى ۋە مال بەرمەكچى بولىدۇ؟ دەپ سورىغانىدى. مەن:« مەن كۆرگەن ھېلىقى چۈشنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك» دەپ جاۋاب بەردىم [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر كىشى كېلىپ مەن چۈشۈمدە بېشىمغا قاتتىق ئۇرۇلۇپ بېشىم كېسىلىپ چۈش كۆردۈم دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شەيتان بىرىڭلارنىڭ چۈشىگە كىرىپ ئۇنى قورقۇتۇشقا قەس قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئەتىگىنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلغىلى سالىدۇ- دېگەن» [ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئاببىاس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن چۈشۈمدە زېمىننىڭ ئارقان بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ:« بۇ، قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ۋاپاتىدۇر» [بەززار ۋە ئەلكەبىر]

مەئدان ئىبنى ئەبۇ تەلھە مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جۈمە كۈنى خۇتبە ئوقۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تىلغا ئالدى، ئاندىن: مەن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە بىر خوراز مېنى ئۈچ قېتىم چوقۇۋالغۇدەك، مەن بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن- دېدى» [مۇسلىم]

شەئبى مۇنداق دېگەن:« چۈشۈمدە قوللىرىدا نەيزە تۇتقان بىر توپ كىشىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ، ھۇسەيىننىڭ قاتىللىرىنى ئىزدىگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇختار كېلىپ، ئۇلارنى (قاتىللارنى) ئۆلتۈردى» [ئەلكەبىر]

## جىن توغرىسىدا

[( جىن، شەيتانلارنىڭ دادىسى) جاننى ( ئادەمدىن ) ئىلگىرى، تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق [27] سۈرە ھىجر]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى» [مۇسلىم]

[جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56]سۈرە زارىيات]

ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جىنلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىر تۈرنىڭ قاناتلىرى بار بولۇپ، ھاۋادا ئۇچالايدۇ. يەنە بىر تۈرى بولسا، يىلان، ئىتلارنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ياكى ئۆزى يىلان، ئىتتۇر. ئۈچىنچىسى بولسا، گاھ بىر ئورۇنغا چۈشىدۇ، گاھ سەپەر قىلىپ كۆچۈپ كېتىدۇ» [تەبرانى ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاتائالانىڭ 100 ئۈلۈش رەھمىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئۈلۈش رەھمەتنى جىنلار، ئىنسانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ھاشارەتلەر ئارىسىغا چۈشۈردى، ئاشۇ بىر ئۈلۈش رەھمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلار ئۆزئارا مېھرىبانلىق قىلىشىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ. ئاللاتائالا 99 ئۈلۈش رەھمەتنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ» دېيىلگەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى [36] ھەمدە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق [37] يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر [38] (بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ (ساڭا بەرگەن كەڭ) ئاتايىمىز، (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن، ياكى بەرمىگىن، (بۇ ھەقتە سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ [39]سۈرە ساد][سۇلايمانغا يەنە بىر قىسىم شەيتانلارنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، ئۇلار دېڭىزلاردا چۆكۈپ ئۈنچە ـ مارجان (گۆھەرلەرنى سۈزۈپ چىقاتتى)، ئۇلار يەنە (شەھەرلەرنى، ئېگىز سارايلارنى سېلىشتەك) باشقا ئىشلارنىمۇ قىلاتتى، بىز ئۇلارنى (سۇلايماننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشتىن) ساقلايتتۇق [82]سۈرە ئەنبىيا][سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى). ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى [17]سۈرە نەمل][سۇلايمان ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ» [38] جىندىن بولغان ئىفرىت ئېيتتى: «مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن» [39] (نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبن بۇرخىيا): «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى

يۈمۈپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋېدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلايمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇز كورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (االلّٰه نىڭ) كەرىمى كەڭدۇر» دېدى [40]سۈرە نەمل][سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن» [35] سۈرە ساد][بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز [12] ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، (ئېيتتۇقكى) «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! ( اللّٰه نىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار»، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن ( اللّٰه نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز [13] سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى [14] سۈرە سەبەئـ]

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى جىنلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەرمىگەن ۋە ئۇلارنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈركۈم ساھابىلىرى بىلەن ئۇكاز بازىرىغا كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا شەيتانلار بىلەن ئاسمان خەۋىرىنىڭ ئارىسىدا ھەقىقەتەن توسالغۇ پەيدا بولغان ئىدى. شەيتانلار ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىماقچى بولغاندا ئۇلارغا كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار ئېتىلاتتى. شەيتانلار باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، باشلىقلىرى: سىلەرگە نېمە بولدى؟ دېيىشتى. ئۇلار: بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا بولدى، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار ئېتىلدى، دېيىشتى. باشلىقلىرى: سىلەر بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا بولغانلىقى قارىغاندا چوقۇم بىرەر يېڭى ئىش يۈز بېرىپتۇ، زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئاتلىنىڭلار، سىلەر بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىگە قاراڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن، زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە يۈرۈپ كېتىشتى. تەھامە تەرەپكە قاراپ ماڭغان بىر تۈركۈم جىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشتى، دەل شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇككاز بازىرى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ نەخلە دېگەن يەرگە كەلگەندە ساھابىلىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. جىنلار قۇرئاننى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشتى. ئۇلار: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئارىسىدا توسالغۇ بولغان نەرسە دەل مانا مۇشۇ، دېيىشتى»[مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئەھمەد ۋە بەيھەقى]

[اللّٰه نىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئولىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ [19] سۈرە جىن][(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى [29] ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق» [30] «ئى قەۋمىمىز! اللّٰه قا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە اللّٰه قا ئىمان ئېيتىڭلار، اللّٰه بەزى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ» [31]سۈرە ئەھقاف][(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھىي قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق [1] ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز [2] پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر، خوتۇنى ۋە بالىسى يوقتۇر [3] بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (يەنى ئىبلىس) اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا نالايىق سۆزلەرنى قىلدى [4] بىز، ئىنسانلار ۋە جىنلار االلّٰه قا يالغاننى چاپلىمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق [5] ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى [6] ئۇلار (يەنى ئىنسانلارنىڭ كۇففارلىرى)، سىلەرگە ئوخشاش، اللّٰه ھېچ ئادەمنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلدى» [7] سۈرە جىن][بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنگەندۇق [11] بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، اللّٰه نى (ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن) ھەرگىز ئاجىز قىلالمايمىز، ئۇنىڭ (ئازابى) دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز [12]. بىز ھىدايەتنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق، كىمكى پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتىدىكەن، (ياخشىلىقلىرىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن ۋە (يامانلىقلىرىنىڭ ئارتتۇرۇلۇپ) زۇلۇم قىلىنىشتىن قورقمايدۇ [13] بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ [14]سۈرە جىن]

ئەلقەمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: بىرەرسىڭلار جىن كېچىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغانمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ: ياق. ئەمما باشقا بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي، ساي - جىلغىلارنى قېزىۋەتتۇق، يەنىلا تاپالمىدۇق. " ئۇنى جىن ئېلىپ قاچقانمىدۇ ياكى بىرەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانمىدۇ؟" دېگەن ئەندىشە بىلەن كېچىنى ناھايىتى پەرشان ھالدا ئۆتكۈزدۇق. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. بىز: ئى رەسۇلۇللا! بىز سىنى ئىزدەپ تاپالماي، كېچىچە بەكمۇ پەرشان بولدۇق - دېگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جىنلاردىن بىرى مېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بېرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردىم - دېدى. ئاندىن بىزگە جىنلارنىڭ ۋە ئۇلار ياققان ئوتلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوزۇق - تۈلۈك تەلەپ قىلغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئاللانىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ گۆشى يېيىلگەن ھەر بىر سۆڭەك سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا گۆشى تولۇق ھالەتتە قايتىدۇ، ھەربىر تېزەك سىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىڭلارغا ھەلەپ بولىدۇ- دەپتۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى: شۇڭا ئۇ ئىككى نەرسىدە ئىستىنجا قىلماڭلار، چۈنكى ئۇلار جىن قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ تائامىدۇر» [مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئۇلار ئەرەب ئارىلىنىڭ جىنلىرىدىن ئىدى - دەپ كەلگەن» [تىرمىزى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا جىننىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ: ئى مۇھەممەد! ئۈممەتلىرىڭنى سۆڭەك، تېزەك ۋە يېقىلغۇ كۆللىرى بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن چەكلىگەن بولساڭ، چۈنكى ئاللا بىزنىڭ رىزقىمىزنى شۇلاردىن قىلغان، - دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ نەرسىلەر بىلەن ئىستىنجا قىلىشنى چەكلىدى» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تېزەك ۋە سۆڭەكلەر بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار، چۈنكى ئۇلار قېرىنداشلىرىڭلار جىننىڭ ئوزۇقلۇقىدۇر» [تىرمىزى سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارغا سۈرە رەھماننىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچىلىك ئوقۇپ بەردى. ئۇلار جىم تۇرۇپ تىڭشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:« شۇبھىسىزكى، مەن بۇ سۈرىنى جىنلارغا كېچىسىدە ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا ياخشى جاۋاب قايتۇرغان ئىدى. مەن ھەر قېتىم ئاللاتائالانىڭ:« ئى ئىنسانلار! جىنلار! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟» دېگەن ئايىتىگە كەلگەن چېغىمدا، ئۇلار:« ئى پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ نېمەتلىرىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئىنكار قىلمايمىز جىمى ھەمدۇسانا ساڭا مەنسۇپتۇر. دەپ جاۋاپ قايتۇردى» دېدى [تىرمىزى ھەسەن]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەردىن ھەر بىر ئادەمگە جىندىن بولغان ھەمراھ (يەنى شەيتان) ۋە پەرىشتىدىن بولغان ھەمراھ مۇئەككەل قىلىنىدۇ» ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ساڭىمۇ مۇئەككەل قىلىنامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ماڭىمۇ مۇئەككەل قىلىنىدۇ، لېكىن ئاللا شەيتانغا قارشى ماڭا ياردەم بېرىدۇ. شەيتان مېنى پەقەت ياخشى ئىشنى قىلىشىمدىن باشقىغا بۇيرۇشقا قادىر بولالمايدۇ»دېدى[مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

يەھيا ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن مىراج كېچىسى جىنلاردىن ئىفرىتنىڭ قولىدا مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان ھالدا ئارقامدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھەر قېتىم ئارقامغا قارىسام، ئۇنى كۆرەتتىم، جىبرىئىل ماڭا:« مەن ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي، ئۇنى ئوقۇساڭ، ئىفرىتنىڭ قولىدىكى مەشئەل ئۆچۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئىفرىت دۈم چۈشىدۇ. مانا بۇ دۇئانى ئوقۇغىن - دېدى: [أَعُوذُ بِوَجْهِ اللهِ الْكَرِيمِ وَبِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ الَّتِي لاَ يُجَاوِزُهُنَّ بَرٌّ وَلاَ فَاجِرٌ مِنْ شَرِّ مَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَ شَرِّ مَا يَعْرُجُ فِيهَا وَ شَرِّ مَا ذَرَأَ فِي الْأَرْضِ وَ شَرِّ مَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمِنْ فِتَنِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمِنْ طَوَارِقِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ إِلاَّ طَارِقًا يَطْرُقُ بِخَيْرٍ يَا رَحْمَنُ] (كەرەملىك ئاللانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ۋە مەيلى تەقۋادار ياكى گۇناھكار بولسۇن، ھېچكىم ئېيتالمايدىغان كامىل سۆزلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئاسماندىن بالا بولۇپ چۈشكەن ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يامانلىقلاردىن، يەر يۈزىگە تېرىلغان ۋە يەر ئاستىدىن چىققان يامانلىقلاردىن، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پىتنىلىرىدىن، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ مۇسىبەتلىرىدىن ئاللاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن ھادىسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئى رەھمان!)[مالىك]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا تۇرۇپ:« سېنىڭ يامانلىقىڭدىن ئاللاتائالاغا سېغىنىمەن» دېگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن، خۇددى بىر نەرسىنى تۇتۇۋاتقاندەك قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم:« ساڭا ئاللانىڭ لەنىتى بولسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. نامازدىن پارىغ بولغاندا: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! بىز بۇندىن بۇرۇن سېنىڭ نامازدا تۇرۇپ بۇنداق سۆزنى قىلغىنىڭنى ئاڭلىمىغان ۋە قولۇڭنى ئۇزاتقىنىڭنى كۆرمىگەنىدۇق؟ - دېيىشتۇق، ئۇ: شۇبھىسىزكى، ئاللانىڭ دۈشمىنى شەيتان ئوتنىڭ يالقۇنىنى يۈزۈمگە ئېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىدى، مەن ئۈچ قېتىم:« سېنىڭ

يامانلىقىڭدىن ئاللاتائالاغا سېغىنىمەن، ساڭا ئاللانىڭ لەنىتى بولسۇن» دېدىم. بىراق ئۇ ھەر ئۈچىلى قېتىمدا ئارقىغا يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنى تۇتۇۋالاي دەپ قولۇمنى سۇندۇم ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قېرىندىشىمىز سۇلايماننىڭ دۇئاسى بولمىسا ئىدى، ئۇ ھازىر باغلاقتا بولغان بولاتتى. تاڭ ئاتقاندا، مەدىنىنىڭ كىچىك باللىرى ئۇنى سۆرەپ ئوينايتتى،- دېدى» [مۇسلىم]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۈممىتىم قىرغىنچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى سەۋەبىدىن تۈگەپ كېتىدۇ،- دېدى. بىر ئادەم: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! قىرغىنچىلىقنىغۇ بىلىمىز. ۋابا دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ۋابا دېگەن، جىندىن بولغان دۈشمىنىڭلارنىڭ چېپىشىپ قويۇشىدۇر. بۇ ئىككىلىسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر شېھىد بولىدۇ- دېدى» [ئەھمەد ۋە تەبەرانى ۋە مەۋسىلى]

## پالچىلار توغرىسىدا

[ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى [6]سۈرە جىن][(جىنلار ئېيتتى) بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق [8] بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئورۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ [9] بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز [10]سۈرە جىن]

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنسارى ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ، ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جاھىلىيەت دەۋرىدە مۇشۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق نېمە دەيتتىڭلار؟- دەپ سورىدى، بىز: ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، بىز:" بۇ كېچە بىر ئۇلۇغ ئادەم ئۆلۈپ، يەنە بىر ئۇلۇغ ئادەم تۇغۇلىدىكەن" دەيتتۇق- دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەتتە يۇلتۇزلار بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن ئاقمايدۇ، بەلكى ئىسمى زاتى ئۇلۇغ ھەم بەرىكەتلىك بولغان رەببىمىز بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەر تەسبىھ ئېيتىشىدۇ، ئۇندىن كېيىن ئاستىدىكى ئاسماندىكىلەر تەسبىھ ئېيتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى تەسبىھ ئېيتىش مۇشۇ تۆۋەن قەۋەتتىكى پەرىشتىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن كېيىنكى پەرىشتىلەر ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن:" پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟"- دەپ سورايدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئاسماندىكىلەر بىر- بىرىدىن سوراپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇ خەۋەر مۇشۇ تۆۋەن ئاسماندىكىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا جىنلار ئۇ خەۋەرنى ئاڭلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىگە (پالچى، رەممماللارغا) يەتكۈزىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇلارغا يۇلتۇز ئېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاسماندىن ئاڭلىۋالغان خەۋەرنى ئەينەن ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ راست خەۋەر بولىدۇ. لېكىن ئۇلار راست سۆزگە يۈز يالغاننى قېتىشىۋېتىدۇ» [مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پالچىلار توغرىسىدا سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇلارنىڭ سۆزى ئاساسسىز،- دېدى. ئۇلار: لېكىن بەزى ئىشلار پالچىلارنىڭ دېگىنىدەك چىقىپ قالىدىغۇ؟- دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى راست سۆز بولۇپ، ئۇ سۆزنى جىنلار ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالىدۇ ۋە يېقىنلىرىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى توخۇ كۇرۇلدىغاندەك كۇرۇلداپ يەتكۈزىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئاڭلىغان بۇ خەۋەرگە يۈز يالغاننى قاتىدۇ- دېدى» [بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە:[ ئاندىن ئۇنى يېقىنلىرىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى توخۇنىڭ كۇرۇلدىغىنىدەك كۇرۇلداپ يەتكۈزىدۇ» دەپ كەلگەن [بۇخارى]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يامان پال ئېلىش شېرىكتۇر، يامان پال ئېلىش شېرىكتۇر، يامان پال ئېلىش شېرىكتۇر. ھەرقانداق بىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق بولمىغۇر ئىشلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئاللاتائالا بۇنى تەۋەككۇل قىلىشىمىز بىلەن كەتكۈزىۋېتىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كېسەل يۇقۇش ۋە يامان پال ئېلىش دەيدىغان بىر نەرسە يوق. شۇملۇق پەقەت ئات، خوتۇن ۋە ئۆيدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ» [بۇخارى]

## سېھىر توغرىسىدا

[ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھىرگەر

بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) اللّٰه نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە ( اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى [102]سۈرە بەقەر]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھىرلىنىپ قېلىپ، قىلمىغان ئىشنىمۇ قىلغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى مېنىڭ قېشىمدا ئىدى، ئاللاتائالاغا ئارقا ـ ئارقىدىن دۇئا قىلدى، ئاندىن ماڭا: تۇيدۇڭمۇ؟ ئاللا تىلىگەن نەرسەم توغرۇلۇق مەلۇمات بەردى،- دېدى، مەن: ئى رەسۇلۇللا! نېمە توغرۇلۇق؟- دەپ سورىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: يېنىمغا ئىككى كىشى كەلدى. بىرى باش تەرىپىمدە، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىمدە ئولتۇرۇپ، بىر- بىرىگە مۇنداق دېيىشتى: بۇ ئادەمگە نېمە بوپتۇ؟ سېھىرلىنىپتۇ. كىم سېھىرلەپتۇ؟ بەنى زۇرەيق قەبىلىسىدىن لۇبەيد ئىبنى ئەئسەم ئىسىملىك بىر يەھۇدىي. نېمە بىلەن سېھىرلەپتۇ؟ تاغاقتا ئىلىنىپ قالغان چاچ بىلەن ئەركەك خورما چېچىكىنىڭ بەرگىگە. سېھىرلەنگەن نەرسە ھازىر نەدە؟ زىئەرۋان قۇدۇقىدا. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ساھابىسى بىلەن ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا باردى. قارىسا، قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا خورمىلىق دەرەخلەر بار ئىكەن. ئاندىن يېنىمغا قايتىپ كېلىپ: ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى خۇددى خېنە چىلىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. خورما دەرەخلىرىمۇ خۇددى ئالۋاستىلارنىڭ كاللىسىغىلا ئوخشايدىكەن،- دېدى. مەن: سېھىرنى قۇدۇقتىن ئېلىۋەتكەن بولساڭچۇ؟- دېسەم: كېرىكى يوق، چۈنكى ئاللا ماڭا شىپالىق بەردى. ئۇ نەرسىنىڭ خەلققە زەرەر بېرىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلدىم- دېدى. ئاندىن ئۇ قۇدۇق توپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىلدى» [بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھىرلەنگەن بولغاچقا، ئاياللىرىغا يېقىنلاشمىسىمۇ يېقىنلاشتىم دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھەدىستە يەنە مۇنداق كەلگەن: ئۇ (سېھىرگەر) بەنى زۇرەيق قەبىلىسىلىك بىر مۇناپىق بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى» [بۇخارى]

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەھۇدىي تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ، ئاغرىپ قالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: يەھۇدىيلاردىن بىرى سېنى سېھىرلەپ، تۈگۈنچىنى پالانى قۇدۇققا كۆمۈپ قويدى- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ تۈگۈنچىنى چىقارغۇزدى. تۈگۈنچە يېشىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ساقىيىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئۇ يەھۇدىينىڭ يۈزىگە سالمىدى، ھەتتا (چىراي) ئىپادىسىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى» [نەسەئى سەھىھ]

## كۆز تېگىش توغرىسىدا

[كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ [51]سۈرە قەلەم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلاردىن ۋە ئىنسانىنىڭ كۆزىدىن پاناھ تىلەيتتى. فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى نازىل بولغاندىن كېيىن، شۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ، باشقا دۇئالارنى ئوقۇمايدىغان بولدى»[تىرمىزى ۋە نەسەئى سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كۆز تېگىش ھەقتۇر، ناۋادا تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر نەرسە بولىدىغان بولسا ئىدى، كۆز ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. (كۆز تەگكەن كىشىنى داۋالاش مەقسىتى بىلەن) سىلەردىن غوسلى قىلىپ سۈيىنى بېرىش تەلەپ قىلىنسا، غۇسلى قىلىپ بېرىڭلار»[مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزى تەگكەن كىشىگە تاھارەت ئالدۇرۇپ، ئاندىن كۆز تەگكەن كىشىنى شۇ تاھارەت سۈيىدە غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇيتتى»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىم ئاللاتائالا بېكىتكەن ئەجەل ۋە قازا ـ قەدەردىن قالسىلا، ئەڭ كۆپ كۆز تېگىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ»[بەززار]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دېدەكنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:« ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇ، دەم سالدۇرۇڭلار» دېدى»[مۇسلىم]

ئۇبەيد ئىبنى رىفائە زۇرقىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:« ئى رەسۇلۇللا! جەئفەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە بەك تېز كۆز تېگىدۇ، ئۇلارغا دەم سالدۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟- دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ناۋادا تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىر نەرسە بولىدىغان بولسا، كۆز چوقۇم

ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى-دېدى»[تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە،- دېگەندى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:« ئاللانىڭ نامى بىلەن ساڭا دەم سالىمەن ساڭا ئازار بېرىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن، ھەرقانداق نەپسىنىڭ، ھەسەتخورنىڭ كۆزىنىڭ شەررىدىن (پاناھ تىلەپ) ئاللانىڭ نامى بىلەن دەم سالىمەن، ئاللا ساڭا شىپالىق بەرگەي!- دەپ دەم سېلىپ قويدى»[تىرمىزى سەھىھ]

## دەم سېلىش توغرىسىدا

[ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر[44]سۈرە فۇسسىلەت][بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز [82]سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى [57]سۈرە يۇنۇس]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سەپەرگە چىقىپ، ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىگە چۈشتى. ساھابىلەر ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى سورىغانىدى، ئۇلار مېھمان قىلىشقا ئۇنىمىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنى چايان چېقىۋالدى. ئۇلار قىلغۇدەك ئامالLارنى قىلدى، لېكىن ئۈنۈمى بولمىدى. ئاردىن بىرى: ئاۋۇ مۇساپىرلارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقايلى، بىرەرسىنىڭ ئامالى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن- دېدى. ئۇلار كېلىپ: ئى جامائەت! بىزنىڭ باشلىقىمىزنى چايان چېقىۋېلىپ، قىلغۇدەك ئامالLارنى قىلىپ بولدۇق، لېكىن ئۈنۈمى بولمىدى. بىرەرسىڭلارنىڭ ئامالى بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئاردىن بىرەيلەن:ھەئە، بار. ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دەم سالىمەن. لېكىن سىلەرگە بىزنى مېھمان قىلىڭلار دېسەك ئۇنىمىدىڭلار. ئۇقۇغانغا بىر نەرسە بەرمىگۈچە ئوقۇمايمەن- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر توپ پادا بېرىشكە ماقۇل بولدى. ھېلىقى كىشى بېرىپ، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ ھۈرۈپ قويغانىدى، كېسەل ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇلار بېرىشكە پۈتۈشكەن ھەققىنى تولۇق بەردى، بەزىلەر: قوينى تەقسىم قىلىمىز- دېگەندى، دەم سالغان ئادەم: تەقسىم قىلماي تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى بىلدۈرەيلى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە كۆرە ئىش قىلايلى- دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ دەم ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟- دەپ سورىغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: توغرا قىلىپسىلەر، تەقسىم قىلىڭلار، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش ئېلىپ قويۇڭلار!- دېدى»[بۇخارى]

خارىجە ئىبنى سەلت تەمىيمي تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن يۈرۈپ، ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىگە كېلىپ چۈشتۇق، ئۇلار:« بىز سىلەرنىڭ ئۇ كىشى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نىڭ قېشىدىن ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىڭلاردىن خەۋەر تاپتۇق. سىلەردە دورا ياكى دەم سالىدىغان دۇئا بارمۇ؟ چۈنكى بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز ئېلىشىپ قالغانىدى، ئۇنى كىشەنلەپ قويدۇق- دېگەن ئىدى، بىز: ھەئە،- دېدۇق. ئۇلار ئېلىشىپ قالغان ئادەمنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا قۇرئاننىڭ فاتىھەسىنى ئۈچ كۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇدۇم، ھەر قېتىم ئوقۇپ بولغىنىمدا، تۈكۈرۈكۈمنى يىغىپ ئۇنىڭغا تۈكۈردۈم ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. ئۇلار ماڭا ھەدىيە بەرمەكچى بولغانىدى، مەن: ياق، ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ باقاي- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يېسەڭ بولىدۇ. (ئاللا)بىلەن قەسەمكى، باتىل دەم سېلىپ نان يەيدىغانلار بار، سەن ھەق دەم سېلىپ يېگەن بولىسەن- دېدى»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەم سېلىشتىن توسقان. كېيىن ئەمر ئىبنى ھەزم ئائىلىسى بىلەن كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:« ئى رەسۇلۇللا! بىزدە بۇرۇندىن تارتىپ چايان چېقىۋالسا، دەم سالىدىغان دېمىدە بار ئىدى. لېكىن سەن دەم سېلىشتىن توسۇپسەن- دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سالىدىغان دەملىرىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار!- دېدى، ئۇلار كۆرسىتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق ئىكەن، قايسىڭلار ئۆز قېرىندىشىغا پايدا يەتكۈزەلىسە يەتكۈزسۇن!- دېدى»[مۇسلىم]

ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە دەم سالاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئى رەسۇلۇللا! بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟- دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سالىدىغان دەملىرىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار. شېرىك ئارىلاشمىسىلا، دەم سالسا بولىدۇ- دېدى»[مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن) بىزگە چايان چېقىۋالغاندا، يېرىڭداپ قالغاندا ۋە كۆز تەگكەندە دەم سېلىشقا رۇخسەت قىلىندى»[مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇنى ئاللانىڭ كىتابى

(قۇرئان) بىلەن داۋالىغىن!»[ئىبنى ھىببان سەھىھ]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا بىزگە سۆز قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن ۋەز- نەسىھەت قىلدى. ئۇ:« مەنمۇ پەقەت بىر ئىنسانمەن، ئۆزۈمنىغا قالماي كۆز يۇمۇشۇم مۇمكىن. ئى ئىنسانلار، مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىمەن: بىرى قۇرئان كەرىم بولۇپ، ئۇ ھىدايەتنى ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىلەر ئاللانىڭ كىتابىنى مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىڭلار» دېدى [مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە ئابدۇ ھەمەيد سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلىگەندە كۆزلىرى قىزىرىپ، ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، غەزەپلەنگەندەك بىر ھالغا كېلەتتى، گوياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھالىتى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا، دەپ دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايتتى...« مەن سىلەرگە ئېيتماقچىمەنكى، سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاتائالانىڭ كىتابىدۇر. يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. ئىشلارنىڭ يامىنى يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاللانىڭ كىتابىنى ۋە مېنىڭ سۈننىتىم (ھەدىس)نى قالدۇرۇپ كەتتىم، سىلەر مەندىن كېيىن شۇ ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتساڭلار مەڭگۈ ئېزىپ كەتمەيسىلەر» [ھاكىم ۋە مالىك سەھىھ]

يەنە بىر رىۋايەتتە « ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرگە ئىككى كاتتا نەرسىنى قويۇپ كېتىمەن، ئۇنىڭ بىرىسى ئاللاتائالانىڭ كىتابىدۇر، ئۇ ئاللانىڭ ئارغامچىسىدۇر، كىمكى ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلسا ئۇ توغرا يولدا بولغان بولىدۇ، كىمكى ئۇنى تاشلاپ قويسا، ئۇ ئازغۇنلۇقتا بولغان بولىدۇ» دېيىلگەن [مۇسلىم]

ئەبۇ دەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى كېچىسى بىلەن كۈندۈزى ئوخشاشلا ئاپئاق يول ئۈستىدە قويۇپ كەتتىم» [ئىبنى ماجە]

ئەبۇ بەكرەتە نۇفەي ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر ئاللانىڭ ئالدىغا بارىسىلەر، ئاللا قىلغان- ئەتكەنلىرىڭلاردىن ھېساب ئالىدۇ. ئى خالايىق! يەتكۈزدۈممۇ؟ ئى خالايىق! يەتكۈزدۈممۇ؟ - دېدى. بىز: شۇنداق، يەتكۈزدىڭ، - دېگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئاللا! گۇۋاھ بول! - دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ھەققىدىكى: [ ئاللا پەرۋەردىگارىم! ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر ] دېگەن ئايەت بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى: [ئى ئاللا! ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن ] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قولىنى كۆتۈرۈپ:« ئى ئاللا! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم» دەپ يىغلاپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا: ئى جىبرىئىل! مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بارغىن. ھالبۇكى، ئاللا ئۇنىڭ ھالىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلاۋاتقىنىنى سورىغىن؟ - دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلغا يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتتى. ئاللاتائالا: ئى جىبرىئىل! مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:« بىز سېنى ئۈممىتىڭ ھەققىدە رازى قىلىمىز، سېنى غەم- قايغۇدا قالدۇرمايمىز» دېگىن! - دېدى» [مۇسلىم]

## ئاخىرەت ئىشىدا غەپلەتتە قالماسلىق

[ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر [7] سۈرە رۇم][شۈبھىسىزكى، بۇلار دۇنيانى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق بىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە (يەنى قىيامەتكە) سەل قارايدۇ [27] سۈرە ئىنسان][سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگۈنۈڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (توپىغا ئايلىنىسىلەر) سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز [55] سۈرە تاھا]

ئەنەس ئىبنى مالىك ئېيتىدۇ: زېمىندىن ھەر كۈنى مۇنداق ئون تۈرلۈك سادا ئاڭلىنىدۇ:

1 - ئى ئىنسانلار! گەرچە سىلەر مېنىڭ دۈمبەمدە ھەرىكەت قىلساڭلارمۇ، لېكىن قايتىدىغان جايىڭلار ھەققەتەن مېنىڭ قورساق قىسمىمدۇر.

2 - گەرچە سىلەر مېنىڭ دۈمبەمدە گۇناھ ئىشلاردا چەكتىن ئاشساڭلارمۇ، لېكىن مېنىڭ قورساق قىسمىمدا جازالىنىسىلەر.

3- گەرچە سىلەر مېنىڭ دۇمبەمدە كۆلۈپ يۈرسەڭلارمۇ، لېكىن پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا يىغلاپ ياش تۆكىسىلەر.
4- گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە خۇشال تەنتەنە قىلساڭلارمۇ، لېكىن پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا غەمگە چۆكىسىلەر.
5- گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە مال- دۇنيا توپلىساڭلارمۇ، پات ئارىدا پۇشايمان قىلىسىلەر.
6- گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە هارام نەرسىلەرنى يېسەڭلارمۇ، پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا قۇرۇتلارغا يەم بولىسىلەر.
7- گەرچە سىلەر مېنىڭ دۇمبەمدە غادىيىپ يۈرسەڭلارمۇ، لېكىن پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا باش ئېگىپ تەزىم قىلىسىلەر.
8- گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە خۇشال ئالاقە قىلىشساڭلارمۇ، لېكىن مېنىڭ قورساق قىسمىمدا خاتىرجەم بولالمايسىلەر.
9- گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە باردى- كەلدى قىلىشقاندا نۇر بىلەن يورۇتۇلۇپ تۇرساڭلارمۇ، پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا پۈتۈن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىسىلەر.
10- گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە سىلەر تۇرلۇك بازارلارغا بارساڭلارمۇ، لېكىن پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا يېگانە كۆلپەتلىك كۈن كەچۈرسىلەر[ئەخلاق نامە]
[سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللا ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى [2] سۈرە مۇلك]
هەدىستە:« ئى ئەبۇزەر! كېمەڭنى يېڭىلىغىن. چۈنكى، دېڭىز بەك چوڭقۇر. سەن يېتەرلىك ئوزۇق- تۈلۈك ئېلىۋال. چۈنكى، سەپەر بەك ئۇزۇن. جابدۇقلىرىڭنى ئازايتقىن. چۈنكى، توسالغۇلاردىن هالقىپ ئۆتۈش تەس. ئەمەللىرىڭنى پۇختا ئىشلە. چۈنكى، تەنقىدچىلەر ئاشكارا»[ئەخلاق نامە]
شائىر ئېيتىدۇ:
« دۇنياغا چۈككەن ئادەم هەۋەسنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشى هەقىقەت. قەدىمدىن ئاخىرغىچە هەممىلا ئادەم توغرا كۆزدە قارىيالىدىمۇ؟ لېكىن، هاياتلىق ئاللىبۇرۇن ئاخىرغىچە قىستاپ بارىدۇ، ئۆلۈمنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشى مۇقەررەر. قەبرە بولسا پائالىيىتىمىزنىڭ ساندۇقى (تۇگەنچىسى) سەن چوقۇم « هاياتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئۆلۈم» دېگەن تەھدىتكە بەرداشلىق بېرىشىڭ زۆرۈر»[ئەخلاق نامە]
ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسى بولۇپ كەلگەنىدىم، مەندىن كېيىن ئەنسارىلاردىن بىرى كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا! ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زېرەكى ۋە ئەڭ پۇختىسى كىم؟- دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:« ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق قىلىدىغان كىشىدۇر. ئەنە شۇنداق كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شان- شەرەپ قازىنىدىغانلاردۇر- دەپ جاۋاب بەردى» [ئەلسەغىر]

## دۇنيانىڭ مىسالى

[هاياتىي دۇنيانىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشتە، نېمەتلىرىنىڭ باقاسىزلىقىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، هايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۈنۈپ چىقىپ) بىر- بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغا، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول هوسۇل ئېلىشقا جەزمى قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاهان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى- دە، (زىرائەتلەرنى) تونۇگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق) پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز [24] سۈرە يۇنۇس]

## قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار

[ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار):« هايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى هاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز) پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» (دەيدۇ) ئۇلار بۇ خۇسۇستا هېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ [24] ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت « ئەگەر راستچىل بولساڭلار، ئاتا- بوۋىلىرىمىزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار (يەنى تىرىلدۈرۈڭلار)» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدى [25]سۈرە جاسىيە][بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق. (ئۇ ئېيتتى):« اللّٰهغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا هېچ مەبۇد (بەرهەق) يوقتۇر، اللّٰهنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟» [32] ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر بولغان، ئاخىرەت مۇلاقاتىنى يالغانغا چىقارغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز تەرەپتىن باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان كاتتىلىرى ئېيتتى:« بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ [33] ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلارسىلەر [34] ئۇ سىلەرنى سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن كېيىن تىرىلىسىلەر دەپ ئاگاهلاندۇرامدۇ؟ [35] سىلەرگە ئاگاهلاندۇرۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر [36] بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى هاياتىمىزدىن باشقا هايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە

تىرىلمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز) بىز قايتا تىرىلمەيمىز [37] ئۇ پەقەت اللّٰه نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز [38] سۈرە مۆئمىنۇن][(ئۇلار اللّٰهنىڭ قۇدرىتىنى ئويلاپ كۆرمىدى) بەلكى ئۇلار بۇرۇنقىلار نېمىدېگەن بولسا شۇنى دېدى [81] ئۇلار ئېيتتى:« بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن، چوقۇم قايتا تىرىلەمدۇق؟ [82] ھەقىقەتەن بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر [83] سۈرە مۆئمىنۇن][ئۇلاردىن (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن) سوراپ باققىن! ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ يا بىزنىڭ ياراتقانلىرىمىز (يەنى ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرىشتىلەر ۋە چوڭ مەخلۇقاتلار)نى يارىتىش قىيىنمۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلى بولغان ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق [11] (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ اللّٰهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن بەلكى ئەجەبلىنەرسەن. ئۇلار بولسا سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ [12] ئۇلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز- نەسىھەت قىلسا (ۋەز- نەسىھەتنى) قوبۇل قىلمايدۇ [13] ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسە مەسخىرە قىلىشىدۇ [14] ئۇلار:« بۇ روشەن سېھىردۇر، بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستلا تىرىلەمدۇق؟ بىزنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىرىمىزمۇ تىرىلەمدۇ؟» دەيدۇ [15-17] ئېيتقىنكى:« ھەئە، سىلەر خار ھالدا تىرىلىسىلەر [18] سۈرە سافقات][(ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز) ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە) قارىتا گۇماندىدۇر [15]سۈرە قاف][ تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ اللّٰهدۇر [95] سۈرە ئەنئام][اللّٰهنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، اللّٰه سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار، ) كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) اللّٰه جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن اللّٰهنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر [28] سۈرە بەقەر][ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى پىشىپ يېتىلدىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق گۇماندىدۇر، ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق كوردۇر [66] سۈرە نەمل][مۇشرىكلار:« بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيىشىدۇ [49]« سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىرنەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (اللّٰه سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ) ئۇلار:« بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ، « سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان اللّٰه تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن، ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ:« ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، (سەن)« ئۈمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن [50-51] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ئىنسان (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئېتىقاد قىلمايدىغان كاپىر):« مەن ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلەمدىم؟» دەيدۇ [66] ئىنسان بىز ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئەسلىمەمدۇ؟ [67] سۈرە مەريەم][(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر [28] سۈرە لوقمان][اللّٰه تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۆلتۈرۈشكە قادىر، ئۇ بىرەر ئىشنى (قىلىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا « ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ- دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ [68] سۈرە غافىر][ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان اللّٰه ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [33] سۈرە ئەھقاف][سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ اللّٰه ئاسماننى ياراتتى [27] سۈرە نازىئات][ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ [57] سۈرە غافىر][ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار) بىز سىلەرگە (اللّٰهنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابىمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا- ئاستا كۈچ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (اللّٰه تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ [5] بۇ (يەنى اللّٰهنىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يوقرىقىدەك يارىتىشى) اللّٰهنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر [6] سۈرە ھەج][اللّٰهنىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، اللّٰه بىشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللا ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك- تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز،ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغانغاندەك قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز [57] سۈرە ئەئراف][اللّٰه شاماللارنى ئەۋەتىپ (ئۇنىڭ بىلەن) بۇلۇتنى قوزغايدۇ، بىز بۇلۇتلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراق) بىر يەرگە ھەيدەيمىز (بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىمىز) شۇ يامغۇر بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىمىز.

ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ئەنە شۇنداقتۇر [9] سۈرە فاتىر]
(شۇنىڭدەكلا ئاللاتائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنى ئىرادە قىلغان چاغدا، ئەرشنىڭ ئاستىدىن زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە ئومۇمىيۈزلۈك يامغۇر ياغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدىن خۇددى دان توپراقتىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ)
ئەبۇ رەزىن ئۇقەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا مدىن:« ئى رەسۇلۇللا! ئاللا مەخلۇقاتلىرىنى قانداق تىرىلدۈرىدۇ؟ بۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ئالامەتلىرى نېمە؟- دەپ سورىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قەۋمىڭنىڭ زېمىندىن ئۆتكىنىڭدە، ئۇ يەرنى بەزىدە قاقاس بېسىپ كەتكىنىنى ۋە بەزىدە يېشىللىققا پۈركەنگىنىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟- دېدى. مەن: شۇنداق، كۆردۈم- دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەنە شۇ ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ئالامەتلىرىدۇر. ئاللا ئۆلۈكنى خۇددى شۇنىڭدەك قايتا تىرىلدۈرىدۇ- دېدى» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە تەبرانى سەھىھ]
ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىنساننىڭ ھەممە يەرلىرى چىرىپ كېتىپ پەقەت قۇيرۇق سۆڭىكىلا چىرىماي قالىدۇ. ئىنسان شۇ سۆڭەكتىن (قايتا) يارىتىلىدۇ ۋە قۇراشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مېنى يالغانچىغا چىقاردى. ئۇنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقىرىشى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى،...ئەمما ئۇنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقىرىشى، ئۇنىڭ: ئاللاتائالا مېنى بۇرۇن يوق يەردىن ياراتقانغا ئوخشاش (ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم) ھەرگىز تىرىلدۈرەلمەيدۇ، دېگەن سۆزىدۇر. ئۇنى (يوق يەردىن) تۇنجى قېتىم يارىتىش ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يارىتىشتىن ئوڭاي ئەمەس. ماڭا ئۇنى ئىككىنچى قېتىم يارىتىش بىرىنچى قېتىم ياراتقاندىن ئوڭاي» [بۇخارى ۋە ئەھمەد ۋە نەسەئى سەھىھ]
[ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ) [46] سۈرە ھەج] [بىز ئىنسانلارغا بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ [43] سۈرە ئەنكەبۇت]

## ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلىقى

[ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر [35] سۈرە ئەنبىيا] [ھەر بىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر [57] سۈرە ئەنكەبۇت]

## سەكرات

[(ئى مۇھەممەد!) سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ ، دېگىن [8] سۈرە جۇمۇئە] [قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ [78] سۈرە نىسا][ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى (يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاخىرەتنىڭ دەھشىتىنى ئېنىق كۆرىدۇ) سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ [19] سۈرە قاف]
ئىمام تەبەرانى سەمۇرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئۆلۈمدىن قاچقان كىشى تۈلكىگە ئوخشايدۇ، تۈلكە زېمىنغا قەرزدار بولۇپ قالغان بولۇپ، زېمىن ئۇنىڭدىن قەرزىنى تەلەپ قىلىدۇ. تۈلكە بولسا قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سوكۇلداپ يۈگرەيدۇ. ئۇ چارچاپ، ئۈيقۇسىراپ، ھالى قالمىغاندا ئۇۋىسىغا كىرسە، زېمىن ئۇنىڭغا: ئى تۈلكە! قەرزىمنى بەرگىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇۋىسىدىن يەنە سوكۇلداپ چىقىدۇ، ئۇ شۇ ھالەتتە يۈرۈپ ئاخىرى بوينى ئۈزۈلۈپ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ» بۇ مىسالنىڭ مەزمۇنى شۇكى، خۇددى ئۇ تۈلكە زېمىندىن ھېچ قېچىپ ئاجرىيالمىغىنىدەك، ئىنسانمۇ ئۆلۈمدىن ھېچ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ[تەپسىر ئىبنى كەسىر]
ئىمام ئەھمەد، بىشر جەھھاشنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:« شەك- شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئالقىنىغا تۈكۈردى ۋە تۈكۈرۈكنىڭ ئۈستىگە بىر بارمىقىنى تەككۈزدى- دە، ئاندىن مۇنداق دېدى:« ئاللاتائالا ئېيتىدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن قانداقمۇ مېنى ئاجىز دەيسەن؟ مەن سېنى ھەقىقەتەن مۇشۇ تۈكۈرۈكچىلىك نەرسىدىن ياراتتىم، تېخى مەن سېنى بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلىپ يارىتىپ قويسام، سەن ئېسىل تونلارنى كىيىپ، يەر يۈزىدە گۈسۈلدىتىپ دەسسەپ ماڭسەن، بايلىقنى توپلايسەن، مۇھتاجلارغا بەرمەيسەن، تاكى جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا سەدىقە بېرىمەن دەيسەن، بۇ ھەرگىزمۇ سەدىقە بېرىدىغان ۋاقىت ئەمەستۇر» دەيدۇ [بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان ]
[جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر [83-84] بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر) [85] ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە) قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار [86-87] ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت- ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ

ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت- پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ [88-89] ئەگەر ئۇ سائادەتمەنلەردىن بولىدىغان بولسا، (ئۇلار راھەت- پاراغەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد!) ئۇلاردىن ساڭا سالام! [90-91] ئەگەر ئۇ تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلاردىن بولىدىغان بولسا، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ [92-93] جەھەننەمدە كۆيدۈرۈلىدۇ [94] شەك- شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر [95] سۈرە ۋاقىئە]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتا چۈشۈپ قالغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا:« سەكراتتىكى ھالىڭ قانداقراق؟» دېدى. ئۇ: رەھمەت ئۈمىد قىلىپ ئازابتىن قورقۇۋاتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇندا بىر بەندىنىڭ دىلىغا ئۈمىد ۋە قورقۇش جەم بولسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ۋە قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم قىلىدۇ» دېدى. [تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد]

ھەييان ئەبۇ نەزر مۇنداق دەيدۇ: ئەسۋەد بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، شۇ كېسەلدىن قوپالماي ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە ئىككىمىز ئۇنى (شۇ كېسەلدە) يوقلاپ كىردۇق. ۋاسىلە ئەبۇل ئەۋسەدكە سالام قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەبۇل ئەسۋەد ۋاسىلەنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئىككى كۆزىگە ۋە يۈزىگە سۈرتتى. چۈنكى ۋاسىلە بۇ قول بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىدى. ۋاسىلە ئەبۇل ئەۋسەدكە: سەندىن سورايدىغان بىر مەسىلە بار،- دېدى. ئەبۇل ئەسۋەد: نېمە مەسىلە؟- دېدى. ۋاسىلە: سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭغا بولغان ھېس- تۇيغۇڭ قانداقراق؟- دېدى. ئەبۇل ئەسۋەد بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ: ياخشى،- دېدى. ۋاسىلە: ئۇنداق بولسا، ئۈمىدۋار بول! چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:« ئاللا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مېنىڭ بەندەمنى قانداق قىلىشىمنى ئويلىسا، مەن ئۇنى شۇنداق قىلىمەن. ئۇنداق بولغانىكەن، بەندەم مېنى خالىغان (ياخشى تىلەكلىرى بىلەن) ئويلىسۇن» [ئەھمەد ۋە ئەلئەۋسەت]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى سۇغا تىقىپ يۈزىنى سىلايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:« بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ھەقىقەتەن ئۆلۈمنىڭ سەكراتى بار» [بۇخارى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتا چۈشكەندە، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم:« ئى ئاللا! ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرسەڭ» دەپ دۇئا قىلغان [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەكراتتىكى ۋاقتىدا خىرقىراق ئاۋاز بىلەن:« ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللانىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم» [بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئاللا! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ئۈستۈنكى ئالەمدىكىلەرگە قوشقىن» دەيتتى،- دېيىلگەن» [بۇخارى]

ئەنەس، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جان ئۈزۈش ئالدىدا مۇنداق دېگەن:« نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، قول- چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، نامازنى چىڭ تۇتۇڭلار، قۇللىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار» [ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان ۋە تەبرانى سەھىھ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرگەن كۈنى ھەممە نەرسە يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغان كۈنى ھەممە نەرسە قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېخى دەپنە قىلماي تۇرۇپ، دىللىرىمىز ئۆزگىرىشكە باشلىدى» [تىرمىزى]

## ئۆلۈم توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۆئمىنگە بېرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك سوغات ئۆلۈمدۇر» [ئەلكەبىر]

ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن رەھمانتائالانىڭ ئەرشى تەۋرەپ كەتتى» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە ۋە بەيھەقى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۆئمىن پېشانىسى تەرلىگەن ھالەتتە جان ئۈزىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن مۆئمىننىڭ جېنى ئاستا- ئاستا تەرلەپ چىقىدۇ. كاپىرنىڭ جېنى بولسا، خۇددى ئېشەكنىڭ جېنى چىققاندەك، ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىدىن قىينىلىپ چىقىدۇ» [تەبرانى ھەسەن]

ئۇبەيدە ئىبنى خالىد سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تۇيۇقسىز ئۆلۈم كاپىر ئۈچۈن ئازاب، مۆئمىن ئۈچۈن رەھمەتتۇر» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئۇبەيدە ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تۇيۇقسىز

ئۆلۈم، غەم - قايغۇ ئازابىنىڭ تۇتىشىدۇر» [ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد بەيھەقى  سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللا ۋاپات تېپىشىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:« سىلەردىن ھەربىر كىشى گۇمانىنى ئاللاتائالاغا ياخشى قىلغان ھالەتتە ئۆلسۇن»  [ئەھمەد ۋە مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

## كاپىر ۋە مۇناپىقنىڭ جېنىنى ئېلىش

[بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (اللّٰە نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ [61] سۈرە ئەنئام] [ئېيتقىنكى:« سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر [11] سۈرە سەجدە][(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۆشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرسەن) پەرشتىلەر (يەنى ئازاب پەرشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ:« سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر  اللّٰە توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ۋە اللّٰە نىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ [93] سۈرە ئەنئام][(ئازاب) پەرشتىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرغان ھالدا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟ [27] سۈرە مۇھەممەد][ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرشتىلەر ئۇلاردىن:« (دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار:« زېمىندا بىز (دىننى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرشتىلەر:« ھجرەت قىلساڭلار اللّٰە نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [97] سۈرە نىسا][ئۇلار (كۇفرىنى ئىختىيار قىلىپ) ئۆزلىرىگە زىيان سالغان شارائىتتا، پەرشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ:« بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدۇق» (دەيدۇ). ئۇنداق ئەمەس،  اللّٰە سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر  [28] سىلەر (ئىچىدە) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، چوڭچىلىق قىلىپ، (اللّٰەغا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان! [29] سۈرە نەھل][ھەتتا بىزنىڭ پەرشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ، ئۇلارغا:«  اللّٰە نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟» دەيدۇ. ئۇلار:« ئۇلار بىزدىن غايىب بولۇپ كەتتى» دەيدۇ. ئۇلار كاپىر بولغانلىقلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ»  [37] سۈرە ئەئراف]

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كاپىر (ۋە مۇناپىق) بەندە دۇنيادىن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە يۈزلەنگەندە، ئاسماندىن يۈزلىرى قاپقارا پەرشتىلەر يىرىك كېپەنلەرنى ئېلىپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا كۆرۈنگىدەك يەردە ئولتۇرىدۇ. ئەمما جان ئالغۇچى پەرشتە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ: ئى مەينەت جان! ئاللا تەرىپىدىن بولغان قاتتىق غەزەپ نەپرەتكە چىققىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جان كاپىرنىڭ (ۋە مۇناپىقنىڭ) جەستىدىن ئايرىلىشقا باشلايدۇ. جان ئالغۇچى پەرشتە كاپىرنىڭ( ۋە مۇناپىقنىڭ) جېنىنى خۇددى ھۆللەنگەن يۇڭدىن زىخ تارتقاندەك تارتىپ ئالىدۇ.

جان ئالغۇچى پەرشتە ئۇ جاننى ئېلىپ بولغاندا، ھېلىقى پەرشتىلەر جاننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە يىرىك كېپەن بىلەن ئورايدۇ. جاندىن زېمىن يۈزىدە تېپىلىدىغان تاپتىپ چىققان ئەڭ سېسىق پۇراقتەك سېسىق پۇراق چىقىدۇ. پەرشتىلەر ئۇ مەينەت جاننى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئۇلار پەرشتىلەردىن بولغان بىر جامائەنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار: ئۇ نېمە دېگەن مەينەت جان، دېيىشىپ ئۇ جان ئىگىسىنىڭ دۇنيادىكى چېغىدا ئاتىلىدىغان ئەڭ سەت ناملىرى بىلەن ئاتاپ، پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، دەيدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۇ جاننى ئېلىپ بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ جان ئۈچۈن ئاسماندىن ئىشىك ئېچىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يەرگە كەلگەندە:[ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ) گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن ئاللاتائالا: ئۇ كاپىرنىڭ ئەمەلىنى زېمىننىڭ ئەڭ ئاستىدىكى (يامانلارنىڭ ھالى نامە ئەمالى يېزىلىدىغان دەپتەر) سىججىنغا يېزىڭلار! دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرنىڭ جېنى تۆۋەنگە قارىتىپ تاشلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى توختىتىپ:[ كىمكى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرنىڭ جېنى ئۆزىنىڭ جەستىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا ( مۇنكەر ۋە نەكىر ئىسىملىك، چېقىر كۆزلۈك قاپقارا) بۇ ئىككى پەرشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ: پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دەيدۇ. ئۇ نېمە - نېمە، بىلەلمەيمەن، دەيدۇ. (دىنىڭ نېمە؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ نېمە - نېمە، بىلەلمەيمەن دەيدۇ.) ئاندىن ئۇنىڭدىن: سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئادەم كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: نېمە - نېمە، بىلەلمەيمەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن: مېنىڭ بەندەم يالغان ئېيتتى، ئۇنىڭغا ئوتتىن بىر كۆرپە سېلىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختىن بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار، دەپ ئاۋاز كېلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ھارارىتى ۋە

بەدەنگە كىرىپ كېتىدىغان ئاتەشلىك شامىلى كېلىدۇ.(شۇنىڭ بىلەن زېمىنغا: ئۇ كاپىر ۋە مۇناپىقنى قىستا دېيىلىدۇ. زېمىن ئۇنى قىسقانلىقتىن ھەتتا ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر- بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ) ئۇنىڭ يېنىغا بەتبەشىر، كىيىم- كېچەكلىرى مەينەت، سەت، بەتبۇي چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كېلىپ: ساڭا شۇم خەۋەر بولسۇن، بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر، دەيدۇ.(ئۆلگۈچى بۇ كىشىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا: سېنىڭ چىرايىڭ نېمىدىگەن سەت؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ ئەمەلىڭمۇ شۇنداق سەت ئىدى، دەيدۇ. ئۆلگۈچى: سېنىڭ تىنىڭ نېمىدىگەن سېسىق؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ ئەمەلىڭمۇ شۇنداق سېسىق ئىدى، دەيدۇ. ئۆلگۈچى كىيىملىرىڭ نېمىدىگەن مەينەت؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ ئەمەلىڭمۇ شۇنداق مەينەت ئىدى، دەيدۇ. ) ئۇ كاپىر(ۋە مۇناپىق): سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزۈڭدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغۇ؟ دەيدۇ. ئۇ ئادەم: مەن سېنىڭ يامان ئەمەلىڭدۇرمەن، دەيدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆلگۈچى بىلەن بىللە قەبرىدە قالىدۇ ) ئاندىن ئۇ كاپىر(ۋە مۇناپىق): ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەت قىلمىغىن، دەيدۇ»(قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئۇ كىشى ئۆلگۈچىگە: دۇنيادا مەن سېنى ھارام يوللاردىن ھۇزۇرلىنىشىڭ ئۈچۈن كۈتۈرەتتىم، بۈگۈن سەن مېنى كۆتۈرگىن دەپ ئۆلگۈچىنىڭ يەلكىسىگە مىنىدۇ ۋە ئۇنى دوزاخقا ھەيدەپ ئېلىپ بارىدۇ )» [ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە]

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان:« گۇناھكار ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭدىن بەندىلەر، يۇرتلار، دەل- دەرەخلەر ۋە ھايۋانلارمۇ راھەتكە چىقىپ قالىدۇ»

## مۆمىننىڭ جېنىنى ئېلىش

[ئۇلار (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان شارائىتتا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا:« سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەلىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ [32] سۈرە نەھل]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈم پەرىشتىسى(ئەزرائىل) ئەۋەتىلگەندە، پەرىشتىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتتى. پەرىشتە ئاللاغا قايتىپ:« مېنى ئۆلۈمنى خالىمايدىغان بەندەڭگە ئەۋەتىپسەن» دېدى. ئاللا پەرىشتىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ:« ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئېيتقىنكى: ئۇ كالىنىڭ دۈمبىسىگە قولىنى قويسۇن. كالىنىڭ ھەر بىر تال تۈكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر يىل ئۆمۈر بېرىمەن» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:« ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟» دېگەندى. ئاللا:« ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈم بار» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:« ئى ئاللا! ئۇنداق بولسا، جېنىمنى ھازىرلا ئالغىن. لېكىن سېنىڭدىن سورايدىغىنىم مۇقەددەس زېمىنغا (بەيتۇلمۇقەددەسكە) بىر تاش ئېتىم مىقدارى كېلىدىغان يېقىن جايغا دەپنە قىلىنسام» دېدى. مۇسانىڭ قەبرىسى يولنىڭ چېتىدىكى قىزىل قۇملۇقنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئەگەر مەن شۇ يەردە بولغان بولسام، سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياتتىم» [بۇخارى ۋە ئەھمەد ۋە بەيھەقى ۋە نەسەئى سەھىھ]

بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىلەن بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇ ئىبارىلەر كەلگەن:« ئۆلۈم پەرىشتىسى (يەنى ئەزرائىل) كىشىلەرنىڭ يېنىغا ئاشكارا كېلەتتى. مۇسانىڭ يېنىغىمۇ شۇنداق كېلىۋىدى، مۇسا ئۇنى كاچاتلىدى»

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن مۆمىن بەندە دۇنيادىن خوشلىشىپ (ئايرىلىپ) ئاخىرەتكە يۈزلەنگەندە، ئاسماندىن يۈزلىرى ئاپئاق، خۇددى كۈندەك نۇرلۇق پەرىشتىلەر جەننەتنىڭ كېپەنلىرى ۋە خۇش پۇراقلىرىدىن ئېلىپ چۈشۈپ ئۇ مۆمىنگە كۆرۈنگىدەك يەردە ئولتۇرىدۇ. ئەمما جان ئالغۇچى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ: ئى پاك جان! ئاللاتائالا تەرىپىدىن بولغان، مەغپىرەت ۋە رازىلىققا چىققىن! دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاك جان خۇددى تۇلۇمنىڭ ئېغىزىدىن سىرغىپ چىققان تامچىدەك چىقىدۇ(مۆمىننىڭ جېنى، قوۋۇرغىلىرى ئارىسىدىن، جان ھەلقۇملىرىدىن، ئۇ ئاللاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقان ھالدا چىقىدۇ) شۇنىڭ بىلەن جان ئالغۇچى پەرىشتە ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ بولغاندا، ھېلىقى پەرىشتىلەر جاننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ جەننەتتىن ئېلىپ كەلگەن كېپەنلەر بىلەن كېپەنلەيدۇ ۋە خۇش پۇراقلارنى چاچىدۇ. ئۇ جاندىن يەر يۈزىدە تېپىلىدىغان ئەڭ خۇش- پۇراق ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك پۇراق چىقىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇ جاننى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئۇ جاننى ئېلىپ ماڭغان پەرىشتىلەر ھەر قاچان پەرىشتىلەردىن بولغان بىر جامائەنىڭ قېشىدىن ئۆتسىلا، ئۇلار: بۇ نېمە دېگەن پاك جان-ھە!- دېيىشىپ ئۇنىڭ دۇنيادىكى چېغىدا ئاتىلىدىغان ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بىلەن ئاتاپ پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچى، دەيدۇ. ئۇلار ئۇ جاننى ئېلىپ بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ جان ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىك ئېچىلىدۇ. ھەر قەۋەت ئاسمىنىدىكى پەرىشتىلەر ئۇ جاننى ئۈستۈنكى ئاسمانغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇ جان يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا يەتكۈزۈلگەندە، ئاللاتائالا: مېنىڭ بەندەمنىڭ ئەمەلىنى (ياخشى ئەمەللەر خاتىرىلىگەن دەپتىرىنى) ئىللىيىنغا (يەنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا) يېزىڭلار ۋە ئۇنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنى زېمىندىن ياراتتىم، ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن ۋە ئۇلارنى زېمىندىن يەنە بىر قېتىم چىقىرىمەن (تىرىلدۈرىمەن) دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جان ئۆزىنىڭ جەسىدىگە قايتۇرۇلىدۇ.

[بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ:« ئاللا مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ مۇنداق دېگەن:« بۇ ئايەت قەبرە ئازابى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، بەندىدىن:« رەببىڭ كىم؟» دەپ سورالسا، ئۇ:« رەببىم ئاللا، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ، ئاللاتائالانىڭ:« ئاللا مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر» [مۇسلىم]

بەندە قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا ( مۇنكەر ۋە نەكىر ئىسىملىك ئىككى پەرشتە كېلىپ،)(ئەگەر ئۆلگۈچى مۆمىن بولسا، ئوقۇغان نامىزى باش تەرىپىدە، بەرگەن زاكىتى ئوڭ تەرىپىدە تۇتقان روزىسى سول تەرىپىدە قىلغان سەدىقىسى، تۇغقانلىرىغا ۋە كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئاياق تەرىپىدە بولىدۇ. ئاندىن ئۇ مۆمىننىڭ يېنىغا ئىككى پەرشتە باش تەرىپىدىن كەلسە، ناماز: مەن تەرەپتىن كىرىش ئورنى يوق، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن زاكات مېنىڭ تەرىپىمدە كىرىش ئورنى يوق، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ سول تەرىپىدىن كەلسە، روزا: مېنىڭ تەرىپىمدە كىرىش ئورنى يوق، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدىن كەلسە قىلغان ياخشى ئەمەللىرى مېنىڭ تەرىپىمدە كىرىش ئورنى يوق، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۆمىنگە ئولتۇرغىن، دېيىلىدۇ. ئۇ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا كۈن، پېتىشقا ئاز قالغاندەك كۆرۈنىدۇ) ئۇنىڭدىن: پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: پەرۋەردىگارىم ئاللا، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككى پەرشتە: دىنىڭ نىمە؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: دىنىم ئىسلام، دەيدۇ. ئاندىن: سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئادەم كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ئۇ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى، دەيدۇ. ئاندىن: بۇنى قانداق بىلىسەن؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ئاللانىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭغا ئىشەندىم ۋە ئۇنى تەستىقلىدىم، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن: مېنىڭ بەندەم راست ئېيتتى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈڭلار ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە ئىشىك ئېچىڭلار، دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ مەيىن شامىلى ۋە خۇش پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى، ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگىچە كېڭەيتىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ قېشىغا چىرايلىق يۈزلۈك، چىرايلىق كىيىنگەن ۋە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كېلىپ: سېنى خۇرسەن قىلىدىغان نەرسە بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن، بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغاندۇر، دەيدۇ. ئۇ، ئۇ ئادەمدىن: سەن كىم بولىسەن؟ سېنىڭ يۈزۈڭدىن ياخشىلىق يېغىپ تۇرىدىغۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: مەن سېنىڭ ياخشى ئەمەلىڭ، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەتنى تېزراق قىلغىن، قىيامەتنى تېزراق قىلغىن، مەن ئائىلەمگە ۋە مال دۇنيالىرىمنىڭ يېنىغا قايتىۋالاي، دەيدۇ. (ئۇ ئىككى پەرشتە:(ئۇنىڭغا) يېڭى توي قىلغان، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى ئويغاتمىسا ئويغانمىغان يىگىتتەك شېرىن ئۇخلىغىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەتتا ئاللاتائالا ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزغىچە (قىيامەتكىچە) ئۇخلايدۇ»[ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە]

## قەبرە توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شۈبھىسىزكى، قەبرە يا جەننەت باغچىلىرىدىن بىرى ياكى دوزاخ ئازگاللىرىدىن بىرى بولىدۇ» [تىرمىزى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن كۆرگەن ھەرقانداق قورقۇنچلۇق، قەبرىدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق يەر كۆرمىدىم » [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ھەسەن]

ئابدۇللا ئىبنى بەھىير مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ھانىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرە بېشىغا بېرىپ قالسا، ساقىلى ھۆل بولۇپ كەتكىچە يىغلايتتى. ئۇنىڭدىن: سەن جەننەت بىلەن دوزاخ زىكرى قىلىنسا يىغلىمايسەن. بۇنىڭغا يىغلايسەن؟- دەپ سورالغانىدى، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قەبرە ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى تۇنجى ئورنى بولۇپ، ئەگەر شۇ يەردىن قۇتۇلسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئاسان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردىن قۇتۇلالمىسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تېخىمۇ تەس. مەن قەبرىدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق يەر كۆرمىدىم» دېگەنىدى- دەپ جاۋاب بەردى» [ تىرمىزى ۋە ھاكىم ۋە ئىبنى ماجە ھەسەن]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قەبرىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ: بۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى قاچان ۋاپات بولغان؟- دەپ سورىدى: جاھىلىيەتتە- دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابتىن سۆيۈندى ۋە:« (قەبرىدىكى ئازابتىن قورقۇپ) بىر – بىرىڭلارنى دەپنە قىلماي تاشلاپ قويۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىپ، بۇ قەبرىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىپ قويغان بولاتتىم» دېدى [مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: سەئد ئىبنى مۇئاز دەپنە قىلىنغان كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:« ئەگەر بىرەرسى قەبرىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغان بولسا ئىدى، سەئد ئىبنى مۇئاز قۇتۇلاتتى. قەبرە ئۇنى بىر سىقىپ، ئاندىن قويۇپ بەردى» [ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەكسىزكى، قەبرە (مېيىتنى) قاتتىق قىستايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولسا ئىدى، سەئد ئىبنى مۇئاز قۇتۇلاتتى» [ئەھمەد سەھىھ]

ئىبراھىم ئەدھەم مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئادەم مەندىن سورىدى:« سىز نېمىگە تايىنىپ دۇنياغا پىسەنت قىلمايدىغان دەرىجىگە يېتەلىدىڭىز؟» مەن جاۋابەن: مەن ئۆچ تۆرلۈك ئىش بىلەن يەتتىم.

1- مەن قەبرىنىڭ ئىچىدە پەقەت يالغۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ماڭا ھەمراھ بولالمايدىغانلىقىنى بايقىدىم.

2- مەن سەپەرنىڭ ئۇزاق، قىشىمدا ھېچقانچە ئوزۇق- تۈلۈك يوقلۇقىنى بايقىدىم.
3- مەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈم چىقارغاندا، مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئاقلىغۇدەك ھېچقانداق ئاساسىمنىڭ يوقلۇقىنى تېخىمۇ بايقىدىم»[ئەخلاق نامە]
لوقمان ھەكىم ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ:« ئى ئوغلۇم! ئادەم ئۈچ دانە، ئۈچ دەن بىر قىسمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۈچ دەن بىرقىسمى بولسا ئاللاغا تەۋە، ئۈچ دەن بىرقىسمى ئۆزىگە تەۋە. قالغان ئۈچ دەن بىرى قۇرت- قوڭغۇزلارغا تەۋە. ئاللاغا تەۋە بولغىنى- ئۇنىڭ روھى. ئۆزىگە تەۋە بولغىنى- ئۇنىڭ ئەمىلى. قۇرتلارغا تەۋە بولغىنى- ئۇنىڭ تېنى»[ئەخلاق نامە]
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:« بىپايان دېڭىز تۆت تۈرلۈك: ئارزۇ- ھەۋەس بولسا، جىنايەتنىڭ دېڭىزى. نەپسى بولسا، ئارزۇنىڭ دېڭىزى. ئۆلۈم بولسا، ئۆزۈن ئۆمۈرنىڭ دېڭىزى. قەبرە بولسا، ھەسرەتنىڭ دېڭىزى»[ئەخلاق نامە]
ئەبۇ بەكرى سىددىق مۇنداق دېگەن:«قەبرىسىگە ئوزۇق- تۈلۈك ئېلىۋالماي كىرگەن كىشى كېمىسىز دېڭىزغا كىرگەن كىشىگە ئوخشاش»[ئەخلاق نامە]
[پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى [45] ئۇلار ئەتىگىنى- ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە:« ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» دېيىلىدۇ [46] سۈرە غافىر]
ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلسە، ئەتىگىنى- ئاخشىمى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولسا، جەننەتتىكى ئورنى توغرىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، دوزاختىكى ئورنى توغرىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: بۇ سېنىڭ ئورنۇڭدۇر، قىيامەت كۈنى ئاللا سېنى ئۇ ئورۇنغا مۇيەسسەر قىلىدۇ، دېيىلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد]
ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كاپىر(ۋە مۇناپىق)نىڭ قەبرىسىنى ناھايىتى چوڭ 99 يىلان قورشۇۋېلىپ، تاكى قىيامەت بولغىچە ئۇنى چېشلەيدۇ ۋە چاقىدۇ. ئەگەر شۇ يىلاندىن بىرەرسى زېمىنغا (زەھرىنى) چاچىدىغان بولسا، زېمىندا ئۆسۈملۈكتىن ئەسەر قالمايدۇ» [دارىمى]

## پەيغەمبەر ئاخىرلاشتى

[مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللّٰەنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر [40] سۈرە ئەھزاب]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن مەن بىلەن مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى ئۆيلەرنى سالغان، ئۆيلەرنى مۇكەممەل، چىرايلىق ۋە گۈزەل قىلىپ پۈتتۈرگەن. لېكىن، ئۆيلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن بىرەر بۇلۇڭىدا بىر كېسەكنىڭ ئورنىنى قالدۇرغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايمىز. ئادەملەر ئۆيلەرنى ئايلىنىدۇ، ئۆيلەر ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇلار: بۇ يەرگە بىر كېسەك قويغان بولساڭ ئۆيۈڭ تامامەن پۈتەركەن، دېيىشىدۇ. مەن ئەنە شۇ كېسەكنىڭ ئورنى بولىمەن»[بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىم بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇنچىلىك، يەنى ئىككى بارماقنىڭ ئارىسچىلىك (قالدى)» [بۇخارى]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم، پەيغەمبەرلىك مەن بىلەن ئاخىرلاشتى»[مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە]
جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىسمىم بار. مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن ماھى (يەنى ئۆچۈرگۈچى) ئاللاتائالا مەن بىلەن كۇفرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، مەن ھاشىر (يەنى يىغقۇچى) مەن دەسسەپ، تۇرغان يەرگە ئىنسانلار يىغىلىدۇ. مەن ساقىب (يەنى ئاخىرلاشقۇچى) مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك- شۈبھىسىزكى، "رىسالە" يەنى ئاللاتائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى تەبلىغ قىلىش ۋە نەبۇۋە (ئاللا تەرىپىدىن خەۋەر يەتكۈزۈش) يەنى پەيغەمبەرلىك ئەلۈەتتە ئاخىرلاشتى. مەندىن كېيىن ھېچ "رەسۇل" يەنى ئاللاتائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى يەتكۈزگۈچى ۋە ھېچ "نەبىي" يەنى ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرچى بولمايدۇ» بۇ سۆز ئادەملەرگە ئېغىر كەلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ۋە لېكىن خۇش بېشارەتلەر بار» دېدى. ساھابىلەر: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! نىمە خۇش بېشارەت ئۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مۇسۇلمان ئادەمنىڭ چۈشى، ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ پارچىلىرىنىڭ بىر پارچىسىدۇر» دېدى [تىرمىزى ۋە ئەھمەد]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ:« پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت بېشارەتلا قالدى» ساھابىلار:« ئى رەسۇلۇللا! بېشارەت دېگەن نىمە؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ياخشى چۈش» دېدى. [بۇخارى]

## پەيغەمبەر دەۋاسى قىلىدىغان كاززابلار

[سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ [221] ئۇلار ھەربىر ئىغۋا توقۇغۇچى، گۇناھكارغا چۈشىدۇ [222] سۈرە شۇئەرا]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر زامانلاردا، ئالدامچى دەججاللار پەيدا بولىدۇ. ئۇلار 30 كىشى بولۇپ، ھەممىسى ئۆزىنى ئاللانىڭ ئەلچىسى دەپ ئاتايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە 27 كاززاب ۋە دەججال پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆتى ئايال كىشىدۇر. ھەقىقەتەن مەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، مەندىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر يوق» [ئەھمەد ۋە تەبرانى ۋە زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىن بەرگەن خەۋەرلىرى

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى» [نەسەئى سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىم خۇددى يامغۇرغا ئوخشايدۇ، باشلىنىشى خەيرلىكمۇ ياكى ئاخىرى خەيرلىكمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ» [تىرمىزى سەھىھ]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«شەك- شۈبھىسىزكى، ئاللا ماڭا زېمىننى كىچىكلىتىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىبلىرىنى كۆردۈم. ئۈممىتىم مەن كۆرگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدۇ» [ مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]

رۇۋەيپىئ ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئى ساھابىلىرىم! ياخشىلىقنى سىلەر ئېلىپ كېتىسىلەر، ئاندىن يەنە سىلەر ئېلىپ كېتىسىلەر، ھەتتا ياخشىلىقدىن پەقەت سىلەردىن مۇشۇنچىلىك قېلىپ قالىدۇ، (بارمىقىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتتى)»[ تەبرانى ۋە ھاكىم ۋەبۇخارى تارىخدا توپلىغان ھەسەن]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« كەلگۈسىدە بىر قەۋم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ. سىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇشۇڭلار ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا، نامىزىڭلار ئۇلارنىڭ نامىزىغا، روزاڭلار ئۇلارنىڭ روزىسىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنەرسە ئەمەس. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، بۇنى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دەپ ئويلايدۇ. ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ. نامازلىرى قوبۇل بولمايدۇ، خۇددى ئوق يادىن چىقىپ كەتكەندەك، ئۇلار ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلغان قوشۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆزلىرىگە بېرىلگەن خۇشخەۋەرنى بىلگەن بولسا ئىدى، شۇنىڭدىن باشقا بىر ئەمەل قىلمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر چولاق كىشى بولىدۇ، ئۇنىڭ قولسىز جەينىكىدە ئەمچەك توپچىسىدەك بىر مونەك، مونەكنىڭ ئۈستىدە بىر قانچە تال ئاق تۈك بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم [مۇسلىم]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز قۇرئان ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقتى. ئارىمىزدا ئەئرابىلارمۇ، ئەجەملەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئوقۇڭلار! ھەممىڭلارنىڭ قىرائىتى ياخشى ئىكەن. كېيىنچە شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، قۇرئاننى خۇددى ئوقنى رۇسلىغاندەك رۇسلاپ راۋۇرۇس ئوقۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن قولغا كېلىدىغان مەنپەئەتنى دۇنيادىلا ئالىدۇ، ئاخىرەت ساۋابىنى كۆزلىمەيدۇ» [ئەبۇ داۋۇد]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇ تەرەپتىن بىر توپ ئادەملەر پەيدا بولىدۇ. ئېغىزىدا قۇرئاننى زىكرى قىلىسىمۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ بوغۇزىغىمۇ يېتىپ بارمايدۇ، يا ئوقى ئوۋ ھايۋىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلىۋېتىپ، ئىراق تەرەپنى كۆرسەتكەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛« ئاخىر زاماندا بىر تۈركۈم قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەلگىسى دائىم چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا ئۇچراشساڭلار ئىككىلەنمەي دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىنسانلار ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەگەشكۈچىدۇر، دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سىلەرگە زېمىننىڭ ھەرقايسى قىتئەلىرىدىن ئادەملەر كېلىدۇ. ئۇلار ئالدىڭلارغا كەلگەن چاغدا، ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» [تىرمىزى]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« نۇرغۇن كىشىلەر ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن سىلەرگە كېلىدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرگەن چاغدا:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋسىيە قىلغان كىشىلەرنى قارشى ئالىمىز!» دەڭلار ۋە ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار!» [ئىبنى ماجە ھەسەن]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« مېنى كۆرۈپ، ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئاندىن مېنى كۆرمەي تۇرۇپمۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، خۇش مۇبارەك، خۇش مۇبارەك، ئاندىن يەنە خۇش مۇبارەك»[ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« مېنى كۆرۈپ ماڭا ئىمان ئېيتقان كىشىگە بىر قېتىم خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە يەتتە قېتىم خۇش مۇبارەك»[ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم ۋە بۇخارى تارىخدا سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن مۇنداق قەسەم قىلىمەن: سىلەرگە شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدۇ، مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشنى سىلەرگە ئائىلەڭلار ۋە پۇل - مېلىڭلاردىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولىدۇ» [مۇسلىم]

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى مېنىڭ دەۋرىمدىكىلەر (يەنى ساھابىلەر)دۇر. ئاندىن قالسا، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلار (يەنى تابىئىنلار) ئاندىن قالسا، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلار (تابىئى تابىئىنلاردۇر)» ئىمران پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ ئەسرنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى مۇنداق داۋاملىشىدۇ:« ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلاردىن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (ئامانەتكە) خىيانەت قىلىدۇ، ھېچكىم ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. (نەزرە ئۈچۈن) ئاتاق (مال) ئاتايدۇ، لېكىن نەزرىسىنى ئادا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېمىز ئادەملەر كۆپ بولىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بۇ ئۈممەتكە ھەر **100** يىلنىڭ بېشىدا دىنىنى يېڭىلايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىمنىڭ ھەربىر ئەسىردە ياشىغانلىرى ئارىسىدا سابىقۇنلار باردۇر(يەنى ياخشىلىقتا ئالدىرايدىغانلار)» [ھەكىيم ھەسەن]

مىرداس ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ياخشىلار ئارقىمۇ-ئارقا بىر- بىرلەپ كېتىپ قالىدۇ، ئارپىنىڭ ياكى خورمىنىڭ قالدۇقلىرىغا ئوخشاش ئاللا پەرۋامۇ قىلمايدىغان چۈپرەندە ئادەملەرلا قالىدۇ» [بۇخارى]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن يۇلۇپ ئالغاندەك ئالمايدۇ، بەلكى ئالىملارنى قەبزى روھ قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئاللاتائالا بىرەر ئالىمنىمۇ قويمىغاندا كىشىلەر ئۆزلىرىگە نادانلارنى باشلىق قىلىۋالىدۇ- دە، ئۇلاردىن سورالسا، بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەمما ھەقىقەتەن سىلەردىن كېيىنكى قەۋملەر سىلەرنىڭ جىڭ، تارازا، سالىرىڭلارنى تاپالمايدۇ. (يەنى ئادىللىقىنى، بەركىتىنى، لىللالىقىنى سىلەردەك تاپالمايدۇ)» [ھاكىم سەھىھ]

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل راست ۋاستىلەر بىلەن نەقىل قىلغان بۇ سۆزىدۇر:« يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە ئادەملەر تۈگە توقۇمىدەك ئىگەرلەرگە مىنىدۇ. ئۇلاغدىن چۈشمەي مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىغا كېلىپ چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى كۆرۈنۈشىدە كىيىم كىيىكلىك، ماھىيەتتە يالىڭاچ ئۇ خوتۇنلارنىڭ باشلىرى تۈگىنىڭ لوككىسىدەك (چېچىنى بۇدۇر قىلىپ كالالەكلەشتۈرگەن) ئۇ خوتۇنلارغا لەنەت ئوقۇڭلار! چۈنكى ئۇلار لەنەت قىلىنغۇچىدۇر»دېدى[ئەھمەد]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خۇددى قاچا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، تۈنجى قېتىم ئۆزگەرىدىغان نەرسە ئىسلامدۇر. ئۇلار: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! ئۇ قانداق ئۆزگىرىدۇ؟ دېسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ خۇددى ھاراقنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ ئىچىپ كەتكەندەك» دېدى [دارىمى ھەسەن]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلام غېرىب باشلانغان، يەنە غېرىب ھالىتىگە قايتىدۇ. يىلان ئۆزىنىڭ تۆشۈكىگە قايتقاندەك، دىن ئىككى مەسجىد ئارىسىغا (يەنى مەككە بىلەن مەدىنىگە) قايتىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلام غېرىبانە باشلانغان، كەلگۈسىدە يەنە غېرىبانە ھالىتىگە قايتىدۇ، غېرىبلارغا خۇشخەۋەر بولسۇن!» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« خۇددى يىلان ئۇۋۇسىغا يىغىلغاندەك، ئىمانمۇ مەدىنىگە يىغىلىدۇ» [بۇخاى]

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىيىمنىڭ پارقىرىقى كەتكىنىدەك، ئىسلامنىڭمۇ نۇرى كېتىدۇ. ھەتتا روزا، ناماز، قۇربانلىق، زاكاتنىڭ نېمىلىكى بىلىنمەي قالىدۇ. بىر كېچىنىڭ ئۆزىدە ئاللانىڭ كىتابى يوقۇلىدۇ ۋە يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن بىرمۇ ئايەت قالمايدۇ. ئىنسانلاردىن پەقەت قېرى كىشىلەر

ۋە ئايالللارلا قالىدۇ. ئۇلا:« ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئۆگەنگەن‹لائىلاھە ئىللاللاھۇ› كەلىمىسىنى بولسىمۇ ئوقۇيلى» دەيدۇ. (راۋىي) سىلە: ناماز، روزا، قۇربانلىق ۋە زاكاتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىگە بۇ كەلىمىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟- دەپ سورىغاندى، ھۇزەيفە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇۋالدى. سىلە بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم سورىدى. ئۈچىنچى قېتىمدىن كېيىن، ھۇزەيفە ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، ئۈچ قېتىم: ئى سىلە! ئۇ كەلىمە دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدۇ - دېدى» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك، ئۇلار ناھايىتى كۆپ يامان كىشىلەر ئارىسىدىكى ناھايىتى ياخشى، ئاز كىشىلەردۇر، ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىدىغان كىشىلەر ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەردىن كۆپتۇر»[ ئەھمەد سەھىھ]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېرىندىشىنىڭ بىر ئوغلى تۇغۇلدى، ئۇنىڭغا ۋەلىد دەپ ئىسىم قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا پىرئەۋنلىرىڭلارنىڭ ئىسمىنى قويدۇڭلار. بۇ ئۈممەت ئىچىدە ۋەلىد ئىسىملىك بىر كىشى دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ زۇلمى پىرئەۋننىڭ خەلقىگە قىلغان زۇلمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ - دېدى» [ئەھمەد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھالاك بولۇشى، قۇرەيشتىن بولغان بىر كىچىك بالىنىڭ قولىدىدۇر. (يەنى بالا پادىشاھ، بالا ئەمىرنىڭ)[بۇخارى ۋە ئەھمەد]

سەلەمەت ئىبنى نۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلام مەملىكىتىنىڭ ئەسلى ئورنى -شام (يەنى ھازىرقى سۇرىيەدۇر)»[ تەبرانى ھەسەن]

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت قايىم بولغىچە، مەغرىب ئەھلى (شام ئەھلى) ھەمىشە ھەق ئۈستىدە بولىدۇ» [مۇسلىم]

زۇ مىخبەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر رۇملۇقلار بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزىسىلەر. ئاندىن دۈشمەنگە قارشى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشىسىلەر ۋە غەلىبە قازىنىپ، غەنىمەتلەرنى قولغا كىرگۈزىسىلەر. ساق سالامەت قايتىپ، بىر تۈپىلىككە كەلگىنىڭلاردا، ناسارالاردىن بىر كىشى كرېستنى كۆتۈرۈپ:« كرېست غەلىبە قىلدى» دەيدۇ. بىر مۇسۇلمان دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنى ئۇرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا رۇملۇقلار سىلەرگە خىيانەت قىلىپ، قوللىرىغا قورال ئالىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق قوشۇمچە قىلىنغان:« ئۇلار قوزغىلىدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، قوللىرىغا قورال ئالىدۇ. ئاللاتائالا ئۇ جامائەتنى شېھىدلىك مەرتىۋىسى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرگە پارس، رۇملار ئىشغال قىلىنسا، قانداق قەۋم بولۇپ كېتەرسىلەر؟ ئۇلار، ئاللاھ بۇيرۇغاندەك بولىمىز دېيىشتى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەر دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەر مال-دۇنياغا قىزىقىپ كېتىسىلەر، ئاندىن ئۆز-ئارا ھەسەت قىلىشىسىلەر، ئاندىن بىر-بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىسىلەر، ئاندىن غەزەپ قىلىشىسىلەر، ئاندىن مۇھاجىرلارنىڭ جايىغا بارىسىلەر، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى يەنە بىر قىسمىنىڭ گەردىنىگە ئارتىپ قويىسىلەر، يەنى جەڭ قىلىشىپ، ئۆز-ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىسىلەر»[مۇسلىم ۋەئىبنى ماجە سەھىھ]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىسلام شۇ دەرىجىدە غەلىبە قىلىدۇكى، مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ كېمىلىرى قىتئەلەر ئارا سەپەر قىلىدۇ. ئاتلىق قوشۇنلار ئاللا يولىدا جىھاد قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇيدىغان ئەمما:« بىزدىن ئارتۇق قارى بارمۇ؟ بىزدىن ئارتۇق ئالىم بارمۇ؟ بىزدىن ئارتۇق مۇجتەھىد بارمۇ؟ دەپ داۋراڭ سالىدىغان كىشىلەر پەيدا بولىدۇ» دېگەن. بۇ سۆزدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن: ئەنە شۇ كىشىلەردە ياخشىلىق بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇلار: ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار سىلەردىن، يەنى مۇشۇ ئۈممەتتىن بولۇپ، (ئۇلار) دوزاخنىڭ تۇترۇقى قىلىنىدۇ.- دېدى» [ئەلئەۋسەت ۋە بەززار]

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ماڭا دۇنيا خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى، ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن شېرىك كەلتۈرۈشۈڭلاردىن قورقمايمەن، بەلكى دۇنيا ئۈچۈن بەسلىشىپ قېلىشىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى [بۇخارى]

ئەمر ئىبنى ئەۋف ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللاتائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن قورقمايمەن، لېكىن بۇرۇنقىلارنىڭ باي بولۇپ كەتكىنىدەك، سىلەرنىڭمۇ باي بولۇپ كېتىشىڭلاردىن، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ بايلىقتا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ھالاك بولغىنىدەك، سىلەرنىڭمۇ بايلىقتا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ھالاك بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن مېنىڭدىن كېيىن سىلەرگە دۇنيانىڭ كەڭ- كۇشادە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ جۇھەيپەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« سىلەرگە پات

يېقىندا پۈتۈن دۇنيا ئىشغال قىلىنىدۇ، ھەتتا سىلەر خۇددى كەئبىگە زىننەت بەرگەندەك، ئۆيۈڭلارنى زىننەتلەپ كېتىسىلەر، سىلەر بۈگۈن شۇ كۈندىكىدىن ياخشىراق (باشقا بالا بايلىقىدىن پېقىرلىق ياخشىدۇر)»[تەبرانى سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىم مۇتەيتىيادىن ئۆتۈپ، پارس ۋە رۇملۇقلار ئۇلارغا خىزمەت قىلغاندا (ئۈممىتىمنىڭ) يامانلىرى ياخشىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» [تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پات يېقىندا بۇندىن كېيىنرەك مېنىڭ ئۈممىتىمگىمۇ مۇندىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ مۇنداق كېسەللىرى يېتىدۇ، تەكەببۇرلۇق، كۆرەڭلەش، مەنمەنلىك، ماللارنىڭ باللارنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىش، مال – دۇنيانى دەپ ئاداۋەتلىشىش، دۈشمەنلىشىش، ئۆزئارا ھەسەد قىلىش، ھەتتا تاجاۋۇز ھەددىدىن ئېشىشلار يۈز بېرىدۇ»[ھاكىم ھەسەن]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پات يېقىندا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلار تائامنىڭ رەڭگارەڭ ھەرخىل تۈردىكىلىرىنى يەيدۇ. شاراپنىڭمۇ ھەرخىل تۈردىكىنى ئىچىدۇ. كىيىم- كېچەكنىڭ رەڭگارەڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى كىيىدۇ. ئاغزىنى مايماق قىلىپ، ياساپ كۆپ سۆزلەيدۇ. ئەنە شۇلار مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ يامان كىشىلىرىدۇر» [تەبرانى ۋە ئەبۇ نۇئەيم سەھىھ]

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كەلگۈسىدە خۇددى كالا زېمىندىن ئوت- چۆپلەرنى يالماپ يېگەندەك، تىللىرى بىلەن يالماپ، يۈگەپ ھەممىنى يەيدىغان قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇ»[ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەر ئۆزەڭلاردىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ يوللىرىغا غېرىچ- غېرىچ، غۇلاچ- غۇلاچ ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كېلەرنىڭ تۆشىكىگە كىرسە، سىلەرمۇ ئۇ يەرگە كىرىپ كېتىسىلەر- دېدى. ئى رەسۇلۇللا! ئۇلار (يەنى بىزدىن بۇرۇنقىلار) يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارمۇ؟- دەپ سورىغانىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلاردىن باشقا كىم بولاتتى؟- دېدى» [مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر ئۆزەڭلاردىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ يوللىرىغا غېرىچ- غېرىچ، غۇلاچ- غۇلاچ ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كېلەرنىڭ تۆشىكىگە كىرسە، سىلەرمۇ ئۇ يەرگە كىرىپ كېتىسىلەر، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىسى يول ئۈستىدىلا ئوچۇق- ئاشكارا ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان بولسا، سىلەرمۇ شۇنداق قىلىپ باقىسىلەر» [ھاكىم سەھىھ]

مۇستەۋرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ ئۈممەت بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ سۈننەت يوللىرىدىن ھېچ نەرسىنى تەرك ئەتمەي قىلىپ كېتىدۇ. (يەنى شۇلار قىلغان ھەممە ئىشلارنى ئوخشاش قىلىپ كېتىدۇ)»[تەبرانى سەھىھ]

ئەبى ئامىر يەكى ئەبى مالىك ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« مېنىڭ ئۈممىتىمدىن زىنانى، يىپەك رەختلەرنى كىيىشنى، ھاراق ئىچىشنى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ھالال سانايدىغان خەلقلەر چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تۇنجى بولۇپ مېنىڭ سۈننەتلىرىمنى ئۆزگەرتىدىغان كىشى، بەنى ئۇمەييەدىن (يەنى ئۇمەييە جەمەتىدىن) بولغان كىشىدۇر، (بۇ كىشى ئۇمەۋىييە خەلىپىلىكى ئىچىدىن چىققان)»[ئەبۇ يەئلا ھەسەن]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بەنى ئىسرائىلنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ بېشىغىمۇ بىرمۇ بىر كېلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاشكارا ھالدا ئانىسىغا يېقىنچىلىق قىلغانلار بولسا، مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىمۇ شۇنى قىلىدىغانلار بولىدۇ. بەنى ئىسرائىل 72 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. بىر پىرقىدىن باشقا ھەممىسى دوزاخقا كىرىدۇ، دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا! ئۇ قايسى پىرقە؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ۋە ساھابىلىرىم تۇتقان يولنى تۇتقانلار- دېدى» [تىرمىزى ھەسەن]

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۈممىتىم يەتمىش نەچچە پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۈممىتىمگە ئەڭ چوڭ پىتنە (ئاپەت) ئېلىپ كېلىدىغىنى ئىشلارنى ئۆز پىكرى بىلەن ئۆلچەيدىغانلار (ئۆزىنىڭ ئەقلى بىلەن ئۆلچەپ ھۆكۈم چىقارغۇچىلار) بولۇپ، ئۇلار ھارامنى ھالال، ھالالنى ھارام قىلىدۇ» [ئەلكەبىر ۋە بەززار]

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ ئامىر ئابدۇللا ئىبنى لوھەينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان بىلەن بىرگە ھەج قىلغان ئىدۇق. مەككىگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا مۇئاۋىيە ئىبنى سۇفيان پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى:« ھەقىقەتەن ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا 72 پىرقىگە بۆلۈندى. شەكسىز بۇ ئۈممەت (يەنى ئىسلام ئۈممىتى) پات ئارىدا 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھتىن

باشقىسىنىڭ ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ. ئۇ بىر گۇرۇھ بولسا ئىسلامنىڭ ھەقىقىي يولىدا ماڭغان جامائەتتۇر. مېنىڭ ئۈممەتلىرىمنىڭ ئىچىدىن بىر تۈرلۈك كىشىلەر چىقىدۇ. ئۇلار خۇددى يۇقۇملۇق كېسەل (شۇ كېسەل) يۇققان كىشىنىڭ قان تومۇر ۋە پۈتۈن ئۇستىخانلىرىغىچە سىڭىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ھېلىقى بۆلۈنۈش ئۇ كىشىلەر ئارىسىغىمۇ شۇنداق سىڭىپ كېتىدۇ» مۇئاۋىيە ئىبنى سۇفيان يەنە مۇنداق دېدى: ئى ئەرەبلەر گۇرۇھى! ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر پەيغەمبىرىڭلار ئېلىپ كەلگەن دىننى بەرپا قىلمىساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەردىن باشقا كىشىلەر ئۇنى بەرپا قىلمايدۇ، دېدى

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەسجىدلىرىڭلارنى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلىگەن، قۇرئان كىتابىڭىزنى زىننەت، ھەل بەرگەن چاغدا، ھالاكەت سىلەرگە يۈزلىنىدۇ»[ھەكىيم ھەسەن]

بەنىي سۇلەيمدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« پات يېقىندا مەدەن، كانلار ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى ھازىر بولىدۇ» [ ئەھمەد سەھىھ]

مەيمۇنە ئىبنى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى يامانلىرى سەۋەبلىكمۇ بولىدۇ» [ئەھمەد ھەسەن]

ئابىس غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ھەققىدە مۇنداق ئالتە ئىشتىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم:« نارەسىدىلەرنىڭ باشلىق بولۇشى. ساقچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى. ھۆكۈم ئىشلىرىدا پارىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشى. تۇغقاندارچىلىق ئالاقىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى. قان تۆكۈشنىڭ نورمال ئىش قاتارىدىن سانىلىشى ۋە قۇرئاننى غەزەللەرگە ئوخشىتىۋالىدىغان ئۈسمۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلار» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:« ئۇلار شۇ چاغدا ئۆزلىرىدىن ئالىممۇ ئەمەس (ۋە يا ئۆزلىرىدىن ئەۋزەلمۇ ئەمەس) كىشىلەرنى قۇرئاننى ناخشا ئوقۇغاندەك ئاھاڭلىق ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئالدىغا چىقىرىپ، ئىمام قىلىشىدۇ» [ئەلكەبىر ۋە بەززار ۋە تەبرانى سەھىھ]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۈممىتىم ھەققىدە مۇنداق ئۈچ ئىشتىن ئەڭ قورقىمەن:« بىرىنچى. بىر ئادەم باركى، ئۇ ئاللانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇنىڭ چېھرىنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۇ، ئاللاتائالا ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئىسلام تونىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، قېلىچىنى سۇغۇرۇپ، قوشنىسىنى مۇشرىكلىك بىلەن قارلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! مۇشرىكلىككە قارىلىغۇچى لايىقمۇ ياكى قارىلانغۇچى لايىقمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەلۋەتتە قارىلىغۇچى لايىق - دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلىپ: ئىككىنچى بىر ئادەم باركى، ئاللا ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىقنى بېرىدۇ، ئاندىن ئۇ:« كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئاللاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ماڭا قارشى چىقسا، ئاللاغا قارشى چىققان بولىدۇ» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ يالغان سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئاللانى قويۇپ خەلىپىنى ياخشى كۆرۈش توغرا ئەمەس. ئۈچىنچى بىر ئادەم باركى، يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە سەل قارايدۇ. قاچانكى بىر ھادىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولسا، ئۇنىڭدىن چوڭى يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ دەججال چىققىچە ياشىسا، دەججالغا ئەگىشىپ كېتىدۇ - دېدى» [ئەلكەبىر ۋە ئەلئەسغىر]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت ئالدىدا چىقىدىغان بىر كۆزى كور دەججالدىن باشقا، ئۈممىتىمگە ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە ئەنسىرەيدىغان دەججاللار، كىشىلەرنى ئىلىمسىز ئازدۇرغۇچى ئىماملاردۇر»[ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسەم بولسا، ئىلىمسىز ئازدۇرغۇچى ئىماملاردۇر»[ئەھمەد ۋەتەبرانى سەھىھ]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىمگە ئازدۇرغۇچى ئىماملاردىن ئەنسىرەيمەن»[ تىرمىزى سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەش نەرسە بەش نەرسىگە باغلىق بولۇپ، شۇ بەش نەرسە يۈز بەرسە، كەينىدىنلا بەش نەرسە يۈز بېرىدۇ:

1 - قەۋم ئەھدىنى بۇزىۋەتسە، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى شۇ خىيانەتچى قەۋمدىن غالىب كېلىدۇ.

2 - ئاللا نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلماي، ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پېقىرلىق، نامراتلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ.

3 - قەۋم ئىچىدە پاھىشە ئاشكارا بولسا، ئۆلۈم ئاشكارا بولۇپ، ئۆلۈش كۆپىيىپ كېتىدۇ.

4 - ئۇلار جىڭ تارازا، مىيزان، كەمچەكلەردە كام بېرىپ، ئوشۇق ئېلىپ كىشىلەرگە زىيان سالسا، زىرائەتلەر ئۈنمەيدۇ، قەھەتچىلىك بىلەن ئازابلىنىدۇ.

5 -ئۇلار ئۆشرە - زاكاتنى بەرمىسە، ئۇلاردىن يامغۇر توختاپ قېلىپ ياغمايدۇ» [تەبرانى ھەسەن]

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« پات يېقىندا مەندىن كېيىن بىر تۈركۈم ئىماملار بولىدۇ، ئۇلار سۆز قىلىدۇ، لېكىن، جازالىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ خاتا سۆزلىرى رەت قىلىنمايدۇ، ئۇلار خۇددى مايمۇنلار سەكرىگەندەك دوزاختا سەكرەپ كىرىپ كېتىدۇ»[ئەبۇ يەئلا ۋە تەبرانى سەھىھ]

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« كەلگۈسىدە سىلەر ئىشلىرىنى تونۇپ، ياخشى دەيدىغان ھەم نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئەمىر باشلىقلار بولىدۇ، كىم ئۇلارنى تاشلاپ تەرك ئەتسە، نىجات تاپىدۇ، كىم ئۇلاردىن ئايرىلىشۋالسا سالامەت قالىدۇ، كىم ئۇلارغا ئارىلاشسا، ھالاك بولىدۇ»[ئەبۇ شەيبە ۋەتەبرانى سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« پات يېقىندا سىلەرگە نامازنى ئۆز ۋاقتىلىرىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان نۇرغۇن بىدئەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان، ئەمىر باشلىقلار بولىدۇ، ئىبنى مەسئۇد شۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئى ئۇممە ئابدۇنىڭ ئوغلى، قانداق قىلىمەن؟ دەپ سوراۋاتامسەن؟ ئاللاھقا ئاسيي بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق دېدى»[ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى سەھىھ]

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« نۇرغۇن ئەمىر (باشلىقلار) بولىدۇ، ئۇلار سۆز قىلىدۇ، (ئۇلارنىڭ خاتا سۆزلىرى جازالىنىشىدىن قورقۇپ) ئۇلارغا رەت قىلىنمايدۇ، ئۇلار بەزىسى – بەزىسىگە ئەگەشكەن ھالدا دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ»[تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئاخىر زاماندا بىر تۈركۈم ساقچىلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار ئەتىگەندە ئاللاھنىڭ غەزىپى ئىچىدە يولغا چىقسا، كەچ تەرەپتە يەنىلا غەزىپى ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ»[تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ساڭا ھاياتلىق مۇددىتى ئۇزۇن بولۇپ قالسا، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچا بار كىشىلەرنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن، ئۇلار ئەتىگەندە ئاللاھنىڭ غەزىپى ئىچىدە چىقىپ، كەچتە غەزىپى ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ»[مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاخىر زاماندا زالىم پادىشاھلار، پاسىق ۋەزىرلەر، خىيانەتخور قازىلار ۋە يالغانچى فىقھشۇناسلار مەيدانغا چىقىدۇ. كىمكى شۇ زامانغىچە ياشىسا، ھەرگىز ئۇلاردىن خىزمەت ئالمىسۇن! نە زاكات يىغىش، نە ھوقۇق تۇتۇش، نە ساقچى بولۇش ۋەزىپىسىنى قىلمىسۇن!» [ئەلئەۋسەت ۋە ئەلسەغىر]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى تېپىش بەكمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ: ھالال يوللاردىن كەلگەن پۇل- مال، كۆڭۈلدىكىدەك دوست ۋە ئەمەل قىلىنغان سۈننەت» [ئەلئەۋسەت]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلامنىڭ شەرئى تۇتقىلىرى بىر تۇتقىسىدىن، بىر- بىرلەپ بۇزۇلۇپ تۈگەيدۇ، ھەرقاچان بىر تۇتقىسى بۇزۇلسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىن بولغان يەنە بىر تۇتقىسىغا ئېسىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى بولۇپ يوقايدىغان تۇتقىسى، ھۆكۈمدۇر. ئەڭ ئاخىرىدا يوقايدىغان تۇتقىسى نامازدۇر» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇ ئۈممەتتىن تۇنجى بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان نەرسە خۇشۇئ بولۇپ(يەنى ئاللادىن قورقۇش، ئەيمىنىپ تۇرۇش، تېترەپ تۇرۇش) (شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى) خۇشۇئ بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ» [ تەبرانى سەھىھ]

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەردىن تۇنجى بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان نەرسە ئامانەتتۇر، ئۇلارنىڭ دىنىدىن قېلىپ قالىدىغان ئاخىرقى نەرسە نامازدۇر، لېكىن، كۆپىنچە ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نېسىۋە يوقتۇر»[ھەكىيم ھەسەن]

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر دىنىڭلاردىن يوقۇتۇپ قويىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى ئامانەتتۇر، (يەنى بۇ چاغدا ئامانەتكە خىيانەت قىلىنىدۇ)»[تەبرانى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم:« يۈزلەرچە تۆگە ئىچىدىن مىنىشكە يارايدىغان بىرىسى چىقمىغاندەك، يۈزلەرچە ئىنسان ئىچىدىن كېرەككە كېلىدىغان بىرەرسى چىقماي قالىدۇ» [بۇخارى]

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« ئارىسىدىن مىنىشكە يارايدىغان بىرىنىمۇ تاپالمايسەن ياكى ئارىسىدا مىنىشكە يارايدىغان پەقەت بىرىنىلا تاپىسەن» [تىرمىزى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« (دەججالدىن) بۇرۇن ئالدامچى يىللار بولىدۇ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر ئاز بولىدۇ. راستچىل كىشىلەر يالغانچىغا، يالغانچى كىشىلەر راستچىلغا چىقىرىلىدۇ. خائىن ئىشەنچكە ئېرىشىدۇ. ئىشەنچىلىك كىشى بولسا، خائىنغا چىقىرىلىدۇ. رۇۋەيبىزە نۇتۇق ئىگىسى بولىدۇ- دېدى. ئى رەسۇلۇللا! رۇۋەيبىزە كىم؟- دەپ سورالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: باشقىلار كۆزگە ئىلمايدىغان كىشى- دەپ جاۋاب بەردى»[ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەندىن كېيىن نەپسانىيەتچىلىك ۋە سىلەر خوپ كۆرمەيدىغان بىر مۇنچە ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ يەھيا ئۇسەيد ئىبنى ھۇرەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن نەپسانىيەتچىلىكلەرگە دۇچار بولىسىلەر، بۇ ئىشتا تاكى ھەۋزى كەۋسەردە ماڭا مۇلاقات بولغۇچە سەۋر قىلىڭلار» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاخىر زاماندا تاشقى كۆرۈنىشى بىر- بىرىگە قېرىنداش، ئەمما ئىچكى دۇنياسى بولسا، بىر- بىرىگە دۈشمەن كىشىلەر بولىدۇ. ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! ئۇ ئىش قانداق بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللا: شۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى: ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ- بەزىسىگە (يەنى مال- دۇنيارىغا) قىززىققانلىقىنىڭ، بەزىسىنىڭ- بەزىسىدىن قورققانلىقىنىڭ سەۋەبىدىندۇر» [ئەھمەد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ تاپقان نەرسىسىنى ھالالدىن تاپتىمۇ، ھارامدىن تاپتىمۇ، بۇنى پەرق قىلمايدۇ» [بۇخارى ۋە ئەھمەد]

تەمىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاخىر زاماندا تۆگىنىڭ لوكىسىنى ياخشى كۆرىدىغان قوينىڭ قۇيرۇقلىرىنى كېسىۋالىدىغان قەۋملەر بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، تېرىك ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان نەرسە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتەك (ھارامدۇر)»[ ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر هاراقنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ ئىچىدۇ» [نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاخىر زاماندا كېلىدىغان بىر مۇنچە ئىنسانلار باركى، ئۇلار چاچ- ساقاللىرىنى خۇددى كەپتەرلەرنىڭ پوكانلىرىغا ئوخشاش قارا بويىۋالىدۇ. ئەنە شۇلار جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى سەھىھ]

جەئۇنەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەربىر يۇرتتا ھەر مىللەت ئارىسىدا چوقۇم غەيىپ داۋاسى قىلىدىغان كاھىن (جىنكەش) باردۇر ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ» [ئەبۇ نۇئەيم ھەسەن]

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« پات يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇ»[ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشىنىڭ بەزىسىنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بىلەلەيسىلەر ۋە بەزىسىنى ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر. كىمكى شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەمەللەرنى يامان كۆرسە شۇلارنىڭ ئىشىدىن چەك ئارىغان بولىدۇ ۋە كىمكى ئۇلارنى ئىنكار قىلسا، گۇناھتىن ئامان بولىدۇ. لېكىن، كىمكى ئۇلارغا رازى بولسا ۋە ئەگەشسە گۇناھكار بولىدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر:« ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمامدۇق؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا:« ياق، ئۇلار ئاراڭلاردا ناماز ئوقۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار» دېگەن [مۇسلىم]

(ئابدۇللا) ئىبنى ھاۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەر ئۈچ چوڭ قوشۇنغا بۆلۈنىسىلەر. بىر قوشۇن شامدا، بىر قوشۇن يەمەندە، بىر قوشۇن ئىراقتا بولىدۇ- دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! مەن شۇن زامانغىچە ياشاپ قالسام، (قايسى قوشۇنغا قوشۇلىمەن) بىرنى تاللاپ بەرگىن!- دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شامدىكى قوشۇن بىلەن بىرگە بولغىن. چۈنكى ئۇ، ئاللا تاللىغان يەر بولۇپ، ئاللا ئۇ يەرگە بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللايدۇ. ئەگەر ئۇ يەرگە بارالمىساڭلار، يەمەندىن ئايرىلماڭلار ۋە كۆللىرىڭلاردىن سۇ ئىچىڭلار. ئاللا شام ۋە ئەھلىنى (پىتنىدىن قوغداش ئۈچۈن) ماڭا ۋەدە بەردى- دېدى» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

سەئىد ئىبنى ئۇمەۋىي مۇنداق دەيدۇ، مەن مەرۋان ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن بىللە ئىدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« ئۈممىتىمنىڭ ھالاكىتى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر قانچە ياشنىڭ قولىدا» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم- دېدى. شۇ چاغدا مەرۋان: بىر قانچە ياشنىڭ قولىدىمۇ؟- دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر خالىساڭ:« پالانچىنىڭ ئوغلى»«پۇكۇنچىنىڭ ئوغلى» دەپ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن- دېدى» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرەيشلىكلەردىن ئىبارەت بۇ قەبىلە كىشىلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ» ساھابىلەر: ئۇنداق بولسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئەگەر كىشىلەر ئۇلاردىن قاچسا، ئۆزىگە ئەڭ ياخشىدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زامان ئاخىرىدا (پۇل- مالنىڭ كۆپلۈكىدىن) مالنى سانىماي ئۇسۇپ بېرىۋېتىدىغان بىر خەلىفە مەيدانغا كېلىدۇ» [مۇسلىم]

## يەر يۇتۇش، تاش يېغىش، سۇرەتلەر ئۆزگىرىش

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا زىنا، جازانە، ئۆسۈم ئاشكارا بولسا، ئاللانىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈۋالىدۇ» [ئەھمەد ھەسەن]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:« ئى ئەنەس! ئىنسانلار كۆپ شەھەرلەر قۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە (ئىسمى) بەسرە (ياكى بۇسەيرە) دەپ ئاتىلىدىغان بىرى بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالساڭ ياكى ئۇ شەھەرگە كىرسەڭ، ئۇنىڭ شورلۇقىدىن، ئوتلىقىدىن، بازىرىدىن ۋە ئەمىرلىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن يىراق تۇرغىن، ئۇ شەھەرنىڭ (ئىچىدە ئەمەس) ئەتراپىدا ئىستىقامەت قىلغىن. چۈنكى ئۇ يەردە يەر يۇتۇش، تاش يېغىش ۋە يەر تەۋرەش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. ئۇ يەردە بىر قەۋم كەچقۇرۇن ئىنسان ھالىتىدە ياتىدۇ، ئەمما تاڭ ئاتقاندا، مايمۇن ۋە توڭگۇز شەكلىدە قوپىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر كېلىدۇ. ئۇلار زىنانى، يىپەكنى، ھاراقنى ۋە چالغۇلارنى ھالال دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىر تاغنىڭ باغرىغا يەرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قويچىسى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى شۇ ئەتراپتا باقىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر كەمبەغەل ئادەم ھاجىتى ئۈچۈن كەلگىنىدە:« ماڭ كېتىپ، ئەتىگەنلىككە كەل» دەيدۇ. شۇ كېچىسى ئاللا ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرىدۇ. باشقىلارنى مايمۇن ۋە تۇڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ» [بۇخارى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىدا يەر يۇتۇش، مايمۇن ۋە تۇڭگۇزغا ئايلىنىش، بېشىغا تاش يېغىش ھادىسلىرى مەيدانغا كېلىدۇ- دېدى. مەن ( يەنى ئائىشە): ئى رەسۇلۇللا! ئارىمىزدا ياخشى ئىنسانلار بولسىمۇ، ھالاك بولامدۇق؟- دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، زىنا كۆپەيگەندە (شۇنداق بولىدۇ)- دەپ جاۋاب بەردى» [تىرمىزى سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىم ئىچىدە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش، تاش يېغىش، قاتتىق بوران، يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاخىر زاماندا يەر يۇتۇش، تاش يېغىش، ئىنسانلارنىڭ سۈرىتى ھايۋانلار سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىشلەر يۈز بېرىدۇ» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھاراقنى باشقا ئىسىم قويۇپ ئىچىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدا نەغمە – ناۋا، ساز چېلىنىدۇ، ناخشىچى ئاياللار ناخشا ئېيتىدۇ، ئاللاتائالا ئۇلارنى يەرگە يۇتتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسىنى مايمۇن، توڭگۇز قىلىۋېتىدۇ » [ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان ۋە تەبرانى ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر يەپ – ئىچىش، ئويۇن – تاماشانىڭ ئۈستىدە كەچ قىلىپ ، ئاندىن تاڭ ئاتقاندا بولسا، مايمۇن، توڭگۇز سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ»[ تەبرانى سەھىھ]

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇشۇ ئۈممەت ئىچىدە ناخشا – مۇزىكىچى ئاياللار، نەغمە سازلار ئاشكارا قىلىنغاندا، ھاراق قاتتىق ئىچىلىپ كەتكەندە، يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش، تاش يېغىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ» [ تىرمىزى سەھىھ]

سەئىد ئىبنى ئەبۇ راشىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىمۇ يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش (يەنى ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ قېلىش) تاش يېغىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ»[ تەبرانى سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« قىيامەتنىڭ ئالدىدا سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش، يەر يۇتۇپ كېتىش، تاش يېغىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ»[ ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇ ئۈممەتتىن تەقدىر ھەققىدە تالاش – تارتىش قىلىدىغانلار ئىچىدە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ياكى تاش يېغىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم- دېدى» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« بۇندىن كېيىن ئاخىر زاماندا ھەرخىل ساز، نەغمە – ناۋالار، ناخشا ئېيتىدىغان ئاياللار ئاشكارا بولغاندا، ھاراق ھالال سانالغاندا يەر يۇتۇپ كېتىش، قاتتىق يەر تەۋرەش، تاش يېغىش، كىشىلەرنىڭ سۈرىتى باشقا نەرسىنىڭ ھەتتا ھايۋاننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىشلەر يۈز بېرىدۇ»[تەبرانى سەھىھ]

سۇفيان سەۋرى ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مايمۇنلار ۋە چوشقىلار ھەققىدە بۇلار ئاللاتائالا سۈرىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىنسانلارمۇ؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:« ئاللاتائالا بىر قەۋمنى ھالاك قىلىۋەتسە، ياكى ئىنسان سۈرىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتسە ئۇلاردىن نەسىل قالدۇرمىدى. ۋاھالەنكى ھازىرقى مايمۇن ۋە چوشقىلار بۇرۇنلا بار ئىدى» [بۇنى مۇسلىممۇ

رىۋايەت قىلغان]

## پىتنە توغرىسىدا

[ئىپتىقىنكى: ئاللا تەرەپكە قېچىڭلار [50] سۈرە زارىيات]

ئەبۇ بەرزەتىل ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ سىلەرگە ئەڭ كۆپ ئەندىشە قىلىدىغىنىم... پىتنىلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشى»[رەزىن]

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللا، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« مېنىڭدىن كېيىن ئىختىلاپ ياكى چوڭ ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئەگەر سەن تېنىچلىق ئورنىتىشقا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق قىلغىن»

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىسلام تاكى قىيامەتكىچىلىك دەۋر سۈرىدىغان بىر دىندۇر. سىلەر قۇرئان نەگە باشلىسا، شۇ يەردە تۇرۇڭلار. بىلىڭلاركى، كەلگۈسىدە قۇرئان كەرىم بىلەن پادىشاھ ئايرىلىپ كېتىدۇ (يەنى قۇرئاننى قانۇن قىلىش ئەمەلدىن قالىدۇ). شۇڭا سىلەر ئۇ چاغدىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتىدىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار! بىلىپ قېلىڭلاركى، كەلگۈسىدە سىلەرگە بىر قىسىم كىشىلەر باشلىق بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە راۋا كۆرگەننى سىلەرگە راۋا كۆرمەيدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارغا قارشى چىقساڭلار، سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەرنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ.- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلىمىز؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قىلغاندەك قىلىڭلار. كاپىرلار ئۇلارنى ھەرىدەپ پارچىلىغان، دارغا ئاسقان بولسىمۇ»[ئەلكەبىر]

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن قىيامەتكىچە مەيدانغا كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك پىتنىلەرنى ھەممىدىن ياخشى بىلىمەن. بۇنداق بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ھېچكىمگە دەپ بەرمەي، ماڭا مەخپىي ئېيتىپ بەرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەجلىستە پىتنىلەر توغرۇلۇق سۆز قىلغاندا، مەنمۇ (ئۇ مەجلىستە) بار ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتنىلەرنى ساناپ كېلىپ:« ئۇ پىتنىلەردىن ئۈچى ھېچبىر نەرسىنى قالدۇرمايدۇ. ئۇ پىتنىلەرنىڭ بەزىسى ياز شامىلىغا ئوخشاش ھەممە ئادەمگە تېگىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى چوڭ بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇ مەجلىستە مەن بىلەن بىللە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى، پەقەت مەنلا قالدىم» [مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« قىيامەتنىڭ ئالدىدا زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسىدەك دەھشەتلىك قەبىھ پىتنە – پاساتلار باردۇر»[ ھاكىم سەھىھ]

ئەرفەجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:« كەلگۈسىدە پىتنە چىقىدۇ، كەلگۈسىدە پىتنە چىقىدۇ (شۇ زاماندا) كىم بىرلىك ئىچىدە ئۇيۇشقان بۇ ئۇممەتنى پارچىلىماقچى بولسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار» [مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: مەشرىق تەرەپكە (يەنى كۈن چىقىش تەرەپكە) ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:« ئاگاھ بولۇڭلاركى، پىتنە ئەنە شۇ تەرەپتىن چىقىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم» [بۇخارى]

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بارلىق پىتنە- پاسادلار مۇشۇ تەرەپتىن (يەنى كۈن چىقىش) تەرەپتىن كېلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:« ئاگاھ بولۇڭلاركى، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى شۇ تەرەپتە پەيدا بولىدۇ، بالايىئاپەتمۇ شۇ تەرەپتىن كېلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

مۇسئەب ئىبنى سەئد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« قايسى كىشىلەرگە بالايى- ئاپەت بەك قاتتىق بولىدۇ؟- دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« پەيغەمبەرلەر، ئۇندىن كېيىن قالغانلار مەرتىۋىسى بويىچە بولىدۇ. كىشى ئىمانىغا لايىق دەرىجىدە سىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى چىڭ بولسا، بالامۇ قاتتىق بولىدۇ. ئىمانى سۇس بولسا، بالامۇ يەڭگىل بولىدۇ. كىشىگە بالايى- ئاپەت داۋاملىق كېلىۋېرىپ، ئاخىرى بالايى- ئاپەت ئۇ كىشىنى گۇناھسىز ھالغا كەلتۈرىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى» [تىرمىزى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن (بالا- مۇسىبەت) سىناقلار مېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، سەل ئۆز قارارگاھىغا قاراپ ئاققاندىنمۇ تىزراق يېتىدۇ، (يەنى ئۇ كىشى كۆپ بالاغا قالىدۇ)» [ئىبنى ھەببان ھەسەن]

مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن سائادەتمەن كىشى دېگەن، پىتنە- پاسادقا يېقىن ھەمراھ قىلىنغان مۇسۇلمان كىشىدۇر. سىناقلارغا سىلىنىپ سەۋر قىلغان

كىشىدۇر»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۆمىنگە ئۆزىنى ئۆزى خارلاش لايىق ئەمەس» دېگەندە، ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئۆزىنى ئۆزى قانداق خارلايدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر سىناقلارنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى[ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن ئارقاڭلاردا سىلەردىن كېيىن كېلىدىغان سەۋرنىڭ زامانى باردۇر، (يەنى پىتنە – پاساتقا ، بالالارغا، سىناقلارغا، دىنسىزلارنىڭ زۇلۇمىغا سەۋرى قىلىش زامانى) شۇ كۈنلەردە سەۋر قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغۇچىلار ئۈچۈن سىلەردىن بولغان 50 شېھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ»[ تەبرانى سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، دىنى ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىش چوغنى تۇتقاندەك قىيىن بولىدۇ » [تىرمىزى سەھىھ]

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىم ئىختىلاپلاشقاندا مېنىڭ سۈننىتىمگە مەھكەم ئېسىلغۇچى كىشى، خۇددى چوغنى تۇتقاندەك قىيىن بولىدۇ »[ھەكىيم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاخىر زاماندا ئالدامچىلار، كازاپلار بولىدۇ. ئۇلار سىلەر ياكى ئاتا - بوۋاڭلار ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشىنىپ كەتمەڭلار. سىلەرنى ئازدۇرۇپ پىتنىگە تىقىپ قويمىسۇن» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كەلگۈسىدە نۇرغۇن پىتنىلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇ چاغدا ئولتۇرغان تىك تۇرغاندىن، تىك تۇرغان ماڭغاندىن، ماڭغان يۈگۈرگەندىن ياخشىراق بولىدۇ. كىم ئۇنىڭغا يۈزلەنسە، ئۇمۇ ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. كىم ساقلىنىدىغان بىر پاناھ جاي تاپالىسا، ئۇنىڭدىن ساقلانسۇن» [بۇخارى]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«( بىر زامان كېلىدۇكى) مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ياخشىسى مېلى قوي بولۇپ قالىدۇ، دىنىنى ساقلاش مەقسىتىدە پىتنىدىن قېچىپ، قويلىرىنى تاغ باغرىغا ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ. قەيەردە يامغۇر بولسا، شۇ يەردە ئوتلىتىدۇ» [بۇخارى]

مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پىتنە زامانىدە ئىبادەت قىلىش، ماڭا ھىجرەت قىلىش بىلەن باراۋەردۇر» [مۇسلىم]

مىقدار ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پىتنىدىن قۇتۇلغانلار بەختىياردۇر، پىتنىدىن قۇتۇلغانلار بەختىياردۇر، پىتنىدىن قۇتۇلغانلار بەختىياردۇر، پىتنىگە مۇپتىلا بولۇپ، سەۋر قىلغان ئىنسان نېمىدېگەن بەختلىك؟!» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىيئەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈستىدىن پىتنە تارقاتقان چاغدا، ئاتام ئامىر ئىبنى رەبىيئە بىر كېچىسى تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئۇخلىدى. چۈشىدە ئۇنىڭغا: تۇر ئاللادىن سالىھ بەندىلىرىنى ساقلىغان مۇشۇ پىتنىدىن سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلىگىن! - دېيىلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ناماز ئوقۇدى. كۆپ ئۆتمەي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە ئۆيدىن جىنازىسى چىقتى (يەنى پىتنىدىن قۇتۇلۇپ قالدى)» [ئەلكەبىر]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«پىتنە- پاساد قەلبلەرگە خۇددى بورا توقۇلغاندەك توقۇلىدۇ. قايسى قەلبكە بەكرەك توقۇۋېتىلسە، ئۇنىڭغا بىر قارا نوقتا قويۇلىدۇ. قايسى قەلب ئۇنى رەت قىلسا، ئۇنىڭغا بىر ئاق نۇقتا قويۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قەلب مەيدانغا كېلىدۇ. ئاق قەلب ياقۇتتا ئوخشاش نۇرلۇق بولۇپ، ئاسمان- زېمىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانغا قەدەر پىتنە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. يەنە بىرى قاپقارا بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازانغا ئوخشايدۇ. ئۇ ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ بىلمەيدۇ. پەقەت ھاۋايى- ھەۋەسىگىلا ئەگىشىدۇ (يەنى ھەقنى بىلەلمەيدۇ) دېگىنىنى ئاڭلىدىم»[بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد]

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەمىشە ياخشى ئىشلار ھەققىدە سورايتتى. مەن بولسام، مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يامان ئىشلا ھەققىدە سورايتتىم، بىر قېتىم: ئى رەسۇلۇللا! بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە يامان ئىشلارنى قىلاتتۇق، كېيىن ئاللا بىزگە بۇ ياخشى دىنىنى ئاتا قىلدى. بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق كېلەمدۇ؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، كېلىدۇ- دېدى. ئۇ يامانلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىق كېلەمدۇ؟- دەپ سورىغاندىم: ھەئە، لېكىن ئۇ چاغدا ساپلىق قالمايدۇ- دېدى. ساپلىقنىڭ قالماسلىقى قانداق بولىدۇ؟- دەپ سورىغاندىم: ئۇ چاغدا مېنىڭ سۈننىتىمدىن چەتنەپ كېتىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى ياخشى، بەزى ئىشلىرى يامان- دېدى. ئۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە يامانلىق كېلەمدۇ؟- دەپ سورىدىم. ھەئە، جەھەننەم دەرۋازىلىرىغا چاقىرغۇچىلار بولىدۇ، كىمكى ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىسا، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمگە ئاتىدۇ- دېدى. ئى رەسۇلۇللا! ئۇلارنى بىزگە تەرىپلەپ بەرگىن!- دېگەنىدىم: ئۇلار بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىزدا گەپلىشىدۇ- دېدى. ئۇلارنى

كۆرگىنىمدە نېمە قىلىشىم كېرەك؟- دەپ سورىدىم. مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە ئىماملىرىدىن ئايرىلمىغىن!- دېدى. مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتى ۋە ئىمامى بولمىسىچۇ؟- دەپ سورىغانىدىم: ئۇ چاغدا باشقا پىرقىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغىن، دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يەپ ياشاشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۆلگىچە ئايرىم ياشىغىن!- دېدى» [بۇخارى]

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتۇق ئۇ پىتنە ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، بارماقلىرىنى بىر- بىرىگە گىرەلەشتۈرگەن ھالدا:« ئىنسانلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ئامانەتكە سەل قارايدىغان بولۇپ كەتكەندە، ھالىڭلار نېمە بولۇپ كېتەر؟- دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! ئۇ چاغدا قانداق قىلاي؟- دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۆيۈڭدە ئولتۇر، ئاغزىڭنى چىڭ تۇت! بىلگىنىڭگە ئەمەل، قارىغۇلارچە ئەمەل قىلما! ئۆزەڭنىڭ دىنىغا پۇختا بول، ئاۋام خەلق بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!- دېدى» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەققەتەن كىشىنىڭ مېلىدا، ئائىلىدا، بالىلىرىدا پىتنە باردۇر »[ تەبرانى سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: سىلەردىن ھېچكىم:« ئى ئاللا! ساڭا سىغىنىپ پىتنىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېمىسۇن! چۈنكى ئاراڭلاردا پىتنىگە يولۇقمايدىغان ھېچكىم يوق. ئەمما كىمكى پاناھ تىلىسە پىتنىدىن ئېزىپ كېتىشتىن پاناھ تىلىسۇن. چۈنكى ئاللا قۇرئاندا:[ ئەلۋەتتە ماللىرىڭلار ۋە بالا- چاقاڭلار پىتنىدۇر ، دەيدۇ [ئەلكەبىر]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەققەتەن دۇنيا شىرىن ۋە ياپيېشىلدۇ. ئاللاتائالا سىلەرنى دۇنيادا ئورۇنباسار قىلدى. سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. مال- دۇنياغا مەغرۇر بولۇپ كېتىشتىن ۋە ئاياللارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار. ھەققەتەن بەنى ئىسرائىلدىكى پىتنە- پاساد ئالدى بىلەن ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى» [مۇسلىم]

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن (دۇنيادا) ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ بەكرەك زىيانلىق پىتنە قالدۇرۇپ قويمىدىم» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

كەئب ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:« ھەربىر ئۈممەت ئۈچۈن بىر سىناق بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ سىنىلىدىغان نەرسىسى مال- دۇنيادۇر» [تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ پىتنە ھەققىدە ناھايىتى كۆپ توختالدى. ھەتتا ئەھلاس پىتنىسىنىمۇ تىلغا ئالدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن: ئى رەسۇلۇللا! ئەھلاس پىتنىسى دېگەن نېمە؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ، بىر- بىرىدىن قېچىش ۋە ئېچكى ئۇرۇش پىتنىسى- دېدى. ئاندىن باياشات تۇرمۇشنىڭ پىتنىسىدىن سۆز قىلىپ: بۇ پىتنىنىڭ سەۋەبچىسى ئەھلى بەيتىمدىن بىر كىشى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمما ئۇ مەندىن ئەمەس. مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىم تەقۋادارلاردۇر. كېيىن ئادەملەر ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدىغان، قورچاق بىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. ئاندىن زۇلمەتلىك بىر پىتنە چىقىدۇ. بۇ پىتنىگە دۇچار بولمايدىغان بىرمۇ ئىنسان قالمايدۇ. بۇ پىتنە ئەمدى تۈگەيدىغۇ دەپ تۇرسا، تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ. ئىنسانلار ئۇ پىتنە ئىچىدە مۆئمىن بولۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر بولۇپ كەچ قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئىنسانلار ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىمان گۇرۇھى بولۇپ، ئۇنىڭدا نىپاق بولمايدۇ. يەنە بىرى، نىپاق گۇرۇھى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمان بولمايدۇ. ئۇ زامان كەلگەندە، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتىسى دەججالنى كۈتۈڭلار!- دېدى» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش پىتنە- پاساتلار مەيدانغا كېلىدۇ. بىر كىشى مۆئمىن ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزسا، كاپىر ھالىتىدە كەچ قىلىدۇ. مۆئمىن ھالىتىدە كەچ قىلسا، كاپىر ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۆزىنىڭ دىنىنى دۇنيانىڭ ئازغىنا نەرسىسىگە سېتىۋېتىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەتتىن بۇرۇن قاپ- قاراڭغۇ كېچىلەردەك (ھەق بىلەن باتىلنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان) پىتنىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، ئادەملەر ئەتىگىنى مۆئمىن بولۇپ تاڭ ئاتقۇزسا، كەچتە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئاخشىمى مۆئمىن ھالەتتە ياتسا، ئەتىگىنى كاپىر بولۇپ قوپىدۇ. ئۇ زاماندا ئولتۇرغان ئۆرە تۇرغاندىن، ماڭغان يۈگۈرگەندىن ياخشىراق بولىدۇ. ئۇ زاماندا ياچاق ۋە قېلىچلارنى سۇندۇرۇپ تاشلاڭلار، بۇ پىتنە بىرىڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى (يەنى قول ياندۇرماي ئۆلگىنى) بولسۇن!» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« ئۇ كۈندە نېمە قىلىشىمىزغا بۇيرۇيسەن؟- دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ كۈندە ئۆيلىرىڭلارنىڭ پالاسلىرى بولۇڭلار (يەنى ئۆيدىن ئايرىلماڭلار)!- دېدى » [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يىغىلغىنىمىزدا مۇنداق دېدى:« مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۈممىتىنى ئۆزى بىلگەن ياخشىلىققا چاقىرىشنى ھەق دەپ بىلمىگەن ۋە ئۇلارنى ئۆزى بىلگەن يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرمىغان بىرىمۇ يوق. بۇ ئۈممەتكە كەلسەك،

ئۇنىڭ ئەۋۋىلىگە ئامانلىق، ئاخىرىغا بالايىئاپەت يېتىدۇ. سىلەر بىلمەيدىغان بەزى ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بىر- بىرىدىن ئېغىر پىتنىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. بىر پىتنە كەلگەندە مۆئمىن كىشى:« بۇ مېنىڭ ھالاكىتىم» دەيدۇ. كېيىن پىتنە تۈگەيدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە بىر پىتنە كەلگەندە، مۆئمىن كىشى:« مانا بۇ، مانا بۇ» دەيدۇ. كىم جەھەننەمدىن يىراقلىشىپ، جەننەتكە كىرىشنى خالىسا، ئاللا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا ئۆلسۇن» [مۇسلىم]

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە سېپىللىرىدىن بىرىگە چىقىپ:« مەن كۆرگەننى سىلەرمۇ كۆرۈۋاتامسىلەر؟ مەن ئۆيۈڭلارنىڭ ئارىسىدىكى پىتنە يەرلىرىنى يامغۇر (تامچىسى) چۈشكەن يەرلەرنى كۆرگەندەك كۆرۈۋاتىمەن» دېدى [بۇخارى]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« باشلىقىڭلار ياخشىلىرىڭلار بولسا، بايلىرىڭلار سېخىيلىرىڭلار بولسا، ئىشلىرىڭلار ئۆز ئارا مەسلىھەت قىلىنىشىڭلار بىلەن بولسا، زېمىننىڭ ئۈستى ئاستىدىن ياخشىدۇر. ئەمما باشلىقىڭلار يامانلىرىڭلار، بايلىرىڭلار بېخىللىرىڭلاردىن بولسا، ئىشلىرىڭلارنى ئاياللىرىڭلار باشقۇرسا زېمىننىڭ ئاستى ئۈستىدىن ياخشىدۇر» [تىرمىزى]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەرەبنىڭ ھالىغا ۋاي! پىتنە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ چاغدىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن قولىنى تارتقانلار نىجات تاپقۇسى» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى خالايىق! ئاياللىرىڭلار ھەددىدىن ئېشىپ، ياشلىرىڭلار پاسىقلىشىپ كەتسە، ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ -دېگەن ئىدى. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللا! شۇنداق بولامدۇ؟- دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقى بولىدۇ. سىلەر ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تاشلىۋەتكىنىڭلاردا ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟- دېگەن ئىدى. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللا! شۇنداقمۇ بولامدۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بولىدۇ. سىلەر يامان ئىشنى ياخشى، ياخشى ئىشنى يامان دەپ قارىغىنىڭلاردا ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟- دېدى» [مەۋسىلى]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئىنسانلارنىڭ خۇددى قاچىدىكى تاماققا دۈم چۈشكەندەك سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشىگە ئاز قالدى- دېدى. بىرەيلەن: ئۇ چاغدا بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولامدۇ؟- دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، سانىڭلار كۆپ بولىدۇ. ئەمما كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىۋاتقان ئەخلەت- چاۋاردەك كۈچسىز بولىسىلەر. ئاللا دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرنىڭ ھەيۋىتىڭلارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋەھن سېلىپ قويىدۇ- دېدى. ئۇ ئادەم: ئى رەسۇلۇللا! ۋەھن دېگەن نېمە؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش- دەپ جاۋاب بەردى» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد سەھىھ]

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، پىتنە ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاجايىپ ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز: ئى رەسۇلۇللا! بۇ پىتنە بىزگە يېتىپ كەلسە، بىزنى ھالاك قىلامدۇ؟- دەپ سورىغاندۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ياق، سىلەرگە ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە- دەپ جاۋاب بەردى. سەئىد مۇنداق دەيدۇ: مەن پىتنە زامانىدا قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى كۆردۈم» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۆلتۈرگۈچى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگىنىنى، ئۆلگۈچىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆلگىنىنى بىلمەيدۇ- دېدى. ئى رەسۇلۇللا! بۇ قانداق بولىدۇ؟- دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: پىتنە سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى ھەر ئىككىسى دوزاختا چۈشىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى» [مۇسلىم]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئەبۇ زەر!- دېگەنىدى، مەن: لەببەيكە ئى رەسۇلۇللا!- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىشىلەرگە ئاپەت كېلىپ، ئىنسانلار توپ- توپ ئۆلۈپ، قەبرە كولايدىغانلار يېتىشمەي قالغاندا، سېنىڭ ھالىڭ نېمە بولۇپ كېتەر؟- دېدى. مەن: ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر (ياكى ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغاننى قىلىمەن) دېگەنىدىم: سەۋر قىلىشىڭ لازىم، سەۋر قىل!- دېدى. ئاندىن يەنە: ئى ئەبۇ زەر!- دەپ چاقىردى. مەن: لەببەيكە ئى رەسۇلۇللا!- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەھجارۇ زەيت كەنتىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆرسەڭ، نېمە قىلىسەن؟- دەپ سورىدى. مەن: ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغاننى قىلىمەن- دېگەنىدىم: ئۇ چاغدا، ئۆزەڭنىڭ يېقىنلىرىڭ بىلەن بىرگە بولغىن!- دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! قىلىچىمنى بويىنۇمغا ئېسىپ چىقايمۇ؟- دەپ سورىغانىدىم: ئۇ چاغدا سەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلغان بولىسەن؟- دېدى. مەن: ئۇنداقتا، مېنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟- دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن!- دېدى. ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرسىچۇ؟- دېگەنىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر قىلىچنىڭ يالتىرىشىدىن قورقساڭ، كىيىمىڭ بىلەن يۈزۈڭنى ئورىۋالغىن (يەنى سەن قول ياندۇرما) چۈنكى قاتىل سېنى ئۆلتۈرگەننىڭ گۇناھىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالىدۇ- دېدى» [ئەبۇ داۋۇد]

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەندىن كېيىن ئۈممىتىمنىڭ ئۆزئارا قېنىنى تۆكۈشكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم. چۈنكى ئاللا بۇنى بۇرۇنقى ئۈممەتلەردە كۆرۈلگەندەك، بۇ ئۈممەتكىمۇ تەقدىر قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەتتە ئۇلارغا شاپائەت قىلىش ھوقۇقى سورىغانىدىم، ئاللاتائالا ماڭا ئۇ ھوقۇقنى

بەردى» [ئەھمەد]
ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم:« سىلەرگە ۋاي، دىققەت قىلىڭلار! مەندىن كېيىن بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشۇش تۈپەيلى كاپىر بولۇپ كەتمەڭلار» [بۇخارى]
ۋاسلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنى سىلەردىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەردىن بۇرۇن ۋاپات بولىمەن، سىلەر بەزىڭلار - بەزىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ بىر-بىرلەپ تۈگىگەن ھالدا ماڭا ئەگىشىسىلەر»[ ئەھمەد سەھىھ]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا زور قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئۇ كوففارلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ئەمەس. لېكىن، ئۇ مۇشۇ ئۇممەتنىڭ بەزىسى- بەزىسىنى ئۆلتۈرۈشى، ھەتتا، بىر كىشىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇچرىسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېرىدۇ. شۇ زامانىنىڭ ئەھلىنىڭ ئەقىللىرى تارتىلىپ كېتىپ كىشىلەرنىڭ شاللاقلىرى، نادانلىرى خەلپە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى بىز توغرا يولدا دەپ داۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار توغرا يول ئۈستىدە ئەمەس» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە]
سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇممىتىمنىڭ ئارىسىغا قىلىچ قويۇلۇپ قالسا (يەنى ئۆز- ئارا جەڭ بولسا) قىيامەت كۈنىگىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ. (يەنى ئۆز- ئارا جەڭ توختىمايدۇ)» [تىرمىزى سەھىھ]
زۇبەير ئىبنى ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ھەججاجنىڭ قىلغۇاتقان زۇلۇمىنى شىكايەت قىلىپ كەلدۇق. ئۇ: سەۋر قىلىڭلار. مەن شۇبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا بارغۇچە تېخىمۇ بەتتەررەك كۈنلەر كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى [بۇخارى]

## بۇ ئۇممەتنىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادا قىلىنغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇنيا مۆئمىنگە زىنداندۇر، كاپىرلارنىڭ جەننىتىدۇر»[مۇسلىم]
[سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر [65]سۈرە ئەنئام]
سەئدى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر يەردىن كەلگەن ئىدۇق. يولدا بەنى مۇئاۋىيەنىڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن دۇئا قىلىپ بولۇپ، مۇنداق دېدى:« مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئۈچ ئىشنى سورىدىم، مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئۇممىتىمنى سۇ ئاپىتى بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى تىلىدىم. ئۇ ماڭا ماقۇل بولدى. مەن ئۇممىتىمنى ئاچارچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى تىلىدىم، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى.مەن ئۇممىتىمنى ئۆزئارا بىر- بىرىنى ئازابلىماسلىقنى تىلىدىم، بۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى» دېدى[مۇسلىم ۋە ئەھمەد]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يىغىلغىنىمىزدا مۇنداق دېدى:« بۇ ئۇممەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ ئەۋۋىلىگە ئامانلىق، ئاخىرىغا بالايىئاپەت يېتىدۇ» [مۇسلىم]
ئۇقبە ئىبنى مالىك ۋە يەنە بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ ئۇممەتنىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادىلا قىلىچ بىلەن قىلىنىدى» [تەبرانى ۋە خەتىيبۇلبەغدا سەھىھ]
ئابدۇللا ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن بۇ ئۇممەتنىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادا قىلىنىدى»[ھاكىم سەھىھ]
ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ بۇ ئۇممىتىم رەھىم قىلىنغان ئۇممەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئازابى ئۆز قوللىرىدا (مۇشۇ دۇنيادا) بولىدۇ. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەربىر مۇسۇلمانغا بىردىن مۇشرىك (دىنسىز)نى بېرىپ، بۇ سېنىڭ دوزاختىن قۇتۇلدىغان فىدىيەرىڭ بولىدۇ، دېيىلىدۇ»[ئىبنى ماجە سەھىھ]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ بۇ ئۇممىتىم رەھىم قىلىنغان ئۇممەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئازاب يوقتۇر. ئەمما ئۇ، دۇنيادا ئىچكى ئۇرۇش، قىيىن- قىستاق ۋە بىر- بىرىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تەبرانى ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]
ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا بۇ ئۇممەتنى بىر ۋاقىتتا ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنگە مۇپتىلا قىلمايدۇ» [ئەبۇ داۋۇد]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇممىتىم قىرغىنچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى

سەۋەبىدىن تۆگەپ كېتىدۇ.- دېدى. بىر ئادەم: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! قىرغىنچىلىقنىڭ بىلمىز. ۋابا دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ۋابا دېگەن، جىندىن بولغان دۈشمىنىڭلارنىڭ چېپىلىپ قويۇشىدۇر. بۇ ئىككىلىسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر شېھىد بولىدۇ- دېدى» [ئەھمەد ۋە تەبەرانى ۋە مەۋسلى]

## قىيامەت يېقىنلاشتى

[قىيامەت يېقىنلاشتى [57] سۈرە نەجم][كىشلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر [1]سۈرە ئەنبىيا] [(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى قويۇۋەت، يەپ- ئىچىپ، ئويناپ- كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولىۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ [3] سۈرە ھىجر]

ئەبۇ جۇبەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن قىيامەت شامىلىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئەۋەتىلدىم» [ئەھمەد ۋە تەبرانى ۋە ئەبۇ يەئلا سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئاللاتائالاغا ھېچقانداق شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىنىشى ئۈچۈن قىيامەت بولۇشىنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. »[ئەھمەد ۋە تەبرانى ۋە ئەبۇ يەئلا سەھىھ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت مۇشۇ ئىككى بارمىقىمچىلىك قالغاندا مەيدانغا كەلدىم» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىمام ئەھمەد، ۋەھب سەۋائىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« مەن قىيامەت بولۇشقا كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق تەك بولۇشقا مۇشۇنچىلىك قالغاندىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم، قىيامەت مېنىڭ ئالدىمدا (يەنى مەن پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى) قايىم بولغىلى تاس قالدى» ئەئمەش بۇ ھەدىسنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى»

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللا پۈتۈن دۇنيانى (يەنى بۇ دۇنيانىڭ ۋاقتىنى ئازلا قىلغاندۇ) بۇ دۇنيادىن پەقەت ئازلا قالدى، ئۇ خۇددى تاغنىڭ ئۈستىدىكى سۇ يىغىلىپ قالىدىغان كۆلچەكنىڭ سۈزۈك سۈيى ئېقىپ تۈگەپ، لاي سۈيى قالغاندەكلا ئىشتۇر»[ھاكىم ھەسەن]

## قىيامەتنىڭ ۋاقتى

[(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى:« ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (اللّٰه) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ» گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى:« ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت اللّٰه بىلىدۇ، لېكىن كىشلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ [187] سۈرە ئەئراف][ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە، مەندە اللّٰهنىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، سىلەرگە، مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە، دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھىگىلا ئەمەل قىلىمەن. ئېيتقىنكى: كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەرمۇ؟ ئويلاپ باقمامسىلەر؟ [50] سۈرە ئەنئام][اللّٰه سىلەرنى غەيبتىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن اللّٰه پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا غەيبنى بىلدۈرىدۇ [179]سۈرە ئال ئىمران][ئۇلار ئاللانىڭ مەلۇماتىدىن (اللّٰه) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ [255] سۈرە بەقەر] [سىلەرگە بەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن [85] سۈرە بەنى ئىسرائىل][شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى [18] سۈرە مۇھەممەد]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:« سىلەر مەندىن قىيامەت ھەققىدە سورايسىلەر، ئەمما قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ » [مۇسلىم]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەز ئېيتىپ، قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئاينىڭ يېرىلغانلىقى

[قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى [1] (كۇففارلار) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ [2] سۈرە قەمەر]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەھلى مەككە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە

بىر مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار ئىككى پارچە ئاينىڭ ئارىسىدا ھىرا تېغىنى كۆردى» [بۇخارى]

بەيھەقى، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاللاتائالانىڭ:« قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن. ئاي ئىككى پارچىغا يېرىلىپ بىر پارچىسى تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدە، يەنە بىر پارچىسى تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئى ئاللا! سەن گۇۋاھ بولغىن» دېگەن. [مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە بەيھەقى]

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىككى پارچىغا يېرىلدى، مەككىلىكلەر ئۇنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئەھلى مەككە! بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىمام ئەھمەد، جۇبايىر ئىبنى مۇتئىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاي يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ، بىر پارچىسى ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر پارچىسى بۇ تاغنىڭ ئۈستىدە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار: مۇھەممەد بىزگە سېھىر قىلدى، دېيىشتى، ئۇلار يەنە: بۇ بىزگە سېھىر قىلغان بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى سېھىر قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، دېيىشتى» [ئەھمەد ۋە بەيھەقى ]

## قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى

[(اللّٰه غا ئاسىيلىق قىلغان) ھەرقانداق بىر شەھەر بولمىسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز، ياكى ئۇنى قاتتىق ئازابلايمىز، بۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەن (ھۆكۈم) دۇر[58] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا 30 دەججال، كاززاپ بار»[ ئەھمەد سەھىھ]

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كاززاپلار چىقىدۇ»[مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ تېرىدىن ياسالغان بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:« قىيامەتتىن بۇرۇن بۇ ئالتە ئىشنى سانىغىن:« مېنىڭ ئۆلۈمىم. بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئازاد قىلىنىشى. خۇددى قوي ۋاباسىدەك بىر ۋابانىڭ ئاراڭلاردا پەيدا بولۇشى. مال-دۇنيا كۆپىيىپ كېتىشى. (مال- شۇ دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىدۇكى) بىر كىشىگە يۈز دىنار بېرىلسە (رازى بولماي) ئاچچىغى كېلىپ قارايدۇ. ئەرەب ئۆيلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي (ھەممىسگە) كىرىدىغان پىتنە. ئەسفەر ئوغۇللىرى (رۇملۇقلار) بىلەن ئاراڭلاردا بولىدىغان تىنچلىق كېلىشىمى. كېيىن ئۇلار كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، ئالدىڭلارغا 80 بايراق ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. ھەر بىر بايراق ئاستىدا 12 مىڭ ئەسكەر بولىدۇ» [بۇخارى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىنسانلارنىڭ مەسجىد (سېلىش ۋە بېزەش) بىلەن ئۆزئارا ماختىنىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر» [نەسەئى سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن مەسچىتلەرنى زىننەتلەشكە بۇيرۇلمىدىم» ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنى مۇنداق ئىزاھلىدى: يەنى مەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار زىننەتلىگەندەك مەسچىتلەرنى زىننەتلەشكە بۇيرۇلمىدىم[ئەبۇ داۋۇد]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەر مەسجىدنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە مېڭىپ يۈرىدۇ- يۇ، ئەمما ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇمايدۇ، تونۇغان كىشىگىلا سالام بېرىپ، باشقىلارغا سالام قىلماسلىقى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[ تەبرانى سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت يېقىنلاشقانسېرى كىشىلەر دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكنى زىيادە قىلىپ، ئاللادىن يىراقلىشىشنى زىيادە قىلىدۇ. (شۇنداق كىشىلەردىن يىراق تۇرغىن)»[ ھاكىم ھەسەن]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت يېقىنلاشقانسىرى كىشىلەر ئاللاھتىن يىراقلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۇلاردىن يىراق بولۇشنى لازىم تۇتۇپ، ئاللاھقا يېقىن بول»[تەبرانى ھەسەن]

پەيرۇز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت يېقىنلاشقانسېرى، ئىسلام دىنىنىڭ تۇتقىسى بىردىن – بىردىن چۇۋۇلۇپ تۈگەيدۇ» [ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسلامنىڭ شەرئى ئەھكاملىرى، (تۇتقىلىرى) بىر تۇتقىسىدىن، (بىر ھۆكۈمدىن) بىر – بىرلەپ بۇزۇلۇپ تۈگەيدۇ، ھەر قاچان بىر تۇتقىسى بۇزۇلسا،

بىر ھۆكمى تۈگىسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىن بولغان يەنە بىر تۇتقۇسىغا ئېسىلىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى بولۇپ يوقايدىغان تۇتقۇسى ھۆكۈمدۇر، (ھاكىمىيەتتۇر) ئەڭ ئاخىرىدا يوقايدىغان تۇتقۇسى نامازدۇر»[ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمەييە تولجۇمەھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرسى، ئىلىم ياشلاردىن ئىلىنىدۇ» [تەبرانى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بېرەي، دېدەك ئۆز خوجايىنىنى تۇغقان چاغدا، پادىچىلار چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا قىيامەت يېقىنلاشقان بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دېدەك ئۆز خوجايىنىنى تۇغقان چاغدا، پادىچىلار چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ باشلىق بولۇپ قېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر» [ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (قىيامەت قاچان بولىدۇ دېگەن بىر سورىغۇچىغا)ئىشەنچ يوقالغان چاغدا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ- دېدى. ئەئرابى: ئىشەنچنىڭ يوقالغانلىقى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئىش (خەلپىلىك، قازىلىق، مۇپتىلىق... قاتارلىق ئىشلار) شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرگە تاپشۇرۇلغان چاغدا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ» دېدى [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەر ئۆزىنىڭ باغرىدىكى ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى قۇسۇپ، ئۇستىگە چىقىرىۋېتىدۇ. قاتىل كېلىپ:« مەن مۇشۇنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنىدىم» دەيدۇ. سىلەر- رەھىمنى ئۈزگەن كىشى:« مەن مۇشۇنى دەپ سىلە- رەھىمنى ئۈزگەنىدىم» دەيدۇ. ئوغرى كېلىپ:« مۇشۇنىڭ سەۋەبىدىن قولۇم كېسىلگەنىدى» دەيدۇ. كېيىن ئۇلار ئۇنى تاشلاپ، ھېچ نەرسە ئالماستىن كېتىپ قالىدۇ» [مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاينىڭ (مۇددىتىدىن) بۇرۇن كۆرۈلۈشى ۋە:« بۇ ئىككى كۈنلۈك (ئاي)» دېيىلىشى، مەسجىدلەرنىڭ ئۆتەر يولغا ئايلىنىپ كېتىشى. تۇيۇقسىز ئۆلۈملەرنىڭ كۆپ كۆرۈلۈشى قاتارلىقلار قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر» [ئەلئەۋسەت ۋە ئەلسەغىر ھەسەن]

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يېڭى ئاينىڭ چوڭىيىپ كېتىشى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر» [تەبرانى سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پاھىشىۋازلىق، ئېغىزى بەزەپلىك، سىلە- رەھىمنى ئۈزۈۋېتىش، ئىشەنچلىك كىشى خائىن، خائىن بولسا ئىشەنچلىك سانىلىپ(ئامانەت قويۇشلار) قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر» [تەبرانى سەھىھ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ يىلتىز تارتىشى، ھاراق ئىچىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى، زىنانىڭ تارىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، نادانلىق، بىلىمسىزلىك ئەۋجگە چىقىدۇ، پاراكەندىچىلىك كۆپىيىپ كېتىدۇ. پاراكەندىچىلىك- ئۆلتۈرۈش، قىرغىن قىلىشتۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ۋاقىتنىڭ قىسقىراپ كېتىشى، ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، كىشىلەرنىڭ بېخىللىششى، بالايىئاپەتنىڭ جۇش ئۇرۇشى، پاراكەندىچىلىكنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر» كىشىلەر: پاراكەندىچىلىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىرغىن قىلىش، قىرغىن قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ يىلتىز تارتىشى، ھاراق ئىچىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى، زىنانىڭ تارىلىشى ، ئاياللارنىڭ سانى كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازىيىشى ھەتتا ئەللىك ئايالنىڭ بىر ئەر كىشىگە قاراشلىق بولۇشى قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىدۇر» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت يېقىنلاشقاندا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى بايلىق كۆپىيىپ، شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، سەدىقىسىنى ئالغىلى ئادەم تاپالمىغانلىق سەۋەبىدىن مال ئىگىسىنى غەم باسىدۇ، ھەتتا ئۇ بىراۋغا سوۋغا بەرسە، ئۇ ئادەم: مەن بۇنىڭغا مۇھتاج ئەمەس، دەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى قولىدىكى ئالتۇنلارنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرىدۇ، لېكىن بۇ ئالتۇنلارنى ئالىدىغان ئادەم تاپالمايدۇ. ئەنە شۇ زامانلاردا ئەرلەرنىڭ ئازلىقى ۋە ئاياللارنىڭ كۆپلىكىدىن 40 ئايال بىر ئەرنىڭ پاناھىغا سېغىنىپ، ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ» [بۇخارى]
خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئۆلتۈرۈلۈش، چوڭ قىرغىنچىلىق، جەڭنىڭ كۆنلىرى باردۇر»[ ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ]
ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (قىيامەت قايىم بولۇش ئۈچۈن) كىشىلەرنىڭ تۈنجى قېتىم ھالاك بولىدىغانلىرى قۇرەيشتۇر، قۇرەيشلەردىن تۈنجى بولۇپ ھالاك بولىدىغىنى مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر»[ تەبرانى سەھىھ]
ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا زور قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئۇ كۇففارلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ئەمەس. لېكىن، ئۇ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ بەزىسى-بەزىسىنى ئۆلتۈرۈشى، ھەتتا، بىر كىشىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇچرىسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېرىدۇ. شۇ زامانىنىڭ ئەھلىنىڭ ئەقىللىرى تارتىلىپ كېتىپ كىشىلەرنىڭ شاللاق نادانلىرى خەلىپە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى بىز توغرا يولدا دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار توغرا يول ئۈستىدە ئەمەس» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋەئىبنى ماجە ۋە]
بەقىيرەتۇلھىلالىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سول قولى بىلەن شەرققە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:« ئاشۇ تەرەپتىكى قەۋملەرنىڭ ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىشنى ئاڭلىساڭلار، جەزمەن قىيامەت يېقىن قالغان بولىدۇ »[ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە تەبرانى ھەسەن]
ئابدۇللا ئىبنى ھاۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئى ئىبنى ھاۋالە! خەلىپىلىكنىڭ بەيتۇل مۇقەددەس تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، يەر تەۋرەش، بالايىئاپەت ۋە چوڭ ھادىسىلەر يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا قىيامەت ئىنسانلارغا بۇ قولۇمنىڭ بېشىڭغا بولغان يېقىنلىقىدىنمۇ يېقىنراق بولىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]
مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەيتۇل مۇقەددەس ئاۋاتلىشىپ، يەسرىب (مەدىنە) خارابلىشىپ كېتىدۇ. يەسرىبنىڭ خارابلىشىپ كېتىشى، كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى دېمەكتۇر. كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى، قۇنستانتىنپولنىڭ (ھازىرقى ئىستانبۇل)نىڭ ئازاد قىلىنىشى دېمەكتۇر. قۇنستانتىنپولنىڭ ئازاد قىلىنىشى، دەججالنىڭ چىقىشى دېمەكتۇر» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد سەھىھ]

## مەھدى

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« مەھدى مېنىڭ نەسلىمدىن، فاتىمەنىڭ ئەۋلادىدىندۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» [ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم سەھىھ]
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەھدى بىزدىن، ئەھلى بەيتتىن بولىدۇ. ئاللا ئۇنى بىر كېچىدە شۇ ماقامغا كۆتۈرىدۇ» [ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]
ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇنيادا (قىيامەتكە) بىر كۈن قالغان بولسىمۇ، ئاللا ئۇ كۈننى ئۇزارتىدۇ. كېيىن ئۇ كۈندە مەندىن ۋە ياكى مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىسمى ئىسمىمغا، دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ كىشى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپقا تولدۇرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]
ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەھدى مېنىڭ نەسلىمدىندۇر. ئۇنىڭ ماڭلىيىنىڭ چېچى ئاز، قاڭشارلىق كېلىدۇ. ئۇ يەتتە يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساب بىلەن تولدۇرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە ھاكىم ھەسەن]
ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىسمى ئىسمىمغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ دۇنيا يوقالمايدۇ» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى سەھىھ]

## مۇشۇ ئىشلار يۈز بەرمىگىچە قىيامەت بولمايدىغانلىقى

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جىنسىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ يۇلتۇز يەتكەن جايغا، بۇ(ئىسلام) دىنى يەتمەي تۇرۇپ كېچە – كۈندۈزلەر يوقىمايدۇ (يەنى قىيامەت قايىم بولمايدۇ)»[تەبرانى سەھىھ]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىلىم كۆتىرىلىپ كەتكەن، يەر تەۋرەش كۆپەيگەن، ۋاقىتتا بەرىكەت قالمىغان، پىتنىلەر ئاۋۇغان، قىرغىنچىلىق كۆپ بولۇپ، مال- مۈلۈك كۆپىيىپ ئېشىپ- تېشىپ تۇرغان چاغ يېتىپ كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [بۇخارى]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مال – دۇنيا ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، مال – دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، بىر ئادەم سەدىقە قىلىش ئۈچۈن،

سەدىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇنى ئالىدىغان بىر ئادەم تاپالمايدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر هاراقنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ ئىچىپ كەتمىگۈچە كېچە – كۈندۈزلەر يوقاپ كەتمەيدۇ »[ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەرەب دىيارى باغۇ-بوستان ۋە ئېرىق- ئۆستەڭلىك هالىتىگە قايتمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەدىنە تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىگە ئوخشايدۇ. تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكى تۆمۈردىكى داتنى چىقىرىپ تاشلىغاندەك، مەدىنەمۇ ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى يامان ئادەملەرنى چىقىرىپ تاشلىمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [مۇسلىم]

هۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەسكەشنىڭ پۇشتىدىن بولغان پەسكەش دۇنيانىڭ ئەڭ بېيى بولمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە زىيائولمەقدەسى سەھىھ]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەسكەشنىڭ پۇشتىدىن بولغان پەسكەش بۇ دۇنياغا ۋارىس بولماي تۇرۇپ يوقالمايدۇ» [ئەھمەد سەھىھ]

هۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر ئۆز ئىماملىرىڭلارنى ئۆلتۈرمىگىچە، ئۆزئارا قىلىچ ئۇرۇشمىغىچە، دۇنيارىڭلارغا ئەڭ يامان كىشىڭلار ۋارىس بولمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[تىرمىزى]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىنسانلار مەسجىد (سېلىش ۋە بېزەش) بىلەن ئۆزئارا ماختانمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ئەھمەد ۋە ئىبنى هەببان سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەيتۇللانى (يەنى كەئبىنى) هەج قىلىنمايدىغان هالەت كەلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [ئەبۇ يەئلا ۋە هاكىم سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« زىنا ئوچۇق- ئاشكارا قىلىنمىغىچە، ئوغرۇق- توغقانچىلىق ئۈزۈلمىگىچە، قوشنىلار ئۆزئارا يامانلاشمىغىچە، ئامانەتدار كىشى خىيانەت قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ- دېدى. ئى رەسۇلۇللا! ئۇ چاغدا مۆئمىن قانداق بولىدۇ؟- دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يەرگە چۈشۈپ بۇزۇلمىغان، سۇندۇرۇلماي يېيىلگەن ۋە چىرايلىق تىزىلغان خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇ- دېدى» [بەززار]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ۋاقىت بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ (بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ) بىر يىل بىر ئايدەك، بىر ئاي بىر هەپتىدەك، بىر هەپتە بىر كۈندەك، بىر كۈن بىر سائەتتەك، بىر سائەت ئوت ئۆچقۇنىدەك بولۇپ كەتمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يىرتقۇچ هايۋان ئىنسانلار بىلەن سۆزلەشمىگىچە، ئىنسان قامچىسىنىڭ ئۇچى ۋە كەشىنىڭ بوغقۇچى بىلەن سۆزلەشمىگىچە، ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ نېمە قىلغىنىنى يوتىسى ئاڭلاتمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە هاكىم ۋە ئىبنى هەببان سەھىھ]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى بىر كىشى قەبرە بېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يۆلەنگەن هالدا:« كاشكى بۇ قەبرىدىكى كىشى مەن بولسامچۇ» دېمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ. هالبۇكى، بۇ سۆزنى سۆزلەتكەن نەرسە دىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى ئاپەتتۇر» [مۇسلىم]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۇممىتىمدىن نۇرغۇن قەبىلىلەر مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىنىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [تىرمىزى ۋە هاكىم سەھىھ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« ئىنسانلار لات ۋە ئۇززاغا چوقۇنمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ- دېگىنىنى ئاڭلىدىم ۋە: ئى رەسۇلۇللا! ئاللاتائالا كىتابىدا:« مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللا هەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى هىدايەت بىلەن ۋە هەق دىن بىلەن ئەۋەتتى» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش بىلەن بۇ دىننى تاماملىدى دەپ ئويلايتتىم- دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شۇنداق بىر زامانغىچە شۇنداق بولىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئاللا مەيىن شامال ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بار هەممە كىشى ۋاپات تاپىدۇ. قەلبىدە ياخشىلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق كىشىلەر قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا قايتىدۇ- دېدى» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەۋس قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرى زۇلخەلەسە بۇتخانىسى ئەتراپىدا قوڭلىرىنى تولغاپ ئويۇنغا چۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ» زۇلخەلەسە دەۋس قەبىلىسى جاھىلىيەت دەۋرىدە چوقۇنغان بۇتنىڭ ئىسمى» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« فۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قېلىپ، ئىنسانلار بىر- بىرى بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ھەر 100 كىشىدىن توقسان توققۇزى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى:« مەن قۇتۇلۇپ قالىمەن» دېگەن ئۈمىدتە ئۇرۇشىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ]

يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئۇزۇنغا قالماي فۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن كان چىقىدۇ، كىمكى شۇ زامانغا توغرا كېلىپ قالسا ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئالمىسۇن» دېيىلگەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قەھتان ئوغۇللىرىدىن بىر ئادەم چىقىپ، ھاسىسى بىلەن ئادەملەرنى ھەيدىمىگىچە (يەنى كىشىلەرگە پادىشاھ بولمىغىچە) قىيامەت بولمايدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەھجاھ ئىسىملىك بىرى پادىشاھ بولمىغىچە، كۈندۈز ۋە كېچىلەر ئاخىرلاشمايدۇ (يەنى قىيامەت قايىم بولمايدۇ)» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھىجاز رايۇنىدىن بۇسرانىڭ تۆگىسىنىڭ بويىنىنى چاقنىتالىغۇدەك چوڭ ئوت چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بىر تەرىپى قۇرۇقلۇق، يەنە بىر تەرىپى دېڭىز بولغان بىر شەھەرنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى. ساھابىلەر: ھەئە، ئى رەسۇلۇللا!- دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىسھاق ئوغۇللىرىدىن 70 مىڭ كىشى ئۇ يەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، بىر جايغا چۈشىدۇ. ئۇلار نە ئوقيا، نە نەيزە- قىلىچ ئىشلەتمەيدۇ. پەقەت:« لائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر» دەيدۇ. بىرىنچى قېتىم شۇنداق دېگەندە، شەھەرنىڭ بىر تەرىپى پەتھى بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم:« لائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ پەتھى بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم:« لائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر » دېگەنلىرىدە بولسا، شەھەر پۈتۈنلەي پەتھى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرگە كىرىپ، نۇرغۇنلىغان غەنىمەتنى قولغا كىرگۈزىدۇ. ئۇلار غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقانلىرىدا:« دەججال چىقتى» دەپ چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ- دە، قولدىكى نەرسىلىرىنى دەرھال تاشلاپ، ئاقىغا قايتىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رۇملۇقلار ئەئماق (ياكى دابىق) دېگەن يەرگە چۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ چاغدا مەدىنىدىن يەر يۈزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنى چىقىدۇ. ئۇلار قارىمۇ قارشى كېلىپ، سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، رۇملۇقلار: بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار. بىز ئادىمىمىزنى ئەسىر ئالغانلار بىلەن ئۇرۇشىمىز- دەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىمىزنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمىز- دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ قاچىدۇ. ئاللا ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۈچتىن بىر قىسمى شېھىد بولىدۇ. بۇلار ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ شېھىد ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەيدۇ. ئۇلار قۇستانتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل)نى ئازاد قىلىدۇ. قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقىنىدا، بىر شەيتان چىقىپ: يۇرتۇڭلارنى دەججال بېسىۋالدى- دەپ تۋۋلايدۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، لېكىن بۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شامغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، دەججال ھەقىقەتەن چىقىدۇ » [مۇسلىم]

ئەمر ئىبنى تەغلىبدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«پۇتىغا چورۇق ۋە يۇڭدىن ئىشلەنگەن ئاياقلارنى كىيىدىغان بىر خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولىدۇ. يۈزلىرى خۇددى چەم بىلەن ئەستەرلەنگەن قالقانەدەك كەڭ ۋە گۆشلۈك (بۇ تۈركلەرنىڭ سۈپىتى) كەلگەن بىر خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسۇلمانلار يۈزلىرى كەڭ ۋە يۇمىلاق، يۇڭ كىيىم ۋە چۈپۈردىن توقۇلغان ئاياق كىيىدىغان تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر قىزىل يۈزلۈك، بۇرنى پاناق، كۆزى كىچىك، يۈزلىرى كەڭ ۋە يۇمىلاق، چۈپۈردىن توقۇلغان ئاياق كىيىدىغان خوز ۋە كەرمان ئەجەملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ» [بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« ئۇلار بازىر (يەنى فارس) ئەھلىدۇر» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەتتا يەھۇدىيلار تاش دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا

يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. لېكىن تاش بىلەن دەرەخ:« ئى مۇسۇلمان! ئى ئاللانىڭ قۇلى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، بۇياققا كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىن!» دەيدۇ. پەقەت غەرقەد دېگەن دەرەخلا ئۇنداق دېمەيدۇ. چۈنكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر» [مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەر يۈزىدە (يەر شارىدا) ئاللاھ! دېيىلمەيدىغان بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە تىرمىزى سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەر يۈزىدە:« لائىلاھە ئىللاللاھۇ» دەيدىغان ئادەم قالمىغاندا قىيامەت بولىدۇ» [ئەھمەد]

ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ياخشى ئىنسان قالمىغاندا قىيامەت بولىدۇ» دېگەن [مۇسلىم]

مۇستەۋرى قۇرەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ھۇزۇرىدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« قىيامەت قايىم بولغاندا رۇملارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم [مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى قىيامەت بىلەن ھايات ئۇچراشقىنى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئالتە خىل ئىش يۈز بەرگىچە ياخشى ئەمەل قىلىشقا ئالدىراڭلار! ئۇ ئالتە خىل ئىش بولسا، 1- كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى، 2- تۈتۈننىڭ ئالەمنى قاپلاپ كېتىشى، 3- دەججالنىڭ چىقىشى، 4- بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى، 5- 6- سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى ۋە ئومۇملىشىشى قاتارلىقلاردۇر» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز قىيامەت توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ مۇنداق دېدى:« سىلەر 10 خىل ئالامەتنى كۆرمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ. بۇلار: 1- كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى. 2- تۈتۈننىڭ ئالەمنى قاپلاپ كېتىشى. 3- بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى. 4- يەجۇج-مەجۇجلارنىڭ چىقىشى. 5- مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ چۈشىشى. 6- دەججالنىڭ چىقىشى. ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇشنىڭ يۈز بېرىشى. 7- ئۇنىڭ بىر قېتىمى غەربتە، 8- يەنە بىر قېتىمى شەرقتە، 9- يەنە بىر قېتىمى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولىدۇ. 10- يەمەننىڭ ئەدەن شەھرىدىن بىر ئوت چىقىپ كىشىلەر نەدە قونسا، نەدە ئارام ئالسا، شۇ جايدا ئۇلار بىلەن بىللە توختاپ ئۇلارنى مەھشەرگاھقا ھەيدەيدىغان ياكى توپلايدىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر» [مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]

## چوڭ ئالامەتلەرنىڭ بىرسى يۈز بەرسە قالغانلىرى ئارقا- ئارقىدىن يۈز بېرىدىغانلىقى

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى خۇددى بىر تال يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجانغا ئوخشايدۇ، يىپ ئۈزۈلسە مارجانلار كەينى- كەينىدىن تۆكۈلگەندەك، بىر ئالامەت يۈز بەرسە، كەينى- كەينىدىن يۈز بېرىدۇ» [ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ چىقىشى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئارقا- ئارقىدىن كېلىشىنى كۈتۈڭلار» [ئەۋسەتتە سەھىھ]

## كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەسچىتتە ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئەبۇزەر! كۈننىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: ئاللا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ ھەقىقەتەن ئەرشنىڭ ئاستىدىكى سەجدە قىلىدىغان ئورنىغا بارىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاتائالانىڭ:[ كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [38] سۈرە ياسىن] دېگەن سۆزى شۇنى كۆرسىتىدۇ-دېدى. مەن مەزكۇر ئايەت توغرىلىق سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۈننىڭ قارارگاھى ئەرشنىڭ تەھتىدەدۇر-دېدى» [بۇخارى]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كۈن پېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا مەندىن: كۈننىڭ قەيەرگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟- دەپ سورىدى. مەن: بۇنى ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ماڭا- ماڭا ئەرشنىڭ ئاستىغا بېرىپ، ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ. ئاندىن مەشرىقتىن چىقىشقا ئىجازەت سورايدۇ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلىدۇ. سەجدە قىلسا، قوبۇل قىلىنماي قېلىشقا، ئىجازەت سورىسا، ئىجازەت بېرىلمەي قېلىشقا ئاز قېلىۋاتىدۇ. ئىجازەت بېرىلمىسە، ئۇنىڭغا: كەلگەن يولۇڭ بىلەن قايت- دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈن كۈنپېتىشتىن

چىقىدۇ» [بۇخارى]
پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ [158] سۈرە ئەنئام]
ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ:« پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە» دېگەن ئايىتى ھەققىدە:« قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى» دېگەن [تىرمىزى]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كۈن ھەتتا ئۆزى ئولتۇرغان يەر (غەرب) تىن چىقمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. كىشىلەر (كۈننىڭ غەربتىن چىققانلىقىنى) كۆرگەندە ئىمان ئېيتىدۇ. مانا بۇ [ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ[158] سۈرە ئەنئام] دېگەن بىر ۋاقىتتۇر»[بۇخارى]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىن بىرى؛ قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشى » [مۇسلىم]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇياش غەربتىن چىققان ۋاقىتتا، شەيتان سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى يەرگە ئاتىدۇ ۋە:« ئى رەببىم! ماڭا بۇيرۇق قىلغىن، سەن خالىغان كىشىگە سەجدە قىلاي!» دەپ يالۋۇرىدۇ. زەبانىيلار (يەنى جەھەننەمگە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىلەر) دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ:« ئى ئۇلار (يەنى ئازغۇنلارنىڭ) كاتتىسى! نېمە ئۈچۈن بۇنداق يالۋۇرىۋاتىسەن؟» دەپ سورايدۇ. شەيتان:« رەببىمدىن مېنى مەلۇم بىر ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈشنى تىلىگەن ئىدىم، شۇ كېچىكتۈرۈلگەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كېيىن سەفانىڭ يېرىلغان جايىدىن يەر ھايۋىنى چىقىپ، بىرىنچى قەدىمىنى ئانتاكياغا قويىدۇ ۋە شەيتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى كاچاتلايدۇ» [ ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت]

## زېمىندىن بىر خىل ھايۋاننىڭ چىقىشى

[ئۇلارغا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا) ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ [82] سۈرە نەمل]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى شۇكى، چاشكا ۋاقتىدا(زېمىندىن) بىر تۈرلۈك ھايۋان چىقىدۇ» [مۇسلىم]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جىياد نېمىدېگەن يامان ۋادىدۇر؟- دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئىككى- ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ساھابىلەر: نېمە ئۈچۈن؟ ئى رەسۇلۇللا!- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: چۈنكى ئۇ يەردىن يەر ھايۋىنى چىقىپ، ئۈچ قېتىم ھۆركىرەيدۇ. ئۇنىڭ ھۆركىرىشىنى مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ھەممە كىشى ئاڭلايدۇ- دېدى» [ئەلئەۋسەت]
ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەر ھايۋىنى چىقىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىدۇ. ئاندىن ئۇلار (يەنى بەلگە سېلىنغانلار) ئاراڭلاردا ياشايدۇ. ھەتتا بىر كىشى تۆگە سېتىۋالغان بىر كىشىدىن:«( تۆگىنى) كىمدىن سېتىۋالدىڭ؟ دەپ سورىسا، ئۇ: بۇرنىغا بەلگە سېلىنغانلارنىڭ بىرىدىن سېتىۋالدىم- دەپ جاۋاب بېرىدۇ» [ئەھمەد سەھىھ]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زېمىندىن بىر خىل ھايۋان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى تۇتقان ھالدا چىقىپ، ھاسا بىلەن مۆئمىننىڭ يۈزىنى ئاقارتىدۇ. ئۈزۈك بىلەن كاپىرنىڭ بۇرنىغا بەلگە ئۇرىدۇ. كىشىلەر بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ؛ مانا ماۋۇ مۆئمىنكەن، مانا ماۋۇ كاپىركەن،- دېيىشىدۇ. بىرى: ئى مۆئمىن!- دېسە، يەنە بىرى: ئى كاپىر!- دەيدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد]

## تۈتۈن

[(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كۈتكىن [10] (ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر» [11] سۈرە دۇخان]
ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى) تۈتۈننىڭ ئالەمنى قاپلاپ كېتىشى » [مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]
ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: قىيامەت ئالامەتلىرىدىن ھەقىقەتەن ئاسماننىڭ تۈتۈندەك كۆرۈنۈشى، رۇملۇقلارنىڭ غەلىبە قىلىشى، ئاينىڭ يېرىلىشى، قاتتىق تۇتۇش (يەنى بەدر ئۇرۇشى) ۋە ئۇلارنىڭ بەدر ئۇرۇشىدا جازالىنىشى قاتارلىق بەش ئىش

ئۆتتى، دېدى»[بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇ ھاتەم]

## دەججال

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ: ئاللاغا تېگىشلىك دەرىجىدە ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن، دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:« مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىۋاتىمەن. ئۆز قەۋمىنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرمىغان ھېچبىر پەيغەمبەر يوقتۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ قەۋمىنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى » [بۇخارى]

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان كۈندىن قىيامەتكىچە بولغان ئارىلىقتا دەججال پىتنىسىدىنمۇ چوڭ پىتنە بولمايدۇ»[مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە:« دەججالدىنمۇ چوڭ بىر ھادىسە بولمايدۇ» دەپ كەلگەن» [مۇسلىم]

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەججال قويۇق بۇدۇر چاچلىق، كۆزى پولتىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر يىگىتتۇر، گويا ئۇنى مەن قەتەننىڭ ئوغلى ئابدۇل ئوززاغا ئوخشىتىمەن» [مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا دەججال توغرىسىدا سۆزلىگەندە:« ئاللانىڭ بىر كۆزى كور ئەمەس، ئالدامچى دەججال بولسا ئوڭ كۆزى يوق يەكچەشمە، ئۇنىڭ كۆزى بىر تال پولتىيىپ چىققان ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىلىڭلاركى، دەججالنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ‹كاپىر› دەپ يېزىلغان بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« دەججالنىڭ ساق كۆزى يېشىل كۆكتۇر» [بۇخارى تارىخدا توپلىغان سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« دەججالغا بالا تۇغۇلمايدۇ (يەنى پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ) »[ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەسىھ (دەججال)نىڭ قورقۇسى مەدىنىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ زامانلاردا مەدىنىنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ھەربىر دەرۋازىدا ئىككىدىن پەرىشتە بولىدۇ» [بۇخارى]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەججالنىڭ يەر يۈزىدە مەككە ۋە مەدىنەدىن باشقا دەسسىمىگەن يېرى قالمايدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەر يول ئېغىزلىرىدا قاتار تىزىلىپ، بۇ ئىككى شەھەرنى قوغدايدۇ » [بۇخارى]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەر ۋە باشقا بىر قانچە ساھابىسى بىلەن ئىبنى سەييادنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ بەنى مەغالە قەلئەسىنىڭ يېنىدا كىچىك باللار بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كۈنلەردە ئىبنى سەيياد بالاغەتكە يېتىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرغانغا قەدەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى سەييادقا: مېنىڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟- دەپ سورىغانىدى. ئىبنى سەيياد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: سېنىڭ ساۋاتسىزلارنىڭ (يەنى ئەرەبلەرنىڭ) پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. سەن مېنىڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى رەت قىلىپ: مەن ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم- دېدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىسەن؟- دە سورىغانىدى. ئىبنى سەيياد: ماڭا راستمۇ كېلىۋاتىدۇ، يالغانمۇ كېلىۋاتىدۇ- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداقتا، سەن راست- يالغاننى بىر- بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋېتىپسەن- دېدى. ئاندىن: مەن بىر نەرسە يوشۇردۇم(سۈرە دۇخاننى يوشۇرغان ئىدى) (ئۇنى تاپقىن)- دېگەنىدى. ئىبنى سەيياد: ئۇ تۇتۇن- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاغزىڭنى يۇم، ھەددىڭدىن ئاشما!- دېدى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا! رۇخسەت بەرگىن، ئۇنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلاي- دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئەگەر ئۇ (دەججال) بولسا، ئۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. ئەگەر دەججال بولمىسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق- دېدى. ئىبنى ئۆمەر يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىككىسى ئىبنى سەيياد تۇرىدىغان خورمىزارلىققا باردى. ئۇلار ئىبنى سەييادقا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن خورما شاخلىرىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ، يوشۇرۇنۇشقا تىرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى سەييادنىڭ مەخمەل كۆرپە ئۈستىدە يېتىپ، بىر نەرسىلەرنى غۇدۇڭشۇۋاتقىنىنى كۆردى. دەل شۇ پەيتتە، ئىبنى سەييادنىڭ ئانىسى خورما شاخلىرىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئىبنى سەييادقا (ئۇنىڭ ئىسمى ساف ئىدى): ئى ساف!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى سەييياد ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر (ئانىسى) ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغان بولسا، (ئۇنىڭ ماھىيىتى) ئاشكارا بولاتتى- دېدى» [بۇخارى]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مەدىنە كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا (يەنى ئىبنى سەيياددا) يولۇقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ: سۇ ئۈستىدە تەخت كۆرۈۋاتىمەن- دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن شەيتاننىڭ دېڭىزدىكى تەختىنى كۆرۈپسەن- دېدى» [مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى سەيياددىن: جەننەتنىڭ تۇپىسى نېمە؟- دەپ سورىدى. ئىبنى سەيياد ئى ئەبۇلقاسىم! ئۇنىڭ رەڭگى ئۇندەك ئاپئاق، پۇرىقى مىسكتۇر- دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: توغرا ئېيتتىڭ- دېدى» [مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئىبنى سەيياددا ئۇچراشقانداق ئۇنىڭ بىر كۆزىنىڭ تىرىسى بىر يانغا قېچىپ، ئىششىپ كېتىپتىكەن. مەن ئۇنىڭغا: مەن كۆرىۋاتقان كۆزۈڭدىكى بۇ ھادىس قاچان يۈز بەردى؟ دېسەم، ئۇ ماڭا: بىلمەيمەن دېدى. مەن: كۆزۈڭ سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بېشىدا تۇرسىمۇ بىلمەمسەن؟ دېسەم. ئۇ: ئەگەر ئاللا خالىسا، بۇ كۆزنى سېنىڭ ھاساڭغىمۇ يارىتىۋېرىدۇ دېدى. ئاندىن خۇددى ئېشەك ھاڭرىغاندەك، قاتتىق ئاۋاز قىلىپ ئاچچىقلاپ كەتتى»[مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. ئىبنى سەييادمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. بىر جايدا توختىدۇق. ئىنسانلار تارقالدى، ئىبنى سەيياد ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىدىن تارقالغان گەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن بەكمۇ چۆچۈپ تۇراتتىم، ئۇ يۈك تاقلىرىنى ئېلىپ، مېنىڭ يۈك- تاقلىرىمنىڭ يېنىغا قويدى. مەن: ھاۋا بەك ئىسسىق، نەرسىلەرنى ئاۋۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويغان بولساڭ- دېگەندىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويدى. دەل شۇ پەيتتە، نېرىدا بىر قوي كۆرۈندى، ئۇ بېرىپ، ئۇنىڭ سۈتىدىن ئېلىپ كەلدى ۋە ماڭا: ئى ئەبۇ سەئىد ئىچكىن!- دېدى. ئۇنىڭ قولىدىن ئىچىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن: ھاۋا بەك ئىسسىق، سۈتمۇ ئىسسىق، كۆڭلۈم تارتماۋاتىدۇ. ئىچكۈم يوق- دېگەندىم، ئۇ: ئىنسانلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن تارقاتقان سۆز- چۆچەكلىرى سەۋەبىدىن ئۆزەمنى ئارغامچا بىلەن دەرەخكە ئېسىپ، ئۆلۈۋالغىم كېلىدۇ. ئى ئەبۇ سەئىد! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس باشقىلارغا مەخپىي قالغان بولسىمۇ، سىلەر ئەنسار جامائىتىگە مەخپىي قالغان ئەمەس. سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدىغانلاردىن بىرىسسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ (دەججال) كاپىر» دېمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەن مۇسۇلمانمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ (دەججال) تۇغماس (يەنى پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ)» دېمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەن بالامنى مەدىنىگە قويۇپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ (دەججال) مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ» دېمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەن مەدىنەدىن كېلىۋاتىمەن ۋە مەككىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن- دېدى.

ئەبۇ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ھەتتا مەن ئۇنى ئەيىبسىز دەپ قاراپ، ئۆزرە ئېيتىشقا تاس قالدىم. شۇ ئارىدا ئۇ:« ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دەججالنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىقىنى ۋە ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا:« قويۇپ كەت!» دېدىم [مۇسلىم]

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبنى سەييادتىن: سېنىڭ دەججال بولۇپ قېلىشىڭ خۇشال قىلامدۇ؟- دەپ سورالغاندى، ئۇ: ماڭا:« سەن دەججال بولغىن» دېيىلسە «ياق» دېمەيمەن- دېدى [مۇسلىم]

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەھىمەھۇللا مۇنداق دەيدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللانىڭ ئىبنى سەييادنىڭ دەججال ئىكەنلىكىگە قەسەم ئىچكىنىنى كۆردۈم- دە: قەسەم ئىچىۋاتامسەن؟- دەپ سورىغاندىم، ئۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا (بۇ ھەقتە) قەسەم ئىچكىنىنى ئاڭلىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىگەنىدى- دېدى» [بۇخارى]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى سەيياد ھەررە ئۇرۇشىدا يوقاپ كەتتى» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسىنىڭ:« ئى جامائەت نامازغا كېلىڭلار!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەسجىدكە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈتۈپ تۇرغان ئاياللارنىڭ قاتارىدا ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنبەردە ئولتۇرۇپ: ھېچكىم (ناماز ئوقۇغان) يېرىدىن قىمىرلىمىسۇن!- دېدى. ئاندىن: سىلەرنى نېمە ئۈچۈن يىغقىنىمنى بىلەمسىلەر؟- دەپ سورىدى. جامائەت: ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر- دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنى بىر ئىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن چاقىرمىدىم. بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈن چاقىردىمكى، تەمىم دارى بىر ناسارا ئىدى. ئۇ كېلىپ، ماڭا بەيئەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ماڭا مېنىڭ سىلەرگە دەججال ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: مەن لەخم ۋە جۇزام قەبىلىسىدىن 30 كىشى بىلەن بىرلىكتە كېمىگە چىقتىم، كېمىدە بىر ئاي دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشتۇق. دولقۇنلار بىزنى كۈن پېتىش تەرەپتىكى بىر ئارالغا ئېلىپ باردى. كېيىن كىچىك قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ، ئارالغا كىردۇق. ئالدىمىزغا ئاجايىب تۈكلۈك بىر مەخلۇق ئۇچرىدى. ئۇنىڭ تۈكى شۇنداق كۆپ ئىكەنكى، ئارقا

تەرىپىدىن قارىسا، ئالدى تەرىپى كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن: سەن كىم؟- دەپ سورىغانىدۇق. ئۇ: مەن جەسساسە- دېدى. بىز: جەسساسە دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدۇق. ئۇ: ئى جامائەت! چېركاۋدىكى پالانى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ سىلەرنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ- دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قورقتۇق ۋە ئۇنىڭ شەيتان بولۇپ قېلىشىدىن گۇمانلاندۇق. دەرھال چېركاۋغا بېرىپ، قامىتى بەكمۇ يوغان بىر ئادەمنى كۆردۇق. ھاياتىمىزدا بۇنداق قامەتلىك ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ئۇنىڭ قوللىرى بوينىغا چىڭ باغلانغان بولۇپ، تىزىنىڭ تۆۋىنىگە ئىشكەل سېلىنغانىدى. ئۇنىڭغا: ۋاي بىچارە! بۇ نېمە ئەھۋال؟- دەپ سورىدۇق. ئۇ: سىلەر مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر تاپتىڭلار، ئەمدى ئۆزەڭلارنى تونۇشتۇرۇڭلار!- دېدى. بىز: بىز ئەرەبلەردىن بىر جامائەتمىز، كېمىگە چىقىپ دېڭىزغا يول ئالدۇق. دېڭىز دولقۇنلىرى بىز بىلەن بىر ئاي ئېلىشتى، ئاخىرى دولقۇنلار بىزنى بۇ ئارالغا ئېلىپ كەلدى. قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ ئارالغا كىرىپ كەلدۇق. ئاندىن پۈتۈن بەدىنىدىكى تۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالدى بىلەن ئارقىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغانىدۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ جەسساسە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز جەسساسەنىڭ نېملىكىنى سورىغانىدۇق. ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ چېركاۋغا كېلىشىمىزنى، بۇ يەردە بىزنى كۈتۈۋاتقان ۋە خەۋىرىمىزگە مۇشتاق بولۇۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن بۇ يەرگە كەلدۇق ۋە سېنى كۆردۇق. ئۇنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندۇق- دېدۇق. ئۇ ماڭا بەيسان خورمىلىقىدىن خەۋەر بېرىڭلار؟- دېدى. بىز: نېمە ئۈچۈن سوراپ قالدىڭ؟- دېۋىدۇق. ئۇ: ئۇنىڭ خورمىسىنى سورىماقچىمەن، ئۇ خورما دەرەخلىرى ھازىرمۇ مېۋە بېرىۋاتامدۇ؟- دەپ سورىدى. بىز: ھەئە- دېدۇق. ئۇ: ئەمما ئۇنىڭ خورما بەرمەسلىكىگە ئاز قالدى. ئەمدى تەبەرىيە كۆلى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار!- دېدى. بىز: ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن؟- دېگەنىدۇق. ئۇ: ئۇنىڭدا سۇ بارمۇ؟- دەپ سورىدى. بىز: سۈيى كۆپ- دېدۇق. ئۇ: ئەمما ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تۈگىشىگە ئاز قالدى. ئەمدى زۇغەر بۇلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار!- دېدى. ئۇنىڭدىن: ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن؟- دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ: ئۇ بۇلاقتا ھازىرمۇ سۇ بارمۇ؟ ئادەملەر ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېتىزلىرىنى سۇغۇرۇۋاتامدۇ؟- دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، ئۇنىڭ سۈيى كۆپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن ئادەملەر ئېتىزلىرىنى سۇغىرىۋاتىدۇ- دېدۇق. ئۇ: ئەمدى ساۋاتسىز پەيغەمبەرنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار!- دېدى. بىز: ئۇ مەككىدىن چىقىپ، مەدىنەگە كەلدى- دېدۇق. ئۇ: ئەرەبلەر ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشتىمۇ؟- دەپ سورىدى. بىز: ھەئە،- دېدۇق. ئۇ: ئۇلارنى نېمە قىلدى؟- دەپ سورىدى. بىز: ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇندى- دېدۇق. ئۇ: ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ؟- دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، دېدۇق. ئۇ: ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنىشى بەكمۇ ياخشىدۇر، مەن سىلەرگە ئۆزەمنى تونۇشتۇراي. مەن دەججال بولىمەن. يەر يۈزىگە چىقىشىم ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدىغانغا ئاز ۋاقىت قالدى. مەن مەككە بىلەن مەدىنىدىن باشقا ھەممە يەرنى كېزىپ، يەر يۈزىدە 40 كېچە تۇرىمەن. مېنىڭ مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرىشىم ھارام قىلىنغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە كىرىشنى خالىسام، قولىدا قېلىچ تۇتقان بىر پەرىشتە مېنى ئۇ يەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشكىنى قوغداشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر بار- دېدى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلاتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى مۇنبەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: بۇ تەيبە، بۇ تەيبە، بۇ تەيبە (يەنى مەدىنە) بۇنى سىلەرگە ئاڭلاتمىغانىدىم؟- دېدى. جامائەت بىردەك: ئاڭلاتقانىدىڭ- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تەمىمنىڭ ئېيتقانلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى مېنىڭ سىلەرگە مەككە بىلەن مەدىنە ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىمگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ شام ياكى يەمەن دېڭىزىدا، ياق، شەرق تەرەپتە، شۇنداق، ئۇ شەرق تەرەپتىن ئاشكارا بولىدۇ. شەرق تەرەپتىن ئاشكارا بولىدۇ- دېدى ۋە قولى بىلەن شەرق تەرەپنى كۆرسەتتى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇنداق ئاڭلاپ ياد ئېلىۋالغانىدىم- دېگەن» [مۇسلىم]

نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەدىنە كوچىلىرىدىن بىرىدە ئىبنى سەيياد بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان بىر سۆز قىلدى. ئىبنى سەيياد ۋارقىراپ- جارقىراپ كوچىنى بېشىغا كىيدى. كېيىن ئىبنى ئۆمەر ھەفسەنىڭ يېنىغا كىردى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولغان ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. شۇڭا ئىبنى ئۆمەرگە:« ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئىبنى سەيياد بىلەن نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« ئۇ (دەججال) ئاچچىقى كەلتۈرۈلگەن چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟- دېدى» [مۇسلىم]

راشىد ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىستەخرۇ ئازاد قىلىنغاندا، بىر جاكارچى: ئاگاھ بولۇڭلار! دەججال چىقتى- دېدى. سەئب ئىبنى جەسسامە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى: بۇ سۆزنى سىلەر ئېيتمىغان بولساڭلار، مەن ئېيتاتتىم. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« دەججال ئادەملەر ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان، ئىماملارمۇ مۇنبەرلەردە ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىمەيدىغان بولۇپ كەتكەندە چىقىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» [ئەھمەد]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ پىتنە ھەققىدە ناھايىتى كۆپ توختالدى. ھەتتا ئەھلاس پىتنىسىنىمۇ تىلغا ئالدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن: ئى رەسۇلۇللا! ئەھلاس پىتنىسى دېگەن نېمە؟- دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ، بىر- بىرىدىن قېچىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش پىتنىسى- دېدى. ئاندىن باياشات تۇرمۇشنىڭ پىتنىسىدىن سۆز قىلىپ: بۇ پىتنىنىڭ سەۋەبچىسى ئەھلى بەيتىمدىن بىر كىشى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمما ئۇ مەندىن ئەمەس. مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىم تەقۋادارلاردۇر. كېيىن ئادەملەر ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدىغان، قورچاق بىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. ئاندىن زۇلمەتلىك بىر پىتنە چىقىدۇ. بۇ

پىتنىگە دۇچار بولمايدىغان بىرمۇ ئىنسان قالمايدۇ. بۇ پىتنە ئەمدى تۇگەيدىغۇ دەپ تۇرسا، تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ. ئىنسانلار ئۇ پىتنە ئىچىدە مۆئمىن بولۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر بولۇپ كەچ قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئىنسانلار ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىمان گۇرۇھى بولۇپ، ئۇنىڭدا نىپاق بولمايدۇ. يەنە بىرى، نىپاق گۇرۇھى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمان بولمايدۇ. ئۇ زامان كەلگەندە، شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتىسى دەججالنى كۈتۈڭلار!- دېدى» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەيتۇل مۇقەددەس ئاۋاتلىشىپ، يەسرىب (مەدىنە) خارابلىشىپ كېتىدۇ. يەسرىبنىڭ خارابلىشىپ كېتىشى، كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى دېمەكتۇر. كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى، قۇنستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبۇل)نىڭ ئازاد قىلىنىشى دېمەكتۇر. قۇنستانتىنپولنىڭ ئازاد قىلىنىشى، دەججالنىڭ چىقىشى دېمەكتۇر» ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ يوتىسىغا (ياكى دولىسىغا) قولى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېدى:« بۇ سېنىڭ (مۇئاز ئىبنى جەبەل نەزەردە تۇتۇلماقتا) بۇ يەردە ئولتۇرغىنىڭلاردەكلا ھەقىقەتتۇر» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد سەھىھ]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى، قۇنستانتىپول(يەنى ئىستانبۇل)نىڭ ئازاد قىلىنىشى ۋە دەججالنىڭ چىقىشى يەتتە ئاي ئىچىدە يۈز بېرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ھەسەن]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەججال مەشرىقتىن:« خوراسان» دەپ ئاتالغان جايدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭغا يۈزلىرى تېرىدىن قىلىنغان قالقانغا ئوخشايدىغان بىر قەۋم ئەگىشىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەججالغا ئىسپاھان يەھۇدىيلىرىدىن يېشىل كىيىم كىيگەن 70 مىڭ كىشى ئەگىشىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەسىھ (دەججال) شەرق تەرەپتىن چىقىپ، مەدىنىگە كىرمەكچى بولىدۇ ۋە ئوھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ. پەرشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى شام تەرەپكە بۇرايدۇ » [مۇسلىم]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەججالنىڭ يەر يۈزىدە مەككە ۋە مەدىنەدىن باشقا دەسسىمىگەن يېرى قالمايدۇ. چۈنكى پەرشتىلەر يول ئېغىزلىرىدا قاتار تىزىلىپ، بۇ ئىككى شەھەرنى قوغدايدۇ. ئاندىن مەدىنە ئۆز خەلقى بىلەن ئۈچ قېتىم تەۋرەپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئاللا بارلىق كاپىر ۋە مۇناپىقنى سىرتقا (دەججالنىڭ ئارقىسىغا) چىقىرۋېتىدۇ» [بۇخارى]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام  مۇنداق دېگەن:« دەججال جۇرۇف شورلۇقىغا كېلىپ، چېدىر ئۆيلەرنى قۇرىدۇ. ئاندىن بارلىق مۇناپىق ئەر- ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ» [مۇسلىم]

ئىمام ئەھمەد:« دەججالنىڭ ئالدىغا چىقىدىغانلارنىڭ كۆپرەكى ئاياللاردۇر» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان» [ئەھمەد]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايە ت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى مەدىنە خەلقى! قۇتۇلۇش كۈننى ياد ئېتىڭلار!- دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئۇلار: ئى رەسۇلۇللا! قۇتۇلۇش كۈنى دېگەن نېمە؟- دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« دەججال زۇباب تېغىغا كېلىپ چۈشىدۇ. مەدىنىنىڭ بارلىق ئەر ئايال كاپىر، مۇشرىك ۋە مۇناپىقلىرى ئۇنىڭ (چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ مەدىنىدىن) قېشىغا چىقىدۇ. شۇندىلا مۆئمىنلەر ئۇلاردىن قوتۇلىدۇ، ئەنە شۇ كۈن قۇتۇلۇش كۈنىدۇر- دېدى» [ئەلئەۋسەت]

ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىنسانلار دەججالدىن( يەنى پىتنىسىدىن قورقۇپ نەپرەتلىنىپ) تاغقا قاچىدۇ- دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! ئۇ چاغدا، ئەرەبلەر قەيەردە بولىدۇ؟- دەپ سورىغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ چاغدا، ئۇلار بەك ئاز قالىدۇ- دېدى» [مۇسلىم]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەججال ئاشكارا بولۇپ چىققاندا، سۇ بىلەن ئوت ئېلىپ چىقىدۇ. كىشىلەر ئوت دەرياسى دەپ قارىغىنى، ئەمەلىيەتتە سالقىن دەريا سۈيىدۇر. كىشىلەرنىڭ سالقىن دەريا سۈيى دەپ قارىغىنى، ئەمەلىيەتتە كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان ئوت دېڭىزى. سىلەردىن كىمكى ئۇنى رەت قىلسا، شۇ كىشى ئۆزى كۆرگەن ئوت دەرياسىغا تاشلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ ئەمەلىيەتتە شېرىن سوغۇق سۇدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن سىلەرگە ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغان ئالدامچى دەججالنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ دەججال يەكچەشمدۇر. ئۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئېيتقان جەننەت دەل دوزاخنىڭ ئۆزىدۇر. مەن خۇددى نۇھ ئۆز قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغاندەك سىلەرنى شۇ گۇمراھلىقتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، دەججال توغرىسىدا ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەن سورىغاندەك سوراپ باقمىغان. رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن:« سەن ئەجەپمۇ زېرىكمەي سوراۋەردىڭ؟ ئۇنىڭ (دەججالنىڭ

ساڭا قانداق زىيىنى بار؟» مەن: كىشلەرنىڭ ھەممىسى دەججال بىر دۆۋە نان ۋە سۇ دەرياسىغا ئىگە ئىكەن، دەيدۇ، دېدىم. رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى:« بۇ ئاللاغا نىسبەتەن تېخى ھېچقانداق گەپ ئەمەس»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دەججالنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭدىن يىراق تۇرسۇن! ئاللا بىلەن قەسەمكى، كىشى ئۆزىنى مۆئمىن ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئېيتقان شۈبھىلىك سۆزلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

## ئىسا ئەلەيھىسسالام

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەيغەمبەرلەر بىر كىشىنىڭ بالىلىرىدۇر (يەنى ھەممىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنى بىردۇر) ئۇلارنىڭ ئانىلىرى باشقا باشقىدۇر (ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئەسلى بىر، ئەمما شەرىئەتلىرى ئوخشاش ئەمەستۇر) ئۇلارنىڭ دىنى بىردۇر. شەكسىز مەن مەريەمنىڭ ئوغلى ئىساغا ئەڭ يېقىن كىشىدۇرمەن. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوق. ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىدە شەك يوقتۇر. سىلەر ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىڭلاردا تۆۋەندىكى ئالامەتلىرىدىن تونۇڭلار. (ئۇ) ئوتتۇرا بوي،(بەدىنى قاۋۇل، كۆكسى كەڭ) رەڭگى ئاقۇش قىزىل كىشىدۇر، ئۈستىدە سۇس قىزىل رەڭ بىلەن بويالغان ئىككى قۇر كىيىم بار،(چېچى مۇرىسىگە چۈشكەن) ھۆل بولمىسىمۇ ئۇنىڭ چېچىدىن خۇددى (سۇ) تېمىپ تۇرغاندەك (كۆرۈنىدۇ)» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم سىلەردىن مەريەم ئوغلى ئىسانى كۆرسە، ئۇنىڭغا مەندىن سالام يوللىسۇن»[ھاكىم ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام پات يېقىندا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادىل ھۆكۈم سۈرگۈچى بولۇپ چۈشىدۇ. ئۇ خرىستىئانلارنىڭ كرېست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، زىممىلار تۆلەيدىغان تۆلەمنى بىكار قىلىدۇ (يەنى ئۇلاردىن ئىسلامدىن باشقىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ) مال- مۈلۈككە تولۇپ كېتىدۇ (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئادىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن بەرىكەت يېغىپ كېتىدۇ) ھەتتا ئۇ مال- مۈلۈكنى ئالىدىغان بىرمۇ كىشى تېپىلمايدۇ قالىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن بىر قېتىم سەجدە قىلىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ» [بۇخارى]

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسا ئەلەيھىسسالام بىرجۈپ رەڭلىك كىيىم كىيگەن، ئىككى ئالىقىنىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالىتىدە دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلسا بېشىدىن سۇ تامچىيدۇ، بېشىنى كۆتۈرسە مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇ تامچىلىرى تۆكۈلىدۇ، ئۇنىڭ ھىدىنى ئالغان ئىمانسىزلارنىڭ ھەممىسى ھايات قالمايدۇ. ئۇنىڭ ھىدى كۆزى يەتكەن يەرگىچە بارىدۇ، ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئىزدەپ ئاخىر ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىن بابىلۇن دېگەن جايدا تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام سىلەرگە چۈشكەن تۇرۇقلۇق، ئىمامىڭلارنىڭ ئۆز ئىچىڭلاردىن بولۇشى نېمىدېگەن ياخشى؟!» [ مۇسلىم]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ، تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىق جىھاد قىلىدۇ. ئاندىن مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا:« بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگىن!» دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭغا قارىتا:« بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ ئەمىرسىلەر. مانا بۇ، ئاللانىڭ بۇ ئۈممەتنى ئىززەتلىگەنلىكىدىندۇر» دەيدۇ» [مۇسلىم]

مەجمەئ ئىبنى جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى شامدىكى لود دېگەن جاينىڭ ئىشىك يېنىدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشقا خۇش مۇبارەكتۇر، ئۇ چاغدا ئاسمانغا مول يامغۇر ياغدۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، زېمىنغا بولسا، زىرائەت، ئۆسۈملۈك، مېۋە – چېۋىلەرنى كۆپ چىقىرىشقا ئىزنى بېرىلىدۇ، ھەتتا، بىرەر داننى تۈپتۈز تاش ئۈستىگە تېرىساڭمۇ ئەلۋەتتە ئۈنۈپ كېتىدۇ، يەر- يۈزىدە خاتىرجەملىك بەرپا بولىدۇ، ھەتتا يىلپىز، يولۋاس ۋە بۆرىلەر قوي، تۆگىلەر بىلەن بىرگە ئوتلايدۇ، كىچىك بالىلار يىلانلارنى ئوينايدۇ، يىلانلار كىچىك بالىلارغا چېقىلمايدۇ» [ئەبۇ سەئىد سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسا ئەلەيھىسسالام زېمىندا قىرىق يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار چۈشۈرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

## يەجۇج - مەجۇج

[ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سەندىن زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسىنى (ۋەھيي ئاساسىدا) بايان قىلىمەن» دېگىن [83] ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىدىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق [84] زۇلقەرنەيىن (اللە ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى [85] ئۇ كۈن پېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننىڭ قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز:« ئى زۇلقەرنەيىن! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن» دېدۇق [86] زۇلقەرنەيىن ئېيتتى:« كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [87] كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز [88] ئاندىن زۇلقەرنەيىن (اللە ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغان ماڭدى [89] زۇلقەرنەيىن كۈن چىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق [90] ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەيىن كۈن چىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈن پېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى) بىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق [91] ئاندىن ئۇ (اللە ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى [92] زۇلقەرنەيىن ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرىي تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى [93] ئۇلار:« ئى زۇلقەرنەيىن! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى [94] زۇلقەرنەيىن ئېيتتى:« اللەنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي [95] ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار. تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ:« ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي» دېدى [96] ئۇلار (يەجۇج - مەجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى [97] زۇلقەرنەيىن ئېيتتى:« بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر [98] سۈرە كەھف]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك - شۈبھىسىزكى، يەئجۇج ۋە مەئجۇج ئادەم نەسلىدىندۇر. ئۇلار ئىنسانلارغا ئەۋەتىلسە، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى ئۆلسە، ئارقىسىدىن مىڭلاپ ئەۋلاد كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ئۈممەت كېلىدۇ. ئۇلا: تەئۋەل، تارىس ۋە مەنسەك» [ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت]

ئىبنى ھەرمەلەنىڭ ھاماچىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم چايان چېقىۋالغانلىقتىن تېڭىپ قويغان ھالەتتە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:« سىلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى يوق دەيسىلەر، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان ۋاقتىڭلاردا يۈزلىرى تۈپتۈز قىلىنغان، قالقاندەك كەڭرى، كۆزلىرى كىچىك، چېچىنىڭ رەڭگى ساغۇچ بولغان يەجۇج - مەجۇجلار ھەممە تۆپىلىكلەردىن ئالدىراش چۈشۈپ كېلىدۇ» [ئەھمەد]

زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى رەسۇلۇللا ئۆيگە ناھايىتى ئالاقزادە بولغان ھالدا كىرىپ:« ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئەرەبلەر ئۈچۈن ۋاي، چوڭ بالا - قازا كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ توساق تېمى مۇنچىلىك ئېچىلىپ كېتىپتۇ» دەپ رەسۇلۇللا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى. زەينەپ: ئى رەسۇلۇللا! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر بار، ئەجەبا بىزمۇ بۇ بالا - قازاغا دۇچار بولامدۇق؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللا:« شۇنداق يامان ئىشلار بەك كۆپىيىپ كەتسە، شۇنداق بولىدۇ» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ توساق تېمىنى مۇنچىلىك ئېچىۋەتتى» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[يەجۇج - مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ [96] سۈرە ئەنبىيا]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توسما ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« يەجۇج - مەجۇج توسمىنى ھەر كۈنى كولايدۇ، تۆشۈك ئېچىلاي دەپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىقى: ھازىرچە قايتىپ كېتىپ، ئەتە كولاڭلار! - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەتىسى ئاللاتائالا توسمىنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇستەھكەم قىلىپ ئەسلىگە قايتۇرۇپ قويىدۇ. ئاخىرى ئۇلارغا بەلگىلەنگەن مۇددەت توشۇپ، ئاللاتائالا ئۇلارنى خالايىققا ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىقى: ھازىرچە قايتىپ، ئاللا خالىسا، ئەتە كولايسىلەر، - دەيدۇ. ئۇلار ئەتىسى كېلىپ، توسمىنى ئاخشىمى قويۇپ كەتكەن ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار توسمىنى تېشىپ، خالايىققا ھۇجۇم قىلىدۇ، سۇلارنى ئىچىپ

تۇگىتىۋېتىدۇ، خالايىق ئۇلاردىن قېچىشىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد سەھىھ]
ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« يەجۇج - مەجۇج پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ، ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرى داۋاملىشىدۇ» دېگەن [بۇخاي ۋە ئەھمەد سەھىھ]
نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كەلگۈسىدە مۇسۇلمانلار يەجۇج مەجۇجلارنىڭ ئوقيا قالقانلىرىنى يەتتە يىل قالايدۇ»[ئىبنى ماجە سەھىھ]

## بىز ئەمدى، يەجۇج - مەجۇج توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى بايان قىلىمىز

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: **1900** - يىللىرى ئىدى. مىسىر، شام، سۇرىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىن بولۇپ، نۇرغۇن دىنىي ئالىملار، زىيالىلار ۋە باشقا دىن تەتقىق قىلغۇچىلار، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان يەجۇج - مەجۇج زادى كىم؟ ئۇلار ئادەم بالىسىمۇ ياكى باشقا تائىپىمۇ؟ ئۇلار نەدە؟ ھازىر پۈتۈن زېمىن، يەرشارى چېگراغا ئۆلىنىپ بولدى. ئاستى - ئۈستىنى قىزىپ تەكشۈرۈپ، ئالتۇن، كۆمۈر، رودا، نېفىتلارنى قىزىپ پايدىلىنىۋاتىمىز. گېئولوگىيە، ئارخولوگ ئالىملارمۇ خېلى كەڭرى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەمما بۇنداق تائىپىنى ئۇچراتمىدى، ئەمەلىيەتتە زۇلقەرنەين بۇلارنى تاغ ئارىسىغا قامال قىلغان، كۆمۈپ قويمىغان، ئۆلدىمىكى دېسەك، يەنە چىقىدۇ دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. بۇلار زادى كىم؟ نەدە؟ بۇنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ، بۇ مەسىلىگە ھېچكىشى تولۇق جاۋاب بېرەلمىدى. بەزىلەر ئۇلارنى ئاللا دەججالنى كۆرسەتمىگەندەك كۆرسەتمىگەن دېگەن بولىسمۇ، باشقىلار ئاللا ۋە رەسۇلۇللا شۇنداق دېدىمۇ؟ قۇرئاندا ئاللا مەن كۆزگە كۆرسەتمەيمەن دېمەپتىغۇ. بەلكى، ئۇلار ئىگىز جايلاردىن ئالدىراش كېلىدۇ دەپتىغۇ؟ شۇ چاغدىكى كىشىلەر كۆرۈپتىغۇ، دېگەندەك رەدىيە بەردى. بۇ مەسىلىنى مەن پۈتۈن دىنى كىتاب ۋە تارىخنى ئاختۇرۇپ نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ تولۇق ئىسپاتلاپ چىقتىم. مەن شەكسىز ئېيتىمەنكى، يەجۇج - مەجۇج چىڭگىزخان ئەۋلادى بولغان مۇڭغۇللار. مېنىڭ دەلىلىم بەش خىل تەتقىقات نەتىجىسىدە قولغان كەلدى، بۇ تائىپىنىڭ ئاتالغۇسى، نامى، شەھەر، تۇرالغۇ جاي، جۇغراپىيىلىك ئورنى. بۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بۇزۇقچىلىقى. بۇ تائىپىنىڭ توساقنى ئېچىشى. ئۇندىن باشقا ئىگىز جايدىن يۇگۇرۇشۇپ دېگەن سۆز. ھەق ۋەدە قىيامەتنىڭ يېقىن بولۇشى ۋاھاكازارلار. يەجۇج - مەجۇج دېگەن بۇ كىشىلەر ئادەم بالىسى بولۇپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياپىسقا تۇتىشىدۇ، بۇنىڭغا پۈتۈن تەپسىرشۇناسلار قوشۇلغان.

«مۇڭغۇللار» بۇلار نىسبەتەن، جۇڭگو زېمىندا تۇرىدۇ دەپ كۆرسەتكەن، بۇ مەسىلە: مىللەت تارىخى دېگەن كىتابتا ئىغۋانۇ دېگەن كىتابتا بار ئىكەن. شۇنداقلا تارىخشۇناسلار ئىسلام تارىخشۇناسلىرى دەلىللەپ كۆرگەن بولۇپ، بۇلار ئۆز ۋاقتىدا زۇلقەرنەين ۋاقتىدا قاتتىق بۇزۇقچىلىق قىلغانىكەن، ھەتتا ئاياللارنى، باللارنى ئۆلتۈرۈپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ئاندىن كېيىن بۇلارنى زۇلقەرنەين قامالغا ئالغانىكەن. كېيىن بولسا، ئابباس ئەۋلادى دېگەن كىشى (ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ دەۋرى) ئىسلام خەلىپىسى بولغان چاغدا رەسۇلۇللا دۇنيادىن كېتىپ **700** يىلدىن كېيىن چىڭگىزخان قوشۇن تارتقان. مانا بۇ مۇڭغۇل قوشۇنى قايتا ئەرەبنى قاخشاتقان، بۇ بۇخارىنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىللەيدۇ. زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللا ئۆيگە ناھايىتى ئالاقزادە بولغان ھالدا كىرىپ:« ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئەرەبلەر ئۈچۈن ۋاي، چوڭ بالا- قازا كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ توساق تېمى مۇنچىلىك ئېچىلىپ كېتىپتۇ» دەپ رەسۇلۇللا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى. زەينەپ: ئى رەسۇلۇللا! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر بار، ئەجەبا بىزمۇ بۇ بالا- قازاغا دۇچار بولامدۇق؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللا:« شۇنداق يامان ئىشلار بەك كۆپىيىپ كەتسە، شۇنداق بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىستە بىر قېتىم چىقىشقا ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ **700** يىلدىن كېيىن چىققان. ئۇندىن باشقا ئايەت، ھەدىسكە قارىغاندا، بۇ تائىپە يەنە بىر قېتىم چىقىدۇ. بۇلار بۇ قېتىم جۇڭگو بىلەن بىرلەشتى، جۇڭگونىڭ شىمالىدا تۇرۇشلۇق ئىچكى ۋە تاشقى مۇڭغۇللار خەرىتىسى بار.

ئالىملار دېيىشچە، سەمەرقەنت، ھىندى، ئەزەربەيجان ئەتراپىدا، يەنى مۇڭغۇللار دۆلىتىدە زۇلقەرنەين سوققان سېپىل باركەن بۇمۇ ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر.

يەنە ئالىملارنىڭ ئوتتۇرىغا قويىشىچە، مۇڭغۇللار، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېگىز جايلاردىن زېمىننىڭ ئۈستۈن تۆپىلىكىدىن ھۇجۇم قىلىپ باشقا، ئەللەرگە كىرگەن. مانا بۇ قۇرئاندىكى ئۇلار ئىگىز جايدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىدۇ دېگەن ئايەت شۇ. بۇ بىر مۆجىزە بولماقتا، شۇنداقلا ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاقتاي بىلەن باتۇرلار باشلاپ ماڭغان قوشۇن بىز پەيغەمبىرىڭلار ئاگاھلاندۇرغان يەجۇج - مەجۇج دېگەن تائىپە شۇ دېگەنىكەن (ئىبنى كەسىرنىڭ بىدايەت ۋە ناھايەت دېگەن كىتابىدا بار بۇ كىتاب نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى كىتاب) چىڭگىزخانمۇ ئەرەب ئەللىرىگە پەيغەمبىرىڭلار تۆرۈكلەرنى جىم قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەرنى جىم قويسىلا دېگەن. بىز تۈرك سىلەر مېنىڭ ئەلچەمنى ئۆلتۈرۈپ تىجارەت ماللىرىمنى بۇلاپسىلەر، سىلەرنى كەچۈرمەيمەن دەپ قوشۇن تارتىپ چىققانلىقى، تارىخدا خاتىرلەنگەن.

رەسۇلۇللا يەجۇج - مەجۇجلار مەككىگە، مەدىنىگە، بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرەلمەيدۇ دېگەن. راستىنلا چىڭگىزخان، تاتار، تۈرك قوشۇنلىرى زېمىننىڭ شەرق غەربلىرىنى ئاياغلانسىمۇ، يەنىلا بۇ ئۈچ مۇقەددەس جايغا كىرەلمىگەن. بۇمۇ بىر مۆجىزە بولماقتا. ئايەتتە ئىگىز جايدىن چۈشىدۇ دېسە، راستىنلا ئىگىزلىكدىن ھۇجۇم قىلىپ چۈشكەن. پاساد تېرىيدۇ دېسە، دەل مۇشۇلار پاساد

تېرىغان، ئۇنداق بولمىغاندا زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پاساد تېرىغان زادى كىم؟ بۇنىڭغا بۇ مۇڭغۇللاردىن باشقا پاكىت يوق. شۇنداقلا بۇلار ئىنتايىن مەينەت بولۇپ، ئالدىغا كەلگەننى يەۋىرىدۇ، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋرىدۇ.
قۇرئاندا زۇلقەرنەيىن شەرىققە قىلغان سەپىرىدە ئۇچقاتقان ئىككى توساق ئارىسى دەل مۇشۇ شەرىقدە، بۇ جاي ئەرەبلەرگە نىسبەتەن شەرق بولىدۇ - دە![تەپسىر تەنتاۋى]

## ئۇچ قېتىملىق يەر يۇتۇش

ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇچ قېتىملىق يەر يۇتۇشنىڭ يۈز بېرىشى: بىر قېتىمى غەربتە، يەنە بىر قېتىمى شەرقتە، يەنە بىر قېتىمى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولىدۇ(مۇشۇ ئالامەتلەرنى كۆرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ) » [مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]

## كىشىلەرنى توپلايدىغان ئوت

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەتنىڭ ئالدىنقى ئالامىتى شۇكى، ئىنسانلارنى مەشرىقتىن مەغرىبكە يىغىدىغان بىر ئوت چىقىدۇ» [بۇخارى]
ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەمەننىڭ ئەدەن شەھىرىدىن بىر ئوت چىقىپ كىشىلەر نەدە قونسا، نەدە ئارام ئالسا، شۇ جايدا ئۇلار بىلەن بىللە توختاپ ئۇلارنىڭ مەھشەرگاھقا ھەيدەيدىغان ياكى توپلايدىغانلىقى » [مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد سەھىھ]
باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« ئەدەن زېمىننىڭ ئاستىدىن بىر ئوت چىقىپ، ئىنسانلارنى كۆچۈرۈۋېتىدۇ. باشقا بىر رىۋايەتتە بولسا:« شامال چىقىپ، ئىنسانلارنى دېڭىزغا تاشلايدۇ - دەپ كەلگەن» [مۇسلىم]
ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەتتىن ئىلگىرى ھەزرەمەۋتتىن ياكى ھەزرەمەۋت دېڭىزىغا يېقىن جايدىن بىر ئوت چىقىپ، بارلىق ئىنساننى بىر يەرگە يىغىدۇ - دېدى. ساھابىلەر: ئۇ چاغدا بىز نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەك؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شامغا كېتىڭلار! - دېدى» [تىرمىزى]

## كەبىنىڭ چېقىلىپ كېتىلىشى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەيتۇللاغا(كەبىگە) قارشى قوشۇنلاردىن بىر قوشۇننى يەر يۇتۇپ كەتمىگۈچە، بۇ بەيتۇللاغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلار ئاخىرلاشمايدۇ» [نەسەئى ۋە ھاكىم سەھىھ]
سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىنسانلار بۇ ئۆيگە (كەئبىگە) داۋاملىق ئۇرۇش ئاچىدۇ، ھەتتا بىر قوشۇن كەئبىنى ئۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، بەيزا دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، ھەممىسى يەرگە يۇتتۇرۇلىدۇ، ئۇلاردىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ،- دېدى. مەن: ئى ئاللانىڭ رەسۇلى! ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش قىلىشنى ياقتۇرمىغان كىشىلەرچۇ؟- دەپ سورىسام، ئۇ جاۋابەن: ئاللا (قىيامەتتە) ئۇلارنى نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرىدۇ- دېدى» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە نەسەئى سەھىھ]
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر قوشۇن كەئبىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چىقىپ بىر دالاغا كەلگەندە قوشۇننىڭ ھەممىسىنى زېمىن يۇتۇۋېتىدۇ» دېدى. مەن:« ئى رەسۇلۇللا! قانداقلارچە ئۇلارنىڭ باش- ئاخىرى بولۇپ ھەممىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ قاتارىدا بولمىغان كىشىلەرمۇ، جەڭگە قاتناشمايدىغان بازارچىلارمۇ بار تۇرسا؟» دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يەر ئۇلارنى باشتىن - ئاخىر يۇتۇۋېتىدۇ، كېيىن ئۇلار نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كەبىنى ھەبەشلىك كىچىك ئىنچىكە پاچاقلىق بىرىسى بۇزىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ئۇ ئالچاڭ پۇت نېگىرنىڭ كەئبە تاشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن» [بۇخارى]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« شادىپاچاق بىر نېگىر كەئبىنى چېقىپ، ئىچىدىكى زىبۇزىننەتنى ئېلىپ، يوپۇقنىمۇ يىغىۋالىدۇ. پاينەك باش، پۇت- قوللىرى مايماق ئۇ نېگىرنىڭ گۈرجەك ۋە سۈمبە بىلەن كەئبىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن» [ئەھمەد ۋە ئەلكەبىر]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« نېگىرلار سىلەرگە چېقىلمىسىلا، سىلەرمۇ ئۇلارغا

چىقىلماڭلار. چۈنكى كەئبىنىڭ بايلىقىنى شادىپاچاق نىگىردىن باشقىسى چىقارمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد]

## قىيامەتنىڭ ئالدىدا بىر خىل شامال ئەۋەتىش

ئىياس ئىبنى ئەبۇ رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت قايىم بولۇشىنىڭ ئالدىدا بىر خىل شامال كېلىپ ھەربىر مۆمىننى قەبزى روھ قىلىدۇ» [تەبرانى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللا مەيىن شامال ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بار ھەممە كىشى ۋاپات تاپىدۇ » [مۇسلىم]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا شام تەرەپتىن سۇغۇق شامال چىقىرىدۇ، ئۇ شامال يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررىچە ياخشىلىق ياكى ئىمان بولغان كىشىنى قالدۇرماي قەبزى روھ قىلىدۇ، ھەتتا بىرەرسىڭلار تاغنىڭ باغرىغا كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ شامال شۇ يەرگە كىرىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايدۇ» [مۇسلىم]

## قىيامەتنىڭ جۈمە كۈنى بولىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت پەقەت جۈمە كۈنى بولىدۇ» [مۇسلىم ئەھمەد ۋە تىرمىزى سەھىھ]

ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت جۈمە كۈنىدە بولىدۇ، بارلىق مەخلۇق جۈمە كۈنىدە ئۆلىدۇ»[ئەھمەد ۋەنەسەئى ۋەئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ۋە ھەببان سەھىھ]

ئەبۇ بابەت ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جۈمە كۈنى كۈنلەرنىڭ خوجىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتتىنمۇ ئۇلۇغدۇر. بۇ كۈندە بەش خىسلەت ئىشلار بار بولۇپ: بۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان ھەم بۇ كۈندە جەننەتتىن يەرگە چۈشۈرۈلگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ۋاپات تاپقان، جۈمە كۈنىدە بىر ۋاقىت بار بولۇپ، بەندە ئۇ ۋاقىتتا ئاللاتائالادىن(ھارام نەرسىنى سورىمىسىلا) نېمىنى تىلىسە بېرىدۇ، قىيامەت جۈمە كۈنى قايىم بولىدۇ، ھەرقانداق ئاللاغا يېقىن پەرىشتە، ئاسمان، زېمىن، شامال، تاغلار ھەتتا دېڭىزلارمۇ جۈمە كۈنى قىيامەت قايىم بولۇشىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ»[ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنى بولۇپ، بۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان ھەم بۇ كۈندە جەننەتتىن يەرگە چۈشۈرۈلگەن. ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسىنى جۈمە كۈنى قوبۇل قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ۋاپات تاپقان. قىيامەت جۈمە كۈنى قايىم بولىدۇ. جۈمە كۈنى ئىنسى- جىندىن باشقا بارلىق جانلىقلار قىيامەت قايىم بولۇشتىن قورقۇپ، تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچە جىمجىت قۇلاق سېلىپ تىڭ- تىڭلايدۇ»[ مالىك ۋە ئەھمەد ۋەنەسەئى ۋە تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

## سۈر تۇغرىسىدا

بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەقىقەتەن ئىسرافىل سۈرنى ئېغىزىغا ئېلىپ بولدى، ئۇنى چېلىشقا قاچان بۇيرۇيدىغانلىقىنى كۈتۈپ، يۈزىنى پەسكە قارىتىپ كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ » [خەتىبۇلبەغداد سەھىھ]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن قانداقمۇ شاد- خۇرام ياشايمەن، ھالبۇكى سۈر چالغۇچى سۈرنى چېلىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئالغان تۇرسا، ئۇ رۇخسەتنى كۈتۈۋاتىدۇ، قاچانكى ئۇنى پۈۋلەشكە بۇيرۇق قىلىنسا، ئۇنى پۈۋلەيدۇ» [تىرمىزى]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:« سۈر دېگەن نېمە؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ پۈۋلىنىدىغان بۇرغىدۇر( مۈڭگۈزدۇر)- دەپ جاۋاب بەردى» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن جۈمە كۈنىدە سۈر چېلىنىدۇ» [ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ۋە ھەببان سەھىھ]

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئىنسانلار! ئاللانى زىكىر

قىلىڭلار! ئاللانى زىكىر قىلىڭلار! بىرىنچى سۇر چېلىنىدۇ، ئارقىدىنلا ئىككىنچى سۇر چېلىنىدۇ. ۋەھىمىلىك ئۆلۈم يېقىنلىشىپ كەلمەكتە» [تىرمىزى ھەسەن]

## كىشىلەرنىڭ قىيامەتنى سورايدىغانلىقى

[ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان، سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى كۆرسىتىمەن. مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار [37] سۈرە ئەنبىيا][ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر [11] سۈرە بەنى ئىسرائىل][راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى [97] سۈرە ئەنبىيا][اللّٰەنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار [1]سۈرە نەھل][ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزەڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزەڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر [23] سۈرە زارىيات][سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (ساۋاب، ئازاب، قىيامەت قاتارلىق) لار ئەلۋەتتە راستتۇر [5] (ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكاپاتلاش، (يامان ئەمەللەرنى) جازالاش چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر [6] سۈرە زارىيات][بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدا) راستچىلمىز [146] سۈرە ئەنئام][زامان بىلەن قەسەمكى  [1] ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر- بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر- بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر [2-3] سۈرە ئەسر][قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن  اللّٰەنىڭ دەرگاھىدىدۇر [34] سۈرە لوقمان][ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئۇيلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر [7] سۈرە رۇم][ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى پىشىپ يېتىلدىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق گۇماندىدۇر، ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق كوردۇر [66] سۈرە نەمل][(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى:« ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (اللّٰە) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر) ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ» گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى:« ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت  اللّٰە  بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ [187] سۈرە ئەئراف][سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟  [43] ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر  [44] سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر  [45] ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ) [46] سۈرە نازىئات][قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ، بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق مۇجادىلە قىلىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر [18] سۈرە شۇرا][قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا شەك يوق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ [59] سۈرە غافىر] [سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قاتارلىق) ئىشلار چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر [134] سۈرە ئەنئام][قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش پەقەت ئاللاغا خاستۇر [47]سۈرە فۇسسىلەت][قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم [15] سۈرە تاھا][ئۇلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ [66]سۈرە زۇخرۇف][لېكىن قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ- دە، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ئۇلار قىيامەتكە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ۋە ئۆزرە بايان قىلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ [40] سۈرە ئەنبىيا][قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر [77] سۈرە نەھل] [اللّٰەغا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى قايتا تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار:« ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزدىن نادامەت» دەيدۇ. گۇناھلىرىنى ئۇستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ (گۇناھلارنى) يۈكلىگىنى نېمىدېگەن يامان! [31] سۈرە ئەنئام] [ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ  [6] بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز [7] سۈرە مائارىج][ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر [47] سۈرە ھەج] [ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈننى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز [104] سۈرە ھود]

## قىيامەت نېمىدۇر

[قىيامەت  [1] قىيامەت نېمىدۇر  [2] قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [3] سۈرە قارىئە][قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟  [17] قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟  [18] ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم اللّٰەغا خاستۇر [19] سۈرە ئىنفىتار][قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر [46] سۈرە قەمەر] [ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ- ھەسرەتكە تولىدۇ، زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ [18] سۈرە غافىر][ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار،

قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر [1] سۈرە ھەج] [ئۇلارغا ھەقىقەتەن (قۇرئان) خەۋەرلىرىدىن ئىبرەت ئېلىنىدىغان مىقداردا نەرسە كەلدى [4] مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى، (اللّٰه ئۇلارنى شەقى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ [5] سۈرە قەمەر]

## قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلدى

[(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلدى [1] بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر [2] ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر [3] ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ [4] (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ [5] ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (يەنى بەتبۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ [6] زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ [7] بۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار نېمەت بىلەن خۇشالدۇر [8] بۇ دۇنيادا قىلغان (سەئيى - ئەمەللىرىدىن) مەمنۇندۇر [9] ئۇلار ئالىي جەننەتتىدۇر [10] ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ [11] ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ [12] ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت - رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار [13-16] سۈرە غاشىيە]

## بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىش

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەتىگىنى دەججال ئۈستىدە توختىلىپ ئاۋازىنى بىر پەسلىتىپ بىر كۆتۈرەتتى. بىز دەججالنى يېقىن جايدىكى خورمىزالىقتىكەن، دەپ قالدۇق. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمىزدا، ئۇ بىزنىڭ ھالىمىزنى بىلىپ:« ئەھۋالىڭلار قانداق؟» دېدى. بىز:« ئى رەسۇلۇللا، قايسى بىر ئەتىگىنى سەن ئاۋازىڭنى بىر پەسلىتىپ بىر كۆتۈرۈپ دەججال ئۈستىدە توختالدىڭ، ھەتتاكى بىز ئۇنى يېقىن جايدىكى خورمىزارلىقتىمىكىن دەپ قالدۇق» دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم سىلەرگە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن باشقا بىر پىتنىنىڭ يېتىپ قېلىشىدۇر. ئەگەر دەججال چىققاندا مەن ئاراڭلاردا بولىدىغان بولسام ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىمەن، ئەگەر ئۇ چىققان چاغدا مەن ئاراڭلاردا بولمىسام ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلاجىنى ئۆزى قىلسۇن. مەندىن كېيىن ئاللاتائالا ھەر بىر مۇسۇلماننى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئۆزى ساقلايدۇ. دەججال قويۇق بۇدۇر چاچلىق، كۆزى پولتىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر يىگىتتۇر، گويا ئۇنى مەن قەتەننىڭ ئوغلى ئابدۇل ئۇززاغا ئوخشىتىمەن. كېيىنكى چاغلاردا سىلەردىن كىمكى ئۇنى كۆرسە ئۇنىڭغا سۈرە كەھفنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن. ئۇ شام بىلەن ئىراقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يولدىن چىقىدۇ ۋە ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ ھەممىلا يەردە پىتنە پاسات تېرىيدۇ. ھەي ئاللانىڭ بەندىلىرى! دىنىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار» دېدى ( دەججال مەيدانغا كەلگەندە مۆئمىنلەردىن بىر كىشى دەججال تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ئۇنىڭغا دەججالنىڭ پايلاقچىلىرى يولۇقۇپ ‹ نەگە بارماقچىسەن؟› دەيدۇ. مۆئمىن:« دەججالنىڭ يېنىغا» دەيدۇ. ئۇلار:« بىزنىڭ رەببىمىزگە ئىمان كەلتۈرمەمسەن؟» دەيدۇ مۆئمىن:« رەببىمىز يوشۇرۇن ئەمەس» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار، دېسە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەببىڭلار سىلەرنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشىڭلارنى مەنئى قىلغان ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار ئۇ مۆئمىننى دەججالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. مۆئمىن دەججالنى كۆرگەندە:« ئى، خالايىق! رەسۇلۇللا سۆزلەپ بەرگەن دەججال مانا مۇشۇ» دەيدۇ. دەججالنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ قوزۇقلارغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. يەنە:« ئۇنى تۇتۇپ باش كۆزلىرىنى يېرىڭلار» دەيدۇ. مۆئمىننىڭ قورساق - دۈمبىلىرىگە راسا ئۇرۇلىدۇ. دەججال:« ماڭا ئىمان ئېيتامسەن؟» دەيدۇ. مۆئمىن:« سەن كاززاپ دەججال سەن» دەيدۇ. بۇيرۇق بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەرىدىلىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىلىدۇ. ئاندىن دەججال ھەرىدىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن جەسەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ مۆئمىنگە:« تۇر » دەيدۇ. مۆئمىن ئورنىدىن ساپساق ھالەتتە تۇرىدۇ. دەججال مۆئمىنگە:« ماڭا ئىمان كەلتۈرەمسەن؟» دەيدۇ. مۆئمىن:« مېنىڭ سېنىڭ دەججال ئىكەنلىكىڭگە بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئى خالايىق! ئۇ ماڭا قىلغانلىرىنى ئەمدى ھېچكىمگە قىلالمايدۇ» دەيدۇ. دەججال ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا ئاللا مۆئمىننىڭ بويىندىن ئوقرەك سۆڭىكىگىچە بولغان يەرلەرنى تۇچتىن قىلىپ قويىدۇ. دەججال مۆئمىننى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ تاشلايدۇ، كىشىلەر دەججال ئۇنى دوزاخقا تاشلىدى، دەپ گۇمان قىلىدۇيۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەتكە تاشلانغان بولىدۇ. رەسۇلۇللا مۇنداق دەيدۇ:« ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللا نەزىرىدە شەھىد بولغانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ھېسابلىنىدۇ )( بىز :« ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ زېمىندا قانچە ۋاقىت تۇرىدۇ؟» دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئۇ قىرىق كۈننىڭ بىرىنچى كۈنى بىر يىلدەك، ئىككىنچى كۈنى بىر ئايدەك، ئۈچىنچى كۈنى بىر ھەپتىدەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىڭلەردەك بولىدۇ» دېدى. بىز:« ئى رەسۇلۇللا! بىر يىلدەك بولىدىغان ئۇزۇن كۈندە بىر كۈنلۈكنىڭ نامىزىنى ئوقۇسا بولامدۇ» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بولمايدۇ، سىلەر ئۇ كۈننى ئادەتتىكى كۈننىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلىكىدە بىر كۈنلۈك نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار» دېدى. بىز:« ئى رەسۇلۇللا! ئۇنىڭ مېڭىش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇنىڭ سۈرئىتى شامال ھەيدەپ كەلگەن بۇلۇتتەك بولىدۇ. ئۇ بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كېلىدۇكى، ئۇلارنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. نېمە دېسە شۇنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئاندىن ئۇ ئاسماننى يامغۇر ياغدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ. زېمىننى بۇيرۇپ، زېمىندىن ئۈسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ. ئۇ قەۋمنىڭ ئوتلىغىلى كەتكەن چارۋىلىرى كەچقۇرۇنلۇقى يوغىناپ، يىلىنلىرى سۈتكە تولغان، سەمرىگەن هالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ باشقا بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قەهەتچىلىك يۈزلىنىپ قوللىرىدا هېچقانداق مال- مۈلكى قالمايدۇ. ئۇ بىر خارابىلىكتىن ئۆتۈپ ئۇ يەرگە ئىچىڭدىكى نەرسىلەرنى چىقار دەيدۇ. خارابىلىك ئىچىدىكى بايلىقلار هەسەل هەرىسى ئۇۋۇسىدىن چىققاندەك ئارقىمۇ- ئارقا چىقىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئاندىن ئۇ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن بىر كىشىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ، ئۇ كىشىنى قايتا چاقىرىدۇ، ئۇ تىرىلىپ خۇشال كۈلگەن قىياپەتتە دەججالنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئاللاتائالا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيهىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئىسا ئەلەيهىسسالام بىر جۈپ رەڭلىك كىيىم كىيگەن، ئىككى ئالىقىنىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان هالەتتە دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلسا بېشىدىن سۇ تامچىيدۇ، بېشىنى كۆتۈرسە مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇ تامچىلىرى تۆكۈلىدۇ، ئۇنىڭ هىدىنى ئالغان ئىمانسىزلارنىڭ هەممىسى هايات قالمايدۇ. ئۇنىڭ هىدى كۆزى يەتكەن يەرگىچە بارىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيهىسسالام دەججالنى ئىزدەپ ئاخىر ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىن بابىلۇن دېگەن جايدا تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا ئاللاتائالا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلاپ قالغان قەۋم كېلىدۇ. ئىسا ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئاللاتائالا ئىسا ئەلەيهىسسالامغا:« هەقىقەتەن مەن هېچ بىر كىشىنىڭ سوقۇشۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان بىر جامائە بەندىلىرىمنى چىقاردىم، سەن مۆئمىن بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا ئېلىپ بارغىن» دەپ ۋەهيي قىلىدۇ (ئاللاتائالا يەجۈج- مەجۈجنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ هەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ) (مۇسۇلمانلار ماللىرىنى ئېلىپ، شەهەر ۋە سېپىللىرىنىڭ ئىچلىرىگە كىرىۋالىدۇ. يەجۈج- مەجۈج زېمىننىڭ سۇلىرىنى ئىچىدۇ، هەتتا ئۇلاردىن بەزىسى بىر ئۆستەڭدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۆستەڭنى قۇرۇتىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن يەنە بىر توپى بۇ يەردىن ئۆتكەندە بىر چاغلاردا بۇ ئۆستەڭدە سۇ بار ئىدى، دېيىشىدۇ. (يەر يۈزىدە) شەهەر ياكى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان كىشىلەردىن باشقا بىرىسى قالمىغاندا يەجۈج- مەجۈجلار يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسىدىن خالاس بولدۇق، ئەمدى ئاسماندىكىلەر قالدى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى نەيزىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سىنىلىشى ئۈچۈن نەيزە ئاسماندىن قانغا بويالغان هالەتتە قايتىپ چۈشىدۇ )( ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى قامىلىپ قالىدۇ. هەتتا ئۇلارنىڭ بىرى ئۈچۈن ئۆكۈزنىڭ بىر تال بېشى سىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈڭلاردىكى يۈز تىللادىن ئەلا بولۇپ قالىدۇ. ئىسا ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ هەمراهلىرى ئاللاغا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاتائالا يەجۈج- مەجۈجلەرنىڭ بويىنىغا چېكەتكىنىڭ گەدىنىگە چۈشىدىغان قۇرتتەك قۇرتنى ئەۋەتىدۇ- دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار هېچ بىر شەپىسىزلا ئۆلىدۇ )( ئاندىن ئىسا ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى (تۇر تېغىدىن) زېمىنغا چۈشىدۇ. زېمىننىڭ بىر غېرىچ يېرىمۇ يەجۈج- مەجۈجلارنىڭ بەد بۇيي، سېسىق پۇرىقىدىن خالىي بولمايدۇ. ئىسا ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىدۇ. ئاللاتائالا تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىدەك چوڭ قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ قۇشلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاللا خالىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا شۇنداق بىر يامغۇر ياغدۇرىدۇكى، يامغۇر بىرەر ئۆيي ۋە ياكى بىرەر چېدىرنىمۇ ساق قالدۇرمايدۇ. زېمىننى يۇيۇپ ئەينەكتەك قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن زېمىنغا:« مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈرگىن، بەرىكەتلىرىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگىن» دېيىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە بىر ئانار بىر جامائەت كىشىلەر يەپ تويىدۇ، شۇپەكلىرى بىلەن سايىدايدۇ، سۈتكە شۇنداق بەرىكەت بېرىلىدۇكى، هەتتا بىر سۈتلۈك تۆگە ئادەملەرنىڭ بىر كاتتا جامائەسىگە كۇپايە قىلىدۇ، سىيرىنىڭ سۈتى بىر قەبىلە كىشىلىرىگە يېتىدۇ. بىر ساغلىقنىڭ سۈتى بىر جەمەت كىشىلىرىگە يېتىدۇ، ئۇلار شۇنداق ياشاۋاتقان چاغدا )( ئاللاتائالا شام تەرەپتىن سوغۇق شامال چىقىرىدۇ، ئۇ شامال يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررىچە ياخشىلىق ياكى ئىمان بولغان كىشىنى قالدۇرماي قەبزى روھ قىلىدۇ، هەتتا بىرەرسىڭلار تاغنىڭ باغرىغا كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ شامال شۇ يەرگە كىرىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايدۇ )( ئۇلاردىن كېيىن زېمىندا ئېشەكلەردەك ئاشكارا جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىغان ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ )( يەر يۈزىدە يامان ئىشلارغا بېرىلىشتە قۇشنىڭ ئۇچقىنىدەك تېز، يىرتقۇچ ۋەهشىي هايۋانلاردەك هۆركىرەيدىغان كىشىلەر قالىدۇ، ئۇلار ياخشى ئىشنى بىلمەيدۇ، يامان ئىشنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئاندىن شەيتان بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:« مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەمسىلەر» دەيدۇ، ئۇلار:« بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟» دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭ، تۇرمۇشى پاراۋان بولۇپ كېتىدۇ ) ئۇلار پەقەت بىر ئاۋازنىلا (يەنى ئىسرافىل ئەلەيهىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چالغان سۇرىنىلا) كۈتىدۇ. ئۇلار (دۇنيادا سودا- سېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە) جاڭجاللىشىپ تۇرغان هالەتلىرىدە، ئۇ ئاۋاز ئۇلارنى هالاك قىلىدۇ [49] ئۇلار بىر- بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ [50] سۈرە ياسىن] ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن :«.. قىيامەت ئىككى كىشى رەختلىرىنى يېيىشىپ تۇرغىنىدا بولىدۇ. ئۇلار رەختلىرىنى سېتىشقىمۇ ياكى يىغىشتۇرىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. قىيامەت بىر كىشى تۆگىسىنى سېغىپ سۈتىنى ئېلىپ قايتقان ۋاقتىدا بولىدۇ. ئۇ كىشى هەتتا ئۇ سۈتتىن ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. قىيامەت بىر كىشى كۆلچىكىنى ئوڭشاۋاتقاندا بولىدۇ. ئۇ كىشى

كۆلچىكىدىن سۇ ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. قىيامەت بىر كىشى تامىقىنى ئېغىزىغا يېقىن ئېلىپ كەلگەندە بولىدۇ. ئۇ كىشى ھەتتا ئۇ تامىقىنى ئېغىزىغا سېلىپ يېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ» [بۇخارى] ئاللانىڭ سۆزى ھەقتۇر، سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى (قىيامەت كۈنىدىكى) پادىشاھلىق اللّٰهغا خاستۇر [73] سۈرە ئەنئام] ( شەك- شۈبھىسىزكى، ئىسرافىل ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن سۇر چالىدۇ، تۇنجى قېتىملىق قورقۇنچلۇق سۇرنى ئۇزۇپ چالىدۇ. ئەنە شۇ تۇنجى سۇر دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىپ تىرىك قالغان يامان ئىنسانلارغا قىيامەت قايىم بولغان چېغىدا چېلىنىدۇ. ( ئۇنى ئالدى بىلەن تۆگىسىنى سۇغۇرىدىغان كۆلنى ئوڭلاۋاتقان كىشى ئاڭلايدۇ) بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا [13]... بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ [15] سۈرە ھاققە] ئۇ كۈندە سۇر چېلىنىدۇ، اللّٰه خالىغانلاردىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ [87] سۈرە نەمل] بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دە زېمىن (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ [6] ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ [7] سۈرە نازىئات] ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ [14] سۈرە مۇززەممىل] تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ [9] سۈرە مائارىج] تاغلار گۇمران بولغان چاغدا [3] سۈرە تەكۋىر] ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان ( قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ [16] پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ [17] سۈرە ھاققە] ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ [8] سۈرە مائارىج] ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز [104] سۈرە ئەنبىيا] كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا [1] سۈرە ئىنفىتار] يۇلتۇزلارنىڭ (نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا [8] سۈرە مۇرسەلەت] يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا [2] تاغلار گۇمران بولغان چاغدا [3] بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا [4] ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا [5] سۈرە تەكۋىر] دېڭىزلار بىر - بىرىگە قوشۇلغان چاغدا [3] سۈرە ئىنفىتار] دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا [6] سۈرە تەكۋىر] بۇ كۈندە دىللارنى قورقۇنچ باسىدۇ [8] سۈرە نازىئات] شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ [4] سۈرە قارىئە] كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە:« قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ [7-10] ياق، (اللّٰهنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگار يوقتۇر [11] بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر[12] سۈرە قىيامەت][ يۇقىرىدىكى پارچە -پارچە تېرناقچىنىڭ ئىچىدىكى ئۇلاپ قىلغان ھەدىسلەر ۋە ئۇزۇن ھەدىسلەر مۇسلىم ۋە بۇخارى رىۋايىتى]

## ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىش

[سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى اللّٰه خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ [68] سۈرە زۇمەر]
بۇ ئىككىنچى قېتىملىق سۇر بولۇپ، ئۆلۈم سۇرىدۇر.

پەقەت ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتە ۋە جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسرافىل، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامدىن باشقا تامامى پەرىشتىلەر ۋە تامامى مەخلۇقلار ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئاندىن ئاللا ئەززە ۋەجەللە ئەزرائىلغا ئېيتىدۇ:« مېنىڭ خەلقىمدىن كىم قالدى؟ ھالبۇكى، ئاللا ئالىمدۇر. ئەزرائىل ئېيتىدۇكى: يارەببى ئەمدى جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسرافىل، ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر قالدى، يەنە مەن قالدىم، دەيدۇ. ئاندىن ئاللا ئەزرائىلغا بۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئاللا ئېيتىدۇ: ئى ئەزرائىل خەلقىمدىن كىم قالدى؟ دەيدۇ. ئەزرائىل ئېيتىدۇكى: مەن قالدىم دەيدۇ. ئاللا ئېيتىدۇكى، مېنىڭ: [ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر [35] سۈرە ئەنبىيا] دېگەن سۆزۈمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ سەن مېنىڭ خەلقىمدىن بىر خەلقىسەن سېنى ئۆلۈم ئۈچۈن ياراتتىم، ئەمدى ئۆل دەپ بۇيرۇيدۇ، ئەزرائىلمۇ ئۆلىدۇ. ئاسمان زېمىندا ئاللادىن باشقا ھېچ مەخلۇق قالمايدۇ! [زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ [26] سۈرە رەھمان] [اللّٰهنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ [88] سۈرە قەسەس] [ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ [27] سۈرە رەھمان] ھەمىشە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان، ئەزەلدىن بار بولغان ئاللالا يالغۇز قالىدۇ. ئۇ داۋاملىق مەڭگۇ قالغۇچىدۇر. ئاندىن ئاللا:[ بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟[16] سۈرە غافىر] دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيدۇ. ئاندىن ئۆزىگە ئۆزى جاۋاب بېرىپ:[ پادىشاھلىق غالىب بىر اللّٰهغا خاستۇر[16] سۈرە غافىر] مەنلا يالغۇز ئىدىم، ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدىم، ھەممە نەرسىنى تۈگەشكە ھۆكۈم قىلدىم، دەيدۇ»

[قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللّٰهنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللّٰهنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ [67] سۈرە زۇمەر] ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئاللاتائالا زېمىننى چاڭگىلىغا ئالىدۇ، ئاسمانلارنى ئوڭ قولىدا قاتلايدۇ. ئاندىن مەن ھەقىقىي پادىشاھ، قېنى زېمىننىڭ پادىشاھلىرى؟ قېنى زالىملار؟ قېنى ھاكاۋۇر، چوڭچىلار؟» دەپ نىدا قىلىدۇ [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئىككى سۇر ئارىلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« (قىيامەت بولغاندا چېلىنىدىغان) ئىككى سۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا 40 بار» دېگەن، دېۋىدى. كىشىلەر:« ئى ئەبۇ ھۇرەيرە 40 كۈنمۇ؟» دېۋىدى. ئۇ:« بىلەلمىدىم»

دېدى. كىشىلەر:« 40 يىلمۇ؟» دېيىشىدى. ئۇ:« بىلەلمىدىم» دېدى. ئۇلار:« 40 ئايمۇ؟» دېيىشىدى. ئۇ:« بىلەلمىدىم» دېدى ۋە رەسۇلۇللا:« ئىنسانلارنىڭ ھەممە يەرلىرى چىرىپ كېتىپ پەقەت قۇيرۇق سۆڭىكىلا چىرىماي قالىدۇ. ئىنسان شۇ سۆڭەكتىن (قايتا) يارىتىلىدۇ ۋە قۇراشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ ، ئاندىن ئاللا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ئۇلار خۇددى ئوت- چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ» دېگەنىدى دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئاللاتائالا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، يامغۇر بىلەن پۈتۈن خالايىقلارنىڭ تەنلىرىنى قەبرىلىرىدىن خۇددى سۇ بىلەن تۇپراقتىن زىرائەتنى ئۈندۈرگەندەك ئۈندۈرىدۇ، تەنلەر ئۆسۈپ مۇكەممەل قىياپەتكە كەلگەن چاغدا ...

## ئۈچىنچى قېتىملىق سۇر چېلىش

بىرىنچى قېتىم ئىسرافىلنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنى يەنە بىر قېتىم سۇر چېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ ئۈچىنچى قېتىملىق سۇر بولۇپ، جانلىقلارنى تىرىلدۈرۈش سۇرى بولىدۇ. [(ھېساب ئۈچۈن ئىنسانلارنى) ئىككىنچى قېتىم يارىتىشنى ئۈستىگە ئالدى [47] سۈرە نەجم] ئۈچىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدىغان چاغدا ئاللاتائالا روھلارنى سۇرنىڭ ئاغزىغا قويۇشقا بۇيرۇيدۇ. جەسەتلەر قەبرىلىرىدە ۋە ئورۇنلىرىدا ئۈنگەندىن كېيىن ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇرنى چالىدۇ. سۇر چېلىنغان ۋاقىتتا روھلار تارقىلىدۇ. مۆمىنلەرنىڭ روھلىرى نۇر بولۇپ يورۇيدۇ. كاپىرلارنىڭ روھلىرى قاراڭغۇ بولىدۇ. ئۇممە ھانىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى بولغاندا ھەربىر جان ئۆز جەسىدىگە كىرىدۇ» [تەبرانى سەھىھ] [جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا [7] سۈرە تەكۋىر] ئاندىن ئۇلۇغ ۋە كاتتا ئاللا: مېنىڭ ئىززىتىم ۋە ئۇلۇغلۇقىم بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە روھنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھلار ئۆز جەسەتلىرىگە كېلىپ زەھەر بەدەنگە تاراپ ماڭغاندەك جەسەتلەرگە تارايدۇ. زېمىن يېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۈستى- بېشىدىكى توپا چاڭلارنى قاققان ھالەتتە قەبرىلەردىن تۇرىدۇ»

[بىر سەيھە (يەنى ئىسرافىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ [13-14] سۈرە نازىئات] [زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە [1] زېمىن (قويندىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئۆتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا [2] ئىنسان ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا):« نېمە بولدى؟» دېگەندە [3] سۈرە زەلزەلە]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زېمىن يېرىلىپ تۇنجى چىقىدىغان ئىنسان مەن بولىمەن» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەر قىيامەت كۈنى نىيەتلىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرىدۇ» [ئەھمەد سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر قانداق بەندە قانداق ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ» [مۇسلىم]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇئەززىنلەر ۋە (ھەجدە) تەلبىيە ئېيتقانلار قىيامەت كۈنى قەبرىدىن ئەزان ئوقۇغان ۋە تەلبىيە ئېيتقان ھالدا چىقىدۇ» [ئەلئەۋسەت]

ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى ئادەم سۈرىتىدە ئەمما زەررىچىلىك ھەجىمدە بولىدۇ. ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن خارلىق قاپلايدۇ » [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىككى خوتۇنى بار ئادەم خوتۇنلىرىدىن بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتسە، قىيامەت كۈنى جىسمىنىڭ بىر تەرىپى مايماق قوپىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم سەھىھ]

[جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللّٰه ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ:« سودا - سېتىق جازانىگە ئوخشاش (جازانە، ئۆسۈم نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟) دېدى. اللّٰه سودا - سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى [275] سۈرە بەقەرە][كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز [124] ئۇ:« ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ [125] اللّٰه ئېيتىدۇ:« شۇنىڭدەك، ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن [126] سۈرە تاھا]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« (قىيامەت كۈنى) يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ ۋە سۈننەتسىز ھالدا تىرىلدۈرۈلىسىلەر - دېدى» [بۇخارى ۋە تىرمىزى ۋە ھاكىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قىيامەت كۈنى كىشىلەر يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، خەتنىسىز ھالەتتە توپلىنىدۇ» مەن:« ئى رەسۇلۇللا! ئەرلەر ۋە ئاياللار توپلانسا، بەزىلىرى بەزىلىرىگە قارايدىغۇ؟» دېدىم. رەسۇلۇللا:« ئى ئائىشە! قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئۇلارنىڭ بىر- بىرىگە قارىغۇدەك

هالى بولمايدۇ» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئۆز هالى بىلەن قېلىپ بىر - بىرىگە قارىيالمايدۇ» دېيىلگەن»

## قەبرىدىن چىققاندا هېچ نەرسە مەخپى قالمايدىغانلىقى

[ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە اللّٰهغا ئۇلاردىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەهۋالىدىن، ئەمەللىرىدىن، سىرلىرىدىن) هېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، بۈگۈن پادىشاهلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر اللّٰه غا خاستۇر [16] بۈگۈن هەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ، بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر، اللّٰه هەقىقەتەن تېز هېساب ئالغۇچىدۇر [17] سۈرە غافىر]

## مەهشەرگاهقا توپلىنىش

[ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىسىلەر [18] ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ [19] سۈرە نەبە]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئۈچ خىل شەكىلدە هەشىر قىلىنىدۇ. ئۈمىد ۋە ۋەهىمە ئىچىدىكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار بىرگە (مەرتىۋىسى يۇقىرى مۇسۇلمانلار) بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىككى كىشى، بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ كىشى، بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۆت كىشى، بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئون كىشى بولغان هالەتتە بىرگە هەشىر قىلىنىدۇ. قالغانلىرىنى (بىر پارچە) ئوت ئالدىغا سېلىپ هەيدەيدۇ. ئوت ئۇلار دەم ئالغان يەردە دەم ئالىدۇ. ياتقان يەردە ياتىدۇ، تاڭ ئاتقۇزغان يەردە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، كەچ قىلغان يەردە كەچ قىلىدۇ» [بۇخارى]
[ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەهشەرگاهقا) يۈگۈرىدۇ [43] ئۇلار (اللّٰهدىن ئۈيىلىپ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر [44] سۈرە مائارىج] ئۇلار:« ۋاي ئىسىت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى؟» دەيدۇ. مېهرىبان اللّٰهنىڭ ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ (كۈن) پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» دەيدۇ [52] سۈرە ياسىن][ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان هالدا، گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكۈدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ [7] ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان هالدا يۈگۈرەيدۇ، كاپىرلار:« بۇ قىيىن كۈندۇر» دەيدۇ [8] سۈرە قەمەر][شۇ كۈندە اللّٰه سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا هەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر [52] سۈرە بەنى ئىسرائىل][(بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل - ئىدراكتىن) خالى بولۇپ قالىدۇ [43] سۈرە ئىبراهىم][قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس هالدا يىغىمىز [97] سۈرە بەنى ئىسرائىل]
ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىرىسى رەسۇلۇللادىن: قىيامەتتە ئىمانسىزلار تىرىلگەندە، يۈزى بىلەن ماڭامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللا:« ئاللا بۇ دۇنيادا ئۇلارنى پۇتى بىلەن مېڭىشقا قادىر قىلغان ئىكەن، قىيامەتتە ئۇلارنى يۈزى بىلەن ماڭدۇرالماسمۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن[ بۇخارى ۋە مۇسلىم]
[بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن) كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناهكارلارنى يىغىمىز [102] سۈرە تاها]
ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان هالدا هازىر بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللانىڭ يولىدا جىهاد قىلىپ يارىلانغانلىقى ئادەم بولىدىكەن (ئاللا ئۆزىنىڭ يولىدا يارىلانغان ئادەملەرنى ئوبدان بىلىدۇ) ئۇ قىيامەت كۈنى يارىسىنىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ بويى كېلىپ تۇرغان هالدا هازىر بولىدۇ » [بۇخارى]

## تەقۋادارلارنى ئىززەت بىلەن يېغىش

[شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) تەقۋادارلارنى مەرهەمەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاهىغا ئىززەت- ئىكرام بىلەن يىغىمىز [85] سۈرە مەريەم]
ئىبنى ئەبۇ هاتەم، ئىبنى مەرزۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىن قەبرىسىدىن چىققان ۋاقتىدا تېنى خۇشبۇي پۇرايدىغان، ناهايىتى چىرايلىق بىر كىشىنى كۆرىدۇ. ئاندىن مۆمىن ئۇنىڭغا قاراپ: سەن كىم بولىسەن؟ دەيدۇ. ئۇ: مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. مۆمىن: ياق ۋە لېكىن ئاللاتائالا هەقىقەتەن پۇرىقىڭنى خۇشبۇي، چىرايىڭنى گۈزەل قىلىپتۇ، دەيدۇ. ئۇ: مەن سېنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭ، سەن دۇنيادا مۇشۇنىڭدەك گۈزەل ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئىدىڭ، مەن دۇنيادا سېنىڭ ئۈستۈڭگە مىنگەن ئىدىم، ئەمدى سەن مېنىڭ ئۈستۈمگە مىنگىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۆمىن ئۇنىڭغا مىنىپ مەرهەمەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاهىغا بارىدۇ»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

## كىشىلەر توپلىنىدىغان جاي

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شام (ھازىرقى سۇرىيە) زېمىنى كىشىلەر ھېساب ئۈچۈن توپلىنىدىغان يەر، مەھشەر يېرىدۇر» دېگەن [ئەبۇلھەسەن سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەھشەرگاھقا توپلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى ياكى ئوت ئارقىلىق توپلىنىدىغان كىشىنىڭ ئاخىرى مۇزەينەت قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى پادىچىدۇر» [ھاكىم مۇستەدرەك سەھىھ]

## كىشىلەرنى تۈپتۈز يەرگە يىغىدىغانلىقى

[ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، بىنالار بولمايدۇ) ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى)(مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز [47] سۈرە كەھف][ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى:« پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۆكۈم- تالقان قىلىپ ( ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ) [105] ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ [106] ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن [107] سۈرە تاھا]

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىنسانلار قىيامەت كۈنىدە قىلچىلىكمۇ ئېگىز پەس ۋە ئويمان چوڭقۇر بولمىغان، تۈپتۈز، يورۇق بىر زېمىنغا توپلىنىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئىنسانلار قۇياشنىڭ قىزىقلىقىدىن تەرلەيدىغانلىقى

[ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ [6] سۈرە مۇتەففىفىن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدىغان كۈن، شۇ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈننىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ مۆئمىنلەر ئۈچۈن پېشىنقا يۈزلىنىۋاتقان قۇياشنىڭ پېتىشىغا كەتكەن ۋاقىتچىلىك ئازايتىپ بېرىلىدۇ» [مەۋسلى]

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەسۋەد كەنەدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« قىيامەت كۈنى بەندىلەرگە قۇياش بىر نەيزە ياكى ئىككى نەيزە بويى دەرىجىدە يېقىن قىلىنىدۇ. قۇياش ئۇلارنى قىزىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلغان قىلمىشلىرىغا قارىتا تەرگە چۆمىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەر تاپىنىغىچە چىقىدىغانلار، تىزلىرىغىچە چىقىدىغانلار، بېلىگىچە چىقىدىغانلار ۋە ئېغىزلىرىغىچە چىقىدىغانلار بار» [مۇسلىم ۋە تىرمىزى]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، مۇنداق دېگەن:« ئۇلار قۇلاقلىرىنىڭ يېرىمىغىچە كېلىدىغان تەر ئىچىدە تۇرىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىشىلەر قىيامەت كۈنى شۇنداق تەرلەپ كېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەرلىرى زېمىندا 70 گەز چوڭقۇرلۇقتا ئاقىدۇ. ئۇلارغا تەردىن يۈگەن سېلىنىدۇ. ھەتتا تەر ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغىچە چىقىدۇ»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## سايىدايىدىغان كىشىلەر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى: مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن دوستلاشقان كىشىلەر قەيەردە؟ مېنىڭ سايەمدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنى ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن » دەيدۇ [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق قىيامەت كۈنىدە ئاللاتائالا يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆز ئەرشى ئاستىدا سايىدىتىدۇ: 1) ئادىل پادىشاھ. 2) پەرۋەردىگارى ئاللاتائالانىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياش. 3) ئەس- يادى ھەمىشە مەسچىتتە بولغان ئادەم. 4) ئاللاتائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولۇشقان ۋە ئاللاتائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئايرىلىشقان ئادەملەر. 5) ئېسىل ۋە چىرايلىق بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ئاللاتائالادىن قورقىمەن دەپ ئۇنى رەت قىلغان كىشى. 6) ئوڭ قولى بىلەن نېمىنى بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەي قالغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشى. 7) خالىي جايدا ئاللاتائالانى ياد ئېتىپ ياش تۆككەن كىشى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى قىيىنچىلىقى بار ئادەمگە قەرز قايتۇرۇشنىڭ مۆھلىتىنى ئۇزارتىپ بەرسە ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاتائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ

سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان كۈن قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (قىيامەت كۈنى) كىشىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغانغا قەدەر ھەرقانداق كىشى ئۆزى قىلغان سەدىقىنىڭ سايىسىدا تۇرىدۇ» [ئەھمەد]

## بۇ كۈندە ئاللانىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەندىن باشقىلارنىڭ سۆز قىلىشقا بولمايدىغانلىقى

[جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە) ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشقا بولمايدۇ [38] سۈرە نەبە]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇ كۈندە(قىيامەتتە) پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ ئادەم سۆز قىلمايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## شاپائەت تەلەپ قىلىش

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى ۋە خاتىبى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شاپائەتچىسى بولىمەن، ئەمما بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەتمەيمەن» [تىرمىزى ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ھەسەن]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن جەننەت توغرىسىدا شاپائەت قىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى بولىمەن. پەيغەمبەرلەر ئىچىدە مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىم ئەڭ كۆپتۇر» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىرسى رەسۇلۇللاغا گۆش ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ ئالدى پۇتىنى يېيىشكە ئامراق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چىشلەم گۆش يېگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:« قىيامەت كۈنى مەن مۆئمىنلەرنىڭ يولباشچىسى، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئاللا بۇرۇن ۋە كېيىن ياشىغان ئىنسانلارنى بىر ئورۇنغا يىغىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ئاڭلىيالمايدۇ، قۇياش ئىنسانلارغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ، ئىنسانىنى قاتتىق غەم باسقانلىقتىن ئۆز ئارا: ئاللا ئالدىدا ساڭا شاپائەت قىلىدىغان بىرەر كىشىنى تاپالامسىلەر؟ دېيىشىدۇ، بىر قىسىملىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: سەن بولساڭ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، ئاللا سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان، رەببىمىزنىڭ ئالدىدا بىزنى شاپائەت قىلىپ قۇتۇلدۇرساڭ، دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا بۈگۈن ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى، ئاللا مېنى (جەننەتتىكى) بىر مېۋىنى يېيىشتىن توسقان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن، سىلەرنى شاپائەت قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن، دەپ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئەسلەپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار! ئۇ ئاللا زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن دەسلەپكى پەيغەمبەردۇر، دەيدۇ. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: سەن بولساڭ زېمىنغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى، ئاللا سېنى شۈكرى قىلغۇچى بەندە، دەپ ئاتىدى، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، دەيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا بۈگۈن ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى، مېنىڭ بىر دۇئايىم بار ئىدى، مەن ئۇنى قەۋمىمنىڭ يوقىلىشىغا ئىشلىتىپ بولدۇم، مەن ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن، سىلەرنى شاپائەت قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن، دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئەسلەپ، خىجىل بولۇپ، ئاللانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: سەن بولساڭ ئاللانىڭ دوستى، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللانىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا بۈگۈن ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن، سىلەرنى شاپائەت قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن. مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ قويغان دەپ ئاللانىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقلىرىنى ئەسلەپ، ئاللا بىۋاستە سۆزلەشكەن ۋە تەۋرات نازىل قىلغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: سەن بولساڭ ئاللا بىۋاستە سۆزلەشكەن ۋە تەۋرات نازىل قىلىنغان پەيغەمبىرسەن، بىزنى شاپائەت قىلىپ بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆردۈڭمۇ، دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا بۈگۈن ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمدىن ناھايىتى خىجىلمەن، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن، سىلەرنى شاپائەت قىلىدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن، دەپ گۇناھىنى ئەسلەپ، خىجىل بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: سەن ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى، ئاللا تەرىپىدىن بولغان روھى، بۆشۈكتە سۆزلىگەن پەيغەمبەر، بىزنى شاپائەت قىلساڭ، سەن بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا بۈگۈن ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تىلغا ئالماي، مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن، سىلەرنى شاپائەت قىلىدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار. ئۇنىڭ

ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى ئاللا كەچۈرگەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىدۇ ۋە ماڭا: سەن بولساڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى ئاللا كەچۈرگەن، ئاللانىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرغىن، ئەجەبا سەن بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. مەن ئەرشكە بېرىپ، ئاللاتائالاغا سەجدە قىلىمەن، سەجدىدە ئاللا خالىغان ۋاقىتقىچە تۇرىمەن، ئاللا ماڭا ھېچقانداق ئادەم بىلمەيدىغان ھەمدىلەرنى ئىلھام قىلىدۇ، كېيىن ئاللا: بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سورىغىنىڭنى بېرىمەن، گېپىڭگە قۇلاق سالىمەن، شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلىمەن، دەيدۇ. مەن بېشىمنى كۆتۈرىمەن، ئاندىن: ئى ئاللا، ئۇممىتىمگە مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللا ئۇممىتىمنى كەچۈرگىن، دەيمەن. ئاللاتائالا: سەن سوئال-سوراق قىلىنمايدىغان ئۇممىتىڭنى باشلاپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن جەننەتكە كىرگىن، قالغان ئىشىكلەر باشقىلارنىڭ كىرىشىگە قالدۇرۇلىدۇ» دەيدۇ [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە 70 مىڭ ئادەم ياكى 700 مىڭ ئادەم (بايان قىلغۇچى قايسىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېسىدە قالمىغان) بىرلىكتە، قول تۇتۇشۇپ جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلار ئالدى- كەينى بولماي تەڭ كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايى نۇرلۇق بولۇپ 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۈم، مەن بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرى بارلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ پەقەت بىر نەچچىسى بارلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ بىرسىمۇ يوقلۇقىنى كۆردۈم، تۇيۇقسىز بىر توپ كىشىلەر كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى، مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۇممىتىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىراق بىرىسى ماڭا: بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى، دېدى. مەن يەنە بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۈم، بىرىسى ماڭا: بۇ مەلۇم پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى، دېدى. مەن يەنە بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۈم. بىرىسى ماڭا: بۇ سېنىڭ ئۇممىتىڭ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 70 مىڭ ئادەم سوراققا تارتىلمايدۇ، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ» رەسۇلۇللا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن تەپسىلىي چۈشەندۈرمىدى. ئادەملەر تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر قانچە ساھابىلەر مۇنازىرلىشىپ: بىز كۆپ ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھىتتا تۇرۇۋاتقاندۇق، ھازىر ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئېتىقاد قىلدۇق، ھېلىقى سوراق قىلىنمايدىغان، جازاغا تارتىلمايدىغان، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر بولسا بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدۇر، دېسە، بەزىلەر: ئەمەس، دېدى. ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇنازىرىلەشتى، رەسۇلۇللا ئاڭلىغاندىن كېيىن:« ئۇلار ئۆمرىدە پال ئاچمىغان، سېھىر قىلمىغان، كۆيدۈرۈپ كېسەل داۋالىمىغان، پەقەت ئاللاتائالاغىلا ئىشەنگەن (ئېتىقاد قىلغان) كىشىلەر» دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇككاشە ئورنىدىن تۇرۇپ: مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىسىمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا:« سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىسى» دېدى. يەنە بىرىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللا جاۋاب بېرىپ:« ئۇككاشە ئاللىبۇرۇن سېنىڭ ئالدىڭدا مېڭىپ بولدى» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ماڭا ئۇممىتىمدىن 70000 كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى، ئۇلارنىڭ چىرايى نۇرلۇق بولۇپ 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ، قەلبلىرى بىر قەلبتەك بولۇپ كېتىدۇ. مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللەدىن يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشنى سورىدىم، ئاندىن ئاللاتائالا ماڭا يۇقىرىقى 70000 كىشىدىن ھەربىر كىشى بىلەن بىللە يەنە 70000 كىشىنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىشىنى بەردى»[ ئەھمەد سەھىھ] 70000 ×70000 = 4900000000 (تۆت مىليارت 900 مىليون بۇلىدۇ)

## قىيامەتتە كىشىلەرنى يەتتە سەپ پەرىشتىلەر قورشاپ تۇرىدىغانلىقى

[شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئارقىمۇئارقا چۈشىدۇ [25] سۈرە فۇرقان][ئاسمان يېرىلغان چاغدا ئاسمان (دوزاخنىڭ قىزىقلىقىدىن) قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ [37] سۈرە رەھمان]

زەھھاك رەھمەھۇللادىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتتى بۇ زات:« ئاللاتائالا دۇنيا ئاسمانىنى يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ، ئاسمان يېرىلىپ ئاندىن پۈتۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ زېمىننى ۋە زېمىندىكى كىشىلەرنى قورشايدۇ. ئاندىن ئىككىنچى ئاسمانىنى يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئاندىن ئاسمان يېرىلىپ پۈتۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ بىرىنچى سەپ پەرىشتىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قورشايدۇ. ئاندىن ئۈچىنچى ئاسمانىنى يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئاندىن ئاسمان يېرىلىپ پۈتۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ ئىككىنچى سەپ پەرىشتىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قورشايدۇ. ئاندىن تۆتىنچى ئاسمانىنى يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئاندىن ئاسمان يېرىلىپ پۈتۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ ئۈچىنچى سەپ پەرىشتىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قورشايدۇ. ئاندىن بەشىنچى ئاسمانىنى يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئاندىن ئاسمان يېرىلىپ پۈتۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۆتىنچى سەپ پەرىشتىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قورشايدۇ. ئاندىن ئالتىنچى ئاسمانىنى يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئاندىن ئاسمان يېرىلىپ پۈتۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ بەشىنچى سەپ پەرىشتىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قورشايدۇ. ئاندىن يەتتىنچى ئاسمانىنى يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئاندىن ئاسمان يېرىلىپ پۈتۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ ئالتىنچى سەپ پەرىشتىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قورشايدۇ. ھەتتاكى ئاسمان پەرىشتىلىرى يەتتە سەپ بولۇپ بولار زىچ بولۇپ بىرى-بىرىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرىدۇ. دۇنيا ئەھلى زېمىندىن قەيەرگە بارسا شۇ جايدا يەتتە سەپ پەرىشتىلەرنى كۆرىدۇ. چىقىپ كېتىشكە ئامال يوقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا ئېيتىدۇ:[ ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (اللّٰەنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ

چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن) [33]سۈرە رەھمان][طبري، تنبيه الغافلين][كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە:« قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ [7-10] ياق، (اللّٰەنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر [11] بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر [12] سۈرە قىيامەت]

## قۇياش بىلەن ئاينىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇياش بىلەن ئاينىڭ قىيامەت كۈنى نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ» [بۇخارى]

## ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى

[ئاسمان يېرىلغان [1] پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا [2] زېمىن سوزۇلغان [3] قويندىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى) سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىنىپ قالغان [4] سۈرە ئىنشىقاق][قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى [1] ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى [2] سۈرە قىيامەت]

## مەھشەرگاھ

[سىلەر ھېساب ئۈچۈن اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر [203] سۈرە بەقەر][ئۇلار پەقەت اللّٰەنىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەت، بىر گۇرۇھ دوزىخى بولۇپ ئايرىلىش خالايىقنىڭ) ئىشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ؟ [210] سۈرە بەقەر][پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ- سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا [22] سۈرە فەجر][مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە- ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ [69] ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، اللّٰه ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ [70] سۈرە زۇمەر][پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدى ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ چۆرىسىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ (مۆمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ)« جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰەغا خاستۇر!» دېيىلىدۇ [75] سۈرە زۇمەر] [ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ- سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ، « سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر) دەيمىز» [48] سۈرە كەھف]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قىيامەت كۈنى كىشىلەر يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، خەتنىسىز ھالەتتە توپلىنىدۇ» مەن:« ئى رەسۇلۇللا! ئەرلەر ۋە ئاياللار توپلانسا، بەزىلىرى بەزىلىرىگە قارايدىغۇ؟» دېدىم. رەسۇلۇللا:« ئى ئائىشە! قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئۇلارنىڭ بىر- بىرىگە قارىغۇدەك ھالى بولمايدۇ» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم] يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئۆز ھالى بىلەن قېلىپ بىر- بىرىگە قارىيالمايدۇ» دېيىلگەن.

[پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك اللّٰەغا خاستۇر، بۇ كۈندە كاپىرلارغا قىيىندۇر [26] شۇ كۈنى زالىم ئىككى قولىنى چىشلەپ:« ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك- شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى» دەيدۇ. شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ [27-29] پەيغەمبەر ئېيتتى:« ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى» [30] سۈرە فۇرقان][ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاغا خاستۇر [19] سۈرە ئىنفىتار]

## ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنۈش

[سىلەر (قىيامەتتە) ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر [7] (بىرىنچى پىرقە) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) ئادەملەردۇر [8] (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر [9] (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر [10] سۈرە ۋاقىئە]

## ئاللانىڭ 99 رەھمىتى

[ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، بۇ روشەن مۇرادقا يېتىشتۇر [30] سۈرە جاسىيە]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللانىڭ 100 رەھمىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت بىرنى بارلىق ئىنسانلار، جىنلار، هايۋانلار ۋە زىيانداش هاشارەتلەر ئارىسىغا چۇشۇردى. ئۇلار شۇ رەھمەت بىلەن ئۆزئارا كۆيۈنىشىدۇ. بىر - بىرىگە رەھىم - شەپقەت قىلىشىدۇ. ۋەھشى هايۋانمۇ شۇ رەھمەت بىلەن ئۆز بالىسىغا كۆيۈنىدۇ. ئاللا قالغان 99 رەھمەت بىلەن قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاتائالانىڭ رەھمەت قىلىشى بولمىغىنىدا قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىڭلار جەننەتكە سىلەرنى ھەرگىزمۇ كىرگۈزەلمەيدۇ» ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئەگەر ئاللاتائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى بولمىغىنىدا، مېنىمۇ (ئەمەل - ئىبادەتلىرىم جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ) دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرى

[راستلا اللّٰه نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر [62] ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر [63] ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، اللّٰه ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر [64] سۈرە يۇنۇس][اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۈرلۈك بولىدۇ [163] سۈرە ئال ئىمران][ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ [40] سۈرە ساد]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە شۇنداق بەندىلەر باركى ئۇلارغا پەيغەمبەر ۋە شېھىتلەرمۇ ھەۋەس قىلىدۇ» ساھابىلار:« ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قانداق كىشىلەر؟ ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇلار بىرسىنى دوست تۇتقاندا مال - دۇنياسىنى كۆزلىمەستىن، نەسەب سۈرۈشتە قىلماستىن ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوستلىشىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار نۇرلۇق تەختلەرنىڭ ئۈستىدە يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا تۇرىدۇ. كىشىلەر قورققان چاغدا ئۇلاردا قورقۇنچ بولمايدۇ. كىشىلەر نادامەت چېكىپ پۇشايمان يېگەن ۋە كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان چاغدا ئۇلار بۇ ئىشلاردىن خالىي بولىدۇ» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:[ راستلا ئاللانىڭ دوستلىرىغا قورقۇش، قايغۇرۇش يوقتۇر [62] سۈرە يۇنۇس][ئىبنى جەرىر]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قىيامەت كۈنى، ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى؟ ئۇلارغا نۇردىن مۇنبەرلەر بار. ئۇلارغا بېرىلگەن مەرتىۋىنى پەيغەمبەرلەرمۇ، شېھىدلەرمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ» [تىرمىزى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادىللىق قىلغانلار ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇر مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. ئاللاتائالانىڭ ھەر ئىككىلى تەرىپى ئوڭدۇر. ئۇلار ئىنسانلارغا قىلغان ھۆكۈملىرىدە، ئائىلىسىدىكى ۋە باشقۇرۇش ئىلكىدىكى ئىشلاردا ئادىللىق قىلغۇچىلاردۇر» [مۇسلىم]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى مەرۋايىتتىن ياسالغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرىدىغان بىر مۇنچە كىشىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىدمۇ ئەمەس - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىر سەھرالىق تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: ئى رەسۇلۇللا! ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، تونۇۋالايلى! - دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇلار ھەر خىل قەبىلىلەردىن، ھەر قايسى شەھەرلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئاللا ئۈچۈن بىر - بىرىنى دوست تۇتقان، ئاللانىڭ زىكرى ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان ۋە ئۇنى زىكىر قىلغان كىشىلەردۇر - دېدى» [ئەلكەبىر]

[اللّٰهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار ـــ ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سىددىقلاردۇر، شېھىتلەردۇر، ئۇلار ساۋابقا ۋە نۇرغا ئىگە بولىدۇ [19] سۈرە ھەدىد][كىملەركى اللّٰه قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللّٰه نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار [69] سۈرە نىسا]

## راستچىللار

[اللّٰه ئېيتىدۇ:« بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر [119] سۈرە مائىدە][اللّٰه راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ [24] سۈرە ئەھزاب][راستچىل

ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا... ئاللاتائالا مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى[35] سۈرە ئەھزاب]
ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ. ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم راست سۆز قىلىۋەرسە، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ پۈتۈلىدۇ. يالغانچىلىق بولسا گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم يالغانچىلىق قىلىۋەرسە، ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا يالغانچى دەپ پۈتۈلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## گۇناھكار ۋە مۆمىن بولغان ھالدا ئاللاغا مۇلاقات بولۇش

[كىمكى گۇناھكار ھالدا اللّٰهغا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ [74] كىمكى مۆمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا اللّٰهغا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ [75] سۈرە تاھا][شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (اللّٰه ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر [28] سۈرە مائارىج]

## كەۋسەر

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ئۇ بىر ئاز ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى، بىز: ئى رەسۇلۇللا! نېمىگە كۈلۈپ كەتتىڭ؟- دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ماڭا بىر سۈرە نازىل قىلىندى- دېدى، ۋە بسم الله الرحمن الرحيم [ بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام- نىشانى قالمايدۇ[1-3]سۈرە كەۋسەر] دەپ كەۋسەر (سۈرىسىنى) ئوقۇدى، ئاندىن: كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟- دەپ سورىدى. بىز: ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ- دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ، رەببىم ئەززە ۋە جەللە ماڭا ۋەدە قىلغان بىر دەريا بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بار. قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ. قاچىلىرى يۇلتۇزنىڭ سانىغا باراۋەر كېلىدۇ» [مۇسلىم]
ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« مەن ئىككى قىرغىقى كاۋاك ياقۇت گۈمبەز بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر دەرياغا كېلىپ: ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟ دەپ سورىسام، ئۇ، بۇ كەۋسەر» دېدى [بۇخارى ۋە ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە تىرمىزى]
ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كەۋسەر جەننەتتىكى بىر دەريا بولۇپ، ئىككى ياقىسى ئالتۇندىن، ئېقىنى ئۈنچە- مەرۋايىتتىندۇر. ئۇنىڭ تۇپرىقى مۇشكى- ئەنبەردىنمۇ خۇشبۇي، سۈيى ھەسەلدىنمۇ شېرىن، قاردىنمۇ ئاق بولىدۇ» [تىرمىزى]
ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئى رەسۇلۇللا! ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قاچىسى نېمىدىن؟- دەپ سورىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:« جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ قاچىلىرى قاراڭغۇ كېچىسىنىڭ ئوچۇق ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ساندىنمۇ كۆپ بولىدۇ. كىم ئۇنىڭ قاچىسىدا بىر قېتىم (ئۇسسۇلۇق) ئىچسە، ئۇ ھېچقاچان ئۇسسىمايدۇ. ھەۋزى كەۋسەرنىڭ جەننەتتىن ئېقىپ چىقىدىغان ئىككى ئېرىقى بولىدۇ. كىم ئۇنىڭدىن ئىچسە، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ بولۇپ، ئوممان بىلەن ئەيلەنىڭ ئارىسىچىلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولىدۇ» [مۇسلىم]
ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەۋزى كەۋسەرنىڭ توغرىسى بىر ئايلىق مۇساپىدۇر. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ھىدى ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي بولىدۇ. ئۇنىڭ جاملىرى يۇلتۇزلاردەك كۆپ، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ سۈيىنى ئىچكۈچىلەر مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ھارىس ئىبنى ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەۋزى كەۋسەر توغرۇلۇق سۆزلىگەنىدە:« ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى مەدىنىدىن يەمەندىكى سەنئا دېگەن يەرگىچىلىك كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئالدىڭلاردىكى ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئارىلىقى جەربا دېگەن جاي بىلەن ئەزرەھ دېگەن جاينىڭ ئارىلىقىغا باراۋەر»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]
ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەۋزى كەۋسەرنىڭ چوڭلۇقى ئەيلە بىلەن يەمەندىكى سەنئانىڭ ئارىلىغىچىلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىدۇ»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]
مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنھۇ ھارىسقا سەن ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قاچىلىرى توغرۇلۇق ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ياق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مۇستەۋرىد مۇنداق دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ يەردە قاچىلار خۇددى يۇلتۇزلاردەك كۆپ»

دېگەن [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن كەلگۈسىدە بىر قىسىم ئادەملەرنى خۇددى ئۆي تۆگىسى سۇ كۆلچىكىدىن تالا تۆگىسىنى ھەيدىگەندەك ھەۋزى كەۋسەردىن ھەيدەيمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## كەۋسەر سۈيىنى ئىچىش

ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ھەۋزى كەۋسەرگە ھەممىڭلاردىن بۇرۇن بارىمەن » [بۇخارى]

سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ كۆلى بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر:« قايسىمىزنىڭ كۆلىگە سۇ ئىچىش ئۈچۈن كەلگەنلەر جىق» دەپ پەخىرلىنىشىدۇ. مەن مېنىڭ كۆلۈمگە سۇ ئىچىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى لىق تولغان ھەۋزى كۆلىنىڭ ئۈستىدە ھاسا تۇتقان ھالدا كىشىلەرنى چاقىرىدۇ. ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئۆزىگە لايىق بەلگىسى بولۇپ، ئۇلارنى پەيغەمبىرى شۇ بەلگە بىلەن تونۇيدۇ» [تىرمىزى ۋە تەبرانى سەھىھ]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«.. كەۋسەر كۆلىگە تۇنجى بولۇپ سۇ ئىچكىلى كېلىدىغانلار مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى كىر، ئېسىل ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىپ، لەززەتلىنىپ باقمىغان، ئۇلار ئۈچۈن ھاجەت راۋا بولۇشنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ باقمىغان، شۇنداق نامرات مۇھاجىرلار ئىدى» [تىرمىزى ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم مېنىڭ كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلىدۇ. خۇددى بىر كىشى تۆگىسىنى سۇغۇرىۋاتقاندا، باشقا كىشىنىڭ تۆگىسىنىڭ كېلىشىنى توسقاندەك، مەنمۇ باشقا ئۈممەتنىڭ كېلىشىنى توسۇشقا ھەرىكەت قىلىمەن- دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا! سەن بىزنى تونىيالامسەن؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: ھەئە، چۈنكى سىلەرنىڭ بىر بەلگەڭلار بار. ئۇ (بەلگە باشقا) ھېچكىمدە بولمايدۇ. سىلەر ماڭا تاھارەتنىڭ ئىزناسىدىن قول ۋە پېشانىلىرىڭلار نۇر چېچىپ تۇرغان ھالدا كېلىسىلەر. ئىچىڭلاردىن بىر تائىپە مەندىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كېلەلمەيدۇ. مەن: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم-دەيمەن. بىر پەرىشتە ماڭا: سەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ (دىندا) نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟- دەيدۇ» [مۇسلىم]

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« مەندىن كېيىن دىنىنى ئۆزگەرتكەنلەر (مەندىن) يىراق تۇرسۇن!- دەيمەن» [بۇخارى]

## ھەممە ئىش ئاشكارا بولغان چاغدا

[نامە- ئەماللار ئېچىلغا چاغدا [10] ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا [11] دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا [12] جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا [13] ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى- يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ [14] سۈرە تەكۋىر][ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88] پەقەت (اللّٰەنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ [89] جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ [90] دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ [91] سۈرە شۇئەرا][(شۇ) كۈندە ئىنسان (ياخشى- يامان) قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ [35] قارىغۇچىلارغا جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ [36] سۈرە نازىئات]

## مەھشەرگاھقا جەھەننەمنى كەلتۈرۈش

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇ كۈن جەھەننەم 70 مىڭ ئارقان بىلەن كەلتۈرۈلىدۇ. ھەربىر ئارقاننى 70 مىڭ پەرىشتە سۆرەيدۇ» [مۇسلىم]

[ دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قايىنىغان ۋە (ئېشەككەتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ [12] سۈرە فۇرقان][(گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن)جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن [23] ئۇ ئېيتىدۇكى: «كاشكى مەن (دۇنيادىكى) ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ! [24] سۈرە فەجر][ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ) [46] سۈرە نازىئات][ئۇلاردىن پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىش (يەنى پەرۋەرىگارىنى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش) تەلەپ قىلىنمايدۇ، زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلاردىن (ئازاب) يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ [84-85] سۈرە نەھل]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى جەھەننەمدىن كۆرىدىغان ئىككى كۆزى، ئاڭلايدىغان ئىككى قۇلىقى ۋە سۆزلەيدىغان بىر تىلى بار باش چىقىدۇ ۋە مۇنداق

دەيدۇ:« مەن مۇنداق ئۈچ كىشىنى ئۆزەمگە تارتىشقا بۇيرۇلدۇم. بىرى: ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىك. يەنە بىرى: زالىملىقتا چېكىدىن ئاشقان زوراۋان. ئۈچىنچىسى: رەسسام» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد سەھىھ]

[قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، اللّٰە ئاراڭلارنى ئايرىۋېتىدۇ [3] سۈرە مۇمتەھىنە][(ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ [33] سۈرە لوقمان][ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ [34-36] ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ [37] سۈرە ئەبەسە][(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم- قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ [10-14] سۈرە مائارىج][ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ [18] سۈرە فاتىر] [ھەر ئۈممەتنى (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن [28] سۈرە جاسىيە] ئېيتىلىشىچە:« ھەر بىر ئادەم جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈلسە، جەھەننەم قاتتىق بىر گۈكرەيدۇ- دە، بۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق بىر ئادەم قورققىنىدىن تىزلىنىدۇ. ھەتتا ئاللاتائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ:« ئى ئاللا! ماڭا رەھىم قىلغىن! ماڭا رەھىم قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، ئى ئاللا بۈگۈن سەندىن پەقەت ماڭىلا رەھىم قىلىشىڭنى سورايمەن، دەيدۇ. ھەتتا ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ: ئى ئاللا! بۈگۈن سەندىن پەقەت ماڭىلا رەھىم قىلىشىڭنى سورايمەن. مېنى تۇغقان ئانام مەريەمگە رەھىم قىلىشىڭنى سورىمايمەن، دەيدۇ»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

ئابدۇررازاق ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« جەھەننەم قاتتىق بىر ئاۋاز چىقىرىدۇ- دە، بىرمۇ (ئاللاتائالاغا ئەڭ) يېقىن پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرمۇ قالماي (قورققانلىقتىن) پۈتۈن ئەزايى تىترىگەن ھالدا يەرگە دۈم چۈشىدۇ، (يەنى سەجدىگە بارىدۇ) ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ (قورققانلىقتىن) تىزلىنىپ قىلىپ، ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بۈگۈن ئۆزەمنىلا (قۇتۇلدۇرۇشنى) سورايمەن دەيدۇ»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

[زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ (دۇنياغا) قايتىشقا يول بارمىدۇ؟ دېگەنلىكىنى كۆرىسەن [44] ئۇلارنىڭ قورققان، خارلانغان ھالدا، (دوزاختا) كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىغان ھالدا دوزاختا توغرىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، مۆمىنلەر:« شۈبھىسىزكى، زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان سالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، زالىملار ھەقىقەتەن دائىملىق ئازابتىدۇر [45] ئۇلارغا ئاللادىن باشقا ياردەم بېرىدىغان دوستلار بولمايدۇ [46]سۈرە شۇرا][ئەگەر سەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قورقۇپ قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقانلىقىنى، دوزاختا (ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن) مەھشەرگاھقا) يېقىن جايدا تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرەتتىڭ) [51] ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ يىراق جايدىن ئىماننى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ [52] سۈرە سەبەئ][بۇ كۈندە زالىملارنىڭ (ئېيتقان) ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ (تەۋبە قىلىشى يا ئىتائەت قىلىشى بىلەن) اللّٰە نى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ [57] سۈرە رۇم][گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ (يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك بولۇشتىن ئىبارەت) بەلگىلىرىدىن تونۇلىدۇ [41] سۈرە رەھمان][كاپىر :« كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەيدۇ [40] سۈرە نەبە][توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ [15] سۈرە جىن]

## گۇناھكارلارنىڭ قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغانلىقى

[كاپىر ئادەم (ھەمراھى بىلەن قىيامەت كۈنى) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراھىغا):« كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسا ئىكەن. (سەن) نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! (چۈنكى سەن مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە سەۋەبچى بولدۇڭ) دەيدۇ [38] (ئۇلارغا) (دۇنيادىكى چاغدا) زۇلۇم قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۈگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ ، دېيىلىدۇ [39] سۈرە زۇخرۇف][(دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى اللّٰە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [27] سۈرە يۇنۇس]

## ئاللانىڭ ئىنسانلار بىلەن تەرجىمانسىز سۆزلىشىدىغانلىقى

ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار بىلەن تەرجىمانسىز سۆزلىشىدۇ. ئۇ ئوڭ تەرەپكە قارايدۇ، ئىلگىرىكى ئىشلىرىدىن باشقا ھېچ نېمىنى كۆرمەيدۇ. ئۇ سول تەرەپكە قارايدۇ، ئىلگىرىكى ئىشلىرىدىن باشقا ھېچ نېمىنى كۆرمەيدۇ. ئۇ ئالدىغا قارايدۇ- دە، ئۇدۇلىدا دوزاختىن باشقا ھېچ نېمىنى كۆرمەيدۇ. يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[مۇشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇلىدىكەن، اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىدۇ، ئەنە شۇ روشەن نىجات تاپقانلىقتۇر [16]سۈرە ئەنئام]

## تۇنجى كىيىم كىيدۈرۈش ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى دوزاخ تەرەپكە ئاپىرىش

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى بارلىق خالايىقلاردىن تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر» [بەزار سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەز- نەسىھەت قىلىپ ئى خالايىقلار ئاللاتائالا:[ مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغاندەك ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا يالاڭ ئاياغ، كىيىمسىز ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتىڭلاردا توپلىنىسىلەر. ئۇ كۈنى تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيگۈزۈلىدىغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئايرىلىپ چىقىرىلىپ دوزاخ تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇ. مەن:« مېنىڭ ئۇممەتلىرىم! ئۇممەتلىرىم!» دەيمەن. ماڭا:« سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن» دېيىلىدۇ» [بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد]

## ئادەم بالىلىرىنى دوزاختا ئايرىش

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا ئى ئادەم! دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: خۇش پەرۋەردىگارىم! دەيدۇ. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن چاقىرىلىپ: ئاللاتائالا سېنى بالىلىرىڭدىن بىر بۆلۈكىنى دوزاختا ئايرىشقا بۇيرۇيدۇ، دېيىلىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! قانچىلىك ئادەم دوزاختا ئايرىلىدۇ؟ دەيدۇ. ئاللاتائالا: ھەر 1000 كىشىدىن 999 دوزاختا ئايرىلىدۇ، دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ھامىلىسى ئاجراپ كېتىدۇ. ياشلار قېرىپ كېتىدۇ، (كىشىلەرنىڭ ھالى ئاللاتائالا) :[ ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتەن) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس- ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن) لېكىن ئاللانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر[2] سۈرە ھەج] (دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغاندەك بولۇپ كېتىدۇ)دېدى.

بۇ ساھابىلەرگە بەك ئېغىر كەلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (دوزاختا ئايرىلىدىغان ھەر 1000 كىشىدىن) 999 يەجۈج- مەجۈجدىن ۋە (جەننەتكە كىرىدىغان) بىرى سىلەردىن بولىدۇ، سىلەر باشقا ئۇممەتلەرگە قارىغاندا ئاق ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى قارا تۈك ياكى قارا ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى ئاق تۈككە ئوخشايسىلەر. ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى بىز يەنە (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتۇق» [بۇخارى]

## بۇ كۈندە قۇلاق، كۆزلەر ئوچۇق ئاڭلاپ ۋە كۆرىدىغانلىقى

[ھەر ئىنسان (مەھشەرگاھقا) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇنى مەھشەرگاھقا) ھەيدىگۈچى ۋە (ئۇنىڭ ئەمەلىگە) گۇۋاھ بولغۇچى(ئىككى پەرىشتە) بىللە كېلىدۇ [21] ئۇنىڭغا:« ئى ئىنسان! (دۇنيادىكى چېغىڭدا) بۇ (ئېغىر كۈن)دىن غەپلەتتە ئىدىڭ، ئەمدى پەردەڭنى سەندىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈردۇر» دېيىلىدۇ [22] سۈرە قاف][ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ [38] سۈرە مەريەم][ئەگەر ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (غايەت چوڭ ئىشنى كۆرىسەن) اللّٰه ئۇلارغا:« بۇ (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار:« پەرۋەردىگارىم! بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن» دەيدۇ [30] سۈرە ئەنئام][ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ) ئۇلار ئېيتىدۇ:« پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز [12] سۈرە سەجدە]

## رىيا قىلغۇچىلار

ئەنسارىلىق ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇپۇزەلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا شەك يوق بولغان كۈن، قىيامەت كۈنىگە ئىلگىرىكىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى توپلىغان چاغدا، بىرى: كىمكى

ئاللاتائالا ئۆچۈن قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىدە باشقىسىنى شېرىك قىلغان بولسا، ئۇ، مۇكاپاتىنى ئاللاتائالانىڭ باشقىسىدىن سورىسۇن. چۈنكى، ئاللاتائالا شېرىكچىلىكتىن بىھاجەتتۇر، دەپ ۋاقىرايدۇ» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە]

ئىمام ئەھمەد، مەھمۇد ئىبنى لۇبەيدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مەن سىلەر توغرىسىدا ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش، كىچىك شېرىكتۇر» دېدى. ساھابىلەر: ئى ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرى! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (كىچىك شېرىك بولسا) رىيادۇر، ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى ھەممە كىشىلەرنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرىگە مۇكاپات بەرگەن ۋاقتىدا: (رىيا قىلغانلارغا) سىلەر دۇنيادا ئەمەللىرىڭلارنى رىيا قىلىپ (كۆزىگە كۆرسەتكەن) كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ قېشىلىرىدا (سىلەرگە بەرگىدەك) مۇكاپات بارمىكىن قاراپ بېقىڭلار، دەيدۇ» دېدى[ئەھمەد]

## ئۈچ تۈرلۈك ئادەم ئاللانىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا ئېيتتىكى، ئۈچ تۈرلۈك ئادەم قىيامەت كۈنى مېنىڭ دۈشمىنىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى: مەن بىلەن قەسەم قىلىپ ۋەدە بېرىپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم. ئىككىنچى خىلى: ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم. ئۈچىنچى خىلى: بىر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم» [بۇخارى]

## ئاللا قارىمايدىغان ۋە پاكلىمايدىغان كىشىلەر

[اللّٰهغا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (اللّٰهنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى اللّٰه ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ [77] سۈرە ئال ئىمران][اللّٰه كىتابتا نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ)، قىيامەت كۈنى  اللّٰه ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [174] سۈرە بەقەر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا سۆزلىمەيدىغان، گۇناھلىرىنى پاكلىمايدىغان، قارىمايدىغان ۋە دەھشەتلىك ئازابقا قالىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان پاھىشۋاز، يەنە بىرى يالغانچى پادىشاھ، يەنە بىرى تەكەببۇر نامرات ئادەم» [مۇسلىم]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاخىرەت كۈنى ئاللاتائالا ئۈچ خىل ئادەملەر بىلەن سۆزلەشمەيدۇ ۋە ئۇلارغا قارىمايدۇ، ھەم ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، رىۋايەت قىلغۇچى: ئۇلار ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەن ۋە زىيانكار بولغۇچىلاردۇر، ئى رەسۇلۇللا ئۇلار زادى قانداق ئادەملەر؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىشتىنىنى ئۇزۇن قىلىۋالىدىغان ئادەم، (بەرگەن نەرسىسىگە)مىننەت قىلغۇچى ئادەم، ئۆزىنىڭ مېلىنى يالغان قەسەم ئىچىپ ساتقان ئادەم» دېدى [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ ئاللا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بىرى: باياۋاندا ئوشۇق سۈيى بار تۇرۇقلۇق ئۇنى سۇسىز قالغان يولۇچىغا بەرمىگەن. يەنە بىرى: ناماز ئەسىردىن كېيىن بىر ئادەمگە مەن بۇ مالنى مۇنچىگە ئالغان دەپ، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ ئۇنى ئىشەندۈرۈپ مېلىنى ساتقان ئادەم. يەنە بىرى: بىرەر خەلىپىگە دۇنيانى دەپ بەيئەت قىلىپ ئەگەر خەلىپە ئۇ ئادەمگە مال - دۇنياسىدىن بەرسە سادىق بولىدىغان، بەرمىسە سادىق بولمايدىغان ئادەم» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتىنىنى، كۆينىكىنى ۋە سەللىسىنى ئۇزۇن قىلىپ كىيگەن ئادەمگە ئاللاتائالا ئاخىرەت كۈنى قارىمايدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتىنىنى سۆرەپ كىيىۋالغان كىشىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئاللا مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ؛ بىرىنچىسى: ئاتا - ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى. ئىككىنچىسى: ئەر كىشىگە ئوخشىۋالغان ئايال. ئۈچىنچىسى: دەييۇز (خوتۇنى ۋە قىزلىرىنى كونلىمەيدىغان ئادەم)» [نەسەئى ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەققەتەن ئاياللىنىڭ

ئارقىسىغا مۇناسىۋەت قىلغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ»[بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا توپلىغان سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن كىيىملىرىنى تەكەببۇرلۇقىدىن ئۇزۇن سۆرەپ يۈرگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ»[مۇسلىم ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

## ئىككى يۈزلىمچى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇلارغا بىر يۈزى بىلەن، بۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمە ئادەم قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئادەملەرنىڭ يامىنى بولۇپ قالىدۇ» [بۇخارى]

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى دۇنيادا ئىككى يۈزلىملىك قىلىدىكەن قىيامەتتە ئۇنىڭ ئوتتىن ئىككى تىلى بولىدۇ»[بۇخارى]

## خىيانەت قىلغۇچىلار

[ ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان سالدا) كېلىدۇ [161] سۈرە ئال ئىمران]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەت قىلغۇچىنىڭ پېشانىسىگە بىر بايراق ئېسىلىدۇ، ئۈستىگە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋە يامانلىقلىرى يېزىلغان بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەت قىلغۇچىنىڭ پېشانىسىگە بىردىن بايراق ئېسىلىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭ بايرىقىنى تىك كۆتۈرۈپ كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئىسمى ۋە يامانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلار

ئىبنى مەئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ:« ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋاپاسىز دېگەن بايراق تىكلىنىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ھەربىر كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى قۇيرۇقىدا بىر بايراق بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقى قانچىلىك بولسا ئۇ بايراق شۇنچە ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى خەلققە باشلىق بولغان ئادەمنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقىدىنمۇ چوڭراق ۋاپاسىزلىق بولمايدۇ» [مۇسلىم]

## زۇلۇمنىڭ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زۇلۇم ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى: ئاللا كەچۈرمەيدىغان زۇلۇم. ئىككىنچىسى: ئاللا كەچۈرىدىغان زۇلۇم. ئۈچىنچىسى: ئاللا ئۆتمەيدىغان زۇلۇم. ئاللا كەچۈرمەيدىغان زۇلۇم- شېرىكتۇر، چۈنكى ئاللا قۇرئاندا: [شېرىك كەلتۈرۈش چوڭ زۇلۇمدۇر [13] سۈرە لوقمان] دېگەن. ئاللا كەچۈرىدىغان زۇلۇم- بەندىنىڭ ئۆزى بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدا سادىر بولغان زۇلۇمدۇر. ئاللا ئۆتمەيدىغان (كەچۈرمەيدىغان) زۇلۇم- بەندىلەرنىڭ بىر- بىرىگە سالغان زۇلمى بولۇپ، ئاللا بۇ زۇلۇمنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرمىگىچە ئۆتمەيدۇ» [بەززار ۋە تەيالىسى ھەسەن]

## ئۈچ ئورۇندا ئائىلىسىنى ئەسلىمەيدىغانلىقى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جەھەننەمنى ئەسلەپ يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« نېمىگە يىغلايسەن؟- دەپ سورىغانىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: جەھەننەمنى ئويلاپ يىغلىدىم، سەن قىيامەت كۈنى ئائىلەڭنى ئەسلەمسەن؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۈچ ئورۇندا ھېچكىم ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ. بىرىنچىسى: ئىنسان تارازىسىنىڭ يەڭگىل ياكى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر ئۆزى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ. ئىككىنچىسى: ئىنسان ئەمەل دەپتىرىنىڭ ئوڭ، سول ياكى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلىشىنى بىلگەنگە قەدەر (ئۇ يەردە) ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ. ئۈچىنچىسى:

جەھەننەم ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈكتىن سالامەت ئۆتۈپ كەتمىگىچە، ھېچكىم ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ- دېدى» [ئەبۇ داۋۇد زەئىف]

## ئى رەسۇلۇللا! سىنى نەدىن ئىزدەيمەن؟

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت كۈنى ماڭا شاپائەت قىلىشنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (شاپائەت) قىلىمەن- دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! سىزنى قەيەردىن ئىزدەيمەن؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مېنى ئالدى بىلەن پىلسىراتتا ئىزدىگىن!- دېدى. مەن: سىزنى پىلسىراتتا تاپالمىسامچۇ؟- دەپ سورىدىم. تارازىنىڭ يېنىدا تاپىسەن- دېدى. ئۇ يەردىمۇ تاپالمىسامچۇ؟- دەپ سورىغانىدىم: ھەۋزى كەۋسەردە تاپىسەن. مەن ئەلۋەتتە بۇ ئۈچ جاينىڭ بىرىدە بولىمەن- دېدى» [تىرمىزى سەھىھ]

## بۇ كۈندە ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم توغرىلىنىش

[ ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەردىن (يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز [31] سۈرە رەھمان][ بۇ كۈندە سىلەر (اللّٰە غا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر [18] سۈرە ھاققە][اللّٰە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن (يەنى بەندىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدىن) ھېساب ئالغۇچىدۇر [86] سۈرە نىسا][(قىيامەت كۈنى) پۈتۈن قىلمىشلار ئۈستىدە سوراق قىلىنىسىلەر [93] سۈرە نەھل][پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق)نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز [92-93] سۈرە ھىجر] [سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) اللّٰە سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ [48] سۈرە مائىدە]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاغا ئۈچ قېتىم توغۇرلىنىدۇ. ئىككى قېتىملىق توغرىلىنىشتا جېدەل ۋە ئۆزرە ئېيتىشلار بولىدۇ. ئەمما ئۈچىنچى قېتىملىق توغرىلىنىشتا نامە- ئەمەللەر دەپتەرلىرى قوللارغا ئۇچۇپ كېلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن ئالىدۇ. بەزىلەر سول قولى بىلەن ئالىدۇ» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە]

## مۆئمىنلەر ھېساب بېرىش ئۈچۈن يېرىم كۈن كېچىكىپ قالمايدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئاللا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ كىشىنى جەننەت ياكى دوزاختقا بۇيرۇپ بولغىچە، بىر كۈنى 50 مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە..» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى (ھېساب بېرىش ئۈچۈن)مۆئمىنلەرگە پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنىڭ مىقدارىچىلىك بولىدۇ» [ھاكىم سەھىھ]

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ئۈممىتىمنىڭ (ئەمەل- ئىبادەتتىن) ئاجىز كېلىپ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (جەننەتكە كىرىشكە) يېرىم كۈن بولسىمۇ كېچىكىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن» (سەئدتىن يېرىم كۈن قانچىلىك ۋاقىتقا تەڭ؟- دەپ سورالغانىدى. ئۇ 500 يىلغا (تەڭ) دەپ جاۋاب بەردى)» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد سەھىھ]

## بۇ ئۈممەت قىيامەت كۈنى ئالدىدا بولىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« بىز دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولىمىز» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە:« بىز دۇنياغا كېلىشتە ئاخىرقى ئۈممەتمىز، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشتە ئالدىدا تۇرغۇچىمىز ۋە باشقا ئۈممەتتىن ئىلگىرى ھۆكۈم قىلىنغۇچىدۇرمىز» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىز دۇنياغا كېلىشتە ئاخىرقى ئۈممەتمىز، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشتە ئالدىدا تۇرغۇچىمىز ، بىزنى ھېسابقا چاقىرىلغاندا، ساۋاتسىز ئۈممەت ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قېنى؟ دېيىلىدۇ» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

## بۇ كۈندە پەيغەمبەرلەردىن سوراش

[بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (اللّٰە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز [6] سۈرە ئەئراف]

## نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن سوراش

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« نوھ بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى (قىيامەت كۈنى ئەرساد مەيدانىغا) كەلگەندە، ئالالتائالا ئۇنىڭدىن:« يەتكۈزدۈڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ:« ھەئە، ئى رەببىم! » دەيدۇ. ئاندىن ئۈممىتىدىن:« سىلەرگە يەتكۈزدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار:« ياق، بىزگە پەيغەمبەر كېلىپ باقمىدى» دېيىشىدۇ. ئاندىن نوھقا:« ساڭا كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟» دەيدۇ. نوھ:« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۈممىتى» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنىڭ يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئۇلۇغ ئالالانىڭ:[شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق[143] سۈرە بەقەر] دېگەن ئايىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر» [بۇخارى]

## باشقا پەيغەمبەرلەردىن سوراش

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى بەزى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرلا كىشى كېلىدۇ، بەزىسى ئىككى، بەزىسى ئۈچ، بەزىسى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر بىلەن كېلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرگە سەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى قەۋمىڭگە يەتكۈزدۈڭمۇ؟ دېيىلىدۇ. ئۇ ھەئە، يەتكۈزدۈم- دېسە، قەۋمى چاقىرىلىدۇ، ئۇلارغا راست يەتكۈزدىمۇ دېيىلىدۇ؟ ئۇلار ياق يەتكۈزمىدى دەپ تېنىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەرگە ساڭا كىم گۇۋاھچى بولىدۇ؟- دېيىلىدۇ. ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھچى بولىدۇ- دەيدۇ. ئۇلار چاقىرىلىپ، بۇ راست يەتكۈزدىمۇ؟- دېيىلىدۇ. ئۇلار ھەئە، يەتكۈزدى- دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلارغا: سىلەر ئۇنى قانداق بىلدىڭلار؟- دېيىلىدۇ. ئۇلار: بىزگە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىپ: ھەقىقەتەن بارلىق پەيغەمبەرلەر تولۇق يەتكۈزۈپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان، ئۇلار يەتكۈزدۇق دېسە، قەۋمى تېنىۋالدۇ، سىلەر گۇۋاھچى بولىسىلەر- دېگەن. بىز شەكسىز ئىشەنگەن ئىدۇق- دەيدۇ. ئۇ بولىسمۇ مۇنۇ ئايەتتۇر: [شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق[143] سۈرە بەقەر] [ئەھمەد ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەرنى قارىداپ كەتكەن (ئۈستى- بېشىنى) چاڭ- توزان باسقان ھالدا كۆرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« مەن سېنىڭ ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىقىڭنى ئېيتمىغانمىدىم؟» دەپ سورايدۇ. دادىسى:« بۈگۈن ساڭا ئاسىيلىق قىلمايمەن» دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:« ئى رەببىم! سەن ماڭا قىيامەت كۈنى مېنى رەسۋا قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ، مانا ئەمدى دادامنىڭ رەسۋالىقىدىنمۇ چوڭ رەسۋالىق بارمۇ؟» دەيدۇ. ئاللا:« مەن جەننەتنى كاپىرلارغا ھارام قىلدىم» دەيدۇ. كېيىن:« ئى ئىبراھىم! قارىغىن، ئايىغىڭنىڭ ئاستىدا نېمە بار؟» دېيىلىدۇ. ئىبراھىم قانغا مىلەنگەن بىر سىرتلاننى كۆرىدۇ (يەنى ئازەرنىڭ سۈرىتى ھايۋان شەكلىگە ئايلانغان بولىدۇ). ئاندىن ئۇ (سىرتلان)نىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ» [بۇخارى]

## ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن سوراش

[ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا اللّٰەنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ [159] سۈرە نىسا][ئۆز ۋاقتىدا اللّٰە ئېيتتى:« ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اللّٰە نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى:« (رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق) سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن [116] مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللّٰەغا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن [117] ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، ئەگەر ئۇلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن [118] سۈرە مائىدە]

## قىيامەت كۈنى ئاسان ھېساب ئېلىنىدىغۇ؟

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ئازابقا دۇچار بولىدۇ - دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا! ئاللا مېنى ساڭا پىدا قىلسۇن! ئاللا قۇرئاندا:« نامە - ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ» دېمىدىمۇ؟- دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ (سوئال - سوراق ئەمەس، بەلكى) قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ھالاك بولىدۇ - دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە]

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« قىيامەت كۈنى قانداقلا بىر ئادەمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ئازابقا تارتىلىدۇ» [بۇخارى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىمدىن (قىلمىشلىرىدىن) بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» دېدى. مەن: ئاللاتائالا:« ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ» دېمىدىمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (ئاللاتائالا ئايەتتە بايان قىلغان) بۇ ھېساب بولسا، ھەقىقىي ھېساب ئېلىش بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ مۇنداقلا بىر سوراپ قويۇشتۇر. كىمدىن قىيامەت كۈنى (قىلمىشلىرىدىن) بىر- بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد]

## ھەر ئۇممەتكە گۇۋاھچى كەلتۈرۈلىدىغانلىقى

[شۇ كۈندە بىز ھەربىر ئۇممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز ۋە (شۇ كۈندە) بىز سېنى بۇلارغا (يەنى ئۇممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز [89] سۈرە نەھل]

## تۆت پەيغەمبەر ئارقىلىق تۆت خىل كىشىلەرگە رەددىيە بېرىش

ھەدىستە:« قىيامەتتە ئاللا تۆت پەيغەمبەرنى تىلغا ئېلىپ، دۇنيادىكى تۆت خىل ئادەمنىڭ باھانە - سەۋەبىگە رەددىيە بېرىدۇ:

1 - داۋۇد ئوغلى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ بايلىقى بىلەن بايلارغا رەددىيە بېرىدۇ: باي ئېيتىدۇكى، يارەببى ساڭا ئىبادەت قىلىشتىن بايلىق توسدى دەيدۇ. ئاللاتائالا: سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى مىسال كەلتۈرۈپ، سەن سۇلايماندىن بايراق بولمىدىڭ، ھەقىقەتەن سۇلايماننى ئۇنىڭ بايلىقى مېنىڭ ئىبادىتىمدىن توسۇپ قويمىدى!

2 - يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈۋر - تاقىتى بىلەن قۇللارغا رەددىيە بېرىدۇ: قۇل ئېيتىدۇكى، مەن بىر قۇل بولدۇم قۇللۇق ئىبادىتىڭدىن مېنى توسۇپ قويدى، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى: يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قۇللۇقى مېنىڭ ئىبادىتىمدىن توسۇپ قويمىدى!

3 - ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى بىلەن كېسەل ئادەملەرگە رەددىيە بېرىدۇ: كېسەل كىشى ئېيتىدۇكى، ساڭا ئىبادەت قىلىشىمدىن مېنى كېسەل توسۇپ قويدى، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى: سېنىڭ كېسىلىڭ قاتتىقراقمۇ ياكى ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىمۇ؟ ئەيۇپنى ئۇنىڭ كېسىلى ماڭا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ قويمىدى!

4 - ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نامراتلىقى بىلەن نامراتلارغا رەددىيە بېرىدۇ: كەمبەغەللەر ئېيتىدۇكى، مېنىڭ كەمبەغەللىقىم ئىبادىتىڭدىن توسۇپ قويدى، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى، سەن مۇھتاجمۇ ياكى ئىسامۇ؟ ۋە ئۇنىڭ كەمبەغەللىقى ئۇنى ئىبادىتىمدىن توسۇپ قويمىدى! ئاندىن ھېچ بىر كىشىگە ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا قىيامەت كۈنى ئۆزرە بولمايدۇ»[ئەخلاق نامە]

## دۇنيادا ئەڭ باياشات بىلەن ئەڭ نامرات ياشىغان كىشى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى دۇنيادىكى چېغىدا ئەڭ باياشات ياشىغان دوزاخ ئەھلىدىن بىرى ئېلىپ كېلىنىپ، جەھەننەمگە بىر قېتىم چۆكتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن:« ئى ئادەم ئوغلى! (دۇنيادا ياشىغان چېغىڭدا) بىرەر ياخشىلىق كۆردۈڭمۇ، نېئمەتكە ئېرىشتىڭمۇ؟» دەپ سورىلىدۇ. ئۇ:« ئى رەببىم! ياق» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادا ئەڭ كۆپ جاپا تارتقان جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى ئېلىپ كېلىنىپ، جەننەتكە بىر قېتىم چۆكتۈرۈلىدۇ، ئاندىن:« ئى ئادەم ئوغلى! (دۇنيادا) قىيىنچىلىق تارتتىڭمۇ، يوقسۇللۇق كۆردۈڭمۇ؟» دېيىلىدۇ. ئۇ:« ئى رەببىم! ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمىدىم ۋە يوقسۇللۇقمۇ كۆرمىدىم» دەيدۇ» [مۇسلىم]

## نېئمەتتىن سوئال-سوراق قىلىش

[نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر [8]سۈرە تەكاسۇر]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:[ ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر[8]سۈرە تەكاسۇر] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللا! بىزدە خورما بىلەن سۇدىن باشقا نەرسە بولمىسا، دۈشمەن كۆز تىكىپ تۇرسا، قىلىچلىرىمىز بويۇنلىرىمىزدىن چۈشمىسە، بىز قايسى نېئمەتلەردىن سورىلىمىز؟- دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« نېئمەتلەرگە ئېرىشىدىغان كۈنلەر (پات يېقىندا) كېلىدۇ - دېدى» [تىرمىزى]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىر باغدا تاماق يەپ مۇنداق دېگەن:« جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللا بىلەن قەسەمكى، مانا بۇ نەرسىلەر سۈرە تەكاسۇردىكى [ نېمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر[8]سۈرە تەكاسۇر] دېگەندۇر» [ تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ بەرزەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا بەندىنىڭ قەدىمى جايىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ، ئۆنى ئۆمرىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقى، ئۆگەنگەن بىلىمنى نېمىلەرگە ئىشلەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى قەيەردىن تېپىپ، نېمىلەرگە سەرپ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى قانداق ئىشلارغا ئۇپراتقانلىقىدىن سوئال- سوراق قىلىنىدۇ» [تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى بەندىدىن سورىلىدىغان تۇنجى نېمەت:« ساڭا جىسمىڭنى ساغلام قىلىپ بەرمىدۇقمۇ؟ سوغۇق سۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقىڭنى قاندۇرمىدۇقمۇ؟- دېيىشتىن ئىبارەت» [تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۈرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىللە ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ:« سىلەر نېمە سەۋەبتىن بۇ يەردە ئولتۇردۇڭلار» دېدى. ئۇ ئىككىسى: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىزنى پەقەت قورساقنىڭ ئاچلىقىلا ئۆيلىرىمىزدىن چىقاردى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىمۇ شۇ ئاچلىق چىقاردى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەنسارلىق بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئايال چىققان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« پالانى قەيەردە؟» دېدى. ئۇ ئايال: ئۇ بىزگە تاتلىق سۇ ئېلىپ كەلگىلى كەتكەن ئىدى، دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كىشىمۇ تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە: قارىشى ئالىمىز. بۈگۈن بىر كىشىنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكى پەيغەمبەرنىڭ يوقلاپ كەلگىنىدىن ئارتۇق بولماس، دەپ تۇلۇمنى خورمىنىڭ قۇرىغان بىر ئاچىسىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇلارغا بىر شاخ ھۆل خورما سۇنۇپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« خورمىلارنى ئۈزۈپ ئېلىپ كەلسەڭ بولمامتى؟» دېدى. ئۇ: سىلەرنى خورمىلارنى ئۆزلىرى تالاپ ئۈزۈپ يىسۇن دەپ شېخى بىلەن سۇنۇپ كەلدىم، دېدى. ئاندىن ئۇ قولىغا پىچاق ئالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« سېغىلىۋاتقان قوينى ئۆلتۈرۈشتىن ساقلانغىن» دېدى.

ئۇ شۇ كۈنى ئۇلار ئۈچۈن مال بوغۇزلىدى. ئۇلار (گۆشلەردىن تويغىچە) يېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەت كۈنى سىلەر ئەلۋەتتە بۇ نېمەتلەردىن سوراق قىلىنىسىلەر. سىلەرنى ئاچلىق ئۆيۈڭلاردىن چىقارغان ئىدى. سىلەر تاكى ماۋۇ- ماۋۇ نېمەتلەرگە ئېرىشمىگىچە ئۆيۈڭلارغا قايتمىدىڭلار» دېدى.[ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان]

## مۇشۇ كۈندىكى ئۈچرىشىشنى ئۇنتىغان كىشىلەر

[(ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە (سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچىمۇ بولمايدۇ [34] سۈرە جاسىيە][ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز [51] سۈرە ئەئراف]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (قىيامەت كۈنى) ئاللا بەندىسىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ: ئى پالانچى! مەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلمىدىممۇ؟ باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلمىدىممۇ؟ سېنى ئۆيلۈك- ئوچاقلىق قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئات بىلەن تۆگىنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟ سېنى باشلىق قىلمىدىممۇ؟ ئۇلاردىن تۆتتىن بىرىنى غەنىيمەت ئالمىدىڭمۇ؟- دەيدۇ. بەندە: شۇنداق- دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللا: مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟- دەپ سورايدۇ. بەندە: ياق- دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللا: مېنى ئۇنۇتقاندەك مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن- دەيدۇ. كېيىن، ئاللا ئىككىنچىسىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ: ئى پالانچى! مەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلمىدىممۇ؟ باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلمىدىممۇ؟ سېنى ئۆيلۈك- ئوچاقلىق قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئات بىلەن تۆگىنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟ سېنى باشلىق قىلمىدىممۇ؟ ئۇلاردىن تۆتتىن بىرىنى غەنىيمەت ئالمىدىڭمۇ؟- دەيدۇ. بەندە: شۇنداق- دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللا: مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟- دەپ سورايدۇ. بەندە: ياق- دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللا: مېنى ئۇنۇتقاندەك مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن- دەيدۇ. كېيىن، ئۈچىنچىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوخشاش سوئالنى سورايدۇ. ئۇ بەندە: ئى رەببىم! ساڭا كىتابىڭغا، پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم. ناماز ئوقۇدۇم، روزا تۇتتۇم، زاكات بەردىم- دەيدۇ ۋە چامىنىڭ يەتكىنىچە ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئاللا: ئۇنداقتا، سەن بىردەم كۈتۈپ تۇرغىن، مەن ساڭا گۇۋاھچى كەلتۈرەي!—دەيدۇ. بەندە ئۆز ئىچىدە: ئەجىبا، ماڭا كىمنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرە- دەپ ئويلاشقا باشلايدۇ، دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ ئاغزى مۆھۈرلىنىدۇ. ئاندىن پاقالچىقىغا: قېنى سەن سۆزلە!- دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پاقالچىقى، گۆشى ۋە سۆڭىكى زۇۋانغا كېلىپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مانا بۇ، بەندىنىڭ ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بارچە يوللىرىنى كېسىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۈچىنچى بەندە مۇناپىق بولۇپ، ئۇ ئاللانىڭ غەزىپىگە يولۇقىدىغان

كىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر» [مۇسلىم]

## پادىچىلاردىن سوراش

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلار توغرۇلۇق سوراق قىلىنىسىلەر، خەلىپىمۇ پادىچى، ئۇلار ئۆز پۇقرالىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە ئەر كىشىمۇ پادىچى، ئۇ بالا- چاقىلىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە ئايال كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆي ۋاقىسى، بالا- چاقىسى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە خىزمەتچىمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ، دېمەك سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى بولۇپ، ئۆز پادىلىرىڭلار توغرۇلۇق سورىلىسىلەر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئاللاتائالانىڭ بىر بەندىسىدىن سوئال سورىشى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى: « ئى ئادەم بالىسى! مەن ئاغرىپ قالسام مېنى يوقلىمىدىڭغۇ؟» دەيدۇ. ئادەم:« ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداقمۇ يوقلاي؟» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« بىلمەمتىڭ، مېنىڭ پالانى بەندەم ئاغرىپ قېلىپتۇ، ئۇنى يوقلىمىدىڭ، ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئۇنىڭ يېنىدىن مېنى چوقۇم تاپاتتىڭ» دەيدۇ. يەنە:« ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن تاماق سورىسام ماڭا تاماق بەرمىدىڭ؟!» دەيدۇ. ئۇ ئادەم:« ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداقمۇ تاماق بېرەلەي؟» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« پالانى بەندەم تاماق سورىۋىدى، ئۇنىڭغا تاماق بەرمىدىڭ، ئۇنىڭغا تاماق بەرسەڭ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مېنىڭ بېرىدىغانلىقىمنى بىلمەمتىڭ؟» دەيدۇ. يەنە:« ئى ئادەم بالىسى! سەندىن سۇ سورىسام، ماڭا سۇ بەرمىدىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ ئادەم:« ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداقمۇ سۇ بېرەلەي؟» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« پالانى بەندەم سەندىن سۇ سورىۋىدى، ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ، ئەگەر سۇ بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مېنىڭ بېرىدىغانلىقىمنى بىلمەمتىڭ؟» دەيدۇ [مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللا قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن سوئال سوراپ، ھەتتا ئۇنىڭدىن مۇنداق سورايدۇ، سەن يامان ئىشنى كۆرگىنىڭدە ئۇنى توسۇشقىدىن سېنى نېمە توستى؟ بەندە جاۋاب بېرەلمىسە، ئاللا ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ، جاۋابنى (دىلىغا) تاشلايدۇ. ئاندىن بەندە ئى رەببىم! سېلىنىڭ رەھمەتلىرىنى، ئەپۇلىرىنى ئۈمىد قىلدىم، كىشىلەردىن قورقتۇم دەيدۇ [ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

## ۋەدە توغرۇلۇق سوراش

[ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسى سورىلىدۇ [15] سۈرە ئەھزاب]

## كۆز قۇلاقلاردىن سوراش

[(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال- سوراق قىلىنىدۇ [36] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## ئەھدە توغرۇلۇق سوراش

[(قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان- قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال- سوراق قىلىنىسىلەر [34] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

## ھېساب ئېلىش

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمدىن (قىلمىشلىرىدىن) بىر- بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» دېدى. مەن: ئاللاتائالا:« ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ» دېمىدىمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« (ئاللاتائالا ئايەتتە بايان قىلغان) بۇ ھېساب بولسا، ھەقىقىي ھېساب ئېلىش بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ مۇنداقلا بىر سوراپ قويۇشتۇر. كىمدىن قىيامەت كۈنى (قىلمىشلىرىدىن) بىر- بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد ۋەتىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:« (قۇرئان) ئوقۇپ بەر» دېدى. مەن: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! (قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىنسا، مەن ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىمەن؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەئە شەكسىز مەن قۇرئاننى باشقا بىرسىدىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سۈرە نىسانى ئوقۇپ بېرىۋېتىپ، (ھەتتا) [ بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى

ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟] دېگەن ئايەتكە كېلىشۇېدىم، كۆزلىرىدىن ياش تۆتۈلگەن ھالەتتە:«بولدى قىل» دېدى [41] سۈرە نىسا][بۇخارى]

## قىلغان ياخشى ئەمەللىرى

ئىمام ئەھمەد، ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مەدىنىدىكى چېغىمىزدا بىزگە ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ بەرگەن ئىدى: قىيامەت كۈنى ھەممە ئەمەل-ئىبادەتلەر (ئاللاتائالانىڭ ئالدىغا) كېلىدۇ، ناماز كېلىپ، ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ناماز دەيدۇ. ئاللاتائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن دەيدۇ. سەدىقە كېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سەدىقە دەيدۇ. ئاللاتائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن دەيدۇ. روزا كېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن روزا دەيدۇ. ئاللاتائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن دەيدۇ. ئاندىن باشقا ئەمەل- ئىبادەتلەر كېلىدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەقىقەتەن سىلەر ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسىلەر دەيدۇ. ئاندىن ئىسلام دىنى: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن سالامەت قىلغۇچىدۇرسەن، مەن ئىسلامدۇرمەن، دەيدۇ. ئاللاتائالا: ھەقىقەتەن سەن ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن، مەن بۈگۈن سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئازابلايمەن ۋە سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن مۇكاپاتلايمەن دەيدۇ. چۈنكى، ئاللاتائالا كىتابىدا:« كىمكى ئىسلا (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر» دېدى. دەيدۇ»[ئەھمەد]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى، قۇرئان كېلىپ: ئى رەببىم! ئۇنى (قۇرئان ئوقۇغۇچىنى) زىننەتلىگىن!- دەيدۇ. ئۇنىڭغا كارامەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيادە ئىلتىپات قىلغىن- دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا كارامەت تونى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولغىن- دەيدۇ. ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: ئوقۇپ ئۆرلەۋەرگىن!- دېيىلىپ، ھەربىر ئايەتكە بىر دەرىجە قوشۇپ بېرىلىدۇ» [ ھاكىم ھەسەن]

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قىيامەت كۈنى قۇرئاننى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلغان كىشىلەر ھازىر قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن سۈرە بەقەر ۋە سۈرە ئال ئىمران ئۇلارنى ئوقۇغانلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ» [مۇسلىم]

## قىيامەت كۈنى بارلىق كۈنلەرنى ئۆز تۈرىقى بىلەن ئەۋەتىدىغانلىقى

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللا قىيامەت كۈنى بارلىق كۈنلەرنى ئۆز تۈرىقى بىلەن ئەۋەتىدۇ. ئاللا جۈمە كۈننى، جۈمە ئەھلىگە نۇر چاچقان ھالدا نۇرلۇق، گۈزەل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. جۈمەنىڭ ئەھلى بۇ كۈننى خۇددى يىقىن، ئۇلۇغ كىشىلىرىگە ھەدىي بېرىلىدىغان توي ئەھلىدەك قۇتلۇقلاپ ئەتراپىدىن قورشىۋالىدۇ. جۈمە كۈن ئۇلارغا نۇر چېچىپ بەرسە، ئۇلار بۇ نۇردا ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭگىلىرى قاردەك ئاق، نۇرلۇق، پۇراقلىرى بولسا مىسكىدەك خۇشبۇراق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار كاپورا ئىسمىلىك مىسكە ئەنبەر، ئەتىر تاغلىرىدا كېچىپ يۈرىدۇ. ئۇلارغا ئىنسى - جىنلار قاراپ قالىدۇكى، ھەممىسى ئۇلار جەننەتكە كىرگەنگە قەدەر ھەيران قېلىشىپ، ئۇياق - بۇياققا قارىماي پەقەت شۇلارغىلا قارايدۇ. ئۇلارغا ھېچكىشى ئارىلىشىۋالالمايدۇ، پەقەت ساۋاب ئۈمىد قىلغان مۇئەززىنلەرلا ئۇلار بىلەن بىرگە جەننەتكە كىرىدۇ» [ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

## بۇ ئۈممەتنى نۇرلۇق ھالدا چاقىرىش

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر قىيامەت كۈنى ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىسىلەر. شۇڭا ئىسمىڭلارنى ياخشى قويۇڭلار» [ئەبۇداۋۇد ۋە ئەھمەد زەئىف]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن چىرايلىرى، پۇت- قوللىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ »[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا يولىدا چېچى ئاقارغان كىشىنىڭ ھەربىر ئاق چېچى قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭغا) نۇر بولىدۇ» [تىرمىزى]

## مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇئاز قىيامەت كۈنى ئۆلىمالاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن »[ئىبنى ئەساكىر سەھىھ]

## مۇئەززىنلەر

تەلھە ئىبنى يەھيا مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا تۇرسام، مۇئەززىن كېلىپ، ئۇنى نامازغا چاقىرغان ئىدى، ئۇ مۇئەززىنگە مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« قىيامەت كۈنى مۇئەززىنلەرنىڭ بويى ھەممە ئادەمدىن ئېگىز بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» [مۇسلىم]

## نامازدىن ھېساب ئېلىش

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى بەندىدىن تۇنجى بولۇپ سورىلىدىغىنى ناماز» [نەسەئى سەھىھ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئەڭ ئەۋۋەل تەكشۈرىلىدىغىنى نامىزى بولۇپ، ئەگەر نامىزى قوبۇل بولسا، باشقا ئەمەللىرىمۇ قوبۇل بولىدۇ. ئەگەر نامىزى قوبۇل بولمىسا، باشقا ئەمەللىرىگە قاراپمۇ قويۇلمايدۇ» [ئەۋسەت ۋە زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نامازنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن:« كىمكى نامازنى تەرك قىلماي، ۋاقتىدا رىئايە قىلىپ ئوقۇسا، ناماز قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە نۇر، دەلىل ۋە نىجاتلىق بولىدۇ. كىمكى نامازغا بىپەرۋالىق قىلسا، ناماز ئۇ كىشىگە نۇر، ھۆججەت ياكى نىجاتلىقنىڭ ھېچ بىرى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇ كىشى قارۇن، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەفلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ» [ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت ۋە ئەھمەد ۋە تەبرانى ۋە ئىبنى ھەببان]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندىدىن قىيامەت كۈنى تۇنجى ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەل نامازدۇر. ئەگەر ناماز دۇرۇس ئادا قىلىنغان بولسا، ئۇ ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئەگەر نامىزى دۇرۇس رەۋىشتە ئادا قىلىنمىغان بولسا، ئۇ ئادەم زىيانكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ پەرز نامازلىرىدا نۇقسان كۆرۈلسە، ئاللاتائالا ئېيتىدۇ:« قاراڭلار، بەندەمنىڭ قىلغان نەپلى ئىبادەتلىرى بارمۇ؟ نەپلى ئىبادەتلىرى بولسا، پەرزدىن كەملەپ قالغان جايلىرى نەپلى ئىبادەتلىرى بىلەن تولۇقلانسۇن» ئاندىن ئۇنىڭ قالغان ئەمەللىرى ئۈستىدىمۇ شۇ بويىچە ھېساب - كىتاب قىلىنىدۇ» [تىرمىزى]

ھەسەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ھەرقانداق قۇل نامازدىن ھېساب بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر نامىزى كەم چىقسا:« نېمە ئۈچۈن كەم ئوقۇدۇڭ؟» دېيىلىدۇ. ئۇ:« ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ماڭا بىر خوجايىننى ھۆكۈمران قىلىپ قويۇپسەن، ئۇ مېنى ئىشقا سېلىپ، نامىزىمدى قويدى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگار:« مەن سېنىڭ ئۇنىڭ مېلىدىن ئوغرىلىغۇاتقانلىقىڭنى كۆرگەن ئىدىم. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەمەلىدىن ياكى ئۆزەڭنىڭ ئەمەلىدىن (نامىزىڭ ئۈچۈن ۋاقىت) ئوغرىلىساڭ بولماسمىدى؟» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللا ئۇنى پاكىتتا يېڭىپ قويىدۇ» [ئەھمەد]

## زاكاتتىن ھېساب ئېلىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا بىر كىشىگە مال - مۈلۈك بەرسە، ئاندىن ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، ئۇ مال (زەھىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىدىن) بېشىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن، كۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى دانە قارا چېكىت بار چوڭ بىر يىلاننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ (يىلان) مال ئىگىسىنىڭ گېلىغا چەمبەر شەكلىدە يۆگىشىپ ئۇنى بوغۇپ، ئىككى ئۈتكۈر چىشى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ، مەن سېنىڭ مال - مۈلكىڭ، مەن سېنىڭ بايلىقىڭ، دەيدۇ» ئاندىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:[ ئاللا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل- مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر][بۇخارى]

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان بىر بەندىگە داۋاملىق ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرىدىغان بېشىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن چوڭ بىر يىلان كېلىدۇ. ئۇ (بەندە) يىلاندىن قاچىدۇ، يىلان ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ: مەن سېنىڭ بايلىقىڭ دەيدۇ» ئاندىن ئابدۇللا بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:[ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ]

ئىمام ئەبۇ جەئفەر ئىبنى جەرىر سەۋباندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« كىمكى ئۆزىدىن كېيىن بايلىق قالدۇرۇپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ بايلىق قوش زەھەرلىك تاز يىلان سۈرىتىدە بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ. ئۇ ئادەم ساڭا ۋاي! سەن كىم بولىسەن؟ دەيدۇ. يىلان: مەن سېنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى بايلىقىڭ بولىمەن، دەيدۇ. يىلان ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزىۋېلىپ يۇتىۋېتىدۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يۇتىۋېتىدۇ» [بۇخارى ۋە ئىبنى ھەببان ۋە ئىبنى ماجەلەرمۇ رىۋايەت قىلغان]

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بىرەر غەزنىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ غەزنىنە زەھەرنىڭ كۆچلۈكلىكىدىن بېشىنىڭ قاسىرقى چۈشۈپ كەتكەن ئەركەك يىلانغا ئايلىنىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنى قوغلايدۇ، ئۇ قاچىدۇ، يىلان: كۆمۈپ قويغان غەزنەڭنى ئېلىۋال، ماڭا كېرەك ئەمەس- دەپ تووۋلايدۇ. غەزنىنىڭ ئىگىسى يىلاندىن قۇتۇلالماي، قولىنى يىلاننىڭ ئاغزىغا تىقىدۇ، يىلان ئۇنىڭ قولىنى خۇددى ھايۋان چۆپنى پاراسلىتىپ چاينىغاندەك چاينايدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مال- مۈلكىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن ئادەمگە قىيامەت كۈنى، ئۇنىڭ مال- مۈلكى ئوتتا قىززىتىلغان قىلىچلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، شۇ قىلىچلار بىلەن ئۈزۈلۈكى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈندە بەندىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغىچە ئۇنىڭ پىشانىسى، ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ماڭىدىغان يولى كۆرسىتىلىدۇ» [مۇسلىم]

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ئۇمەر غۇداتىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ يېنىدا ئىدۇق. يېنىمىزدىن بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىسىگە تەۋە بىر ئادەم ئۆتتى. ئۇ بەنى ئامىر قەبىلىسى ئىچىدە ئەڭ باي ئادەم دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە يېنىدىكى ئادەملەرگە: ئۇ ئادەمنى ياندۇرۇپ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. ئۇلار ئۇنى ياندۇرۇپ كەلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭغا: ئاڭلىشىمچە سەن ھەقىقەتەن باي ئادەم ئىكەنسەن، دېدى. ئۇ ئادەم: شۇنداق، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ يۈز قىزىل تۆگەم، يۈز قىزغۇچ ئاق تۆگەم بار، دېدى. ھەتتا ئۇ تۆگىلىرىنىڭ رەڭگىلىرىنى، قۇللىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى ۋە سەر خىل ئاتلىرىنى ساناپ چىقتى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭغا: تۆگىلەرنىڭ ۋە قويلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ساقلانغىن دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بۇ نېمىدېگىنىڭ؟ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:« كىمنىڭ تۆگىلىرى بولسا، ئۇ قىيىنچىلىق ئەھۋالدا بولسۇن ياكى كەڭرىچىلىك ئەھۋالدا بولسۇن تۆگىلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ تۆگىلەر ئەڭ گۆشلۈك ئەڭ سېمىز، ئەڭ شاش يۈگۈرەك تۆگىلەر بولۇپ كېلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم كەڭرى تۈزلەڭلىكتە تۆگىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. تۆگىلەر ئۇنى تۇياقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ. تۆگىلەرنىڭ ئاخىرى ئۇنى دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، باشتىكى تۆگىلەر ئۇنى قايتا دەسسەشكە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئۈزۈنلۈقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا بولغان ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ.

كىمنىڭ كالىلىرى بولسا، ئۇ قىيىنچىلىق ئەھۋالدا بولسۇن ياكى كەڭرىچىلىك ئەھۋالدا بولسۇن. كالىلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كالىلار ئەڭ گۆشلۈك، ئەڭ سېمىز، ئەڭ شاش، يۈگرەك كالىلار بولۇپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم كەڭرى تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كېلىنىپ كالىلارنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. كالىلار ئۇنى تۇياقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، مۈڭگۈزلۈك كالىلار ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسىدۇ. بۇ كالىلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى تۈپ- تۈز، ئۇچلۇق ۋە سۇنماستۇر. كالىلارنىڭ ئاخىرى ئۇنى دەسسەپ ۋە ئۈسسۈپ ئۆتۈپ بولسا، باشتىكى كالىلار ئۇنى قايتا دەسسەش ۋە ئۈسسۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئۈزۈنلۈقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا بولغان ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ.

كىمنىڭ قويلىرى بولسا قىيىنچىلىق ئەھۋالدا بولسۇن ياكى كەڭرىچىلىك ئەھۋالدا بولسۇن قويلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ قويلار ئەڭ گۆشلۈك، ئەڭ سېمىز، ئەڭ شاش يۈگرەك قويلار بولۇپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم كەڭرى تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كېلىنىپ قويلارنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. قويلار ئۇنىڭ تۇياقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ. مۈڭگۈزلۈك قويلار ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسىدۇ. بۇ قويلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى تۈپ- تۈز، ئۇچلۇق ۋە سۇنماستۇر. قويلار ئاخىرى ئۇنى دەسسەپ ۋە ئۈسسۈپ ئۆتۈپ بولسا، باشتىكى قويلار ئۇنى قايتا دەسسەش ۋە ئۈسسۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئۈزۈنلۈقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ» دېدى.

ئۇ ئادەم: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! تۆگىلەرنىڭ ھەققى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: بىرسىگە تۆگە ئارىيەت بەرسەڭ، ياخشىسىنى ۋە سۈتلۈك تۆگىنى بېرىشىڭ لازىم. مېنىۋېلىشى ئۈچۈن تۆگە سوراپ كەلسە، ئۇنى بېرىپ تۇرۇشۇڭ. چىشى تۆگىسى ئۈچۈن ئەركەك تۆگە سوراپ كەلسە، ئۇنى بېرىپ تۇرۇشۇڭ ۋە مۇھتاجلارنى تۆگىنىڭ سۈتى بىلەن تەمىنلىشىڭ لازىم دېدى» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى]

## ھەجدىن ھېساب ئېلىش ؟

### روزىدىن ھېساب ئېلىش

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« روزا بىلەن قۇرئان

قىيامەت كۈنى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ. روزا مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم! ھەققەتەن مەن ئۇنىڭدىن تائاملىرىنى، شاراپلىرىنى چەكلەپ قويدۇم، مېنى بۇ بەندە توغرىسدا شاپائەتچى قىلساڭ» [ئەھمەد ۋە تەبرانى ۋەھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

## باشقا نەرسىلەردىن ھېساب ئېلىش

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى ئاللاتائالانىڭ ئالدىغا بەندىلىرىدىن بىر بەندە كەلتۈرۈلۈپ، ئاللا ئۇنىڭدىن سەن دۇنيادا مەن ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن دۇنيادا سەندىن (بىر نەرسىنى) ئۈمىد قىلغۇدەك زەررە چاغلىق بىر ئىش قىلمىدىم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ بەندە بۇ جاۋابنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق جاۋابىنىڭ ئاخىرىدا: ئى پەرۋەردىگارىم! ھەققەتەن سەن ماڭا مال بەردىڭ، مەن كىشىلەرگە (بىر نەرسە) ساتىدىغان كىشىمەن، مېنىڭ ئادىتىم (كىشىلەردىن) كەچۈرۈۋېتىش ئىدى. مەن باي كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرەتتىم، نامرات، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرنى (ئۇلارنىڭ ھالى ياخشىلىنىپ بولغىچە ئالىدىغان پۇلنى سۈيلىمەي ) كۈتەتتىم دېدى. ئاندىن ئاللا: ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشكە مەن ئەڭ ھەقلىقتۇرمەن، دەپ (ئۇ بەندىنى) جەننەتكە كىرگۈزۈڭلار دەيدۇ» [ ھافىز ۋە ئەبۇ يەئلا ۋە مەۋسىلىي]

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن بىر كىشىدىن ھېساب ئېلىنىپتۇ، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق بىر ياخشى ئەمەل تېپىلماپتۇ، ئۇ كىشىلەرگە ئارىلىشىدىكەن، باي ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى قىيىنچىلىقى بارلاردىن قەرزلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدىكەن. ئۇلۇغ ئاللاتائالا:« بۇنداق كەچۈرۈۋېتىشكە بىز ئۇنىڭدىنمۇ لايىق، ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار» دەپتۇ [مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :« مۇئمىن رەببىگە يېقىن كېلىدۇ، ئاندىن ئاللا ئۇنى پەردە ئارقىسىغا ئېلىپ، گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن« پالانى، پالانى گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇ:« ئى رەببىم! بىلىمەن، بىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللا:« مەن بۇ گۇناھىڭنى دۇنيادا يوشۇردۇم (ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىدى) بۈگۈنمۇ سېنىڭ گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياخشىلىق دەپتىرى بېرىلىدۇ(يەنى ئۇنىڭ نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ). ئەمما مۇناپىقلار ۋە كاپىرلارغا كەلسەك، بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ كۆزى ئالدىدا:« بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر. ھەققەتەن ئاللانىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ» دەپ نىدا قىلىنىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇنيادا بەندە بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ» [مۇسلىم]

## ئاللانىڭ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقى

[شەك - شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز [51] سۈرە غافىر]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەققەتەن بۇ ئۈممەت رەھىم قىلىنغان ئۈممەتتۇر. بۇلارنىڭ ئازابى ئۆز قوللىرىدا (مۇشۇ دۇنيادا) بولىدۇ. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئاللاتائالا بۇ ئۈممەتنىڭ ھەربىر مۆمىن كىشىگە بىردىن كاپىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ. مانا بۇ سېنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېرىدىغان فىدىيەرىڭ بولىدۇ، (يەنى كاپىرنى بېرىپ، ئۆزى قۇتۇلىدۇ)» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ بۇردىدىن، ئەبۇ بۇردە بولسا دادىسىدىن، دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا منىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« قىيامەت كۈنى بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار تاغدەك گۇناھلار بىلەن كېلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا گۇناھلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ ئۈستىلىرىگە يۈكلەپ قويىدۇ»[مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:« قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا بىر يەھۇدىي ۋە ياكى خىرىستىئاننى بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا (مانا بۇ سېنىڭ گۇناھىڭنى ئۈستىگە ئېلىپ ئورنۇڭدا دوزاخقا كىرىپ) سېنى دوزاختىن قوتۇلدۇرۇدىغان كىشى دېيىلىدۇ»

## ئۈچ تۈرلۈك كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« ئاللا ئەززە ۋە جەللە:[ ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر

(يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى ئاللانىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر] دېدى. ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئالدىدا ماڭغانلار جەننەتكە ھېسابسىزلا كىرىدىغانلار؛ ئوتتۇراھال بولغانلار يەڭگىل ھېساب ئېلىنىدىغانلار؛ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار بولسا، مەھشەرگاھقا باشتىن- ئاخىرىغىچە سولاپ قويۇلىدىغانلاردۇر. كېيىن ئاللاتائالا ئۆز رەھمىتى بىلەن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ. ئەنە شۇلار:[ جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم- قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاغا مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ئاللا مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز» دەيدىغانلاردۇر] [ئەھمەد]

## « سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار» دېگەن ئايەت توغرىسىدا

[كاپىلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ): «سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار، سىلەر زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە چوڭچىلىق قىلىپ، ئىماندىن باش تارتقانلىقىڭلار ۋە اللّٰه نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» [20] سۈرە ئەھقاف]

زەيد ئىبنى ئەسلەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇ سورىدى. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ كەلتۈرۈلگەنىدى، ھەزرىتى ئۆمەر:« بۇ ياخشى نەرسە، لېكىن ئاللاتائالا قۇرئاندا ئارزۇ- ئارمانلىرىغا ئېرىشىپ بولغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ:[ دۇنيا ھاياتىڭلاردا نازۇ- نېئمەتلىرىڭلارنى يەپ تۈگەتتىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلاندىڭلار[20] سۈرە ئەھقاف] دېگەن. شۇڭا مەن ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپىتىنى دۇنيادىلا ئېلىپ بولغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن- دېدى ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۇنى ئىچمىدى» [رەزىن]

يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ؛ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر خالتا گۆش كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:« بۇ نېمە ؟- دەپ سورىدى. جابىر: ئى ئەمىرۇلمۆئمىنىن! (گۆش يېمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقا) بەك گۆش سېغىنىپ كەتتۇق، شۇڭا بىر تەڭگىگە بۇ گۆشنى سېتىۋېلىپ كەلدىم-دېدى. ئۆمەر: قوشناڭلار بىلەن بار- يوقتا بىرگە بولۇش ئۈچۈن ئازراق بەرداشلىق بەرسەڭلار بولمامدۇ؟! ئاللاتائالانىڭ: [سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار[20] سۈرە ئەھقاف] دېگەن ئايىتىنى ئۇنۇتتۇڭلارمۇ؟- دېدى» [مالىك]

## ئىنچىكە ھېساب ئېلىش

ئىمام ئەھمەد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ....كىمدىن (قىيامەت كۈنى قىلمىشلىرىدىن) بىر- بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر]

[اللّٰه (ئىنسانلارنى، جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، (بۇ كۈندە اللّٰه ئېيتىدۇكى)« ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار» ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى:« ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر- بىرمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق» دەيدۇ. اللّٰه:« دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر اللّٰهنىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ [128] سۈرە ئەنئام][ ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟» ئۇلار:« گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ [130] سۈرە ئەنئام]

## زۇلۇمدىن ھېساب ئېلىش

ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دەپ كەلدى:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆزەمنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن مەندىن بىر زالىمنىڭ قىلغان كىچىككىنە زۇلمىمۇ (ھېسابسىز) ئۆتۈپ كەتمەيدۇ»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم قىيامەت كۈنى قاراڭغۇ- زۇلمەتكە ئايلىنىدۇ» [مۇسلىم]

## كىچىك گۇناھتىنمۇ ھېساب ئېلىش

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئى ئائىشە! كىچىك گۇناھلاردىنمۇ ساقلىنىڭ، شۈبھىسىزكى، كىچىك گۇناھلاردىنمۇ ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا ھېساب ئېلىنىدۇ» [نەسەئە ۋە ئىبنى ماجەم ۋە ئەھمەد]

## قارى، شېهىد، باي بۇ ئۈچىسىدىن ھېساب ئېلىش

[(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ [15] بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ [16] سۈرە ھۇد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ سوئال- سوراق قىلىنىدىغان كىشى. شېهىد بولغان كىشىدۇر، ئۇ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاللا ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېمەتلەرنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئەسلەيدۇ. ئاللا:« ئۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ كىشى:« سېنىڭ يولۇڭدا كۈرەش قىلىپ شېهىد بولدۇم» دەيدۇ. ئاللا ئۇ كىشىگە:« سەن يالغان ئېيتتىڭ، سەن باتۇر ئاتىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدىڭ ۋە ئاتالدىڭ» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللا ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاللا:« بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ:« ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم» دەيدۇ. ئاللا:« يالغان ئېيتتىڭ، سەن بولساڭ باشقىلار مېنى ئالىم دېسۇن دەپ ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارىي دېسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ ھەم شۇنداق دېيىلدىڭ» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئاللا تۈرلۈك مال- مۈلۈكلەرنى بېرىپ دۆلەتمەن قىلغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللا ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللا:« شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ كىشى:« مەن سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن سەن پۇل سەرپ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىكى يوللارنىڭ ھەممىسىگە پۇل- مال سەرپ قىلدىم» دەيدۇ. ئاللا:« يالغان ئېيتتىڭ، سەن بولساڭ كىشىلەر مېنى سېخىكەن دېسۇن، دەپ پۇل- مال سەرپ قىلدىڭ» دەيدۇ ئاندىن ئۇ ئاللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ» [مۇسلىم]

## بۇ كۈندە ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرى قىلغان گۇناھىغا گۇۋاھ بولىدىغانلىقى

[شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ [24] شۇ كۈندە ئاللا ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار اللّٰەنىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ [25] سۈرە نۇر][شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ [65] سۈرە ياسىن]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇ ئېغىز چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىن:« مەن نېمىگە كۈلۈپ كەتتىم، بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بەندىنىڭ قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارى بىلەن جېدەللىشىۋاتقانلىقىدىن كۈلۈپ كەتتىم، بەندە: پەرۋەردىگارىم! مېنى زۇلۇمدىن قۇتقازمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. پەرۋەردىگارى: شۇنداق قۇتقۇزغان ئىدىم، دەيدۇ. بەندە: ئۇنداقتا ماڭا ئۆزەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە رۇخسەت قىلمايمەن، دەيدۇ. پەرۋەردىگارى: بۈگۈن ئۆزەڭگە ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ ۋە ئەمەللىرىڭنى يېزىپ تۇرغۇچى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھ بولۇشى كۇپايە قىلىدۇ، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا: قېنى سۆزلە، دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا سۆزلەش پۇرستى بېرىلىدۇ، ئۇ ئۆز ئەزالىرىغا: ئاللاتائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇڭلار، مەن سىلەرنى ھىمايە قىلىمەن دەپ جېدەللىشىۋاتاتتىم، دەيدۇ» [مۇسلىم ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ئەبۇ ھاتەم]

## زېمىن ئۈستىدە بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:[ بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى- يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ[4] سۈرە زەلزەلە] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ:« ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى ساھابىلەر: ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇنىڭ خەۋەرلىرى بولسا، زېمىن پۈتكۈل ئەر- ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلغان قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىپ: بۇ مۇنداق- مۇنداق كۈنلەردە مۇنداق- مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئىدى، دېيىشىدۇ. مانا بۇ زېمىنىنىڭ خەۋەرلىرى» دېدى [ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى]

## ئاللا ياد ئېتىلمايدىغان سورۇن قىيامەتتە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەم بالىسىغا ئۇ ئاللانى ياد ئەتمەي بىر سائەت ئۆتۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللانى ياد ئېيتمىغان ئاشۇ بىر سائەتكە قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ» [ئەبۇ

نۇئەيم ۋە بەيھەقى ھەسەن]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا ياد ئېتىلمايدىغان ئولتۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەر، قىيامەت كۈنى ئۇ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىگە پەقەت ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ» [ئەھمەد]

## سىلەر - رەھىم

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى سىلە - رەھىم كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ ئېگىرىكىگە ئوخشاش ئېگىرىكى بولۇپ راۋان ۋە ئۆتكۈر تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇ سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە رەھىمتىنى ئۈزىدۇ، ئۇلىغان يەنى سىلە - رەھىم قىلغان كىشىگە رەھمەتنى ئۇلايدۇ» [ئەھمەد]

## بۇ كۈندە بىر-بىرىسى بىلەن دەۋا قىلىش

[ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر - بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر [31] سۈرە زۇمەر] زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى :[ ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر - بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر[31] سۈرە زۇمەر] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، مەن: ئى رەسۇلۇللا! بىز بىر - بىرىمىز بىلەن دۇنيادا دەۋالاشقان بولساقمۇ، ئاخىرەتتە يەنە دەۋالىشامدۇق؟ - دەپ سورىسام. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە - دېدى. مەن: ئۇنداقتا، ئەھۋال بەكلا ئېغىر ئىكەن - دېدىم»[تىرمىزى ۋە ئەبۇ ھاتەم]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى مەن مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن. بىرىنچىسى: مېنىڭ نامىمنى شېپى كەلتۈرۈپ ۋەدە بېرىپ (ۋەدىسىنىڭ) ھۆددىسىدىن چىقمىغان كىشى. ئىككىنچىسى: ھۆر ئادەمنى (ئالداپ) سېتىپ پۇلىنى يېگەن كىشى. ئۈچىنچىسى: بىر كىشى ئىشلىتىپ ھەققىنى (تەلەپ قىلسا) بەرمىگەن كىشى» [بۇخارى]
ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال قوشنىلار دەۋالىشىدۇ» [تەبرانى ھەسەن]
ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى، دەۋا ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغان تۇنجى ئادەم مەن بولىمەن» [بۇخارى]
ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى پېقىرلار تۆپەيلىدىن بايلارنىڭ ھالى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. چۈنكى پېقىرلار: ئى رەببىمىز! بۇلار بىزگە زۇلۇم قىلىپ، سەن بىز ئۈچۈن بەلگىلىگەن زاكاتنى بەرمىدى- دەيدۇ. ئاللاتائالا: ئىززەت- ھۆرمىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى (بۈگۈن) سىلەرنى (ئۆزەمگە) يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى يىراقلاشتۇرىمەن- دەيدۇ- دېدى ۋە:[ ئۇلارنىڭ پۇل- ماللىرىدا نامرات- مىسكىنلەرنىڭ ھەققى بار[20] سۈرە زارىيات] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى» [ئەلئەۋسە ۋە ئەلسەغىر]
ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى، قۇرئاننىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلمىغان، چەكلىملىرىگە تاجاۋۇز قىلغان، بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغان، توسقان گۇناھلارنى سادىر قىلغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن قۇرئان ئادەم سۈرىتىدە ھازىر بولۇپ، ئى رەببىم! مېنى شۇنداق ناچار ھامماللىغا كۆتۈرگۈزۈپسەن (ياد ئالدۇرۇپسەن)كى، ئۇ مېنىڭ چەك- چېگرامغا تاجاۋۇز قىلدى. پەرزلىرىمنى ئادا قىلمىدى، ماڭا ئىتائەت قىلماي، گۇناھلىرىمنى سادىر قىلدى- دەپ، نۇرغۇن دەلىل- پاكىت ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا: ئۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇرۇلدى، خالىغىنىڭنى قىلغىن!- دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇرئان ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، سۆرىگەن پېتى دوزاختا تاشلايدۇ. ئاندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ چەك- چېگراسىغا رىئايە قىلغان، پەرزلىرىنى ئادا قىلغان، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلمىغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. قۇرئان: ئى رەببىم! ئايەتلىرىمنى شۇنداق بىر ھامماللىغا كۆتۈرگۈزۈپسەنكى، ئۇ چەك- چېگرىلىرىمغا رىئايە قىلدى. پەرزلىرىمنى ئادا قىلدى. بۇيرۇقلىرىمغا ئىتائەت قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلمىدى- دەپ، نۇرغۇن دەلىل- پاكىت ئارقىلىق ئۇنى ئاقلاشقا باشلايدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا: ئۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇرۇلدى، خالىغىنىڭنى قىلغىن!- دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، (ئادەم سىياقىغا كىرگەن) قۇرئان ئۇ كىشىگە يىپەك تون كىيگۈزۈپ، بېشىغا تاج تاقايدۇ ۋە پادىشاھنىڭ قەدەھى بىلەن سۇ ئىچۈرىدۇ» [بەززار]
ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (قىيامەت كۈنى) بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە كېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەم مېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى- دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن. ئاللا ئۇنىڭدىن: ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ؟- دەپ سورىسا. ئۇ: ئى ئاللا! پۈتۈن ئىززەت ساڭا مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئاللا: پۈتۈن ئىززەت ھەقىقەتەن ماڭا مەنسۇپتۇر، - دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە كېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەم مېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى- دەيدۇ. ئاللا

ئۇنىڭدىن: بۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ؟ - دەپ سورىسا، ئۇ: پۈتۈن ئىززەتنىڭ پالانىغا مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن ئاللا: ئىززەت ھەرگىزمۇ پالانىغا مەنسۇپ ئەمەس - دەيدۇ. نەتىجىدە، قاتىل قاتىللىق گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدۇ» [نەسەئى سەھىھ]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئادەم ئۆلتۈرگۈچى بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۆلتۈرۈلگۈچى: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەمدىن سوراپ باققىن، ئۇ مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈپتۇ؟ - دەيدۇ. قاتىل: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەم مېنى (ئۆزىنى) ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغانىدى - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسى قوللىرىدىن تۇتۇلۇپ، دوزاخقا بىرگە تاشلىنىدۇ» [ئەلكەبىر]

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشى قاتىلغا ئېسىلغان ھالدا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم! بۇ مېنى ئۆلتۈرگەن دەيدۇ، ئاندىن ئاللا قاتىلغا نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ - دېسە، قاتىل پالانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرگەن دەيدۇ» [نەسەئى سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى، قاتىلى بىلەن بىرگە كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، قاتىلنىڭ بېشى ۋە چېكىسى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ كىشى جان تومۇرى قان ئاقتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ، يا رەببىم! بۇنىڭدىن سوراپ باققىن، بۇ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردى، ئۇلار شۇنداق داۋالىشىپ، ئەرشكە يېقىن بارىدۇ» [تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

[ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرەتتىڭ) بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا:« ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ [31] چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا:« سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ [32] بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا:« ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە - كۈندۈز قىلغان ھىيلە - مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى) ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللّٰەنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (يەنى ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىلىدۇ [33] سۈرە سەبەئ][(اللّٰە پەرىشتىلەرگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ اللّٰەنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار [22-23] ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ [24] (ئاندىن) ئۇلارغا:« نېمىشقا (دۇنيادىكى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش) بىر- بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟» (دېيىلىدۇ) [25] بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر [26] ئۇلار بىر- بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ [27] ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە:« سىلەر (سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا) قەسەم ئىچىپ بىزنى ئىماندىن توسۇيتتۇڭلار» دەيدۇ [28] (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە) ئېيتىدۇ:« سىلەر (ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن) مۆمىن بولمىدىڭلار [29] بىزنىڭ سىلەرنى (بىزگە ئەگىشىشكە) زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى سىلەر (بىزگە ئوخشاش) ئازغان قەۋم ئىدىڭلار [30] پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى (جازالاش) سۆزى بىزگە تېگىشلىك بولدى. بىز ھەقىقەتەن (شۇ سۆز بويىچە ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىمىز [31] سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى بىز ھەقىقەتەن ئازغان ئىدۇق [32] سۈرە سافغات]

ئىبنى مەندەھ "روھ" دېگەن كىتابتا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر قىيامەت كۈنى دەۋالىشىدۇ. ھەتتا جان بىلەن جەسەت مۇنازىرىلىشىدۇ، جان بەدەنگە گۇناھنى سەن قىلدىڭ، دەيدۇ. جەسەت جانغا: سەن گۇناھ قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ، سەن گۇناھنى چىرايلىق كۆرسەتتىڭ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇلاردىن: سىلەردىن بىرىڭلار ھەقىقەتەن كۆزى ساق ئەمما پالەچ ئادەمگە، يەنە بىرىڭلار كۆزى كور ئادەمگە ئوخشايسىلەر، ئۇ ئىككى ئادەم بىر باغقا كىرىدۇ، پالەچ ئادەم كور ئادەمگە: مەن بۇ يەردە ھەقىقەتەن مېۋىلەرنى كۆردۈم. لېكىن ئۇنى ئالالمايمەن، دەيدۇ. كور ئادەم ئۇنىڭغا: مېنى مىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئالغىن، دەيدۇ. پالەچ ئادەم كور ئادەمنى مىنىپ تۇرۇپ مېۋىلەرنى ئالىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى كىشىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ھەر ئىككىلىسى، دېيىشىدۇ. پەرىشتە ئۇلارغا: سىلەر ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا ئۆزەڭلار ھۆكۈم قىلدىڭلار، دەيدۇ. يەنى ھەقىقەتەن جەسەت جان ئۈچۈن مىنىدىغان ھايۋانغا ئوخشايدۇ. جان ئۇنىڭغا مىنگۈچىدۇر»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

## تۆت كىشىنىڭ دەۋاسى

[پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق [15] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

ئەسۋەد ئىبنى سەرىئتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى تۆت تۈرلۈك ئادەم كېلىدۇ. ئۇلار؛ ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان گاس، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان گالۋاڭ، بەك قېرىپ كەتكەن ئادەم ۋە پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا ياشاپ ئۆلگەن ئادەم قاتارلىقلار بولۇپ، گاس ئادەم:« ئى پەرۋەردىگارىم! ئىسلام دىنى

كەلگەن چاغدا، مەن ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيالمايتتىم» دەيدۇ. گالۋاڭ ئادەم:« ئى پەرۋەردىگارىم! ئىسلام دىنى كەلگەن چاغدا، كىچىك بالىلار ماڭا تۆگە تېزەكلىرىنى ئېتىپ مەسخىرە قىلاتتى» دەيدۇ. بەك قېرىپ كەتكەن ئادەم:« ئى پەرۋەردىگارىم! ئىسلام دىنى كەلگەن چاغدا، مەن بىر نەرسىنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالغانىدىم» دەيدۇ. پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا ياشاپ ئۆتكەن ئادەم بولسا:« ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا سېنىڭ ھېچبىر ئەلچىڭ كەلمىدى» دەيدۇ» [ئەھمەد]

ئىمام ئەھمەد، ئەسۋەد ئىبنى سەرىئدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمايدىغان گاس، ئەقلى ھوشى جايىدا ئەما ئادەم، قېرى ئادەم ۋە (دەۋەت يەتمىگەن) ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى بولۇپ قىيامەت كۈنى (ئۆزلىرىنى ئاقلاپ) پاكىت كەلتۈرىدىغان تۆت تۈرلۈك كىشى باردۇر. گاس: پەرۋەردىگارىم! ئىسلام ھەقىقەتەن كەلدى، (لېكىن) مەن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمىدىم، دەيدۇ. ئەقلى ھوشى جايىدا ئەمەس كىشى: پەرۋەردىگارىم! ئىسلام ھەقىقەتەن كەلدى (ئەمما) كىچىك بالىلار ماڭا (ئەقلى ھوشۇم جايىدا ئەمەسلىكىدىن) تېزەكلەرنى ئېتىشاتتى، دەيدۇ. قېرى كىشى: پەرۋەردىگارىم! ئىسلام ھەقىقەتەن كەلدى (لېكىن) مەن ھېچ نەرسە چۈشىنەلمەيتتىم، دەيدۇ. ئارىلىقتا ئۆلۈپ قالغان كىشى: پەرۋەردىگارىم! ماڭا سېنىڭ تەرىپىڭدىن ھېچ پەيغەمبەر كەلمىدى، دەيدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئاللاتائالاغا بويسۇنۇشى ئۈچۈن ۋەدىلەر ئېلىۋالىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇلارنى ئوتقا كىرگۈزۈڭلار دەپ پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرسە، ئەلۋەتتە ئوت ئۇلارغا سالقىن ۋە خاتىرجەملىك بېرىدىغان بولۇپ بېرىدۇ»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى تۆت تۈرلۈك ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇلار؛ يېڭى تۇغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بالا، گومۇش (يەنى ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان كىشى)، پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلۈپ قالغان زاماندا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ۋە ئىنتايىن قېرىپ كەتكەن ئادەم قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆزلەيدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا دوزاخنىڭ باش گەۋدىسىگە:« ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن!» دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا:« مەن بەندىلىرىمگە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئەلچى ئەۋەتتىم. بۈگۈن مەن سىلەرگە ئۆزەمنىڭ ئەلچىسىمەن، سىلەر ئۇنىڭغا (دوزاخقا) كىرىڭلار!» دەيدۇ. ئاندىن پېشانىسىگە بەدبەختلىك پۈتۈلگەن كىشىلەر:« ئى پەرۋەردىگارىمىز! قەيەرگە كىرىمىز؟ بىز ئۇنىڭدىن قاچاتتۇق ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. پېشانىسىگە بەخت- سائادەت پۈتۈلگەن كىشىلەر دوزاختىن ئۆتۈپ، ناھايىتى تېز سۈرەتتە جەننەتكە كىرىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا دوزاخقا كىرىدىغانلارغا:« سىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى قاتتىق ئىنكار قىلغان ئىدىڭلار ۋە ئۇلارغا قارشى چىققانىدىڭلار» دەيدۇ. نەتىجىدە جەننەت ئەھلى جەننەتكە دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرىدۇ» [مەۋسىلى ۋە بەززار]

## پەرشتىلەردىن سوراش

[ئۇ كۈندە اللّٰه ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەرگە:« بۇ كىشىلەر سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ [40] ئۇلار ئېيتىدۇ:« سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن (ئۇلار بىزگە چوقۇمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى [41] بۈگۈن سىلەر بىر- بىرىڭلارغا پايدا- زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، بىز (اللّٰهدىن غەيرىيگە چوقۇنغۇچى) زالىملارغا:« سىلەر چىنپۈتمىگەن دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيمىز [42] سۈرە سەبەئـ]

## باشقىلارنى ئازدۇرغانلار

[شۇ كۈندە اللّٰه ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار اللّٰهنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلەرنى يىغىدۇ، ئاندىن اللّٰه (ئۇلارغا:« مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ [17](ئىبادەت قىلىنغۇچىلار) ئېيتىدۇ:« ئى اللّٰه ! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە) لايىق ئەمەس، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى. ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدى [18] سۈرە فۇرقان][ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا- جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ [166] ئەگەشكۈچىلەر:« كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا- جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا- جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. اللّٰه ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ [167] سۈرە بەقەرە][ئۇلار:« پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ، بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار قىلدۇق، ئەمدى چىقىش يولى تېپىلارمۇ؟» دەيدۇ [11] سۈرە غافىر][ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر [7] سۈرە تەھرىم]

## بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن سوراش

[ ئۇ كۈندە اللّٰه ئۇلارغا نىدا قىلىپ:« سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەيدۇ [74] بىز ھەر ئۈممەتتىن (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر گۇۋاھچى (يەنى پەيغەمبەر)نى چىقىرىمىز، پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دەيمىز، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ اللّٰهغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (يەنى مەبۇدلىرى) ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن چەتكە ئالىدۇ [75] سۈرە قەسەس][شۇ كۈندە اللّٰه ئۇلارغا:« سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ [62] ئۆزلىرىگە ئازاب تېگىشلىك بولغانلار:« پەرۋەردىگارىمىز! بىز (سېنىڭ يولۇڭدىن) ئازدۇرغانلارنى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرىمىزنى) ئۆزىمىز ئازغاندەك ئازدۇردۇق، (پەرۋەردىگارىمىز!) ئۇلاردىن يىراقلىشىپ ساڭا يېقىنلاشتۇق، ئۇلار بىزگە ئىبادەت قىلمايتتى دېيىشىدۇ [63] ئۇلارغا:« شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) ھىدايەت تاپقان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ [64] ئۇ كۈندە اللّٰه ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ:« پەيغەمبەرلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟ [65] ئۇ كۈندە ئۇلارغا بارلىق خەۋەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا سوراشمايدۇ [66] سۈرە قەسەس][قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا:« اللّٰهنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟» دەيمىز [22] ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ):« پەرۋەردىگارىمىز! اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ [23] ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (اللّٰهنىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ [24] سۈرە ئەنئام][(اللّٰه پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار [22-23] ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ [24] (ئاندىن) ئۇلارغا: «نېمىشقا (دۇنيادىكى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش) بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟ » (دېيىلىدۇ) [25] بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر [26] ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ [27] ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە: «سىلەر (سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا) قەسەم ئىچىپ بىزنى ئىماندىن توسۇيتتۇڭلار» دەيدۇ [28] (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە) ئېيتىدۇ: «سىلەر (ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن) مۆمىن بولمىدىڭلار [29] بىزنىڭ سىلەرنى (بىزگە ئەگىشىشكە) زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى سىلەر (بىزگە ئوخشاش) ئازغان قەۋم ئىدىڭلار [30] پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى (جازالاش) سۆزى بىزگە تېگىشلىك بولدى. بىز ھەقىقەتەن (شۇ سۆز بويىچە ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىمىز [31] سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى بىز ھەقىقەتەن ئازغان ئىدۇق [32] ئۇلار (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر) بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئازابتا ئورتاقتۇر [33] بىز ھەقىقەتەن گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق قىلىمىز، (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئازاب قىلىمىز) [34] ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: «بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» (دەڭلار) دېيىلسە، (كەلىمە تەۋھىدتىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى [35] ئۇلار: «ئىلاھلىرىمىزنى ھەقىقەتەن بىر مەجنۇن شائىر ئۈچۈن (يەنى ئۇنىڭ سۆزى ئۈچۈن) تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى [36] سۈرە ساففات]

## نامە - ئەمەلنى يازىدىغان دەپتەر

[بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ- توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ [6] كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ [7] كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ [8] سۈرە زەلزەلە]

## ياخشى ئادەملەرنىڭ دەپتىرى

[راستلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە - ئەمالى شەك- شۈبھىسىز ئىللىيىوندا بولىدۇ [18] ئىللىيىوننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ [19] (ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر [20] ئۇنىڭغا اللّٰهنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ [21] سۈرە مۇتەففىفىن]

## يامان ئادەملەرنىڭ دەپتىرى

[يامان ئادەملەرنىڭ نامە - ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ [7] سىججىن دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [8] ئۇ (يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىنى) خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەردۇر [9] سۈرە مۇتەففىفىن]

## نامە -ئەمال ئۈچ قىسىمدۇر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى يازىدىغان نامە-ئەمال

دەپتەر ئۈچ قىسىمدۇر. بىر نامە - ئەمالنى ئاللاتائالا مەغپىرەت قىلىدۇ. يەنە بىر نامە - ئەمالنى ئاللاتائالا مەغپىرەت قىلمايدۇ. يەنە بىر نامە - ئەمالنى ئاللاتائالا ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ۋاز كەچمەيدۇ. ئەمما ئاللاتائالا مەغپىرەت قىلمايدىغان نامە -ئەمال ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشدۇر. ئاللاتائالا ئېيتىدۇ:[ ئاللا ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى (ئاللا ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ [166] سۈرە نىسا] ئەمما ئاللاتائالا مەغپىرەت قىلىدىغان نامە-ئەمال بەندىنىڭ ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىشى ئۆزى بىلەن ئاللاتائالا ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن گۇناھلاردۇر. بۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەمما ئاللاتائالا ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنمۇ قويمايدىغان نامە -ئەمال بەندىنىڭ بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلىشىدۇر. يەنى زالىمدىن مەزلۇمغا ئىنتىقام ئالماي قويمايدۇ. بىر - بىرسىنىڭ ھەقلىرىدىن ھېساب ئالىدۇ»[]

## نامە - ئەمالنى ئوڭدىن، ئارقىدىن بېرىش

[نامە-ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ [7-8] (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال-خۇرام قايتىدۇ [9] نامە - ئەمالى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم [10] « ۋاي» دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ) [11] دوزاخقا كىرىدۇ [12] چۈنكى ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد - خۇرام ئىدى [13] ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ گۇمان قىلدى» [14] سۈرە ئىنشىقاق]

## ھەر ئۈممەت تىزلانغان ھالدا بولىدىغانلىقى

[ھەر ئۈممەتنى (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە - ئەمالىغا چاقىرىلىدۇ، (ئۇلارغا)« بۈگۈن قىلمىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر (ياكى) جازاغا ئۇچرايسىلەر» (دېيىلىدۇ) [28] بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى نامە-ئەمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق) [29] سۈرە جاسىيە][ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا قىلغان) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، اللّٰه ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نامە ـ ئەمالىغا) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان [6] سۈرە مۇجادىلە] [كىشىلەرنىڭ نامە - ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار:« ۋاي بىزگە! بۇ نامە- ئەمالغا چوڭ- كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار قىلغان- ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە - ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ [49] سۈرە كەھف][ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ [30] سۈرە ئال ئىمران][بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى - ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ [13] سۈرە قىيامەت]

## ھەربىر ئىنساننىڭ نامە -ئەمالىنى بويىنىغا ئېسىپ قويىدىغانلىقى

[ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىمىز، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە - ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ [13] (ئۇنىڭغا) « نامە - ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ [14] سۈرە بەنى ئىسرائىل][بۇ كۈندە ئىنسانغا ئىلگىرى- ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ [13] بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر [14]سۈرە قىيامەت][بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ [38] ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ [39]... ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ [41] سۈرە نەجم]

## نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بىرىلگەن ئادەم

[نامە- ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن):« بۇ مېنىڭ نامە- ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ [19 -20]سۈرە ھاققە]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر ئىنسان كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا قىلمىشلىرى خاتىرىلىگەن دەپتەر ئوڭ قولىدىن بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ بويىي ئېگىز، يۈزى ئاق قىلىنىدۇ، بېشىغا پارقىراپ تۇرىدىغان مەرۋايىتتىن تاج كىيدۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا ماڭىدۇ، ھەمراھلىرى ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ ئى ئاللا! بىزگىمۇ مۇشۇنىڭدەك بەرسەڭ ۋە بىزگە مۇشۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلساڭ، دەيدۇ. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا: خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، ھەربىرىڭلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاشقا ئېرىشىسىلەر، دەيدۇ»[ ھافىز ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە بەززار]

## نامە - ئەمالى سول قولىغا بىرىلگەن ئادەم

[نامە-ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى:« ماڭا نامە- ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! [25] ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! [26] دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! [27] مېنىڭ مال- مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى [28] مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى [29] (اللّٰه دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ:« ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار [30] ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار [31] ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار [32] سۈرە ھاققە][ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ. كاپىر:« كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەيدۇ [40] سۈرە نەبە]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (نامە- ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن) كاپىر بولسا يۈزى قارا، بويى ئۇزۇن قىلىنىدۇ. ئۇنى ھەمراھلىرى كۆرۈپ: بىز ئاللاتائالاغا سېغىنىپ بۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللا! بۇنى قېشىمىزغا كەلتۈرمىسەڭ، دەيدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۇلار: ئى ئاللا! بۇنى رەسۋا قىلساڭ، دەيدۇ. ئۇ: ئاللاتائالا سىلەرنى (رەھمىتىدىن) يىراق قىلسۇن، ھەربىرىڭلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاشقا ئېرىشىسىلەر، دەيدۇ» [ ھافىز ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە بەززار]

### ئەمەللەرنى تارتىدىغان تارازا

[بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى- يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر [8] ياخشى ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر [9] سۈرە ئەئراف][قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز [47] سۈرە ئەنبىيا][كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ [7] كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ [8] سۈرە زەلزەلە][اللّٰه ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، اللّٰه ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنە جەننەت) ئاتا قىلىدۇ [40] سۈرە نىسا][تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [102] تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر [103] سۈرە مۆئمىنۇن]

### ياخشى يامان ئەمەللەرنى تارازىغا قويۇپ تارتىش

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى شېھىد كەلتۈرۈلۈپ، ھېساب ئېلىش ئۈچۈن تۇرغۇزىلىدۇ. سەدىقە بەرگەن كىشىمۇ كەلتۈرۈلۈپ تۇرغۇزىلىدۇ. ئاندىن مۇسىبەتكە يولۇققانلار كەلتۈرۈلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى تارتىش ئۈچۈن تارازا قويۇلمايدۇ، ئەمەللىرى يېزىلغان كىتابلار كەلتۈرۈلمەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ساۋاب سۇدەك تۆكۈلىدۇ. ئاللاتائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن مۇكاپاتىنىڭ ئېسىللىقىدىن، دۇنيادا ساغلام ياشىغان كىشىلەر ئۆز بەدەنلىرىنىڭ قايچىلار بىلەن بولسىمۇ قىرقىلغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ» [ئەلكەبىر]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى، دۇنيادا مۇسىبەت يەتكەن كىشىلەرگە ساۋاب بېرىلگەندە، مۇسىبەت يەتمەي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر: دۇنيادىكى چېغىمىزدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن بولسىمۇ قىرقىلغان بولسىچۇ (يەنى قاتتىق ئازابقا قالغان بولساقچۇ)،- دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدۇ» [تىرمىزى ھەسەن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەت كۈنى ئېگىز بويلۇق، سېمىز بىر ئادەم(تارازىنىڭ يېنىغا) كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئاللانىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ كەلمەيدۇ» دېگەندىن كېيىن:« قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز» دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار!- دېدى» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تىلغا يەڭگىل، ئەمما تارازا- مىزاندا ئېغىر، ئاللاتائالاغا سۆيۈملۈك ئىككى سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ:« سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىيم» دۇر [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى مۆمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر توختايدىغان نەرسە يوق » [تىرمىزى]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەللىرى يېزىلغان توقسان توققۇز دەپتەرنى ئاچىدۇ، ھەربىر دەپتەر (چوڭلۇقىدىن) كۆز يەتكۈدەك يەرنى ئىگەللەيدۇ، ئاندىن ئاللاتائالا ئۇنىڭغا:

بۇ دەپتەردە خاتىرىلەنگەن گۇناھلىرىڭدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلالامسەن؟ ھەممە ئىشلىرىڭنى خاتىرىلەپ تۇرغۇچى پەرشتىلىرىم ساڭا زۇلۇم قىپتىمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ: ياق، ئى ئاللا! - دەيدۇ. ئاللاتائالا: بۇ گۇناھلىرىڭ ئۇچۇن ئېيتقۇدەك ئۆزرەڭ بارمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ: ياق مېنىڭ ھېچ بىر ئۆزرەم يوق، ئى ئاللا! - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاتائالا: ئۇنداقتا، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا سېنىڭ بىر ياخشى ئىشىڭ بار، سەن بۈگۈن ھېچبىر زۇلۇمغا ئۇچرىمايسەن، - دەيدۇ. شۇ ھامان:« بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن كەلىمە پۈتۈلگەن بىر ۋاراقچە چىقىدۇ، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: تارازىغا كەل - دەيدۇ. ئۇ: ئى ئاللا! بۇ ۋاراقچە گۇناھ بىلەن تولغان بۇنچە دەپتەرنىڭ ئالدىدا نېمىگە تەڭ بولالىسۇن؟ - دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: سەن بۈگۈن ھېچقانداق زۇلۇمغا ئۇچرىمايسەن. ھەققىڭنى تولۇق ئالىسەن، - دەيدۇ. ئاندىن دەپتەرلەرنى تارازىنىڭ بىر تەخسىسىگە، ۋاراقچىنى يەنە بىر تەخسىسىگە قويۇپ تارتىدۇ. دەپتەرلەر يېنىك كېلىپ، ۋاراقچە ئۇلارنى بېسىپ كېتىدۇ. ھېچبىر نەرسە ئاللانىڭ ئىسمى ئالدىدا ئېغىرلىق باسالمايدۇ» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە: ئى رەسۇلۇللا! مېنىڭ قۇللىرىم بار، ئۇلار ماڭا يالغان سۆزلەيدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى تىللايمەن ۋە ئۇرىمەن. مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان خىيانىتى، ئاسىيلىقى ۋە يالغانچىلىقلىرى بىلەن سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىڭ ھېساب - كىتاب قىلىنىدۇ. ئەگەر سېنىڭ بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تەڭ بولسا، ساڭا ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئەگەر جازا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئاز بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن ئەۋزەل. ئەگەر بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئېشىپ كەتسە، ئارتۇقى ئۈچۈن سەندىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ - دېدى. ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ بىر تەرەپكە سۈرۈلدى ۋە ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا قۇرئاندا:[ قىيامەت كۈنى (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ[47] سۈرە ئەنبىيا] دېگەن - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇ ئادەم: ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللا! ھەم ئۆزەم ھەم ئۇلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىشتىن باشقا ياخشى يول قالماپتۇ. سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھازىردىن باشلاپ ئازادتۇر - دېدى [تىرمىزى سەھىھ]

## ھۆكۈملەر

[ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم اللّٰه قا خاستۇر [19] سۈرە ئىنفىتار][مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، ناسارالار، مەجۇسىيلەر (يەنى ئاتەشپەرەسلەر) ۋە مۇشرىكلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى اللّٰه ھەققەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ [17] سۈرە ھەج]

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا تۇنجى چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم ناھەق قان تۆكۈش توغرىسىدا بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈردىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللّٰهنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. اللّٰه ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ [93] سۈرە نىسا]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى كېلىشىم تۈزگەن كاپىردىن بىرنى ئۆلتۈرسە، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى 40 يىللىق مۇساپىدىن پۇرىلىدۇ» [بۇخارى]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىرەر ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلسە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلى قابىلغا بىر كىشىلىك گۇناھ يېزىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈشنى باشلاپ بەرگەن ئادەمدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئەھمەد]

ئوسمان ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر بەندە قىيامەت كۈنىگە ئاللانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغان ھالدا« بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دەپ ئۇچراشسا، ئاللا ئۇ كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم ھەققەتەن « بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ» [بەززار سەھىھ]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمنىڭ ئاخىرقى سۆزى« بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېيىش بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ» [ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر بەندە چىن قەلبىدىن «لائىلاھە ئىللەللاھ» دەپ شۇنىڭ ئۈستىدە ۋاپات بولسا، گەرچە ئۇ زىنا قىلغان بولسىمۇ، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دەپ ئاندىن كېيىن گەرچە ئەبۇ زەرنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسىمۇ دېگەن» [ئەھمەد ۋە بەيھەقى سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:« ئى رەسۇلۇللا! ئىنساننى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ جەھەننەمگە كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ۋاپات تاپقان ھەر قانداق كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاغا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن ھالدا ۋاپات تاپقان ھەر قانداق كىشى جەھەننەمگە كىرىدۇ - دېدى» [مۇسلىم]

[كىمكى اللّٰهغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، اللّٰهنىڭ قۇنۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، اللّٰه ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ [14] سۈرە نىسا]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن بىر كىشى يەتمىش يىل ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ۋەسىيەت(مىراس تەقسىم) قىلغاندا ۋەسىيىتىدە زۇلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ شۇ يامان ئىشى بىلەن مۆھۈر بېسىلىدۇ (ياكى ئۇنىڭ ئەجىلى شۇ يامان ئىشنى قىلغاندا توگەيدۇ) شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دوزاخقا كىرىدۇ. شەكسىز بىر كىشى يەتمىش يىل يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئاندىن (ۋەسىيەت قىلغاندا) ۋەسىيىتىدە ئادىللىق قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشى ئىشى بىلەن مۆھۈر بېسىلىدۇ (ياكى ئۇنىڭ ئەجىلى شۇ ياخشى ئىشنى قىلغاندا توگەيدۇ) شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» [ئەھمەد]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن بىر ئەر (كىشى) ياكى بىر ئايال 60 يىل ئاللانىڭ ئىبادىتى بىلەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ئەجىلى توشقاندا) مىراسخورلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىگە دوزاخ ۋاجىب بولىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد]

ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تالاش- تارتىش يۈز بەردى. مەن بۇ ئىشنى ئائىشەگە دېدىم. ئائىشە: ئى ئەبۇ سەلەمە! سەن يەرگە بولغان تەلپىڭدىن ۋاز كەچكىن، چۈنكى رەسۇلۇللا:« باشقىلارنىڭ بىر غېرىچ يېرىنى زۇلۇم بىلەن ئىگىلىۋالغان كىشىنىڭ بوينىغا ئاخىرەتتە يەتتە قات زېمىننى چەمبىرەك شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئاسىدۇ» دېگەنىدى، دېدى[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« سىلەر - رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ھەمزىنىڭ ئايالى، ئامىرنىڭ قىزى خەۋلە ئەنسارىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:« ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىنى ناتوغرا تەسەررۇپ قىلىدىغان ئادەملەرنى ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلايدۇ» [بۇخارى]

كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر ئادەم ئالىملار بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن ياكى نادانلار بىلەن جېدەللىشىش ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنسە، ئاللاتائالا ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ» [تىرمىزى ھەسەن]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئون كىشىگە باشلىق بولغان كىشىمۇ قىيامەت كۈنى قوللىرى گەدىنىگە باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇ ئون كىشى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغۇچە ئەشۇ پېتى تۇرىدۇ» [ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت]

ئەبۇ يەئلا مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قايسى بەندىنى ئاللاتائالا بىرەر خەلققە ھۆكۈمران قىلغان بولسا، ئۇ ئۆز قەۋمىگە خىيانەتكار ھالدا ئۆلگەن بولسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى بۇرەيدە ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« قازىلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىر تۈرى جەننەتكە، قالغان ئىككى تۈرى دوزاخقا كىرىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغىنى ھەقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى كىشى ھەقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئەمما ناھەق ھۆكۈم قىلىپ دوزاخقا كىرىدۇ. ئۈچىنچى تۈردىكى كىشى ئىنسانلار ئارىسىدا بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر قانداق بىر بەندىنى ئاللاھتائالا پادىچى، باش قىلسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۆلگەن كۈنىمۇ تەۋبىسىز ھالەتتە ئۆلسە، خىيانەت قىلغان، ساختىپەزلىك قىلغان، ئالدامچى ھالدا ئۆلسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» [بەيھەقى سەھىھ]

ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: تەكەببۇر، بېخىل، قوپال كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]

ھارىس ئىبنى ۋەھبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« مەن سىلەرگە ئەھلى دوزاختىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار: قوپال، بېخىل، تەكەببۇر كىشىلەردۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« زاكاتنى بەرمىگۈچى قىيامەت كۈنى دوزاختا بولىدۇ» [تەبرانى سەغىيردا توپلىغان ھەسەن]

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم قۇللارنى سېتىشتا ئانا – بالىنىڭ ئارىسىنى ياكى قېرىنداشلار ئارىسىنى ئايرىۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان مەھبۇبىدىن يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. (بۇنىڭدىن ئېغىر ئازاب بولماس!)»[ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى بىر كىشىنى ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئاتام دەۋالسا جەننەت ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئۈچ كىشىدىن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى، نەپلە ئىبادەتلىرىنى، پەرز ئىبادەتلىرىنى، فىديەسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىرىنچى: ئاتا- ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى ، ئىككىنچىسى: سۇخەنچى، ئۈچىنچىسى: تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچى كىشى»[ تەبرانى ھەسەن]

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سۇخەنچى، ئاتا- ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى ، ھاراقكەش جەننەتكە كىرمەيدۇ»[نەسائى سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ئۈچ كىشىگە ئاللاھتائالا جەننەتنى ھارام قىلدى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى كىشى ، ئاتا- ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى ، دەييۇز (خوتۇنى ۋە قىزلىرىنى كۈنلىمەيدىغان ئادەم)» [ئەھمەد سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ: بىرىنچىسى: ئاتا- ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى. ئىككىنچىسى: ئەر كىشىگە ئوخشىۋالغان ئايال. ئۈچىنچىسى: دەييۇز (خوتۇننى كۈنلىمەيدىغان ئادەم)» [ بەيھەقى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: ھاراقكەش، يەنەن بىرى: ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن كىشى. يەنە بىرى: سېھىرگە ئىشەنگەن كىشى» [ئەھمەد]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئېرىدىن سەۋەبسىزلا ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان ئايال جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراشتىنمۇ مەھرۇم قىلىنىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىككى تۈرلۈك دوزاخ ئەھلى (ئىنسان) بار بولۇپ، ئۇلار تېخى دۇنياغا كەلمىدى. بىرىنچىسى: قوللىرىغا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى ئېلىۋېلىپ، ئىنسانلارنى قامچىلايدۇ. ئىككىنچىسى: كىيىنگەن ئەمما يالىڭاچ، چاچلىرىنى تۆگىنىڭ لوككىسىغا ئوخشاش تۈگۈپ، نايناقلاپ مېڭىشلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاياللاردۇر. ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ. ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ ھىدى مۇنچىلىك- مۇنچىلىك يىراق مۇساپىدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ» [مۇسلىم]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى. بىر ئادەم:« ھەقىقەتەن كىشى ئۆزىنىڭ كىيىمى ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللاتائالا گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەق گەپكە ئۇنىماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دېدى [مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دىنى چاغلىق ئىمان بار كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دىنى مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» [مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم بىزگە ھىيلە- مىكىر ئىشلەتسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس، شۇ ئىشنى قىلغانلار دوزاختا بولىدۇ» [تەبرانى ۋە ئەبۇ نۇئەيىم سەھىھ]

ھەسەن رەھمەھۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھىيلە- مىكىر، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەت قىلغۇچىلار دوزاختا كىرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ھەسەن]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى پەخىرلىنىشنى نامايەن قىلىدىغان كىيىمنى كىيسە، قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇنىڭغا شۇ كىيىمنى كىيگۈزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت تۇتۇشۇپ لاۋۇلداپ كۆيىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ھەسەن ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى ھوشۇقتىن ئېشىپ كەتسە ھوشۇقنىڭ تۆۋىنى دوزاختا ئازابلىنىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى زالىم ئىمامدۇر (يەنى زالىم خەلىپە، سۇلتان)»[ ئەبۇ يەئلا ۋە ئەۋسەت ۋە ئەبۇ نۇئەيىم ھەسەن]

خالىد ئىبنى ۋەلىيد، ئىياز ئىبنى غەنەم، ھىشام ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنى قاتتىق ئازابلىغانلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قاتتىق ئازابقا قالىدۇ»[ ئەھمەد ۋە بەيھەقى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھارامدىن ئۆسكەن ھەرقانداق گۆش دوزاخ ئوتىغا لايىقتۇر» [تەبرانى ۋە ئەبۇ نۇئەيىم سەھىھ]

ئابدۇرەھمان ئىبنى شىبىل مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن تىجارەتچىلەر پۇججار دوزاخ ئەھلى بولۇپ قالىدۇ» ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى ۋە تەبرانى سەھىھ(راستچىل، سەمىمىيى، تەقۋا، سېخى تىجارەتچىلەر مۇستەسنا)]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ قەدىمى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپلا ئاللا ئۇنى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىدۇ» [ئىبنى ماجە]

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم دۇنيادا ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئوتتىن ئىككى تىلى بولىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد]

ئەبۇ بەكرەته رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر- بىرىگە تىغ كۆتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ دوزاختا» مەن:« ئى ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق بولسۇن، ئۆلگۈچى نېمىشقا دوزاختا بولىدۇ؟» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈش كويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«(مېيىتكە) ئۇن سېلىپ يىغلىغۇچى ئايال تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە قىيامەت كۈنى كۆكس مېيىدىن ئىشتان، چىقاندىن كۆينەك كىيگۈزۈلۈپ تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ » [مۇسلىم]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« دۇنيادا جاندارلارنىڭ رەسىمنى سىزغان ئادەمنى قىيامەت كۈنى ئاللا ئۆزۈڭ سىزغان رەسىمگە جان كىرگۈز دەپ ئازابلايدۇ. رەسىم سىزغۇچى ئۇنىڭغا ھەرگىز جان كىرگۈزەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## شاپائەت قىلىش

[شاپائەتنىڭ ھەممىسى اللّٰەنىڭ ئىلكىدىدۇر [44] سۈرە زۈمەر][اللّٰەنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللّٰه نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن [255] سۈرە بەقەرە][(قىيامەت كۈنى) ھەر قانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن اللّٰەنىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ [3] سۈرە يۇنۇس][بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك اللّٰه ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن اللّٰه رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ [109] سۈرە تاھا][مەرھەمەتلىك اللّٰەنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ [87] سۈرە مەريەم][ئۇلارنىڭ اللّٰەنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى شاپائەت قىلالمايدۇ [86] سۈرە زۇخرۇف][(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر [79] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ چوقۇم ئىجابەت قىلىنىدىغان بىر قېتىملىق دۇئاسى بار، مەن ئۆزۈمنىڭ دۇئاسىنى ئۈممىتىمنى شاپائەت قىلىشقا قالدۇرۇپ قويدۇم، قىيامەت كۈنى ئۆز ئۈممەتلىرىمگە شاپائەت تىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن جەننەت توغرىسىدا شاپائەت قىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى بولىمەن. پەيغەمبەرلەر ئىچىدە مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىم ئەڭ كۆپتۇر» [مۇسلىم]

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى ۋە خاتىبى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شاپائەتچىسى بولىمەن، ئەمما بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەتمەيمەن» [تىرمىزى ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ھەسەن]

ئەبۇ مۇسا، ئەۋف ئىبنى مالىك، ئەسجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ماڭا رەببىمدىن بىر ئەلچى كېلىپ، ئۈممىتىمنىڭ يېرىمىنىڭ جەننەتكە كىرىشى بىلەن شاپائەت ئوتتۇرىسىدا تاللىشىمغا ئەركىنلىك بەردى. مەن شاپائەت قىلىشنى تاللىدىم. مېنىڭ شاپائىتىم ئاللاغا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ»[تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر شاپائەتنى تەقۋادار مۆئمىنلەرگە قىلىنىدۇ دەپ قارامسىلەر؟ ياق، لېكىن، شاپائىتىم ئۈممىتىمدىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان كىشىلەرگە

خاستۇر» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شاپائىتىم ئۇممىتىمدىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان كىشىلەرگە خاستۇر» جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: چوڭ گۇناھ قىلمىغانلارغا شاپائەتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟- دېدى» [تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئى رەسۇلۇللا! قىيامەت كۈنى سېنىڭ شاپائىتىڭدىن كىم بەھرىمەن بولىدۇ؟- دەپ سورىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! مەن سېنىڭ ھەدىسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىڭگە قاراپ، ھېچكىم بۇ مەسىلىنى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن بۇرۇن سورىمايدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم. قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار چىن قەلبىدىن:« بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن كىشىلەردۇر،- دەپ جاۋاب بەردى» [بۇخارى]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ئىككى بۆلەك كىشىگە شاپائىتىم يەتمەيدۇ، بىرسى قەلبى قاتتىق (قوپال) زالىم ئىمام. يەنە بىرسى، دىندا ھەددىدىن ئاشقۇچى، شۇنداق قىلىپ دىندىن چىقىپ كەتكۈچى كىشىدۇر» [ تەبرانى ھەسەن]

ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابباد ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇممىتىمدىن شاپائىتىمگە بىرىنچى بولۇپ ئېرىشىدىغانلار: مەدىنىلىكلەر، مەككىلىكلەر ۋە تائىفلىقلاردۇر» [بەززار]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى بىرىنچى بولۇپ شاپائەت قىلىدىغىنىم ئەھلى بەيتىمدۇر. ئاندىن يېقىنلىرىم، ئاندىن قۇرەيش ۋە ئەنسارىلار، ئاندىن يەمەنلىكلەردىن ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ ئەگەشكەنلەردۇر، ئاندىن بارلىق ئەرەبلەر، ئاندىن ئەجەملەرگە شاپائەت قىلىمەن. دەسلەپتە شاپائەت قىلىدىغانلىرىم پەزىلەت ئىگىلىرىدۇر» [ئەلكەبىر]

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« روزا بىلەن قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ، روزا مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم، ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭدىن تائاملىرىنى، شارابلىرىنى چەكلەپ قويدۇم، مېنى بۇ بەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلساڭ، قۇرئان مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم، مەن بۇ بەندىدىن كېچىلىرى ئۇيقۇسىدىن توسۇپ قويدۇم، يەنى كېچىلىرى مەن بىلەن ناماز ئوقۇپ، قىيامدا تۇردى، مېنى بۇ بەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ شاپائەت ھوقۇقىنى بەرسەڭ دەپ بۇ ئىككىسى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[ئەھمەد ۋە تەبرانى ۋە ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قۇرئان ئوقۇڭلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى قۇرئان ئوقۇغانلارغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىد ئەھلى بەيت(يەنى ئائىلىسىدىن) 70 كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ» [ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەلۋەتتە جەننەتكە پەيغەمبەر بولمىغان بەلكى شېھىد ياكى تەقۋادار ئەمەل قىلىدىغان ئالىم كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن رەبىيئە، مۇزەردىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قەبىلىدەك كۆپ كىشىلەر كىرىدۇ، ھەقىقەتەن مەن دېمەكچى بولغان ھەق سۆزنى دەيمەن»[ ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ]

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇممىتىمدىن بىرلا كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن بەنى تەمىيم قەبىلىسىدىنمۇ كۆپرەك كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ»[ تىرمىزى ۋە ھاكىم سەھىھ]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« تولا لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى نە شاپائەتچى، نە گۇۋاھچى بولالمايدۇ» [مۇسلىم]

## ئۇ كۈندىكى ئاسمان ۋە زېمىن

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاتائالانىڭ:« ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك ئاللانىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھىدا) ھازىر بولىدۇ» دېگەن ئايىتى ھەققىدە: ئى رەسۇلۇللا! ئۇنداقتا، ئۇ كۈندە پۈتۈن خالايىق قەيەردە بولىدۇ؟- دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: پىلسىرات ئۈستىدە- دەپ جاۋاب بەردى» [مۇسلىم]

## سىرات كۆۋرۈكى

ئاندىن كېيىن پەرىشتىلەر كېلىپ خالايىقلارنى سىرات كۆۋرۈك ئۈستىگە ھەيدەيدۇ، سىرات كۆۋرۈك جەھەننەمنىڭ يەنى دوزاخنىڭ ئۈستىگە قويۇلغاندۇر. قىلىچتىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكىدۇر. جەھەننەم يەنە دوزاخنىڭ ئوتى يالقۇنلاپ تۇرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللادىن: قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەمدۇق؟ دەپ سورىدۇق. رەسۇلۇللا:« سىلەر بۇلۇتسىز، ئوچۇق ئاسماندا كۈن، ئاينى كۆرۈش توغرىسدا دەتالاش قىلامسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ياق، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇلۇتسىز ئاسماندا ئاي بىلەن قۇياشنى كۆرگەندەك ئاللانىمۇ قىينالماي كۆرىسىلەر» دېدى. يەنە ئۇلارپلا:« قىيامەت كۈنى بولغاندا بىر جاكارچى چىقىپ: ھەر ئۈممەت ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنىدىغان نەرسىلىرىگە ئەگەشسۇن، دەپ جاكارلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ سەلبى (كرېستى) قېشىغا بارىدۇ. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرى قېشىغا بارىدۇ. باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ قېشىغا بارىدۇ، ئاخىرىدا مەيلى گۇناھكار بەندە بولسۇن ياكى ئاسيي بەندە بولسۇن، ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغانلار قېلىپ قالىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا تاشلىنىدۇ، يەھۇدىيلار چاقىرىلىپ ئۇلاردىن: كىمگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: ئاللانىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق، دېيىشىدۇ. پەرىشتىلەر: يالغان ئېيتتىڭلار، ئاللانىڭ ھېچقانداق بالا- چاقىسى يوق، نېمە تەلىپىڭلار بار؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: بىزگە ئازراق سۇ بەرسەڭلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئىچىڭلار، دەپ ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ، كېيىن پەرىشتىلەر ناسارالاردىن: سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: بىز ئاللانىڭ ئوغلى ئىساغا ئىبادەت قىلاتتۇق، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: يالغان ئېيتتىڭلار، ئاللانىڭ بالا- چاقىسى يوق، نېمە تەلىپىڭلار بار؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئازراق سۇ بەرسەڭلار، دەيدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىمۇ ئىچىڭلار دەپ دوزاخقا تاشلايدۇ، تاكى ياخشىلاردىن، پاسىقلاردىن بولۇپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرلا قالىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: باشقىلارنىڭ ھەممىسى كەتتى، سىلەر نېمىنى كۈتۈپ تۇرۇسىلەر؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: دۇنيادا ھەق يولدىن ئازغان كىشىلەرگە ئەڭ مۇھتاج تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن ئايرىلغانمىز ئۈزدۇق. بىز بىر جاكارچىنىڭ ھەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرىگە بېرىپ قوشۇلسۇن، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بىز رەببىمىزنى كۈتمەكتىمىز، دەيدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللا ئۇلارنىڭ ئالدىغا دەسلەپكى كۆرۈنگەن قىياپىدىن باشقا قىياپەتتە كۆرۈنۈپ: مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار: سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن، دەيدۇ. ئۇ چاغدا ئاللاتائالاغا پەيغەمبەرلەردىن باشقىلار گەپ قىلالمايدۇ. ئاللاتائالا: سىلەر بىلەن مېنىڭ ئارامدا سىلەر تونۇيدىغان بىرەر بەلگە بارمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: بار، ئۇ ساق دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ چاغدا ھەر مۆمىن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا ئاللاغا رىياكارلىق بىلەن باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەجدە قىلىدىغان ئادەم سەجدە قىلماقچى بولغاندا، بەللىرى قېتىپ، سەجدە قىلالمايدۇ»

[ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئۇلار (ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ [42] ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، ئۇلارغا خارلىق يۈزلىنىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان ئىدى (ئۇلار سەجدىدىن باش تارتاتتى) [43] سۈرە قەلەم]

ئۇممۇ مۇبەششىر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسەنىڭ قېشىدىكى چاغدا: دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلاردىن بىرەرسىمۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ، ئىنشائاللا!- دېدى. ھەفسە: ياق، ئى رەسۇلۇللا! كىرىدۇ،- دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇنداق دېمەسلىككە بۇيرىدى، ھەفسە:« سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ» دېگەن ئايەتچۇ؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا:« ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز» دېدى- دەپ جاۋاب بەردى» [مۇسلىم]

(بۇ چاغدا دوزاخنىڭ ئۈستىگە بىر كۆۋرۈك سېلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدىن مەن ئۈممىتىمنى ئېلىپ ئەڭ ئالدىدا سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىمەن. بۇ يەردە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ ئادەم سۆز قىلمايدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىمۇ: ئى ئاللا! مېنى ۋە ئۈممەتلىرىمنى ئامان قىلغىن، دېگەن سۆزدىن ئىبارەت بولىدۇ) [سىلەرگە سىلەر (پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ [28] سۈرە ھەدىد] [ئۇ كۈندە پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ ] كىشىلەر سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەل- ئىبادەتلىرىگە قاراپ نۇر بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاغدەك ۋە خورما دەرىخىدەك نۇر بېرىلگەنلەرمۇ بار. ئەڭ ئاز بېرىلگەن كىشىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ بارمىقىدا بولۇپ، ئۇ بەزى ۋاقىتتا يېنىپ، بەزى ۋاقىتتا ئۆچۈپ قالىدۇ. ئەمما مۇناپىقلارنىڭ نۇرى ئۆچۈپ قالىدۇ. مۆمىنلەر مۇناپىقلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئاللادىن مۇنداق دەپ تىلەيدۇ:[ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن» دەيدۇ. بىز سىرات كۆۋرۈكى دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ شۇنداق تېيىلغاق بىر كۆۋرۈكتۇركى، ئۇنىڭ ئىلمەكلىرى، قارماقلىرى بار، ئەگرى تىكەنلىك قارماقلىرى باركى، ئۇ نەجدىدە ئۆسىدىغان قامغاق دېگەن ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. مۆمىنلەر سىرات كۆۋرۈكىدىن كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە چاقماقتەك، شامالدەك، يۈگۈرۈك ئاتتەك، يۈگۈرۈك تۆگىدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلىرى سالامەت ئۆتىدۇ، بەزىلىرى يارىلىنىپ ئۆتىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئۆتەلمەي دوزاخ ئوتىغا يىقىلىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى سۆرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارغا:« سىلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىڭلارغا بولغان تەلپىڭلار شۇنداق جىددىيمۇ؟ بۈگۈن، سىلەر ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ مۆمىنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلدىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى نىجات تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشىنىڭ دوزاختا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: ئى رەببىمىز! بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى، بىز بىلەن بىللە روزا تۇتاتتى، بىز بىلەن بىللە ئەمەل قىلاتتى، دەيدۇ. ئاللاتائالا: بېرىڭلار، كىمنىڭ قەلبىدە مىسقالچە ئىمان

بولىدىكەن، ئۇنى دوزاختىن چىقىرىڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى دوزاختا هارام قىلدىم، دەيدۇ. مۆمىنلەر دوزاخنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، قارىسا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇتى دوزاختا پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە پاتقان، ئۇلاردىن تونۇغانلىرىنى دوزاختىن چىقىرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئاللا ئۇلارغا: قايتا بېرىڭلار، كىمنىڭ قەلبىدە يېرىم مىسقالچە ئىمان بولىدىكەن، ئۇنى دوزاختىن چىقىرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار بېرىپ تونۇغانلىرىنى دوزاختىن چىقىرىدۇ، ئاندىن قايتىپ كېلىشىدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارغا: يەنە بېرىڭلار، كىمنىڭ قەلبىدە زەررىچە ئىمان بولىدىكەن، ئۇنى دوزاختىن چىقىرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار بېرىپ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوزاختىن چىقىرىدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ، مەن بېرىپ رەببىمدىن ئىجازەت سورايمەن، رەببىمنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىمەن، ئاللا ماڭا بېشىمنى كۆتۈرۈشكە ئىجازەت بېرىپ: سورىغىنىڭنى بېرىمەن، گېپىڭگە قۇلاق سالىمەن، شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلىمەن، دەيدۇ. ئاندىن ئۈممەتلىرىمگە شاپائەت قىلىمەن. شاپائەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ئاللا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەن ئاللانىڭ شاپائىتى بويىچە بىر قىسىم ئۈممەتلىرىمنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن، ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىمەن، ئاندىن مەن يۇقىرىقىدەك قىلىپ ئاللا كۆرسىتىپ بەرگەن شاپائەت قىلىنىدىغان كىشىلەرنى شاپائەت قىلىمەن، ئاندىن كېيىن مۇشۇ يوسۇندا 3 - 4 قېتىم ياكى دوزاختا پەقەت ئاللاتائالا قۇرئاندا «مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەن دىنسىزلاردىن باشقا ئادەم قالمىغۇچە، ئاللانىڭ يېنىغا بېرىپ شاپائەت تەلەپ قىلىمەن»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:« پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر، مۆمىنلەر شاپائەت قىلىدۇ، ھەممىگە قادىر ئاللا:« مېنىڭ شاپائىتىم قېلىپ قالدى» دەيدۇ- دە، دوزاختا بىر چاڭگال سېلىش بىلەن ئۇنىڭدىن قارىداپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۇلار جەننەتنىڭ كوچا ئېغىزلىرىدىكى ئابىھايات دېيىلىدىغان ئۆستەڭگە تاشلىنىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇلارنىڭ ئەزاسى كەلكۈن لاتقىلىرىدا ئوت- چۆپ ئۈرۈقى ئۈنۈپ چىققاندەك چاپسان ئۈنۈپ چىقىدۇ. قورام تاشلارنىڭ، دەل- دەرەخلەرنىڭ يانلىرىدا ئۈنۈپ چىققان ئۇنداق چۆپلەرنى ئەلۋەتتە كۆرگەن بولغىيتتىڭلار، ئۇلارنىڭ كۈنگەي يەردە ئۆسكەنلىرى يېشىل بولىدۇ، تەسكەي يەردە ئۆسكەنلىرى ئاقۇچ بولىدۇ، ئۇلار مەرۋايىتتەك ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلاردا بەلگىلەر بولىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. جەننەت ئەھلى ئۇلارنى: بۇلار ئاللا دوزاختىن ئازاد قىلغانلاردۇر، خەيرلىك ئىشلىرى بولمىسىمۇ جەننەتكە كىرگۈزگەنلەردۇر، دەيدۇ. ئاللا ئۇلارغا: كۆزۈڭلار چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە ئۇلاردىن بىر ھەسسە ئارتۇق نەرسىلەر سىلەرگە مەنسۇ، دەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## بىر-بىرىدىن ھەقلىرنى ئېلىپ بېرىش

[اللّٰه ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ [8] سۈرە تىين]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر مۆمىنلەر دوزاختىن قۇتۇلسا، ئۇلار جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە توسۇلۇپ قالىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۆز ئارا قىلىشقان زۇلۇملاردىن بىر- بىرىدىن قىساس ئېلىشىدۇ. تاكى ئۇلار قىلغان زۇلۇملىرىدىن پاكلىنىپ تازىلانغان چاغدا، ئۇلارغا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلاردىن بىرى جەننەتتىكى ئۆيىنى دۇنيادىكى ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيىدىنمۇ ئاسان تېپىپ بارىدۇ» [بۇخارى]

ئىمام ئەھمەد، ئابدۇللا ئىبنى ئۇقەيلىدىن جابىر ئىبنى ئابدۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس ئاڭلىغان بىر كىشىنىڭ خەۋىرى يەتتى (مەن ئۇ كىشىدىن شۇ ھەدىسنى ئاڭلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن) بىر تۆگە سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا يۈك- تاقلىرىمنى ئارتىپ سەپەرگە چىقتىم. بىر ئايچە يول يۈرگەندىن كېيىن شامغا، يەنى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ كىشى بولسا ئابدۇللا ئىبنى ئۈنەيس ئىكەن. مەن ئىشىك باقارغا: ئۇنىڭغا جابىر ئىشىك ئالدىدا قالدى دېگىن، دېدىم. ئۇ: (ئۆيدە تۇرۇپ) جابىر ئىبنى ئابدۇللامۇ؟ دېدى. مەن: ھەئە، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاپىنىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ مېنى قۇچاقلىدى. مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلىدىم. (يەنى بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق) مەن: ماڭا سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىساس ھەققىدە بىر ھەدىس ئاڭلىغانلىقىڭنىڭ خەۋىرى يەتتى، مەن ئۇ ھەدىسنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن يا سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭدىن ياكى مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قورققان ئىدىم، دېدىم. ئۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى كىشىلەرنى يالىڭاچ، خەتنىسىز ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ھېچ نەرسە بولمىغان ھالدا بىر يەرگە توپلايدۇ. ئاندىن ئۇلارنى يىراقتىكى ئادەممۇ خۇددى يېقىندىكى ئادەم ئاڭلىغاندەك ئاڭلايدىغان ئاۋاز بىلەن چاقىرىپ: مەن پادىشاھدۇرمەن، مەن ھېساب ئالغۇچىمەن، جەننەتتى بولغان بىر كىشىدە دوزىخى بولغان بىر كىشىنىڭ ئادەدىيسى بىر كاچات سالغانچىلىك ھەققى بار بولسا، مەن جەننەتتى بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ شۇ ھەققىنى ئېلىپ بەرمىگىچە، ئۇ دوزاخقا كىرىپ كەتمەيدۇ. دوزىخى بولغان بىر كىشىدە جەننەتتى بولغان بىر كىشىنىڭ ئادەدىيسى بىر كاچات سالغانچىلىك ھەققى بار بولسا، مەن دوزىخى بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ شۇ ھەققىنى ئېلىپ بەرمىگىچە، ئۇ جەننەتكە كىرىپ كەتمەيدۇ، دەيدۇ. دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىز: ئى ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ چاغدا، بىز ئاللاتائالانىڭ ئالدىغا يالىڭاچ، خەتنىسىز ۋە ئۆزلىرىمىز بىلەن ھېچ نەرسە بولمىغان ھالدا كېلىدىغان تۇرساق، بىر- بىرىمىزنىڭ ھەققىنى قايسى ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىدۇ؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بىرنىڭ ياخشى ئەمەلىنى ئېلىپ بېرىش ياكى يامان ئەمەلىنى يۈكلەپ قويۇش ئارقىلىق

ئېلىپ بېرىدۇ» دېدى[ئەھمەد]

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلىۋېتىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن:« كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى: مېنىڭ ئىززىتىم ۋە جالالىتىم بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن ماڭا زۇلۇم قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، دەيدۇ. ئاندىن بىر جاكارچى: پالانىنىڭ ئوغلى پالانى قەيەردە؟ دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇ ئادەم تاغلاردەك ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئاخىرى غالىب، بۈيۈك ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ئاندىن ئاللا جاكارچىغا بۇيرۇيدۇ، جاكارچى: پالانىنىڭ ئوغلى پالانى كىمگە يامانلىق ياكى زۇلۇم قىلغان بولسا بۇ ياققا كەلسۇن، دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرگەنلەر، زۇلۇم تارتقانلار ئاللانىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغىلىپ ئۆرە تۇرىشىدۇ. ئاندىن ئاللا: بۇ بەندەمگە ھۆكۈم قىلىڭلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم قىلىمىز؟ دەيدۇ. ئاللا: ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۇلارغا ئېلىپ بېرىڭلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئېلىشقا باشلايدۇ. تاكى ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ھېچ نەرسە قالماي تۈگەپ كېتىپ زۇلۇم چەككەنلەر ئېشىپ قالىدۇ. ئاندىن ئاللا: بۇ بەندەمگە ھۆكۈم قىلىڭلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ئازراقمۇ قالمىدى، دەيدۇ. ئاللا: زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەڭلار، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئايەتنى مىسال قىلىپ سۆزلىدى:[ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ] [ئىبنى ئەبۇ هاتەم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەر كىمنىڭ يالاڭتۆش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر:« يالاڭتۆش دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇلى يوق، مېلى يوق ئادەم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەقىقەتەن يالاڭتۆش دېگەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىيامەت كۈنى ناماز ۋە روزا، زاكات قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن ھازىر بولغان، لېكىن بىرىنى تىللىغان، بىرىگە بۆھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ ناھەق قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ (قىساسى ياكى تۆلەم ئۈچۈن) ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا بېرىپ، بۇنىڭغا بېرىپ، ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر» دېدى [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئۆزىدە بىراۋنىڭ مەنىۋى ياكى ماددىي ھەققى قالغان بولسا، ئۇنى دىنارمۇ بولمايدىغان، دەرھەممۇ بولمايدىغان قىيامەت كۈنىگە قالدۇرماي، ھەق ئىگىسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا رازى قىلىۋەتسۇن. (ئەگەر ئاخىرەتكە قالدۇرسا) زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەلىدىن ھەق ئىگىسىنىڭ قانچىلىك ھەققى بولسا، شۇنچىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا ھەق ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرى ئېلىپ زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلىنىدۇ» [بۇخارى]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شېھىد بولغان ئادەمنىڭ قەرزىدىن باشقا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» [مۇسلىم]

مۇھەممەد ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ئۇ ئاسمانغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندىن كېيىن، ئالقىنىنى پېشانىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: سۇبھانەللا! نېمانداق قاتتىق ھۆكۈم چۈشتى - ھە؟! - دېدى. بىز جىم بولۇپ كەتتۇق. قاتتىق ئەنسىرىگەنىدۇق. ئەتىسى مەن: ئى رەسۇلۇللا! تۈنۈگۈن چۈشكەن قاتتىق ھۆكۈم نېمە ئىدى؟ - دەپ سورىسام. ئۇ: جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى:« بىر ئادەم ئاللا يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرۈلسە، ئاندىن يەنە ئاللا يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلسە، ئاندىن يەنە ئاللا يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسىلا، قەرزى ئۆتەلگەنگە قەدەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەن ھۆكۈم چۈشتى - دېدى» [نەسەئى]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىم ئۆز ئۈستىدە ئالتۇن – كۈمۈش، پۇل – ماللاردىن قەرزى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرى، قەرز ئىگىسىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ چۈنكى، ئۇ جايدا ئالتۇن – كۈمۈش يوق، بەلكى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقلارلا باردۇر» [ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ھەقلەر ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ، ھەتتاكى مۈڭگۈزسىز قويغىمۇ مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ» [مۇسلىم]

### بىر پىرقە جەننەتتە يەنە بىر پىرقە دوزاختا بولىدىغانلىقى

[(ئۇ كۈندە) بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ [7] سۈرە شۇرا]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق ئۈممەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىر قىسمى دوزاختا، يەنە بىر قىسمى جەننەتتە بولىدۇ، لېكىن مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتتە بولىدۇ» [خەتىبۇلبەغداد سەھىھ]

## ھەمدە بايرىقى

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى مەن ئادەم بالىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولىمەن. ماختىنىش يوق. قولۇمدا ھەمدۇسانا بايرىقى بولىدۇ، ماختىنىش يوق» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بايرىقىم ئاستىدا بولىدۇ » [ئىبنى ئەساكىر سەھىھ]

پەرىشتىلەر بىر قانچە بايراقلارنى كەلتۈرۈپ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمدە - سانانىڭ بايرىقىنى بېرىدۇ. بۇ بايراقتا 3 قۇر خەت باردۇر:

بىرىنچىسى: بسم الله الرحمن الرحيم

ئىككىنچىسى: الحمد لله رب العلمين

ئۈچىنچىسى: لااله الا الله محمد رسول الله

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. قالغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار ۋە سالىھلار ۋە شېھىدلەر ۋە سىددىقلار بۇ بايراقنىڭ تېگىدە ماڭىدۇ.

[ئۇ كۈندە، مۆمىن ئەرلەرنى، مۆمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ (ئۇلارغا)« بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ) [12] ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە:« بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلار (مەسخىرە يۈزىسىدىن):« ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ [13] ئۇلار مۆمىنلەرنى:« بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ، مۆمىنلەر:« شۇنداق، لېكىن سىلەر ئۆزەڭلارنى پىتنىگە سالدىڭلار (يەنى كۈرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، لېكىن، ئۆزەڭلارنى مۇناپىقلىق بىلەن ھالاك قىلدىڭلار، مۆمىنلەرگە بالايى- ئاپەتلەر كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئىسلام دىنىدىن) شەكلەندىڭلار، (اللّٰه نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە بولغان قۇرۇق) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى، تاكى سىلەرگە ئۆلۈم كەلدى، شەيتان سىلەرنى اللّٰه نىڭ (ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى) بىلەن ئالدىدى» دەيدۇ [14] بۈگۈن سىلەردىن ۋە كاپىرلاردىن فىدىيە ئېلىنمايدۇ، جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [15] سۈرە ھەدىد] [مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن [145] سۈرە نىسا][مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللا (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر- بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ) ئۇلار اللّٰهنى ئۇنتۇدى (يەنى اللّٰهنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى) اللّٰهمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى اللّٰه ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى) شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر [67] اللّٰه مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللار ۋە كۇففارلارغا دوزاخنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ ئۇلارنى (ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، اللّٰه ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ [68] سۈرە تەۋبە]

## جەننەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇخلاپ قىلىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتكە ئوخشايدىغىنىنىمۇ كۆرمىدىم، (لېكىن) ئۇنىڭغا ئىنتىلگۈچىمۇ ئۇخلىماقتا» [تىرمىزى ۋە تەبرانى ھەسەن]

## ئېسىل ماكان جەننەت

[پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار [133] سۈرە ئال ئىمران][پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان- زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، (ئۇ) جەننەت اللّٰهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، بۇ اللّٰهنىڭ پەزلىدۇر، (اللّٰه) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، اللّٰه ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر [21] سۈرە ھەدىد]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئالللاتائالانىڭ:« كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار» دېگەن ئايىتىگە قارىغاندا، جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە بولسا دوزاخ قەيەردە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كېچىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كېچە

كېلىپ ھەممە نەرسىنى قاپلىسا (يەنى ھەممە نەرسىنى قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا ئالسا) كۈندۈز قەيەردە؟» دېدى. ئۇ كىشى: ئاللا خالىغان يەردە دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شۇنىڭدەك دوزاخمۇ ئاللاتائالا خالىغان يەردە بولىدۇ» دېدى[بەززار]

## جەننەت ئەھلى120 سەپ بولۇپ 80 سەپ بۇ ئۇممەتتىن بولىدىغانلىقى

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى 120 سەپ بولۇپ، 80 سەپ بۇ ئۇممەتتىن، قالغىنى باشقا ئۇممەتتىن بولىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم ۋە تەبرانى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ 1/4 قىسمى بولۇشنى خالامسىلەر؟» دېدى. بىز: خالايمىز، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە سوراپ:« ئۇلارنىڭ 1/3 قىسمى بولۇشنى خالامسىلەر؟» دېدى. بىز: خالايمىز، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:« ئۇلارنىڭ يېرىمى بولۇشنى خالامسىلەر؟» دېدى. بىز: خالايمىز، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللا بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى جەننەتكە ئىتائەتچان ئادەملەرلا كىرەلەيدۇ.، كۆپ ئىلاھقا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، سىلەر پەقەت قارا يۇڭلۇق كالىنىڭ ئۇستىدىكى ئاق يۇڭغا ياكى قىزىل يۇڭلۇق كالىنىڭ ئۈستىدىكى قارا يۇڭغا ئوخشايسىلەر» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## بۇ خەتنى ئالماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقى

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھېچكىم:[بسم الله الرحمن الرحيم] بۇ، ئاللا تەرىپىدىن پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچىغا بېرىلگەن خەتتۇر. ئۇنى مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئالىي جەننەتكە كىرگۈزۈڭلار!» دېگەن رويخەتنى ئالماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» [ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت]

## جەننەتلەر قىلىچلار سايىسى ئاستىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر» [بۇخارى]

## جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى قاقىدىغان كىشى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى بولىمەن. جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ قاقىدىغان كىشى مەن بولىمەن »[مۇسلىم]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، دەرۋازىۋەن: كىم سەن؟ دەيدۇ. مەن: مۇھەممەد، دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئۇ: مەن دەرۋازىنى سەندىن ئىلگىرى ھېچ كىمگە ئېچىپ بەرمەسلىككە بۇيرۇلغان، دەيدۇ» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

## جەننەتكە كىرىش ئالدىدا دوزاخنى كۆرسىتىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەردىن ھەربىر كىشىنىڭ ئىككى ئورنى بار، بىر ئورنى جەننەتتە يەنە بىرى دوزاختا بولىدۇ. ئۇ ئۆلۈپ دوزاخقا كىرسە، جەننەت ئەھلى ئۇنىڭ ۋارىس بولىدۇ. ئۇ بولسا، ئاللانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر:[ ئەنە شۇلار ۋارىس بولغۇچىلاردۇر[10] سۈرە مۇئمىنۇن ][ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۆرۈپ: ئەگەر ئاللاتائالا بىزگە ھىدايەت ئاتا قىلمىغان بولسا (مۇشۇ جايغا كىرىپ قالاركەنمىز) دېيىشىدۇ. دوزاختىكى ئورۇنلىرىنى ئۇلارغا كۆرسىتىش جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن كىشىلەرنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈندۇر» [ئەھمەد ۋە ھاكىم ھەسەن]

## جەننەتكە كىرىش ئالدىدا دىلىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىۋېتىش

[ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز [47] سۈرە ھىجر][ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكلىرىنى ئېلىپ تاشلىدۇق [43] سۈرە ئەئراف]

« ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز » بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى مۇنداق دەيدۇ:

جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلار جەننەت تەرەپكە ئېلىپ مېڭىلىپ جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاستىدىن ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر دەرەخنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇلار بۇلاقلارنىڭ بىرىدىن سۇ ئىچىدۇ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىلىدىكى بىر- بىرىگە بولغان دۈشمەنلىشىشلىرى، ھەسەتخورلۇق ئىللەتلىرى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇلار يەنە بىر بۇلاقنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچى قېتىم كىر بولمايدىغان ھالەتتە پاك- پاكىزە بولۇپ كېتىدۇ»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدا چوڭ بىر دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋىدە ئىككى بۇلاق چىقىپ تۇرىدۇ. بىرىنى جەننەتكە كىرگۈچىلەر ئىچسۇن ئۈچۈن يەنە بىرىنى يۇيۇنۇپ، تازىلىق قىلسۇن ئۈچۈن چىقىرىلغان. بىرىنچى بۇلاق سۈيىدىن ئىچكەن ھامان ئۇلارنىڭ چىرايلىرى گۈزەللىشىپ، ۋاللىداپ كېتىدۇ. پەقەت ئىچى پۇشمايدىغان، سەتلەشمەيدىغان بولىدۇ. ئىككىنچىسىدىن يۇيۇنغاندىن باشلاپ چاچلىرى چۇۋۇلمايدۇ

ھەدىستە:« جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دەرەخ بار. ئۇنىڭ تۈۋىدىن ئىككى بۇلاق چىقىدۇ. بىر بۇلاقتىن سۇ ئىچسە ئەھلى جەننەتنىڭ چىرايلىرى گۈزەللىشىپ، ۋاللىداپ تۇرمۇشى راھەتلىك ئاددەمدەك پارقىرايدۇ. يەنە بىرىدىن تاھارەت ئالسا، چېچى ئەسلا چۇۋۇلمايدۇ» []

## جەننەتنىڭ دەرۋازىسى

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىسى رەييان دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت روزا تۇتقۇچىلارلا كىرىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئاللانىڭ يولىدا ھەر قانداق مېلىدىن بىر جۈپ نەرسە سەدىقە قىلسا، جەننەتنىڭ دەرۋازلىرىدىن چاقىرىلىدۇ. جەننەتنىڭ نۇرغۇن دەرۋازلىرى بار بولۇپ، كىمكى كۆپ ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن بولسا، ناماز دەرۋازىسىدىن، كىمكى كۆپ سەدىقە قىلغۇچىلاردىن بولسا، سەدىقە دەرۋازىسىدىن، كىمكى جىھادنى كۆپ قىلغۇچىلاردىن بولسا، جىھاد دەرۋازىسىدىن، كىمكى روزىنى كۆپ تۇتقۇچىلاردىن بولسا، رەييان دەرۋازىسىدىن چاقىرىلىدۇ» ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئادەم ئۇ دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلىدىغان ئەھۋالمۇ بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، مەن سېنىڭ شۇلاردىن بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرنىڭ بىرىڭلار كامىل تاھارەت ئالسا، ئاندىن: ئاللاتائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېسە، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى ئېچىلىدۇ، ئۇ قايسى دەرۋازىدىن كىرىشنى خالىسا شۇنىڭدىن كىرىدۇ» [مۇسلىم]

## جەننەت دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«..... مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەت دەرۋازلىرىنىڭ كېشەكلىرىدىن يان ياغىچى ئىككى كېشەكنىڭ ئارىلىقى، خۇددى مەككە بىلەن ھەجەرنىڭ ئارىلىقىدەك، يەنە بىر رىۋايەتتە بۇسرا بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقىدەك بار» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت دەرۋازلىرىنىڭ كېشەكلىرىدىن ئىككى كېشەكنىڭ ئارىلىقى قىرىق يىللىق مۇساپە ئارىلىقىدەك كەڭ ، ئۇنىڭغا كىرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن ناھايىتى تارلىشىپ كېتىدۇ » [ئەھمەد سەھىھ]

## ئاللاتائالا بەندىلىرىگە ئۇلار ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا ئېيتىدۇ:« مەن ياخشى بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييار قىلدىم، خالىساڭلار بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار:[ ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللّٰەتائالانىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ [17] سۈرە سەجدە][بۇخارى ۋە مۇسلىم]

سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر جەننەتتىكى تىرناقچىلىك نەرسە كۆرۈنسە ئىدى، ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسى گۈزەللىككە پۈركەنگەن بولاتتى. ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىرى كۆرۈنۈپ بىلەيزۈكىنى كۆرسەتسە ئىدى خۇددى قۇياش نۇرى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى توسۇپ قويغاندەك، ئۇ (بىلەيزۈك) قۇياش نۇرىنى توسۇپ قويغان بولاتتى» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئۇتبە ئىبنى ئەبد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر ئادەم تۇغۇلغان كۈنىدىن تارتىپ، قېرىپ ئۆلگەن كۈنىگە قەدەر ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يۈزىنى يەرگە سۇۋاپ كەلگەن بولسا، قىيامەت كۈنى (بېرىلگەن ئىنئاملارنىڭ ئالدىدا قىلغان) ئەمەللىرىنىڭ ھېچنەرسىگە ئەرزىگۈچىلىكى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ» [ئەھمەد]

## جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ بويى، چىراي، ئاۋازلىرى

كىتابلاردا: ئەھلى جەننەتلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە ئۇزۇنلۇقى 60 گەز تۇغرىسى 7 گەز، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىدا 33 ياش، چىرايلىقتا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىقىغا ئوخشاش، ئاۋازى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدەك، ئەخلاقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىغا ئوخشاش دەپتۇ (توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللا)

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتكە بىرىنچى تۈركۈمدە كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىرى بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىدەك بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ سۈرىتى ئاتىسى ئادەمنىڭ سۈرىتىدە 60 گەز ئېگىزلىكتە بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ھافىز ئەبۇ يەئلا]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى جەننەتكە 30 ياكى 33 ياش ھالىتىدە، ساقالسىز، تۈكسىز ۋە كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلغان ھالدا كىرىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە دارمى سەھىھ]

## جەننەتكە قېرى خوتۇن كىرمەيدىغانلىقى

ھەدىستە:پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر قېرى ئايال كېلىپ:« ئى رەسۇلۇللا! مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ئاللاتائالاغا دۇئا قىلغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا:« ئى پالانى خېنىم! جەننەتكە قېرى ئايال كىرمەيدۇ» دېدى. قېرى ئايال جەننەتكە كىرەلمەيدىكەنمەن دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، قېرى ئايالنىڭ جەننەتكە ھەرگىزمۇ قېرىلىق ھالىتىدە كىرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى، ئاللاتائالا ئۇنى قايتىدىن ياش قىز قىلىپ يارىتىدىغانلىقىنى، شۇڭا جەننەتكە ياش قىزچاق ھالىتىدە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇ ئايالغا ئاللاتائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئوقۇپ بەردى:[ شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق» [35-37] سۈرە ۋاقىئە]

## جەننەتتە تۆت خىل ياخشى ئىشقا ئېرىشىش

رىۋايەتتە:« جەننەتتە جەننەتنىڭ ئۆزىدىنمۇ ياخشى بولغان تۆت خىل ئىش بار: 1-جەننەتتە مەڭگۈ قېلىش. 2- پەرىشتىلەرنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىش. 3- قەدىمكى (تارىختىكى) پەيغەمبەرلەر بىلەن قوشنا بولۇش. 4- ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش»[ئەخلاق نامە]

## تۇنجى جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمنىڭ جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» (ئۇلار) مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدۇر ، قىيامەت كۈنى ئۇلار جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارغا جەننەتنى باشقۇرغۇچى خادىملار سىلەر ھېساب بېرىپ بولدۇڭلارمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟ قىلىچلىرىمىز ئاللا يولىدا مۈرىمىزگە ئېسىقلىق يۈردۇق، ھەتتا شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلدۇق، دەيدۇ. ئۇلارغا ئىشىك ئېچىپ بېرىلىدۇ. كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن 40 يىل بۇرۇن ئۇلار جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولىدۇ» [ھاكىم ۋە بەيھەقى سەھىھ]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا:« ئاللاتائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن كىمنىڭ جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دەيدۇ. ساھابىلار: ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلار مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىلىدۇ ۋە جاپا- مۇشەققەتلەرنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى ھاجەتلىرىنى ئورۇنلاشقا ئاجىز كەلگەن ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا پەرىشتىلەر جامائەسىدىن ئۆزى خالىغان پەرىشتىلەرگە: ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا سالام بېرىڭلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاتائالاغا: بىز ئاسمىنىڭدا ئولتۇراقلاشقان ۋە مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدىن سەن تاللىغان كىشىلەرمىز، بىزنى ئەنە شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا سالام بېرىشكە بۇيرۇمسەن؟ دەيدۇ. ئاللاتائالا: ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئىبادەت قىلغان، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىلگەن ۋە جاپا- مۇشەققەتلەرنى يېڭەلىگەن (بەندىلەر)

ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى ھاجەتلىرىنى ئورۇنلاشقا ئاجىز كەلگەن ھالەتتە ئۆلۈپ كەتتى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇلارغا سالام بېرىدۇ:« پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان» دەيدۇ[ئەھمەد]

## جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ تولىسى مىسكىنلەر ئىكەنلىكى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كەمبەغەللەر بايلاردىن بەش يۈز يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ» [تىرمىزى]

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدا تۇردۇم، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ تولىسى مىسكىنلەر ئىكەن، دۆلەتمەن كىشىلەر جەننەتكە مىسكىنلەردىن كېيىن كىرىشى ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلۇپتۇ، لېكىن دوزىخىيلار دوزاخقا بۇيرۇلۇپ بولغان ئىدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## جەننەتكە توپ - توپ ماڭدۇرۇش

بىر جامائەت يەنە بىر جامائەتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ، بىرىنچى بولۇپ ماڭىدىغانلار ئاللاغا يېقىن بەندىلەردۇر. ئاندىن كېيىن ياخشى بەندىلەر، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىنكىلەر ماڭىدۇ. ھەر جامائەت ئۆز خىلى بىلەن، يەنى پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەرلەر بىلەن، راستچىللار راستچىللار بىلەن، شېھىتلەر شېھىتلەر بىلەن، ئۆلىمالار ئۆلىمالار بىلەن، ھەر سىنىپتىكىلەر ئۆز سىنىپى بىلەن، ھەر گۇرۇھ ئۆزىگە ماس كىشىلەر بىلەن جەننەتكە ماڭدۇرۇلىدۇ[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۈممىتىمدىن 70 مىڭ ئادەم ياكى 700 مىڭ ئادەم، ئەلۋەتتە جەننەتكە (ھېسابسىز) كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ باش ئاخىرى بىرلا ۋاقىتتا جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى تۇتۇشۇپ ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ - توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا:« سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ [73] ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ:« جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى! [74] سۈرە زۇمەر][تەقۋادارلار ھەقىقەتەن باغ - بوستانلاردىن، بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ [45] (ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان - ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ [46] ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ [47] جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ [48]سۈرە ھىجر][ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى [69] (ئۇلارغا):« سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال - خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار [70] ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام) ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر [71] سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر [72] جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر [73] سۈرە زۇخرۇف][پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكتىن (اللّٰه يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ [22] ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ [23] (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا)« سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ [24] سۈرە رەئد][ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ [75] ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي! [76] سۈرە فۇرقان][ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ (پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ) سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، دەپ سالام بېرىدۇ [23] سۈرە ئىبراھىم][ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ، پەقەت (پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) سالامىنىلا ئاڭلايدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن - ئاخشامدا (كۆڭلى تارتقان يېمەك - ئىچمەكلەردىن) رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ [62] بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ [63] سۈرە مەريەم]

## كىچىك بالا ئانىسىغا چاپلىشىۋېلىپ جەننەتكە ئەكىرىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرنىڭ كىچىكلىرىڭلار(يەنى كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىڭلار)، جەننەت ئەھلىنىڭ كىچىكلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى ئاتا – ئانىسىغا ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ كىيىمىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋە ئاتا – ئانىسىنى جەننەتكە كىرگۈزگەنگە قەدەر قويۇۋەتمەيدۇ»[ بۇخارى ئەدەبتە ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان ئەر- ئايالنى ئاللاتائالا شۇ بالىلارغا قىلىنغان رەھمەت- پەزلىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئۇ بالىلارغا جەننەتكە كىرىڭلار دېيىلسە، ئۇلار ئاتا- ئانىمىز كىرمىگىچە كىرمەيمىز- دەيدۇ، ئاندىن ئۇلارغا سىلەرمۇ ۋە ئاتا- ئاناڭلارمۇ جەننەتكە كىرىڭلار دېيىلىدۇ» [ئەھمەد ۋە نەسەئى سەھىھ]

ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بالىلىرىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ بالىلار ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكلىرى ئالدىدا كۈتۈۋالىدۇ، ئۇ قايسى ئىشىكتىن خالىسا، شۇنىڭدىن كىرىدۇ» [ئەھمەد سەھىھ]

## جەننەت دەرۋازىسىغا يېزىلغان ياخشىلىق

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر ئادەم جەننەتكە كىرگەندە، ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا:« سەدىقىنىڭ ساۋابى ئون ھەسسە، قەرز بېرىپ تۇرغاننىڭ ساۋابى 18 ھەسسە» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەن» [ئەلكەبىر]

## بىر نىدا قىلغۇچى

ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرسە بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ:« سىلەر مەڭگۈ ھايات ياشايسىلەر، ئۆلمەيسىلەر، سالامەت بولىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولمايسىلەر، ياش تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، سىلەر نازۇ- نېئمەتتىن، بەخت- سائادەتتە ئۆتىسىلەر، مەڭگۈ بەختسىزلىككە دۇچار بولمايسىلەر» [مۇسلىم]

## ئۆلۈمنىڭ بوغۇزلىنىشى

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتكە، دوزاخقا كىرىدىغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغان ۋاقتىدا ئۆلۈم كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇ خۇددى (رەڭگى) ئاق- قارا ئارىلاش بولغان قوشقارغا ئوخشايدۇ. ئاندىن ئۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن جەننەتكە كىرگەنلەردىن: ئى جەننەتكە كىرگەنلەر! بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ (ئۇنىڭغا) قاراپ: ھەئە، (تونۇيمىز) بۇ بولسا ئۆلۈم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن دوزاخقا كىرگەنلەردىن: ئى دوزاخقا كىرگەنلەر! بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەپ سورىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ (ئۇنىڭغا) قاراپ: ھەئە، تونۇيمىز، بۇ ئۆلۈم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى (بوغۇزلاشقا) بۇيرۇق قىلىنىپ بوغۇزلىنىدۇ. (جەننەتتىكىلەرگە): ئى جەننەتكە كىرگەنلەر! (سىلەر جەننەتتە) مەڭگۈ قالىسىلەر (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۆلۈش يوقتۇر. (دوزاختىكىلەرگە): ئى دوزاخقا كىرگەنلەر! (سىلەر دوزاختا) مەڭگۈ قالىسىلەر (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۆلۈش يوقتۇر، دەپ جاكارلىنىدۇ» ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:[ ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت قۇنى)دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر [39] سۈرە مەريەم] ۋە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:« دۇنيادىكى كىشىلەر دۇنيانىڭ غەپلىتىدۇر» دېدى [بۇخارى ۋە مۇسلىم ۋە ئەھمەد]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى جەننەتتە ئېرىشىدىغانلىرىغا ئېرىشكەندە، دوزاخ ئەھلى دوزاختا تارتقۇلۇقلىرىنى تارتقاندا، ئۆلۈم جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئارقىدىنلا بىر جاكارچى چىقىپ: ئى جەننەت ئەھلى! بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈم بولمايدۇ! ئى دوزاخ ئەھلى سىلەرگىمۇ ئوخشاشلا. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈم بولمايدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئەھلى خۇشاللىنىدۇ. دوزاخ ئەھلى غەمگە پاتىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## جەننەتنىڭ ئاسمان زېمىنى يوقىمايلا تۇرسا...

[سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان - زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر [108] سۈرە

هۇد]

## جەننەت ئەھلىگە ئون ئۆزۈك بېرىش

رىۋايەتتە:« ئەھلى جەننەتلەر جەننەتكە كىرگەندە، ئاللا سوۋغا ۋە كىيىملەرنى كۆتۈرۈۋالغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇ كىشىلەرگە: ئى جامائەت بۇ يەردە قېلىڭلار، بۇ يەردە بىر سوۋغا بار، ئاللا سىلەرگە ئەۋەتكەن دەيدۇ. كىشىلەر سورىشىدۇ: نېمە سوۋغا ئۇ؟ پەرىشتە جاۋاب بېرىپ: ئون ئۆزۈك:

1 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلاردىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار»

2 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« سىلەرنىڭ بارلىق ئەندىشە ۋە زېرىكىشىڭلارنى يوقىتىدۇ»

3 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارغا بىنائەن سىلەر جەننەتكە ۋارىسلىق قىلىسىلەر»

4 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« مەن سىلەرگە لىباسلارنى ۋە زىبۇ زىننەتلەرنى ھەدىيە قىلىمەن»

5 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« مەن ھۆرلەرنى سىلەرگە جۈپ قىلىپ بېرىمەن»« سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىدۇر»

6 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« بۈگۈن سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپات سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ياخشى ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن»

7 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« سىلەر ياشلىق ھالىتىڭلەرگە قايتىسىلەر، مەڭگۈ قېرىمايسىلەر»

8 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« سىلەرگە خاتىرجەملىك بولىدۇكى ھەرگىز ئەنسىرىمەڭلار»

9 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« سىلەر پەيغەمبەرلەر بىلەن، راستچىللار بىلەن شېھىتلار ۋە ئالىملار بىلەن بىللە بولىسىلەر»

10 - ئۆزۈككە يېزىلغىنى:« سىلەر جەننەتتە ئەرشنىڭ سايىسى ئاستىدا، خاتىرجەم تۇرىسىلەر» [ئەخلاق نامە]

## ئاللاتائالانىڭ جەننەتتىكىلەرگە زىياپەت بېرىشى

ھەدىستە:« ئاللاتائالا داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن تەسبىھ، تەھلىل ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن« مەڭگۈلۈك داستىخان» دېيىلىدۇ، دېدى. رەسۇلۇللادىن:« مەڭگۈلۈك داستىخان دېگەن نېمە ئۇ؟» دەپ ساھابىلار سورىدى. رەسۇلۇللا:« ئۇ داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىنمۇ كەڭ بولۇپ، ئەھلى جەننەتكە تائام بېرىلىدۇ» [ئەبۇ نەئەيىم]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« قىيامەت كۈنى يەر شارى پەقەت بىر ناندەكلا بولىدۇ. سىلەردىن بىرىڭلار داستىخانغا نان قويغاندەك، ئاللا ئۇنى ئۆز قولى بىلەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ - دېدى» [بۇخارى]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ يەيدىغان تامىقى، لەھەڭنىڭ جىگىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان بىر پارچە گۆش بولىدۇ» [بۇخاى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد قىلغان قۇلى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« بىر يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: (كىشىلەر) جەننەتكە كىرگەندە قانداق قىممەتلىك سوۋغا بېرىلىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىتىنىڭ جىگىرىدىكى بىر پارچە ئارتۇق گۆش» دېدى. يەھۇدىي: ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن يەيدىغان تامىقى نېمە؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە ئوتلايدىغان ئۆكۈزلىرى بوغۇزلىنىدۇ» دېدى. يەھۇدىي ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ئىچىدىغان ئىچىملىكى نېمە؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جەننەتتىكى سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدۇر» دېدى[مۇسلىم]

## جەننەتتە ئاللاتائالانى كۆرۈش

جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى:« سىلەر مۇشۇ ئاينى ھېچقانداق توسالغۇسىز كۆرگەندەك، پەرۋەردىگارىڭلارنى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرىسىلەر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ [22] (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ [23] سۈرە قىيامەت]

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ياخشى ئىش قىلغۇچىلار جەننەتكە ۋە ئاللاتائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى:« جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگەن چاغدا ئاللا تەرىپىدىن بىر جاكارچى: ئى جەننەت ئەھلى! چوقۇم سىلەر ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتى بار، ئاللا ئۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ مۇكاپاتنى تولۇق بېرىشنى خالايدۇ، دەپ جاكارلايدۇ. جەننەت ئەھلى: بىزگە

قىلغان ۋەدە قايسى ئۇ؟ ئاللا بىزنىڭ ياخشىلىق تارازىمىزنى ئېغىر ۋە يۈزلىرىمىز نۇرانە قىلمىدىمۇ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ دوزاختىن قۇتقۇزمىدىمۇ؟ دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا ئاللاتائالا ئۇلارغا جامالىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئاللاتائالانىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جەننەت ئەھلى ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق كۆڭۈل خۇرسەن بولىدىغان ئېسىل نېمەت بولمايدۇ» [مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللا مۆمىنلەرگە كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە ئۆز جامالىنى كۆرسىتىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۇلۇغ ئاللاتائالا جەننەت ئەھلىگە:« ئى جەننەت ئەھلى» دەيدۇ. ئۇلار:« پەرۋەردىگارىمىز، خۇش، بىز ھازىرمىز، بارلىق خەيرلىك ئىشلار سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« مەمنۇن بولدۇڭلارمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار:« پەرۋەردىگارىمىز، مەخلۇقاتلىرىڭدىن ھېچبىرىگە بەرمىگەن نېئمەتلىرىڭنى بەرگەن تۇرساڭ، نېمىشقا مەمنۇن بولمايدىكەنمىز» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« سىلەرگە بۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك نەرسە بېرەيمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار:« بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل قايسى نەرسە ئۇ؟» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« سىلەرگە رازىلىقىمنى چۈشۈرىمەن، سىلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز غەزەپ قىلمايمەن» دەيدۇ [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## فىردەۋس جەننەت

[شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ [107] ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ [108] سۈرە كەھف][ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ [11] سۈرە مۆئمىنۇن]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئاللاتائالادىن جەننەت سورىساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار. ئۇ ئەڭ ئۈستىدىكى ۋە ئەڭ ئوتتۇرىدىكى جەننەتتۇر. ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ئېرىق ئۆستەڭلىرى ئېقىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە مېھرىبان ئاللاتائالانىڭ ئەرشى باردۇر» دېدى» [بۇخارى]

## ئەدنى جەننىتى

[تەقۋادارلارغا:« پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار:« ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى» دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل! [30] ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئەدنى جەننەتلىرىگە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان نەرسىلەر تېپىلىدۇ، ئاللا تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ [31] سۈرە نەھل][ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي! [31] سۈرە كەھف][اللّٰه ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ [23] سۈرە ھەج]

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قاچا - قۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىلىرى ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت بار. قاچا- قۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىلىرى كۈمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت بار. جەننەت ئەھلىنىڭ ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى پەقەت ئاللاتائالانىڭ زاتىنى ئوراپ تۇرىدىغان ئۇلۇغلۇق پەردىسىلا توساپ تۇرىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## جەننەتتە يۈز دەرىجە

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان - زېمىندەك كېلىدۇ » [ئىبنى مەردۇۋىييە سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا جەننەتتە ئۇنىڭ يولىدا كۈرەش قىلغۇچىلارغا يۈز دەرىجە تەييارلىدى، بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان - زېمىندەك كېلىدۇ» [بۇخارى]

## جەننەتتىكىلەردىن دۇنيادا قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىنى سوراش

ئىبنى ئەبۇ هاتەم ئەيپە ئابدۇ كالائىدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسى قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« شەك- شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەتكە، دوزاخقا كىرىدىغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، (جەننەتكە كىرگەنلەرگە) ئى جەننىتىلەر! سىلەر زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟ دەيدۇ. ئۇلار بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، دەيدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا: سىلەرنىڭ مۇشۇ بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز ۋاقىتتا قىلغان ئىشلىرىڭلار نېمە دېگەن ياخشى! سىلەر مېنىڭ رەھمىتىم، رازىلىقىم ۋە جەننىتىم ئىچىدە مەڭگۈدىن مەڭگۈگە قېلىڭلار، دەيدۇ»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالا جەننەتتىكى كىشىلەردىن بىر كىشىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ ئورنۇڭ قانداق ئىكەن؟ دەيدۇ. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ بەك ياخشى ئورۇن ئىكەن، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: سەن مەندىن بىر نەرسە سورىغىن ۋە ئارزۇ قىلغىن، دەيدۇ. شېھىتلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ (ئاللاتائالاغا): سېنىڭ مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشىڭنى، ئاندىن مەن سېنىڭ يولۇڭدا ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشىمدىن باشقىنى سورىمايمەن ۋە ئارزۇ قىلمايمەن، دەيدۇ»[ئەھمەد]

## جەننەتتىكىلەر دوزاختىكىلەردىن سوئال سورىشى

[پەقەت اللّٰهنىڭ سادىق بەندىلىرىلا جازاغا تارتىلمايدۇ [40] ئۇلار مەلۇم رىزىقتىن (يەنى تۈرلۈك مېۋىلەردىن) بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار ھۆرمەتلىنىدۇ [41-42] ئۇلار نازۇ نېمەتلىك باغلاردا، تەخلەر ئۈستىدە بىر- بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ [43-44] ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ [45-46] ئۇنىڭدا مەس قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەس بولمايدۇ [47] ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ [48] ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ [49] ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر- بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ [50] ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ:« مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ، ئۇ (ماڭا) سەن (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) ھەقىقەي ئىشىنەمسەن [51-52] بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم (قىلمىشلىرىمىزدىن) ھېساب بېرەمدۇق؟ دەيتتى [53] ئۇ (بۇرادەرلىرىگە):« سىلەر ئۇنى (يەنى دوستۇمنى) كۆرەمسىلەر؟» دەيدۇ [54] ئۇ قاراپلا ئۇنى (كاپىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ [55] ئۇ (يەنى مۆمىن) ئېيتىدۇ:« اللّٰه بىلەن قەسەمكى، مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قېلىپتىكەنسەن [56] ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە مەن (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم [57] تۇنجى ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق [58-59] بۇ (يەنى ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نېمەت) ھەقىقەتەن زور بەختتۇر [60] سۈرە سافغات][ ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن:« سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە» دەپ سورايدۇ [40-42] ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ:« بىز ناماز ئوقۇمىدۇق [43] مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق [44] بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق [45] قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق [46] تاكى بىز ئۆلگىچە (شۇنداق قىلدۇق) [47] شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ [48] سۈرە مۇددەسسىر][ئەھلى جەننەت ئەھلى دوزاخقا:« بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار:« ھەئە» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ:« زالىملارغا اللّٰهنىڭ لەنىتى بولسۇن [44] زالىملار كىشىلەرنى اللّٰهنىڭ داغدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ [45] سۈرە ئەئراف]

## جەننەتتىكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئورنى

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام :«...پەرىشتىلەر ماڭا:« بۇ سېنىڭ مەنزىلگاھىڭ ئەدنى جەننىتى بولىدۇ» دېدى. كۆزۈمنى يۇقىرىغا تىكىپ قارىسام، ئاق بۇلۇتتەك بىر ساراي تۇرۇپتۇ. پەرىشتىلەر ماڭا:« مانا بۇ سېنىڭ ئورنۇڭ» دېدى. مەن پەرىشتىلەرگە:« سىلەرگە ئاللاتائالا بەخت ئاتا قىلسۇنكى، مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭغا كىرىمەن» دېدىم. پەرىشتىلەر ماڭا:« ھازىر كىرىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كېلەچەكتە كىرىسەن» دېدى[بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:« مەن ئۈچۈن ۋەسىلە تىلەڭلار- دېدى. ساھابىلار: ۋەسىلە دېگەن نېمە؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ۋەسىلە دېگەن، جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي مەرتىۋەدۇر. ئۇنىڭغا پەقەتلا بىر كىشى ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ مەن بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن- دەپ جاۋاب بەردى» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاتائالادىن مەن ئۈچۈن« ۋەسىلە » تىلەڭلار. « ۋەسىلە » دېگەن جەننەتتىكى بىر مەرتىۋە بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرىگىلا بېرىلىدۇ. شۇ بەندىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن» [مۇسلىم]

ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەدىچەگە جەننەتتىكى

مەرۋايىتتىن بىنا قىلىنغان شاۋقۇن- سۈرەنسىز، ئارامبەخش گۈزەل بىر ئۆيي بىلەن خۇش خەۋەر بەردى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
مۇسلىمۇلبەتىيىن رەھمەھۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئائىشە مېنىڭ جەننەتتىكى ئايالىمدۇر» [ئىبنى سەئىد سەھىھ]
ئەنەس ۋە قەيس ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: ھەفسە... جەننەتتىكى ئايالىڭدۇر» [ھاكىم ھەسەن]

## ھەمزە جەننەتتە شېھىدلارنىڭ سەردارى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەمزە (رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ) قىيامەت كۈنى شېھىدلارنىڭ سەردارى بولىدۇ» [شىرازى سەھىھ]
ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ناگاھان ھەمزە جەننەتتە كارۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ» [تەبرانى ۋە ئىبنى ئەدى ۋە ھاكىم سەھىھ]
مىقدان ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شېھىد ئۇچۈن (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭ بېشىغا ئېسىل تاجى كەيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ بىر تال ياقۇتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، ئىمان توندىن تون، زىننەت قاتارلىقلار كەيدۈرۈلۈپ جەننەتنىڭ شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلىرىدىن يەتمىش ئىككىسىنى خۇتۇن قىلىپ بېرىلىدۇ» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

## ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر جەننەت ئوتتۇرا ياشلىرىنىڭ سەردارى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر نەبي، مۇرسەل پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئەۋۋەل- ئاخىر بارلىق جەننەت ئوتتۇرا ياشلىرىنىڭ سەردارى» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇ يەئلا سەھىھ]

## جەننەت ئاياللىرىنىڭ خانىشى تۆتتۇر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى ئاياللىرىنىڭ خانىشى تۆتتۇر:« مەريەم، پاتىمە، خەدىچە، ئاسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنهالار» [ھاكىم سەھىھ]

## فاتىمە جەننەت ئاياللىرىنىڭ خانىشى

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«فاتىمە جەننەت ئاياللىرىنىڭ خانىشى» [ھاكىم سەھىھ]

## ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارى

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن بولسا، جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارى( سەھىھ ھەدىستە:بۇ ئىككىسىنىڭ دادىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇلاردىن ياخشىدۇر- دېيىلگەن)» [ئىبنى ئەساكىر ۋە تىرمىزى سەھىھ]

## جەننەتنىڭ دۆڭلىرى ۋە تۇپىسى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مېئراج قىسسىسى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« جەننەتكە كىردىم قارىسام ئۇنىڭ دۆڭلىرى مەرۋايىتتىن، تۇپىسى ئىپاردىن ئىكەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## جەننەتتىكى ئىمارەتلەر

[لېكىن، (دۇنيادا) پەرۋەردىگارىدىن قورققانلار (جەننەتتە) قەۋەت- قەۋەت ئالىي ئىمارەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، (بۇ) اللّٰەنىڭ ۋەدىسىدۇر، اللّٰە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ [20] سۈرە زۇمەر]
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئى رەسۇلۇللا! جەننەتنىڭ بىنالىرى نېمىدىن ياسالغان؟- دەپ سورىغاندىم، بىر خىشى كۈمۈشتىن، بىر خىشى ئالتۇندىن، لىيى خۇشپۇراقلىق ئىپاردىن، دەسسەيدىغان يېرى مەرۋايىت ۋە ياقۇتتىن، تۇپىسى زەپەردىن ياسالغان. كىم ئۇ يەرگە كىرسە، نېئمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇمىدسىز بولمايدۇ، ئەبەدى ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى كونىرىمايدۇ، قېرىماي ياش پېتى تۇرۇۋېرىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى» [بۇخارى

ۋە مۇسلىم ۋە تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە]

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«جەننەتتە ئالىي ئۆيلەر بار، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن قارىسا تېشى، تېشىدىن قارىسا ئىچى كۆرۈنىپ تۇرىدۇ. ئاللاتائالا ئۇ ئۆيلەرنى يوقسۇللارغا تائام بەرگەن، ياخشى سۆزلەرنى قىلغان، ناماز ۋە روزىنى داۋاملىق ئادا قىلغان، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا كېچىسى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەمگە تەييارلىدى» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ۋە بەيھەقى ۋە تىرمىزى ھەسەن]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كېچىسى كۆردۈمكى، ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى جەننەتتىكە ئېلىپ چىقىپ، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئازادە بىر قوراغا ئېلىپ كىردى، بۇنىڭدىن چىرايلىق قورانى كۆرمىگەن ئىدىم، ئۇلار ماڭا، بۇ بولسا شېھىدلەرنىڭ تۇرىدىغان قوراسى دېدى» [بۇخارى]

## ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جەننەت ئەھلى (ئارىلىرىدىكى دەرىجە پەرقىنىڭ تۇپەيلىدىن) ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قەسىرلەردە ياشايدىغانلارنى خۇددى مەشرىق ياكى مەغرىب تەرەپتىكى ئۆچۈش ئالدىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك (ئاران) كۆرىدۇ - دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا! ئۇ (باشقىلار يېتەلمەيدىغان) پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىمۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، نەپسىم ئىلكىدە بولغان ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ قەسىردە تۇرىدىغانلار ئاللاغا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنگەن (راستچىل) كىشىلەردۇر - دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرگەندەك كۆرىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەسرى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن جەننەتتە ھېچقانداق يوچۇق ياكى چاك بولمىغان بىر قەسىر بولۇپ، ئاللا ئۇنى دوستى ئىبراھىمغا مەنزىل قىلىپ تەييارلىغان» [بەززار ۋە ئەلئەۋسەت]

## جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمى

[جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي [31] سۈرە كەھف]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«تۇبا دېگەن، جەننەتتىكى دەرەخ بولۇپ، جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى ئۇ دەرەخنىڭ چېچەكلىرىدىن چىقىرىلىدۇ» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ھەسەن]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« ئى رەسۇلۇللا! جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمىنى تەسۋىرلەپ بەرسەڭ. ئۇ يارىتىلغان نەرسىمۇ ياكى توقۇلغان نەرسىمۇ؟ - دەپ سورىدى. بەزى كىشىلەر (بۇ گەپنى ئاڭلاپ) كۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نېمىگە كۈلىسىلەر؟ بىلمىگەن كىشىنىڭ بىلگەن كىشىدىن سوئال سورىشىغىمۇ كۈلەمسىلەر؟! سوئال سورىغۇچى قېنى؟ - دېدى. ئۇ كىشى: مانا مەن، ئى رەسۇلۇللا! - دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جەننەت مېۋىلىرىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ - دېدى» [بەززار]

## جەننەتتە ئۇخلىمايدىغانلىقى

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: « جەننەت ئەھلى ئۇخلامدۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى، جەننەت ئەھلى ئۇخلىمايدۇ - دەپ جاۋاب بەردى» [بەيھەقى سەھىھ]

## جەننەتتە ئايال كىشى ئىككىنچى ئېرىغا ھېساب

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئەرگە تەگكەن بولسا، بۇ ئايال (ئاخىرەتتە) تەگكەن ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە ئەخلاقى ياخشىسىنى تاللايدۇ)»[تەبرانى سەھىھ]

## جەننەتتىكى چېدىرلار

[بۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار نېمەت بىلەن خۇشالدۇر [8] بۇ دۇنيادا قىلغان (سەئيى - ئەمەللىرىدىن) مەمنۇندۇر [9] ئۇلار ئالىي جەننەتتىدۇر [10] ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ [11] ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ [12] ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت- رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار [13-16] سۈرە غاشىيە][ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ [22] سۈرە ۋاقىئە]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۆئمىن ئۈچۈن جەننەتتە ئۇزۇنلۇقى 60 مىل كېلىدىغان بىر مەرۋايىت چېدىر بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۆئمىننىڭ ئاياللىرى تۇرىدۇ. ئۇ ئاياللارنى مۆئمىن كىشى ئايلىنىپ يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇيىنىڭ چوڭلۇقىدىن بەزىسى - بەزىسىنى كۆرەلمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:«(ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىنىڭ ئىككى ئايالى بار بولۇپ، گۈزەللىكىدىن پاچىقىنىڭ يىلىكلىرى گۆشىنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ » [بۇخارى]

مىقدام ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شېھىدقا جەننەتنىڭ شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلىرىدىن يەتمىش ئىككىسىنى خوتۇن قىلىپ بېرىلىدۇ» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە سەھىھ]

ئىمام ئەھمەد، سەھل ئىبنى مۇئازنىڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« بىر كىشى ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇنى يۇتىۋەتسە، ئاللاتائالا ئۇنى (قىيامەت كۈنى) خالايىقلارنىڭ ئالدىدا چاقىرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھۆرلەر ئىچىدىن خالىغىنىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ»

[(ئۇ) تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارغا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇقتۇر [50] سۈرە ساد] [تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىختەر جايدا بولىدۇ [51] باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ [52] ئۇلار قېلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر- بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ [53] (ئۇلارنى تولۇق ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز [54] سۈرە دۇخان] [شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق [35-37] سۈرە ۋاقىئە][ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپتىلىرى بولىدۇ [52] سۈرە ساد][ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ [49] سۈرە سافقات][ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر [72] ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان [74] ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا ئىستىراھەت قىلىدۇ [76] سۈرە رەھمان]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ئەگەر يەر- يۈزىگە چىقىرىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىنى خۇش پۇراقلارغا تولدۇرۇۋەتكەن ۋە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەر ئەلۋەتتە خۇش پۇراق چاچقان بولاتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگەن لېچەكى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر» [بۇخارى ۋە ئەھمەد]

## جەننەتتىكى گۈزەل قىزلارنىڭ ناخشىلىرى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (شەھلا كۆزلۈك جەننەت ئاياللىرى) بىز چىرايلىق خوتۇنلارمىز، بىز ھۆرمەتلىك ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلدۇق» دەپ ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ» [سەمۇيىھ سەھىھ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«جەننەتتە شەھلا كۆزلۈك، ئاق- سۈزۈك ئاياللار ئەرلىرىگە ئەڭ گۈزەل ئاۋازلار بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇ ناخشىنى ھېچبىر كىشى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ ناخشىسىدا مۇنداق سۆزلەر بار :« بىز ئەڭ ياخشى، گۈزەل ئەخلاقلىق ئاياللار، بىز دائىملىق بارمىز، يوقالمايمىز، بىز يۇمشاق بەدەنلەرمىز، ناچارلاشمايمىز، ئاچچىقلانمايمىز، ھەمىشە خۇشخۇيمىز، ئۇلار ناخشا ئېيتقاچ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن، كىشىنى خۇرسەن قىلىپ قارايدۇ، (بىز ئۇنىڭ ئۇ بىزنىڭ بولغان ئەرلەرگە مۇبارەك بولسۇن)» [ئەۋسەت سەھىھ]

## جەننەتتە ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« ساھابىلار: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! جەننەتتە ئاياللىرىمىزغا يېتىشەلەمدۇق؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شەك- شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم بىر كۈندە ئەلۋەتتە 100 قىزغا ھەمراھ بولالايدۇ» دېدى. [ئەبۇ قاسىم ۋە تەبرانى]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:« جەننەت ئەھلى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولامدۇ؟- دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، بوشاشمايدىغان زەكەر ۋە كۈچلۈك شەھۋەت بىلەن

جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى» [ئەلكەبىر]
يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« ئەر كىشىدىنمۇ، ئايال كىشىدىنمۇ مەنىي چىقمايدۇ» [ئەلكەبىر]
ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جەننەتتە مۇئمىنگە مۇنچىلىك- مۇنچىلىك جىما كۈچى بېرىلىدۇ- دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا! بۇنىڭغا تاقىتى يېتەمدۇ؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۇنىڭغا 100 كىشىلىك جىنسىي قۇۋۋەت بېرىلىدۇ- دېدى» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ھەببان ۋە ئەبۇ داۋۇد سەھىھ]
زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشىگە يېيىش- ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە شەھۋەتتە تولۇق يۈز كىشىنىڭ كۈچى بېرىلىدۇ- دېدى » [ تەبرانى سەھىھ]

## جەننەتتە بالا ئېلىش

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇئمىن كىشى جەننەتتە پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىسا، ھامىلدار بولۇش، تۇغۇش ۋە چوڭ بولۇش دېگەنلەر بىر پەسنىڭ( يەنى ئازلا ۋاقىتنىڭ) ئىچىدىلا ئۇنىڭ خالىغىنىچە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ]

## جەننەتتە ئەر كۆپمۇ ياكى ئاياللارمۇ؟

مۇھەممەد ئىبنى سىرىن: سىلەر مەيلى پەخىرلەنگەن ياكى بىر- بىرىڭلار بىلەن تالاش- تارتىش قىلغان ھالدا ئېيتىڭلار. جەننەتتە ئەرلەر كۆپمۇ ياكى ئاياللار كۆپمۇ؟ دېگەندە. ئەبۇ ھۇرەيرە: سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« شۇبھىسىزكى، جەننەتكە بىرىنچى تۈركۈمدە كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى، ئاسماندىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر ئادەمگە پاچاقلىرىدىن يىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككى خوتۇن بېرىلىدۇ، جەننەتتە بويتاق ئەر بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلارمۇ؟ دەپ جاۋاب بەرگەن»[بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## ئىككى جەننەت

[ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار [46] ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار [48] ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار [50] ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار [52] ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ئادەممۇ ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر [54] ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار [56] گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر [58] ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ [60] ئۇ ئىككى جەننەتتىن تۆۋەنرەك ئىككى جەننەت بار [62] ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر [64] ئۇ ئىككى جەننەتتە قايناپ چىقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار [66] ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار [66] ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار [70] ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر [72]ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان [74] ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا ئىستىراھەت قىلىدۇ [76] سۈرە رەھمان]

## جەننەتتىكى خېنا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتتىكى خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى خېنىدۇر» [ئەلكەبىر]

## جەننەتتىكى بازارلار

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، ئەھلى جەننەت ھەر جۈمە كۈنى شۇ يەرگە يىغىلىدۇ. شىمال شامىلى كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە كىيىملىرىگە خۇشبۇي چاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىگە ھۆسن قوشۇلغان ھالدا قايتىدۇ. ئەھلىلىرى ئۇلارغا:« ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ھەققەتەن تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر» دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئەھلىلىرىگە:« ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىلەرنىڭمۇ گۈزەللىكىڭلارغا گۈزەللىك قوشۇلۇپتۇ» دەيدۇ [مۇسلىم]

## مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى جەننەت ئەھلىنىڭ خادىملىرى

سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرى ھەققىدە سورىغان ئىدۇق، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:« ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمەتچىلىرى بولىدۇ» [بەززار ۋە ئەلكەبىر ۋە ئەلئەۋسەت سەھىھ]

## جەننەت خىزمەتچىلىرىنىڭ گۈزەللىگى

[قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلۈكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن [19] سۈرە ئىنسان][گويا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەردەك (چىرايلىق) غىلمانلار ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ (ئۇلارنىڭ) خىزمىتىنى قىلىدۇ [24] سۈرە تۇر]

## داستىخان ئۈستىدە راھەتلىنىش

[ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام) ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ، جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر [71]سۈرە زۇخرۇف][ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ [20-21] سۈرە ۋاقىئە]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« شەك- شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ قۇشلىرى تۆگىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، جەننەتنىڭ دەل- دەرەخلىرى ئارىسىدا ئوتلايدۇ» ئەبۇ بەكرى: ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇ قۇشلارنى ناھايىتى سىمىزمىكىن دەپ، ئويلايمەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ قۇشتىن يېگەن كىشى ناھايىتى ھۇزۇرلىنىدۇ» دەپ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى ۋە:« مەن سېنىڭ ئۇ قۇشنىڭ گۆشىدىن يەيدىغان ئادەملەردىن بولۇشىڭنى ئەلۋەتتە ئارزۇ قىلىمەن» دېدى [ئەھمەد]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سەن جەننەتتە بىر قۇشنى كۆرسەڭ ۋە ئۇنى يېگۈڭ كەلسە، ھايال ئۆتمەي، ئۇ (قۇش) پىشۇرۇلغان ھالەتتە ئالدىڭغا كەلتۈرۈلىدۇ» [بەززار]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى يەيدۇ- ئىچىدۇ، چوڭ-تەرەت قىلمايدۇ، مىشقىرمايدۇ ۋە كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ يېمىكى ئىپارنىڭ ھىدىدەك خۇشبۇي كېكىردىش بىلەن ھەزىم بولىدۇ. خۇددى ئۇلار تەبىئىي نەپەسلىنىپ تۇرغىنىدەك تەسبىھ، تەكبىرلەر ئۇلارنىڭ تىلىغا جارى بولۇپ تۇرىدۇ» [مۇسلىم]

سۇمامە ئىبنى ئۇقبە، زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى كىتابتىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ ئېيتىشىڭچە جەننەت ئەھلى يەيدىكەن ۋە ئىچىدىكەن-ھە! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، شۇنداق. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جەننەتتە بىر ئادەمگە چوقۇم يۈز ئادەمنىڭ يەپ- ئىچىش، جىما قىلىش شەھۋەت كۈچى بېرىلىدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: يېگەن ۋە ئىچكەن ئادەمنىڭ چوڭ- كىچىك تەرىتى بولىدۇ. لېكىن جەننەتتە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسە يوق تورسا؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« جەننەت ئەھلىنىڭ چوڭ- كىچىك تەرىتى تەردۇر. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن ئىپار، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش تەر چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقى تارتىلىدۇ» دېدى[ئەھمەد ۋە نەسەئى]

## جەننەتتە ئۆستەڭ، مەي، تۈرلۈك مېۋە، سۈت ئىچىملىك

[تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ [15] سۈرە مۇھەممەد]

ئىمام ئەھمەد، ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« جەننەتتە سۈت دېڭىزى، سۇ دېڭىزى، ھەسەل دېڭىزى ۋە مەي دېڭىزى بار. ئۇ دېڭىزلاردىن دەريا- ئۆستەڭلار شاخلىنىپ تەرەپ- تەرەپكە ئاقىدۇ» [تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان]

## جەننەتتىكى شاراپلار

[ئۇلار نازۇنېمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر- بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ [43-44] ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ [45-46] ئۇنىڭدا مەست قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ [47] سۈرە سافقات][ياخشىلار نېمەت ئىچىدە (يەنى

جەننەتتە) بولىدۇ [22] ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (اللّٰه نىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرىگە) قارايدۇ [23] ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونۇيسەن [24] ئۇلارغا ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن! [25-26] ئۇنىڭغا (يەنى ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۈيى) ئارىلاشتۇرۇلغان [27] تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللّٰه نىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ [28] سۈرە مۇتەففىفىن] [ھەقىقەتەن ياخشىلار كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ [5] (ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن (ئېتىلىپ چىققان بولۇپ) ئۇنىڭدىن اللّٰه نىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا) ئېقىتىپ بارالايدۇ [6] سۈرە ئىنسان] [ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ [13] جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ [14] ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەمدە (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ) [15-16] ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ [17] جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار «[18] قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا ( ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلىكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى تىزىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن [19] قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن [20] سۈرە ئىنسان]

## جەننەتتە دەرەخلەرنىڭ غولى ئالتۇندىن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتتە بار دەرەخلەرنىڭ غولى ئالتۇندىن» [تىرمىزى سەھىھ]

## جەننەتتىكى مېۋىلەر

[ئۇلارنىڭ سەۋر- تاقەتلىرى ئۈچۈن اللّٰه ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ [12] ئۇلار جەننەتتە تەخلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ [13] جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ [14] سۈرە ئىنسان] [سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ [27] ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق- سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ [28-34] سۈرە ۋاقىئە] [ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا:« بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق - دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ [25] سۈرە بەقەرە]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇنيادىكى نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى جەننەتتە بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت ئىسملا باردۇر» [زىيائۇلمەقدەسى سەھىھ] [ئۇلار جەننەتلەردە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە نۇرغۇن مېۋىلەرنى، نۇرغۇن شارابلارنى تەلەپ قىلىپ (ئەكەلدۈرۈپ) تۇرىدۇ [51] سۈرە ساد]

ئىمام ئەھمەد، ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسەلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ھەۋز كۆلى توغرۇلۇق سورىدى ۋە جەننەتنى تىلغا ئالدى. ئاندىن: جەننەتتە مېۋىلەر بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، جەننەتتە تۇبا دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ بار» دېدى. ئۇ ئادەم: بۇ دەرەخ زېمىننىڭ قايسى دەرىخىگە ئوخشايدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« زېمىننىڭ دەرەخلىرىدىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان دەرەخ يوق» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شامغا باردىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇ شامدىكى جەۋزە دەيدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇ دەرەخ بىر غوللۇق ئۆسۈپ ئۈستىدىن شاخلايدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: بۇ دەرەخنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئەگەر سېنىڭ 4 يىللىق بولغان تۆگەڭ ئۇ دەرەخنىڭ غولىنى ئايلىنىشقا باشلىسا، ئۇنى ئايلىنىپ بولغىچە تۆگە قېرىپ بوينى سۇنۇپ ئۆلىدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: جەننەتتە ئۈزۈم بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ھەئە» دېدى. ئۇ ئادەم: ئۈزۈمنىڭ سېپىنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« توختىماي ئۇچىدىغان چىپار قاغا ئۈچۈن بىر ئايلىق يولدۇر» دېدى. ئۇ ئادەم: جەننەتتىكى بىر تال داننىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاتاڭ ئۆچكىلىرىدىن چوڭ بىر تىكە بوغۇزلىمىدىمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم ھەئە، بوغۇزلىدى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاتاڭ ئۇ تىكىنىڭ تېرىسىنى تولۇمچە سۇيۇپ، تېرىنى ئاناڭغا بېرىپ، بۇ تېرىنى بىزگە سۇ قاچىلايدىغان تۇلۇم قىلىپ دېمىدىمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ھەئە، شۇنداق قىلدى، دېدى. ئۇ يەنە: ئۇ بىر تال دان مېنى

ۋە بالا - چاقىلىرىمنى تويغۇزالامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ھەئە، ئۇ پۈتۈن تۇغقانلىرىڭنى تويغۇزىدۇ»

## جەننەتتە ئات مىنىش

ئابدۇراخمان ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى:« مەن ئات مىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدىم، مەن دېدىم:« ئى رەسۇلۇللا! جەننەتتە ئارغى ئاتلارمۇ بارمۇ؟» رەسۇلۇللا:« ئى ئابدۇراخمان ئەگەر سېنى ئاللاتائالا جەننەتكە كىرگۈزسە سېنىڭ ياقۇتتىن، ئىككى قاناتلىق، نەگە خالىساڭ، سېنى ئۇچۇپ ئاپىرىدىغان ئېتىڭ بولىدۇ» دەيدۇ [تەبرانى]

يەنە بىر ھەدىستە:« جەننەتتە بىر دەرەخ بار، ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرەپتىن ئالىي كىيىم- كېچەكلەر چىقىدۇ. ئاستىن تەرىپىدىن ئالتۇندىن يارىتىلغان ئاتلار چىقىدۇ. ئۇنىڭ يۈگەنلىرى گۆھەردىن، ياقۇتتىن بولىدۇ. ئۇ ئاتلار سىيمەيدۇ. تېزەكلىمەيدۇ، قاناتلىرى بار. كۆز يەتكۈدەك يەرگە بىر قەدەم سالىدۇ. ئەھلى جەننەت ئۇنى مىنگەندە، نەگە بارىمەن دېسە، ئۇچۇپ شۇ يەرگە ئاپىرىدۇ» دېدى [ئىبنى دۇنيا]

## جەننەتتىكى ئالى دەرىجە

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى قايسى؟» دەپ سورىدى. ئاللاتائالا:« ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلارنى مەن خالىدىم، ھۆرمەت دەرىخىنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكتىم. ئۇلارنى (دەرەخلەرنى) باشقىلارنىڭ كۆرمەسلىكى ئۈچۈن پېچەتلىۋەتتىم. ئۇلارنى ھېچقانداق كۆز كۆرگىنى يوق، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىغىنى يوق، ھېچقانداق ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەچكىنى يوق» دەيدۇ [مۇسلىم]

## جەننەتتىكى دەرەخ ۋە سايە

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتتە بار دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ غولى ئالتۇندۇر» [تىرمىزى سەھىھ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، ئۇلاغلىق سەپەر قىلغان كىشى ئۇنىڭ سايىسىدا 100 يىل ماڭىدۇ، ئەگەر خالىساڭلار ئاللانىڭ:« ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار!» بىرىڭلارنىڭ جەننەتتە ئوقياچىلىك يېرى بولغىنى، ئۇستىگە قۇياش چۈشكەن ۋە پاتقان نەرسىلەردىن (يەنى پۈتۈن دۇنيادىن) ياخشىراقتۇر» [بۇخارى]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتتە بىر دەرەخ بولۇپ، شۇنداق يۈگۈرۈك ئېسىل ئاتقا مىنگەن كىشى 100 يىل يۈرسىمۇ دەرەخنىڭ سايىسىدىن مېڭىپ تۈگىتەلمەيدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« تۇبا دېگەن : جەننەتتىكى دەرەخ بولۇپ، سايىسى 100 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى ئۇ دەرەخنىڭ چېچەكلىرىدىن چىقىرىلىدۇ»[ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ھەسەن]

[ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىگە داخىل قىلىمىز [57] سۈرە نىسا][شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىلىرى نېمەت ئىچىدىدۇر [55] ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ [56] سۈرە ياسىن][تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ. ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ [35] سۈرە رەئد]

## جەننەتتىكى نەرسىلەر ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىغانلىقى

[بۇ ھەققەتەن بىزنىڭ ئاتايىمىزدۇركى، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەيدۇ [54] سۈرە ساد]

## جەننەت ئەھلى ھەسرەت چېكىش

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت ئەھلى ھېچنەرسىگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، پەقەت ئۇلار (دۇنيادا)ئاللانى ئەسلىمەي ئۆتۈپ كەتكەن سائەتلەرگە ھەسرەت چېكىدۇ» [تەبرانى ۋە بەيھەقى ھەسەن]

## جەننەتتىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن جەننەت ئەھلىنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىنى سورىدى. ئاللاتائالا ئېيتتى: ئۇ شۇنداق كىشى بولۇپ، ئەھلى جەننەت جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ، ئۇنىڭغا:« جەننەتكە كىرگىن» دېيىلىدۇ. ئۇ:« پەرۋەردىگارىم! كىشىلەر جايلىرىغا چۈشۈپ، ئالىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ بولغان تۇرسا قانداقمۇ كىرەي؟» دەيدۇ. ئۇنىڭغا:« دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ مۈلۈكچىلىك نەرسە بېرىلسە رازى بولامسەن؟» دېيىلىدۇ. ئۇ:« پەرۋەردىگارىم! رازى بولىمەن» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« ساڭا شۇنچىلىك بولسۇن، يەنە شۇنۇڭ باراۋىرىدە بولسۇن، يەنە شۇنىڭ باراۋىرىدە بولسۇن، يەنە شۇنىڭ باراۋىرىدە بولسۇن» دەپ بەشىنچى قېتىمغا كەلگەندە:« پەرۋەردىگارىم! رازى بولدۇم» دەيدۇ. ئاللاتائالا:« ساڭا بۇلار ۋە شۇنىڭدەك ئون باراۋەر كۆپ بولسۇن ۋە ساڭا كۆڭلۈڭ خالىغان، كۆزۈڭ كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىكى نەرسە بولسۇن» دەيدۇ. ئۇ بەندە:« رازى بولدۇم، ئى پەرۋەردىگارىم!» دەيدۇ. [مۇسلىم]

## جەننەتتە دېھقانچىلىق قىلىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر سەھرالىق ئەرەب بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:« جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى رەببىدىن دېھقانچىلىك قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ. ئاللا ئۇنىڭدىن:« سەن خالىغان نەرسەڭگە ئىگە ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ:« ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەمما دېھقانچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلىدۇ. ئۇ ئۇرۇق تېرىيدۇ، ئۇرۇق بىر پەستە ئۈنۈپ چىقىپ، پىشىپ يېتىلىدۇ. ھوسۇل يىغىلىدۇ، مەھسۇلات تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا:« ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ كۆزۈڭ تويمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالغىن!» دەيدۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان) سەھرالىق ئەرەب: سەن بۇنداق ئىكرامغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى پەقەت قۇرەيش ۋە ئەنسارلاردىن تېپىشىڭ مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار دېھقان، ئەمما بىز دېھقان ئەمەسمىز- دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى» [بۇخارى]

## جەننەتتە بىر كىشىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللا جەننەتتە ياخشى بەندىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ دەرىجە ماڭا نەدىن كەلدى؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللا: سېنىڭ پەرزەنتىڭنىڭ ساڭا تىلىگەن مەغپىرىتىدىن كەلدى، دەيدۇ» [ئەھمەد]

## جەھەننەمدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن جەھەننەمدىن چىقىشتا ھەممىدىن كېيىن چىقىدىغان، جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان بىر ئادەمنى ياخشى بىلىمەن. ئۇ شۇنداق بىر كىشىكى، دوزاختىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا:« بارغىن، جەننەتكە كىرگىن» دەيدۇ. ئۇ جەننەتكە كەلسە، ئۇنىڭغا جەننەت توشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ- دە، ئۇ قايتىپ كېلىپ:« ئى پەرۋەردىگارىم! جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ» دەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاتائالا ئۇنىڭغا:« بارغىن جەننەتكە كىرگىن» دەيدۇ. ئۇ جەننەتكە كېلىدۇ، جەننەت توشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ:« ئى پەرۋەردىگارىم! جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ» دەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاتائالا ئۇنىڭغا:« بارغىن، جەننەتكە كىرگىن، ساڭا جەننەتتە دۇنيا باراۋىرىدە ۋە دۇنيانىڭ ئون ھەسسىسىدەك كۆپ ئورۇن بار» دەيدۇ. ئۇ بەندە:« سەن ھەممىنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن» دەيدۇ. ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېدى:« مەن رەسۇلۇللانىڭ كۈلۈپ، ھەتتا ئېزىق چىشلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆردۇم. رەسۇلۇللا:« مانا بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر» دەيتتى [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## جەننەتتىكىلەرنىڭ دۇئاسى

[ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر - بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر [10] سۈرە يۇنۇس]

※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※ ※

## ئەئرافتىكىلەر

[ئەھلى جەننەت ئەھلى دوزاخقا:« بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار

ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار:« ھەئە » دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكاچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكالايدۇ:« زالىملارغا اللەنىڭ لەنىتى بولسۇن [44] زالىملار كىشىلەرنى الله نىڭ داغدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ [45] ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ، ئۇلار ئەھلى جەننەتكە:« سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر [46] ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرالغاندا:« ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ [47] ئەئرافتىكىلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخى) ئادەملەرگە:« توپلىغان پۇل- ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟» دەپ توۋلايدۇ [48] (ئەئرافتىكىلەر دوزىخىلارغا مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر اللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ (مانا بۇلارغا) جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر (دېيىلىدى دەيدۇ) [49] ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە:« سۇدىن ياكى الله سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىر ئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن):« الله ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ [50] سۈرە ئەئراف]

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەئرافتىكىلەر ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن:« ئۇلار ئاللا يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن، ئەمما ئاتا- ئانىلىرىغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەر بولۇپ، شېھىدلىقى ئۇلارنى دوزاخقا كىرىشتىن، يامانلىقلىرى جەننەتكە كىرىشتىن توسۇپ قويغان. ئۇلار دوزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدىكى سېپىل ئۈستىدە ياغلىرى ئېرىپ، گۆشلىرى قورۇلۇپ كەتكەن ھالدا تاكى ئاللاتائالا پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ھېسابىنى تاماملاپ بولغىچە تۇرىدۇ. مەخلۇقلارنىڭ ھېسابى تاماملانغاندا، ئاللاتائالا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى ئىچىگە ئېلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىۋېتىدۇ» [ئەلئەۋسەت ۋە ئەلسەغىر]

※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※※

## جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مۇنازىرە قىلىشى

[ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ» دەيدۇ [30] سۈرە قاف]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەت بىلەن جەھەننەم مۇنازىرىلىشىپ قالدى. جەھەننەم:« مۇتەكەببىرلەر ۋە زومىگەرلەر بىلەن تولدۇرۇلغانلىقىم مېنىڭ سەندىن ئۈستۈن قىلىنغانلىقىمدۇر» دېدى. جەننەت:« ماڭا نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلىرى كىرىدۇ» دېگەنىدى. ئاللا جەننەتكە:« سەن مېنىڭ رەھمىتىمسەن، سېنىڭ بىلەن بەندىلىرىمدىن خالىغىنىمنى رەھمىتىمگە ئېرىشتۈرىمەن» دەيدۇ. دوزاخقا كەلسەك:« سەن مېنىڭ ئازابىمسەن، سېنىڭ بىلەن مەن بەندىلىرىمدىن خالىغىنىمنى ئازابلايمەن. ھەر ئىككىڭلار لىق تولىسىلەر» دەيدۇ. ئەمما دوزاخ تويمايدۇ. ئاخىرى ئاللا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياق باسقاندىلا:« بولدى، بولدى» دەپ ۋايسايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەم تولىدۇ ھەم تويىدۇ ھەمدە بىر- بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئاللا بەندىلىرىدىن ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. جەننەتكە كەلسەك، ئاللا جەننەتتە ئېشىپ قالغان يەرلەر ئۈچۈن باشقا ئىنسانلارنى يارىتىدۇ» [بۇخارى]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئادەملەر جەھەننەمگە توختىماستىن تاشلىنىدۇ. جەھەننەم:« يەنە بارمۇ؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. ئاخىرى ئاللا قەدىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تارلىشىپ بىر- بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئەمما جەننەت تولماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللا باشقا ئىنسانلارنى يارىتىپ بوش جايلارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ» [مۇسلىم]

## دوزاخنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇخلاپ قىلىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دوزاخقا ئوخشايدىغىنىنى كۆرمىدىم، (لېكىن) ئۇنىڭدىن قاچقۇچى ئۇخلىماقتا[تىرمىزى ۋە تەبرانى ھەسەن]

## ھالاكەت ئورنى دوزاخ

[ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا- چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللەنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ [6] سۈرە تەھرىم][كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار [131] ئال ئىمران][ئەگەر (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، الله سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە

قىلىدۇ؟ اﷲ شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [147] سۈرە نىسا]

## دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى

[كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار [24] سۈرە بەقەرە] [كاپىرلارنىڭ ماللىرى، بالىلىرى اﷲ نىڭ ئازابى ئالدىدا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر [10] سۈرە ئال ئىمران][(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اﷲ نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر [98] سۈرە ئەنبىيا][شەك- شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق [179] سۈرە ئەئراف]

## دوزىخىلارغا جەننەتنى كۆرسىتىپ پۇشايمان قىلدۇرۇش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر ئۇنىڭغا كىرىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ جەننەتتىكى ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ: ئەگەر بىزگە ئاللاتائالا ھىدايەت ئاتا قىلغان بولسا، ھە! دېيىشىپ كېتىدۇ. دوزاخ ئەھلىگە جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىش بولسا، ئۇلارنى پۇشايمان قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر» [ئەھمەد ۋە ھاكىم ھەسەن]

## جەھەننەم گۇناھكارلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى

[جەھەننەم ھەقىقەتەن كۈتۈپ تۇرىدۇ [21] جەھەننەم، شۈبھىسىزكى،، گۇناھكارلارنىڭ جايىدۇ [22] ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ [23] ئۇلار جەھەننەمدە (جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى يېنىكلىتىدىغان) بىرەر سۆرۈنلۈككە ۋە (تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ [24] ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ [25] بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر [26] چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشتىن قورقمايتتى [27]ھەمدە ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى [28] ھەر نەرسىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز [29] (ئۇلارغا ئېيتىمىزكى)« تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز» [30] سۈرەنەبە]

## دوزاخقا گۇناھكارلارنى يۈزى بىلەن تاشلاش

[ يامان ئىش قىلغانلار دوزاخقا يۈزى بىلەن تاشلىنىدۇ، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر [90] سۈرە نەمل][ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇندۇر [34] سۈرە فۇرقان][ئۇلار كوكۇللىرىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلۇپ (دوزاخقا تاشلىنىدۇ) [41] سۈرە رەھمان]

## جەھەننەمنىڭ دەرۋازلىرى

[جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلۈك (ئادەم) بار [44] سۈرە ھىجر]

ئۇتبە ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دوزاخنىڭ يەتتە ئىشىكى باردۇر»[ئىبنى سەئىد سەھىھ]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دوزاخنىڭ شۇنداق بىر دەرۋازىسى باركى، ئۇنىڭدىن پەقەت (ئۆزىنىڭ) غەزىپىنى ئاللانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلار بىلەن بېسىقتۇرىدىغان كىشىلەرلا كىرىدۇ» [بەززار]

## دوزاخقا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىكەنلىكى

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن دوزاخ ئىشىكىدە تۇردۇم، ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىكەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئاياللار جامائەسى! سەدىقە قىلىڭلار، ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىڭلار، مەن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» دېۋىدى. ئۇلاردىن بىر ئايال:« نېمە ئۈچۈن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكى بىزدىن بولىدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەر تولا قارغايسىلەر، ئەرلىرىڭلارنىڭ ھەققىدىن تانىسىلەر، سىلەردىنمۇ كالتە پەم ۋە دىنى كەمتۈك، ھەرقانداق ئەقىللىق كىشىنىڭمۇ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئادەملەرنى كۆرمىدىم» دېدى. ئۇ ئايال:« ئەقىل ۋە دىنىنىڭ كەمتۈكلۈكى نېمە؟» دېدى. رەسۇلۇللا:« ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر بولىدىغانلىقى ۋە ھەر ئايدا نەچچە كۈن ناماز ئوقۇيالمايدىغانلىقى» دېدى [مۇسلىم]

## دوزاختا ئەڭ يېنىك ئازابقا ئۇچرايدىغان ئادەم

## دوزاختا يېرىم يالىڭاچ كىيىم كىيگەن ئايالار كىرىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىككى گۇرۇھ دوزىخى ئادەملەر باردۇركى (مەن ئۇلارنى دوزاختا كۆرىۋېدىم) ئۇلارنى دۇنيادا كۆرۈپ باقمىدىم بىرى: قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى تۇتۇۋېلىپ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان ئادەملەر، يەنە بىرى: يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن، ئۆزلىرىمۇ ئېزىپ باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان، باشلىرىدىكى چاچلىرى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئايالار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. جەننەتنىڭ پۇرىقى يىراق جايلاردىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ» [مۇسلىم]

## دوزاخ گۇناھكارلارنى كۆرگەندە ھاڭگىرايدىغانلىقى

[دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئىشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ [12] سۈرە فۇرقان]

## كاپىرلارنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋلەيدىغانلىقى

[اللّٰه ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ [140] سۈرە نىسا][اللّٰه ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاختا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر [37] سۈرە ئەنفال][بۇتلار، گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاختا ئۈستى - ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ [94ـ95] سۈرە شۇئەرا]

## گۇناھكارلارنى جەھەننەمگە توپ - توپ ھەيدەش

[كاپىرلار جەھەننەمگە توپ - توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا:« ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىششىڭلار بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار:« شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان) لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ [71] (ئۇلارغا)« جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ [72] سۈرە زۇمەر][ئۇ كۈندە اللّٰەنىڭ دۈشمەنلىرى دوزاختا توپلىنىدۇ، ئالدى - ئارقىسى يىغىلىپ بولغۇچە توختىتىپ قويۇلىدۇ [19] ئۇلار دوزاختا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ [20] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىگە:« نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار» دەيدۇ. تېرىلىرى:« ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن اللّٰه بىزنى سۆزلەتتى، ئۇ دەسلەپتە سىلەرنى ياراتتى، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دەيدۇ [21] سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار) لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى«اللّٰه بىلمەيدۇ» دەپ گۇمان قىلدىڭلار [22] پەرۋەردىگارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ (قەبىھ) گۇمانىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار [23] ئەگەر ئۇلار (ئازابقا) چىدىسا، (چىدامىلىقنىڭ پايدىسى يوق) دوزاخ ئۇلارنىڭ جايىدۇر، ئەگەر ئۇلار (اللّٰەدىن) رازىلىق تىلىسە، ھەرگىز رازىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ [24] ئۇلارغا بىز (شەيتانلاردىن) دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) ئۇلارغا ئالدى - كەينىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قەبىھ ئەمەللىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارغا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان (گۇناھكار شەقى) ئۇممەتلەر قاتارىدا ئازاب سۆزى تېگىشلىك بولدى، چۈنكى ئۇلار زىيان تارتقۇچىلار ئىدى [25] كاپىرلار:« بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ [26] بىز كاپىرلارغا چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز، بىز ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا ئەڭ قاتتىق جازا بېرىمىز [27] اللّٰەنىڭ دۈشمەنلىرىگە بېرىلىدىغان جازا ئەنە شۇ دوزاختۇر، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك جايى دوزاختۇر، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا) شۇنداق جازا بېرىلىدۇ [28] كاپىرلار:« پەرۋەردىگارىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن، (ئۇلارنىڭ) ئەڭ خارلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاياقلىرىمىزنىڭ ئاستىدا چەيلەيمىز» دېدى [29] سۈرە فۇسسىلەت] [پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [6] ئۇلار دوزاختا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ [7] دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاختا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟ » دەپ سورايدۇ [8] ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: « اللّٰه (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلىنغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا،

دېدۇق» دەيدۇ [9] ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ [10] ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن! [11] سۈرە مۇلك][ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناق سۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ [71 -72] ئاندىن ئۇلارغا:« اللّٰهنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلار قەيەردە؟» دېيىلىدۇ، ئۇلار:« ئۇ بۇتلار ئۆزلىرىنى بىزدىن چەتكە ئالدى، بەلكى بىز ئىلگىرى ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمايتتۇق» دەيدۇ. اللّٰه كاپىرلارنى مۇشۇنداق گۇمراھ قىلىدۇ [73 -74] بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە (گۇناھ قىلىپ پۇل- مالنى ھارام يوللارغا سەرپ قىلغانلىقىڭلار ۋە ھاكاۋۇر بولۇپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن) خۇشال بولغانلىقىڭلار ئۈچۈندۇر [75] سىلەر دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ ئۇ يەردە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان؟ [76] سۈرە غافىر] [اللّٰه (ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا) ئېيتىدۇ:« سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار» ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە ( ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جەملەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى باشلىقلىرىغا) قارىتىپ:« ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. اللّٰه :« ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى) بىلمەيسىلەر» دەيدۇ [38] ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە:« سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (يەنى گۇمراھلىقتا ۋە ئازابتا تېگىشلىك بولۇشتا بىر- بىرىمىزگە ئوخشايمىز) قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ [39] سۈرە ئەئراف]

## پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدىغانلىقى

[پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان! [98] ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوغا نېمىدېگەن يامان! [99] سۈرە ھود] [قىيامەت قايىم بولغان كۈندە:« ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ) [46] ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، ئاجىز (ئەگەشكۈچىلەر) ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە):« شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، بىزدىن دوزاخ ئازابىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ [47] ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرى):« شۈبھىسىزكى، بىز ھەممىمىز دوزاختادۇرمىز، اللّٰه ھەققەتەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى» دەيدۇ [48] دوزاختىكىلەر دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە:« سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسە ئىكەن» دەيدۇ [49] ئۇلار (يەنى دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر):« پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار:« ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر):« سىلەر دۇئا قىلىڭلار (لېكىن) كاپىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىزدۇر» دەيدۇ [50] سۈرە غافىر]

## گۇناھكارلارنى دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلاش

[دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ [12] ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمنى تىلەيدۇ [13] (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ) [14] سۈرە فۇرقان][ئەگەر (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە بولىدىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازاب ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە بەرگەن بولاتتى [47] سۈرە زۇمەر]

ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەھەننەمدىكى كىشىلەردىن بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! سەن ياتىدىغان جاي قانداقراق ئىكەن؟ دەپ سورۇلىدۇ. ئۇ: ئەڭ يامىنى ئىكەن، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن زېمىنغا پاتقۇدەك ئالتۇن تۆلەپ بۇنىڭدىن قوتۇلۇشنى خالامسەن؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ماقۇل ئى پەرۋەردىگارىم! دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ، مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز نەرسىنى تەلەپ قىلسام قىلمىدىڭ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەھەننەمگە تاشلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ» [مۇسلىم ۋە نەسەئى]

## گۇناھكارلارنى دوزاخقا يۈزى بىلەن سۆرۈلىدۇ

[ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇندۇر [34] سۈرە فۇرقان][يامان ئىش قىلغانلار دوزاخقا يۈزى بىلەن تاشلىنىدۇ [90] سۈرە نەمل]

## دوزاختا دۇم ياتقۇزۇپ سۆرىلىدىغانلىقى

[ئۇلار دوزاختا دۇم ياتقۇزۇلۇپ سورىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا)« دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ) [49] سۈرە قەمەر]

## گۇناھكارلارنى دوزاختا قاتتىق ئىتتىرىش

[ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ [13] (ئۇلارغا)« مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ) [14] سۈرە تۇر]

## دوزاخقا تاشلانغان چاغدا

[پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [6] ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەكنىڭ ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ [7] دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن:« سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ [8] ئۇلار:« ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز:« اللّٰه (ھېچ ئادەمگە ۋەھىيدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا، دېدۇق» دەيدۇ [9] ئۇلار:« ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ [10] ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ ئاللانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن! [11] سۈرە مۇلك]

## دوزاخقا كاپىرلار بىلەن بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنى بىللە تاشلىغاندا

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« دوزاخ ئەھلى دوزاخقا يىغىلغاندا، ئۇلار بىلەن ئاللاتائالا دوزاخقا تاشلاشنى ئىرادە قىلغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارمۇ بىللە بولىدۇ. كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا:« سىلەر مۇسۇلمان ئەمەسمىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار:« مۇسۇلمان ئىدۇق» دېيىشىدۇ. كاپىرلار:« ئۇنداقتا، مۇسۇلمان بولغىنىڭلارنىڭ نېمىگە پايدىسى بولدى، سىلەر بەرىبىر بىز بىلەن بىللە دوزاخقا كىردىڭلارغۇ؟» دەپ سورايدۇ. مۇسۇلمانلار:« بىز بەزى گۇناھلارنى قىلىپ سالغان بولغاچقا، شۇ گۇناھلار ئۈچۈن جازالاندۇق» دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دوزاختىكى مۇسۇلمانلارنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ. دوزاختا قالغان كاپىرلار بۇنى كۆرۈپ:« بىزمۇ مۇسۇلمان بولغان بولساق، ئۇلار چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتەتتۇق» دېيىشىپ قالىدۇ» دېگەندىن كېيىن:« ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم» بىلەن باشلاپ:[ ئەلىف، لام، را، بۇ كىتابنىڭ. روشەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر. كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىدۇ] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى» [ئەلكەبىر]

## دوزاخقا كىرگەنلەر بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشىش

[اللّٰه: «مېنىڭ ئالدىمدا مۇنازىرىلەشمەڭلار (بۇ يەردە مۇنازىرە پايدا بەرمەيدۇ)، سىلەرنى مەن ئالدىنئالا (ئازابىمدىن) ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم، مېنىڭ سۆزۈم ئۆزگەرمەيدۇ، مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن» دەيدۇ [28ـ29] سۈرە قاف][ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [56] بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان - يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن [57] يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار [58] (ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەن چاغدا، ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئېيتىلىدۇ)« بۇ جامائە سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر» . (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئېيتىدۇ)« ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ، ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر [59] ئەگەشكۈچىلەر ئېيتىدۇ:« بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر، سىلەر ئازابنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار (يەنى بىزنى ئازدۇرۇپ دوزاخقا كىرىشىمىزگە سەۋەبچى بولدۇڭلار) بۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [60] ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر):« پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە دوزاخ ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن» دەيدۇ [61] ئۇلار (يەنى كاپىرلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى) ئېيتىدۇ:« بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (يەنى مۆمىنلەرنى) (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟ [62] ئۇلارنى بىز (دۇنيادىكى چاغدا) مەسخىرە قىلاتتۇقمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئىرغىپ كەتتىمۇ؟ (يەنى ياكى ئۇلار دوزاختا بىز بىلەن بىللە تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتامدۇق؟) [63] ئەھلى دوزاخنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆزئارا جاڭجاللىشىشى چوقۇمدۇر [64] سۈرە ساد][ئۇلارغا:« سىلەر ئىلگىرى اللّٰهنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟» دېيىلىدۇ [92-93] بۇتلار، گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى - ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ [94-95] ئۇلار دوزاختا جىدەللىشىپ ئېيتىدۇ:« اللّٰه بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق [96-97] ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق [98] بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى

[99] شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق [100] ۋە يېقىن دوستمۇ يوق [101] ئەگەر بىزگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، مۆمىنلەردىن بولاتتۇق [102] سۈرە شۇئەرا][بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللّٰه نى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ [33] سۈرە سەبەئ]

## دوزاخنىڭ ئاسمان زېمىنى يوقمايلا تۇرسا

[(دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر [107] سۈرە ھۇد]

## دوزاخ ئەھلىگە ئون ئۆزۆك بېرىش

رىۋايەتتە:« ئەھلى دوزىخلار دوزاخقا كىرگەندە: ئاللا پەرشتىلەرنى ئەۋەتىپ: ئون ئۈزۈكنى ئېلىپ چىقىدۇ!

1 ـ ئۈزۈككە:« كىرىڭلار! دوزاختا مەڭگۈ ئۆلمەي ياكى ياشىيالماي مۇشەققەت تارتىسىلەر، ئەمما ئۇنىڭدىن چىقالمايسىلەر»

2 ـ ئۈزۈككە:« جازاغا ئۇچرىغانلار مەڭگۈ خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ»

3 ـ ئۈزۈككە:« مېنىڭ رەھمىتىمگە ئۈمىد يوقالدى»

4 ـ دوزاخقا كىرگەنلەر مەڭگۈ كۆپەيتە بولىدۇ، ھەسرەت ۋە نادامەت چېكىدۇ»

5 ـ ئۈزۈككە:« ئوت دوزىخلارنىڭ كىيىمى، زەققۇم (زەھەر) سىلەرنىڭ مېۋەڭلار، ئاچچىق تەر سۈيى سىلەرنىڭ ئىچىملىكىڭلار، ھەتتا سىلەرنىڭ ياتاق ـ ئورنۇڭلارمۇ ئوتتىن بولىدۇ»

6 ـ ئۈزۈككە:« بۈگۈن دوزىخلارغا مۇنداق جازا بېرىلىش سىلەرنىڭ ئاللانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن»

7 ـ ئۈزۈككە:« گەرچە سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالساڭلارمۇ مېنىڭ جازايىم مەڭگۈ كۈچىيىدۇ»

8 ـ ئۈزۈككە:« دوزىخلار مەڭگۈ لەنەتكە دۇچار بولىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ قەستەن، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن ھەم تەۋبە قىلمىغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن»

9 ـ ئۈزۈككە:« دوزاختا دوزىخلارنىڭ ھەمراھى شەيتاندۇر»

10 ـ ئۈزۈككە:« دوزىخلارنىڭ بۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىشى دوزىخلارنىڭ ئىبلىسقا ئەگىشىپ دۇنياغا بېرىلىپ، ئاخىرەتنى تەرك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان»[ئەخلاق نامە]

## شەيتاننىڭ دوزاختىكىلەرگە نۇتۇق سۆزلىشى

[ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتلەر بىلەن دوزىخلار ئايرىلىپ بولغاندا) شەيتان:« اللّٰه ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى) مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى اللّٰه غا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ [22] سۈرە ئىبراھىم]

## ئاللاتائالانىڭ دوزاختىكىلەرگە سۆزلىشى

[سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق):« ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟ [60-61] شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟ [62] سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەھەننەم مانا شۇ [63] سۈرە ياسىن]

## دوزاختىكىلەردىن دۇنيادىكى چېغىدا قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىنى سوراش

[ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى: «سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار» دەيدۇ [104] سۈرە تاھا]

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەيپە ئىبنى ئابدۇ كالائىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« شەك- شۈبھىسىزكى، ئاللاتائالا (دوزاختىقا كىرگەنلەرگە) ئى دوزىخىلار! سىلەر زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟ دەيدۇ. ئۇلار بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، دەيدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا: سىلەرنىڭ مۇشۇ بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز ۋاقىتتا قىلغان ئىشلىرىڭلار نېمە دېگەن يامان! سىلەر مېنىڭ دوزىخىم ۋە غەزىپىم ئىچىدە مەڭگۈدىن مەڭگۈگە قېلىڭلار، دەيدۇ»

## گۇناھكارلار دۇنيادىكى چېغىدا مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ

[(ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ [33] (ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە (سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچىمۇ بولمايدۇ [34] بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىلەر اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالدىڭلار ۋە سىلەرنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى». بۈگۈن ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلاردىن (تەۋبە قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن) اللّٰه نى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ [35] سۈرە جاسىيە]

## باشلىقلىرىغا ئەگەشكەنلەر دوزاختا تۇرۇپ پۇشايمان قىلىش

[اللّٰه ھەقىقەتەن كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى [64] ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق (ئۇلارنى قوغدايدىغان) دوست ۋە (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمچى تاپالمايدۇ [65] دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار:« كاشكى بىز اللّٰهغا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ [66] ئۇلار:« پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن» دەيدۇ [67-68] سۈرە ئەھزاب]

## دوزاختىكىلەر دوزاختا تۇرۇپ ياخشى ئىش قىلىۋالساق ۋاقىت بارمىدۇ؟ دەيدىغانلىقى

[كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز [36] ئۇلار دوزاختا:« پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ تولايدۇ. (اللّٰه ئېيتىدۇ):« سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز- نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز- نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق [37] سۈرە فاتىر]

## دوزاختا نالە - پەرياد قىلىش

[تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [103] ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ [104] (ئۇلارغا)« سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار» دېيىلىدۇ [105] ئۇلار ئېيتىدۇ:« پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق [106] پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز [107] اللّٰه ئېيتىدۇ:« جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار [108] شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر:« پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن» دەيتتى [109] ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار) سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار [110] (سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [111] اللّٰه (ئۇلارغا):« زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ [112] ئۇلار:« بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي- كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتىلەر)دىن سورىغىن» دەيدۇ (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ) [113] اللّٰه :« ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇردۇڭلار» دەيدۇ [114] سۈرە مۆئمىنۇن]

## دوزاختا گۇناھكارلار قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ كېلىدۇ

[بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىدىغان جەھەننەمدۇر [43] ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ- كېلىپ تۇرىدۇ (يەنى گاھىدا ئوت بىلەن، گاھىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ) [44] سۈرە رەھمان][ئەگەر ئۇ تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلاردىن بولىدىغان بولسا، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ [92-93] جەھەننەمدە كۆيدۈرۈلىدۇ [94] سۈرە ۋاقىئە][ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ [4] (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ [5] ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (بەتبۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ [6] زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ [7] سۈرە غاشىيە]

## گۇناھكارلار دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىگە: ئى مالىك بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن دەيدىغانلىقى

[گۇناھكارلار ھەقىقەتەن دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [74] ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار دوزاختا (ھەرقانداق ياخشىلىقتىن) ئۈمىدسىزلەردۇر [75] ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى [76] ئۇلار (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە):« ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك:« سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ [77] سۈرە زۇخرۇف]

## دوزاخ ئەھلى جەننەت ئەھلىدىن سۇ تەلەپ قىلىشى

[ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە:« سۇدىن ياكى اللّٰه سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قويۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن):« اللّٰه ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ [50] سۈرە ئەئراف]

## خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرى

ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر» دېگەن [ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد ۋە ھاكىم سەھىھ]

## دوزاخ بىر زىندان

[شۈبھىسىزكى، دوزاخ بالالاردىن بىرىدۇر [35] سۈرە مۇددەسسىر][بىز جەھەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق [8] سۈرە بەنى ئىسرائىل][ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر [38] سۈرە مۇددەسسىر]

## سەقەر توغرىسىدا

[ ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن [26] سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [27] ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ) [28] ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ [29] ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر [30] سۈرە مۇددەسسىر]

## دوزاخنىڭ چوڭقۇرلىقى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق، تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنىڭ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلانغاندى، ئۇ: بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى بىلەمسىلەر؟- دەپ سورىدى. بىز: ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر- دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ جەھەننەمگە 70 يىل بۇرۇن ئېتىلغان بىر تاش ئىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ قەرىگە يېتىپ باردى- دېدى» [مۇسلىم]

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەھەننەمدە ھەبھەب دەپ ئاتالغان بىر ۋادى بار بولۇپ، زومىگەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە تاشلىنىدۇ، سەن ھەرگىز ئۇلاردىن بولۇپ قالمىغىن!» [دارىمى]

## دوزاخ ئوتىنىڭ قىزىقلىقى

[تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ [8-9] ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ [10] ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر [11] سۈرە قارىئە][ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز [97] سۈرە بەنى ئىسرائىل]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« سىلەر يېقىۋاتقان بۇ ئوت جەھەننەم ئوتىنىڭ 70 ھەسسىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر- دېدى. ئۇنىڭغا: ئى رەسۇلۇللا! مۇشۇ ئوتمۇ (ئازابلاشقا) يېتەرلىكقۇ؟- دېيىلگەندى.

ئۇ: جەھەننەم ئوتى بۇ ئوتتىن 69 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، ھەربىر ھەسسىسىنىڭ ھارارىتى مۇشۇ ئوتنىڭ ھارارىتى بىلەن تەڭدۇر-دېدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

[ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ [4] ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [5] ئۇ، ئاللانىڭ ياندۇرۇلغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ [6-7] ئۇلار چوقۇم دوزاختا سولىنىدۇ [8] ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ [9] سۈرە ھۇمەزە]

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەڭ يېنىك ئازاب چېكىدىغىنى شۇنداق بىر كىشىدۇركى، ئۇنىڭ ئىككى تاپىنى ئاستىغا ئىككى چوغ قويۇلىدۇ، چوغنىڭ تەسىرىدىن مېڭىسى قايناپ كېتىدۇ. ئۇ مەندىنمۇ قاتتىق ئازابلانغان كىشى يوقتۇر، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتتە ئۇ ئەڭ يەڭگىل ئازاب چەككەن كىشىدۇر» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەھەننەمدە ئەڭ يېنىك ئازابقا دۇچار بولىدىغان كىشىگە ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيدۈرۈپ قويۇلىدۇ، شۇ ئاياقنىڭ ھارارىتىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قايناپ كېتىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر بۇ مەسجىدتە يۈز ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشى بولسا، جەھەننەمدىن بىر كىشى چىقىپ، بىر تىنىۋەتسە، ئۇنىڭ تىنىقى مەسجىد ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە كىشىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ» [مەۋسىلى]

## دوزاختا ئوبدان ياشىمايدىغانلىقى

[ئۇ كاتتا ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ [12] ئاندىن ئۇ ئوتتا ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ [13] سۈرە ئەئلا]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دوزاخقا كىرگەن ئەھلى دوزاخلار دوزاختا ئۆلمەيدۇ ۋە ئوبدان ياشىمايدۇ» [مۇسلىم]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەھەننەم ئوتى ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ھوشۇقىغىچە، بەزىلىرىنىڭ تىزىغىچە، بەزىلىرىنىڭ بېلىگىچە، يەنە بەزىلىرىنىڭ بوينىغىچە كۆيدۈرىدۇ» [مۇسلىم]

[ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ [104] سۈرە مۆئمىنۇن][ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز [56] سۈرە نىسا]

## دوزاختىكىلەرنىڭ جىسمى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (جەھەننەمدە) كاپىرنىڭ ئېزىق چىشى ياكى قوزۇق چىشى ئوھۇد تېغىدەك يوغانلىقتا بولىدۇ. تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىگە تەڭ كېلىدۇ» [مۇسلىم]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« (جەھەننەمدە)كاپىرنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىسى يۈگۈرۈك ئۇلاغ بىلەن قىلىنىدىغان ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىگە تەڭ كېلىدۇ» [مۇسلىم]

## دوزاختىكىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكى

[ بۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى) ياخشى زىياپەتمۇ؟ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟ [62] زەققۇمنى بىز زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن ئازاب قىلدۇق [63] شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۈسىدىغان دەرەختۇر [64] ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ [65] ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ [66] ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يىرىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ [67] ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ [68] سۈرە سافقات][ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! [51]چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر [52] ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرۇسىلەر [53] ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى بولغان قايناقسۇنى تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر [54-55] مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى زىياپىتىدۇر [56] سۈرە ۋاقىئە]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر (دوزاخقا كىرگەن كىشىلەرنىڭ يەيدىغان تامىقى بولىدىغان، تەمى ناھايىتى ئاچچىق، پۇرىقى ناھايىتى بەتبۇي) زەققۇم دېگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ سۈيىدىن زېمىنغا بىر تامچە تېمىپ كەتسە، ئۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ يېمەكلىكلىرىنىڭ ھەممىسنى ئاچچىق

قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئەگەر بىر تامچىسى شۇ دەرىجىدە ئاچچىق بولسا تائامى زەققۇم دەرىخىدىن بولغان دوزاختىكى كىشىلەرنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟»[تىرمىزى ۋە نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە ۋە ھەببان ۋە ھاكىم سەھىھ]

[(زەققۇم، زەرىدىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار [13] سۈرە مۇززەممىل] [زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر [43-44] ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) تۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ [45-46] (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە:« ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ [47-48] (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) « (بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ [49] بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر [50] سۈرە دۇخان)[ئۇلار ئۈچۈن زەرىدىن (يەنى بەتبۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ [6]زەرى كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ [7] سۈرە غاشىيە]

## دوزىخىلارنىڭ ئىچىملىكى

[جەھەننەم، شۈبھىسىزكى،، گۇناھكارلارنىڭ جايىدۇر [22] ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ [23] ئۇلار جەھەننەمدە (جەھەننەمنىڭ ھارارىتى يېنىكلىتىدىغان) بىرەر سۆرۈنلۈككە ۋە (تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ [24] ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ [25] بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر [26] چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشتىن قورقمايتتى [27] سۈرە نەبە][ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [56] بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان- يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن [57] يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار [58] سۈرە ساد][بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر [2] ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر [3] ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ [4] (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ [5] سۈرە غاشىيە][دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە- پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ [5] سۈرە مۇھەممەد][بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۈتۈن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [29] سۈرە كەھف][ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ [16] (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [17] سۈرە ئىبراھىم]

ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى ئادەم سۈرىتىدە ئەمما زەررىچىلىك ھەجىمدە بولىدۇ. ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن خارلىق قاپلاپ، دوزاختىكى بۆلەس دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرمىگە ھەيدىلىدۇ، ئۇلارنى دەھشەت ئۇلغايغان ئوت كۆيدۈرىدۇ. ئۇلار دوزاخ ئەھلىنىڭ تىينەتۇل خابال دەپ ئاتىلىدىغان (كىشلەردىن ئاققان قان-) يىرىڭلىرى بىلەن سۇغۇرىلىدۇ» [تىرمىزى ۋە ئەھمەد ھەسەن]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەست قىلىدىغان ھەرقانداق ئىچىملىك ھاراق ھېسابلىنىدۇ، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر. كىمكى مەست قىلىدىغان بىر نەرسە ئىچسە، ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزىنىڭ ساۋابى كېمەيتىلىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما تۆتىنچى قېتىم قايتا ئىچىدىكەن، ئاللا ئۇ كىشىگە چوقۇم تىينەتۇلخەبالنى ئىچكۈزىدۇ- دېدى. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللا! تىينەتۇلخەبال دېگەن نېمە؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تىينەتۇلخەبال دېگەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ قان- يىرىڭلىرىدۇر. ئەگەر بىرەرسى ھالال- ھارامنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىغا ھاراق ئىچكۈزسە، ئاللا ئۇ كىشىگە چوقۇم دوزاخ ئەھلىنىڭ قان- يىرىڭلىرىنى ئىچكۈزىدۇ- دېدى» [ئەبۇ داۋۇد]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمكى ھاراقتىن قول ئۈزمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىگە ئاللا غۇتە ناملىق ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزىدۇ-دېدى. ساھابىلەر: ئۇ قانداق ئۆستەڭ؟- دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ، پاھىشە ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىدىن ئاقىدىغان ئۆستەڭ. پاھىشە ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىدىن چىققان سېسىق پۇراق دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابىغا ئازاب قوشۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قىينايدۇ- دېدى» [ئەھمەد]

جەيشان دېگەن يەردىن بىر ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىن تېرىقتىن ياسىلىدىغان مىزر دەپ ئاتىلىدىغان ئىچىملىك توغرىسىدا سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ نەرسە مەست قىلامدۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم ھەئە دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام؛ ھەرقانداق مەست قىلغۇچى نەرسە ھارامدۇر، ئۇلۇغ ئاللاتائالا مەست نەرسىنى ئىچكەن ئادەمنى:« تېنەتى خەبال» دېگەن نەرسە بىلەن سۇغىرىشقا ئەھدى قىلغان، دېدى. ساھابىلار، ئى رەسۇلۇللا:« تېنەتى خەبال» دېگەن نېمە ئۇ دەپ سوراشتى، رەسۇلۇللا ئۇ، دوزىخىلاردىن چىققان تەر ياكى دوزىخىلاردىن سىقىپ چىقىرىلغان نەرسە دەپ جاۋاب بەردى» [مۇسلىم ۋە نەسەئى]

## دوزاختىكىلەرنىڭ كىيىمى

[ ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارامايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ [50] اللّٰه ھەر كىشىنىڭ قىلمىشىغا قاراپ شۇنداق جازا بېرىدۇ، اللّٰه ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [51] سۈرە ئىبراھىم] [كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قويۇلىدۇ [19] ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ [20] ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ [21] ھەرقاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم - قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ (ئۇلارغا) كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار (دېيىلىدۇ) [22] سۈرە ھەج]

## دوزىخىلارنىڭ ياتقان - كۆرپىسى

[دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ، زالىملارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز [41] سۈرە ئەئراف]

## دوزىخىلارغا سالىدىغان زەنجىر - تاقاق

[شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار [12] سۈرە مۇززەممىل][شۈبھىسىزكى، بىز كاپىرلارغا ( پۇتلىرىغا سېلىنىدىغان) زەنجىرلەرنى، (بويۇنلىرىغا سېلىنىدىغان) تاقاقلارنى ۋە يېنىپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق [4] سۈرە ئىنسان][ئۇ كۈندە گۇناھكارلارنى زەنجىرلەر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن [49] سۈرە ئىبراھىم][نامە - ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى:« ماڭا نامە - ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! [25] ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! [26] دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! [27] مېنىڭ مال - مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى [28] مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى [29] (اللّٰه دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ:« ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار [30] ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار [31] ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار [32] سۈرە ھاققە]

ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« ئۇ زەنجىر ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئۇ زەنجىرگە خۇددى چېكەتكىلەر كاۋاپ قىلىنغان چاغدا زىخقا ئۆتكۈزۈلگىنىگە ئوخشاش ئۆتكۈزىدۇ»[تەپسىر ئىبنى كەسىر]

## گۇناھكارلارنى ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلاش

[ئۇلار چوقۇم دوزاخقا سولىنىدۇ [8] ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ [9] سۈرە ھۇمەزە][ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئاغامچا بولىدۇ [5]سۈرە مەسەد]

## ئالتۇن - كۈمۈشنى قىزىتىپ گۇناھكارلارنىڭ دۈمبىلىرىنى داغلاش

[ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا:« بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار يىغقان ئالتۇن- كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى اللّٰهنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار) يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ [35] سۈرە تەۋبە]

## دوزاختىكىلەرنى يىلان چېقىش

ئىبنى هارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن دوزاخ ئىچىدە بوينى ئۇزۇن تۆگىلەردەك چوڭ يىلانلار باردۇر. ئۇلارنىڭ بىرەرسى تىلىنى چىقىرىپ زەھىرىنى قويۇپ بەرسە، زەھىرىنىڭ قىززىقلىق تەسىرىنى 40 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تاپالايدۇ. ھەقىقەتەن دوزاخ ئىچىدە تۆقام بىلەن ئېگەرلەنگەن چوڭ- چوڭ قېچىرلاردەك چوڭ چايانلار باردۇر. ئۇلارنىڭ بىرەرسى زەھىرىنى قويۇپ بەرسە، زەھىرىنىڭ قىززىقلىق تەسىرىنى 40 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تاپالايدۇ» [ئەھمەد]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمايدىغان كىشىگە قىيامەت كۈنىسى ئۇنىڭ مېلى، تاز يىلاننىڭ سۈرىتىدە كەلتۈرۈلىدۇ، چىڭ تۇتۇپ يۆگىشىپ، چىشلەپ تۇرۇپ مانا مەن سېنىڭ توپلىغان ئالتۇن- كۈمۈشلىرىڭ، مانا مەن سېنىڭ مال- دۇنيارىڭ دەيدۇ» [ئەھمەد ۋە نەسەئى سەھىھ]

ئىمام ئەبۇ جەئفەر ئىبنى جەرىر سەۋباندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« كىمكى ئۆزىدىن كېيىن بايلىق قالدۇرۇپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ بايلىق قوش زەھەرلىك تاز يىلان سۈرىتىدە بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ. ئۇ ئادەم ساڭا ۋاي! سەن كىم بولىسەن؟ دەيدۇ. يىلان: مەن سېنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى بايلىقىڭ

بولمەن، دەيدۇ. يىلان ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ يۇتىۋېتىدۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يۇتىۋېتىدۇ» [بۇخارى ۋە ئىبنى ھەببان ۋە ئىبنى خۇزەيمە]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىسرا كېچىسى يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا يەتكەن چېغىمىزدا، ئۈستى تەرەپكە قارىۋىدىم، گۈلدۈرماما ۋە چاقماقلارنى كۆردۈم. ئاندىن قورساقلىرى ئۆيدەك كېلىدىغان، قورساقلىرىنىڭ ئىچىدىكى يىلانلار سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كەلدىم- دە، ئى جىبرىئىل! بۇلار كىم؟- دەپ سورىغانىدىم. جىبرىئىل:« ئۇلار جازانە يېگەن كىشىلەر» دېدى.[ئەھمەد]

## دوزاختىكى سايە

[بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! [28] (ئۇلارغا دوزاخ مۇئەككەللىرى) « سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئىنكار قىلغان (دوزاخ) ئازابىغا بېرىڭلار، ئۈچ شاخلىق سايىگە بېرىڭلار» (دېيىلىدۇ) [29-30] ئۇ سايە (جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بولۇپ كىشىنى) سەگىدەتمەيدۇ، (جەھەننەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسمايدۇ [31] ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ [32] ئۇ ئۇچقۇنلار قارا- سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ [33] سۈرە مۇرسەلات]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئاللاتائالانىڭ:« ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىز ئۈچ گەز ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ياغاچ ئۇچراپ قالسا، قىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئېلىۋالاتتۇق ۋە ئۇنى قەسىر دەپ ئاتايتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن:« ئۇ ئۇچقۇنلار قارا- سېرىق جىمالاتقا ئوخشايدۇ» دېگەن ئايەت ھەققىدىمۇ مۇنداق دېگەن:« جىمالات- كېمىدە ئىشلىتىلىدىغان توم ئارقانلار بولۇپ، پۇختا بولۇشى ئۈچۈن ئەر كىشىنىڭ بېلىدەك توملۇقتا ئېشىلەتتى» [بۇخارى]

## دوزاختا يەنە باشقا ئازابلار بار

[كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز [88] سۈرە نەھل]

## كۆن بىلەن ئاي دوزاختا بولىدىغانلىقى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇياش بىلەن ئاي جەھەننەمدە پىيى كېسىلگەن ئىككى ئۆكۈز ھالىتىدە بولىدۇ» [تەيالىسى]

## ھەسەل ھەرىسىدىن باشقىسى دوزاختا بولىدىغانلىقى

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاببا س، ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەسەل ھەرىسىدىن باشقا چىۋىنلەرنىڭ ھەممىسى جەھەننەمدە بولىدۇ» [بەزار ۋە ئەبۇ يەئلا ۋە تەبرانى سەھىھ]

## دوزاختىكىلەرنىڭ يىغىسى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئى ئىنسانلار! ئاللادىن قورقۇپ يىغلاڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭلار، ئۆزئارا يىغلىشىپ ئۆزۈڭلار ئامال بار ئاللادىن قورقۇپ يىغلاشقا تەكلىپ قىلىڭلار. ھەقىقەتەن دوزاخ ئەھلىگە يىغا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلار قاتتىق يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ تۈگەپ قان يىغلايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە ياشلار ئېرىقتا ئاققاندەك ئېقىپ، چوڭ كۆل ھاسىل بولىدۇ. قان ياشلار ئېقىۋېرىپ كۆزلىرىنى جاراھەتلەندۈرۈپ ئۇيۇپ كۆل ھاسىل قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ كۆلدىكى كۆز يېشىدا ، چوڭ كېمە ماڭدۇرۇلسا ئەلۋەتتە بىمالال ماڭالايدۇ» [ئىبنى ماجە ھەسەن]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن دوزاخ ئەھلى شۇنداق يىغا- زار قىلىپ يىغلايدۇكى، ئەگەر كېمە، پاراخوتلار ئۇلارنىڭ ياشلىرىدا ماڭدۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ئەركىن ماڭالايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار قان يىغلايدۇ» [ھاكىم سەھىھ]

## دوزاختىن تۆت كىشى چىقىش

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەلۇم سەۋەبلەردىن دوزاختىن تۆت كىشى چىقىپ، ئۇلار ئاللاغا تەڭلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغاندا ئۇلارنىڭ بىرىسى ئارقىسىغا قاراپ: ئى رەببىم ئاللا! مېنى دوزاختىن چىقارغان ئىكەنسەن، ئەمدى مېنى ئۇنىڭغا قايتۇرمىساڭ مەن شۇنى ئۈمىد قىلاتتىم، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنى ئاللاتائالا دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد سەھىھ]

## دوزاختا ئۆچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرۈشى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋىيەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ئامىر ئىبنى لۇھەييىل خۇزائىينىڭ دوزاختا ئۆچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ تۆگىنى بۇتلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان كىشىنىڭ تۇنجىسى ئىدى» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

ئەبۇ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« قىيامەت كۈنى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆچەيلىرى قورسىقىدىن ساڭگىلاپ قالغان بولىدۇ. ئۇ ئادەم خۇددى ئېشەك تۈگمەننى چۆرگىلىگەندەك ئىچى باغرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ تۇرىدۇ. دوزاخ ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ:« ئى پالانى! ساڭا نېمە بولدى؟ سەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭغۇ؟» دەيدۇ. ئۇ كىشى:« شۇنداق، مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتۇمىيۇ، ئۆزۈم قىلمايتتىم ۋە يامانلىقتىن توسۇيتتۇمىيۇ، ئۆزۈم قىلاتتىم» دەيدۇ [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## كىشى قانداق ئۆلسە دوزاختا شۇنداق ئازابلىنىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈدىن مەڭگۈگە ئۆزىنى تاشلاپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، بىر قولىدا زەھەر تۇتقان ھالەتتە جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈدىن مەڭگۈگە زەھەر ئىچىپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنى تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا شۇ تۆمۈر ئەسۋابنى قورسىقىغا تىقىپ مەڭگۈدىن مەڭگۈگە ئازابلىنىدۇ» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىنى بوغۇپ ئازابلىنىدۇ» [بۇخارى]

## خىيانەت قىلغان كىشى دوزاختا ئىكەنلىكى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خەيبەر كۈنى بولغان چاغدا بىر تۈركۈم ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى، ئاندىن:« پالانى شەھىد بولدى، پۈكۈنى شەھىد بولدى» دېيىشتى. ھەتتا بىر كىشىنى تىلغا ئېلىپ:« پالانى شەھىد بولدى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇنى بىر تون ياكى بىر كىيىمگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاختا كۆردۈم» دېدى [مۇسلىم]

## جاندار نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزغان كىشى دوزاختا ئايرىم - ئايرىم ئازابلىنىدىغانلىقى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:« ھەرقانداق جاندارلارنىڭ سۈرىتىنى سىزغۇچى دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇ سىزغان ھەربىر سۈرىتى ئۈچۈن ئايرىم- ئايرىم ئازابقا دۇچار بولىدۇ» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

## مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشى دوزاختا ئىكەنلىكى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر ئايال بىر مۈشۈكنى تاماقمۇ بەرمەي ۋە زېمىندىكى ھاشارەتلەرنىمۇ يېگىلى قويماي باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دوزىخى بولۇپ كەتكەن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم]

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

**ئەمدى بۇ يەردە قەلەمنى تەۋرىتىشتىن توختايمەن، سەۋەنلىكلىرىمگە ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەن، باشتىن- ئاخىر ئاللاغا شۈكرى قىلىمەن، يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە ئاللانىڭ رەھمەتلىرى ۋە ئامانلىرى بولسۇن!**

## پايدىلانغان كىتابلار:

1 - القرآن الكريم
2 - تفسير الطبري
3 - تفسير ابن كثير
4 - تفسير الجواهر (طنطاوى)
5 - صحيح البحاري
6 - صحيح مسلم
7 - السنن الترمذي
8 - سنن ابن ماجه
9 - مشكاة المصابيح
10 - رياض الصالحين
11 - سلسلة اللأ حاديث الصحيحة
12 - جمع الفوائد
13 - خمس وخمسون وصية من وصايا الرسول
14 - الدعاء
15 - فضل الدعاء والأدعية المأثورة
16 - الأدعية
17 - مختصر البداية والنهاية
18 - تنبيه الغافلين
19 - أيها الولد منبهات مختصر المنقذ من الضلال